
ISSN 1005-0876

# BULAK



1994 3

# بۇلاق

9 771005 087006 08>

www.uyghurkitap.com


















# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى

15-يىل نەشرى

ئومۇمىي 48-سان

1994

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، قۇتلۇق قادىر.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاببas، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۇسۇپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇلۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق ٢

## 1994 - يىل 3 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


باھار دانىش ... مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارى (5)
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ
ھەمزەنامە ........................ غەرىب خەستە(45)
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
تەجەللى شېئىرلىرىدىن ........................(116)
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سابىر داموللا ھاجى


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


رۇداكى شېئىرلىرىدىن ........................(121)
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: جاببار ئەھمەد


### مەشھۇر كلاسسىكلار


سوفىستىك ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى نامايەندىسى سەنائى... شېرىن قۇربان(128)


### ئەدەبىي مۇھاكىمە


يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم قارىشى ۋە ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى......
...... ........................ئەزىز نارىنبايۇۋ(132)

www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


تاھىر ۋە زۆھرە (داستان) ......................................(140)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسراپىل يۇسۇپ

دىيانەتلىك باي ۋە چېچەن كېلىن (چۆچەك) ......................................(183)

رەتلىگۈچى: يۇسۇپجان ئەزىز

ھېكايەتلەر ......................................(186)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ

رىۋايەتلەر ......................................(188)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: خەلىم سالىخ

مەسەللەر ......................................(192)

توپلاپ رەتلىگۈچى: دىلشات ئابلىز

قوشاقلار ......................................(196)

توپلاپ رەتلىگۈچى: خۇرشىدە ئابلىمىت


## بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز


پېشقەدەم شائىر، تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائى ............ ئارسلان ئەھمەد زىيائى(198)

تالانتلىق شائىر، مۇھەررىر قۇربان بارات ............ يالقۇن روزى(203)


* *

رەسسام: ئىسمايىل ئىبراھىم، ئابلىمىت ئابلىز.

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقىي، مۇھەممەت ئىدرىس.

كۆنچىك ۋە مۇندەرىجە، نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسىنىڭ كۆرۈنۈشى.

مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە: ئەھمەد زىيائىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە: قۇربان باراتنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى




## مۇھەممەد قاسىم بىننى مەۋلانەزىر مۇھەممەد بۇخارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات رەجەپ

### تۇتىنىڭ شاھزادىگە پەند - نەسىھەت قىلغانلىقى

— رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى تۇتى.

ھىندىستان ۋىلايىتىدە بىر سودىگەر بار ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسن ۋە لاتاپەتتە داڭدار بىر ئوغلى بار ئىدى. بىر كۈنى بۇ ئوغۇل ئاتىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئەدەب - قائىدىنى ئۇنتۇپ چوڭ سۆزلەپ قويدى. سودىگەر ئوغلىدىن قاتتىق رەنجىدى. شۇڭا ئۇ غەزەپلىنىپ ئوغلىنى ئۆيدىن قوغلىدى. خوجىزادىنىڭ تەكەببۇرلۇقى غالىپ كېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ قەلەندەر لىباسىنى كىيىپ جاھان كېزىشنى نىيەت قىلىپ، غېرىب - مىسكىنلىك يولىغا قەدەم قويدى. ئۇ شۇ كەمگىچە جاپا - مۇشەققەت ۋە يول ئازابىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۇزۇن ماڭمايلا بىر توپ دەرەخنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر ئۆستەڭدە سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىۋاتاتتى. ئۇ سۇدىن ئىچىپ، ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى. شۇ چاغدا ئۇ دەرەخنىڭ ئارىسىدا بىر كاۋاك تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ ئارام ئالماقچى بولدى. ئۇ بىرەر سائەت ئۇخلاپ ئارام ئالدى. ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن بىردىنلا ئاسماندا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان تۆت دانە كەپتەرنى كۆرۈپ قالدى. كەپتەرلەر دەريانىڭ قىرغىقىغا ئۇچۇپ چۈشتى. خوجىزادە كەپتەرلەرنىڭ بىر دومىلاپلا پەرىزات قىزلارغا ئايلانغانلىقىنى، ئاندىن كىيىملىرىنى يېشىپ، سۇغا كىرگەنلىكىنى كۆردى. خوجىزادە بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، پەرىزاتلارنىڭ كى-

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

يىمىنى ئالدى - دە، دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. بىر دەمدىن كېيىن پەرىزاتلار سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىنى تاپالماي ئالاقزادە بولۇپ، ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئىزدىدى ۋە تۇيۇقسىز دەرەخنىڭ كاۋىكىدىكى خوجىزادىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار خوجىزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىچارىلىق بىلەن يالۋۇردى ۋە كىيىملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

— ئەگەر سىلەر مېنىڭ مەقسىتىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇمغا ياردەمدە بولمىساڭلار، مەنمۇ ھەرگىز سىلەرنىڭ ئىلتىماسىڭلارنى قوبۇل قىلمايمەن، —دېدى خوجىزادە.

— مەقسىتىڭ نېمىدۇر، —دەپ سورىدى پەرىزاتلار. خوجىزادە:

— سىلەردىن بىرىڭلار مەن بىلەن مەڭگۈ دوست بولۇپ توي قىلىشقا رازى بولساڭلار، توي مۇراسىملىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئاندىن كىيىمىڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، مېنىڭ مەقسىتىم ئەنە شۇ، —دېدى خوجىزادە.

پەرىزاتلار:

— ھەي يىگىت، بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزنى تەڭرىتائالا ئوتتىن ياراتقان. سېنى سۇ ۋە تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلغاندۇر. ئويلاپ باققىن، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى نەرسىلەر قانداق بىرگە تۇرالايدۇ. ئوتتىن تۆرەلگەنگە باغلىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر. ئىشقا ئېششى قىيىن بولغان بۇ بىھۇدە خىيالدىن ۋاز كەچكىن. بۇ ئىشلار قائىدىگە ئەسلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، —دېدى. خوجىزادە ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۆزىنىڭ تەمە قىلغىنىنى قولغا كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇردى. پەرىزاتلارنىڭ ئارىسىدا ھۆسن جامالدا تەڭداشسىز، يېشىمۇ باشقىلىرىدىن كىچىكرەك بىر پەرىزات بار ئىدى.

خوجىزادە:

— ئەگەر بۇ پەرىزاتنى ماڭا نىكاھلاپ بەرسەڭلەر، قالغان ئۈچىڭلەرنىڭ كىيىمىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى.

پەرىزاتلار ئىلاجسىزلىقتىن ئۇ دوستىدىن رازىلىق تەلەپ قىلدى. ئۇ بىچارە ھەمجىنس دوست - بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ، غېرىب - مۇساپىرلىقتا گىرىپتار بولىدىغانلىقىغا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ھەسرەت ياشلىرىنى ئاققۇزدى. دوستلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— ئۆمۈر كىتابىدا ئىسمىڭغا قانداق رەقەم تارتىلغان بولسا شۇ بويىچە بولىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىلاج يوقتۇر. تەڭرىنىڭ ئەمرىگە قارشىلىق قىلمايلى. بۇ پەرھىز پەقەت سېنىڭ ئادا قىلىشىڭغىلا بۇيرۇلۇپتۇ. مۇبادا ھەممىمىزگە بۇيرۇلغان بولسا ئۇنىڭغىمۇ ئامال يوق ئىدى، — دېدى.

ئەلقىسسە، خوجىزادە ئۆزى خالىغان پەرىزاتنى قولغا كىرگۈزۈپ، باشقىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى بېرىپ، ئۇلارغا رۇخسەت قىلدى. پەرىزاتلار ۋىدالىشىپ ئايرىلىشتى.

خوجىزادە ئېپقالغان پەرىزاتنىڭ كىيىمىنى بەرمىدى. يېرىم كېچە بولغاندا پەرىزاتنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى، ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ زىبۇ - زىننەت بىلەن بېزىدى. خوجىزادە ئۇنىڭ سۆزىنى ھايات سەرمايىسى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ يۈزىدىن كېچە - كۈندۈز كۆزىنى ئۈزمەيتتى. بارلىق ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ۋىسال جامىدىن ھەر ۋاقىت شارابلار ئىچەتتى. پەرىزاتنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇنىڭ ھۆسن گۈلشىنىدىن مۇراد گۈلىنى تېرەتتى. ئۇنىڭ شەۋقىدە بۇلبۇلغا ئوخشاش مەستانە بولۇپ،

ھەۋەس بىلەن ناخشا - مۇزىكىلارنى ياڭرى-
تاتتى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەرىزات-
مۇ خوجىزادىگە رام بولۇپ قالدى. ۋاپا
يولىغا قەدەم قويۇپ، ئىخلاسمەنلىك بىلەن
ئۇنىڭغا باش قويدى.

ئاي - يىللار ئۆتۈپ خوجىزادە پەرى-
زاتتىن پەرزەنت يۈزى كۆردى. قېرىنداش
ۋە قول-ئۇم-قوشنىلىرىمۇ ئۇنىڭ خوتۇنىغا
قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ، تۇغقانلىق مېھ-
رىنى سالدى. پەرىزاتنىڭ يېنىدا خوجىزادە
بولمىسىمۇ، ئۇ ھەممە ئىشلارغا ئارىلىشىپ
يۈرىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن قورقۇنچ، ئەي-
مىنىش كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلى خاتىرجەم بول-
دى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۇن يىل بەخت-
لىك ياشىدى. ئاندىن خوجىزادىگە نام-
راتلىق يۈزلەندى. ئۇ بۇ ھالەتتىن قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن ئامالسىزلىقتىن سەپەرگە ئاتت-
لاندى. ئۇ پەرىزاتنى ئۆزى ئىشەنچلىك
دەپ قارىغان بالا باققۇچى موماينغا تاپشۇر-
دى ۋە ئۆزى مەخپىي ساقلاپ كېلىۋاتقان
پەرىزاتنىڭ ئەسلىدىكى كىيىملىرىنى بالا
باققۇچى ئايالغا كۆرسەتتى. كىيىمنى ياخ-
شىراق ساقلاشنى ھەمدە پەرىزاتقا بەكرەك
كۆز - قۇلاق بولۇشنى قايتا - قايتا تاپىلى-
دى. ئۇ تۇرمۇش غېمىدە غۇربەت دەشتى-
نىڭ يولىغا راۋان بولدى.

پەرىزات خوجىزادىدىن ئايرىلغاندىن
كېيىن غەم - قايغۇغا پېتىپ كەتتى. بەزىدە
ھىجران تەشۋىشىدىن بالا باققۇچى موماي-
نىڭ ئالدىغا كېلىپ شىكايەت قىلاتتى. بە-
زىدە غەم - قايغۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇقلۇقى
ۋە ئايرىلىش پىراقىدىن ئاغزىغا كەلگىنىنى
سۆزلەيتتى. بالا باققۇچى موماي تەسەللى
بېرىپ نەسىھەت يۈزىسىدىن:

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىن. ھىج-
ران قاراڭغۇسى پات ئارىدا يوقىلىپ ۋىسال
تېڭى ئاتىدۇ، — دەيتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەرىزات غۇسلى
تەرەت قىلىپ، ئۆزىگە زىننەت بېرىپ
ئولتۇرغانىدى. بالا باققۇچى موماي پەرى-
زاتنىڭ ھۆسن - جامالىغا مەھلىيا بولۇپ
ئۇنى تەرىپلەپ ماختىدى. پەرىزات:

— ئەي موما، سەن مېنىڭ جامالىمنى
ھازىرقى تۇرقۇمدا ناھايىتى گۈزەل دەپ
تەرىپلەۋاتىسەن. ئەگەر ئۆزۈمنىڭ كىيىمى
بىلەن ئەسلىمنى كۆرسەڭ ئىدىڭ، شۇ
چاغدا بارلىق پەرىزاتلار ئارىسىدا بۇ تەرى-
قىدىمۇ ھۆسن - جامال ئاتا قىلىنغان پەرى-
زاتلار بار ئىكەن، دەپ ئاپىرىنلار ئوقۇغان
بولاردىڭ. ئەگەر كامىل سەنئەتكارنىڭ
سەنئىتىنى تاماشا قىلاي دېسەڭ، ئېرىم
مەخپىي ساقلاۋاتقان كىيىممنى كەلتۈر.
ھۆسنىمنى ھېچ كىشىگە كۆرسەتمەي دەر-
ھال ساڭىلا كۆرسىتەي، — دېدى. بۇ ھىيلە-
مىكىرلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ بالا باققۇچى
موماي ئېھتىياتنى ئۇنتۇتتى. ئۇ دەرھال
ئورنىدىن تۇرۇپ پەرىزاتنىڭ كىيىمنى
ئەپكېلىپ پەرىزاتنىڭ ئالدىغا قويدى. پە-
رىزات كىيىمنى كىيدى. ئۇ قەپەستىن
خالاس بولغان قۇشتەك دەرھال قانات قې-
قىپ، «ئەلۋىدا» دەپلا كۆككە پەرۋاز قىل-
دى. بالا باققۇچى موماي ماتەمدار كىشى-
دەك بېشىغا تۇپراق چېچىپ ھەرقانچە
داد - پەرياد قىلسىمۇ پايدىسى بولمىدى.

خوجىزادە سەپەرنى ئاخىرلاشتۇ-
رۇپ ئۆيىگە كەلگەن ۋاقتتا، مۇراد گۈلى
ۋە ئۈمىد چىمەنىدىن ھېچقانداق نىشان
كۆرمىدى. دىلى كۆيگەن پەرۋانىدەك ئىخ-
تىيارسىز بىقارار بولۇپ، ئەقىل - ھوشىدىن
ئايرىلدى. بىچارە بولۇپ، پاراغەتلىك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇش مەئىشەتلىرىدىن مەھرۇم قالدى.

— ئەگەر خوجىزادە بۇ قىممەت باھالىق گۆھەرنى بالا باققۇچى مومايغا تاپشۇرغان بولسىمۇ، سىردىن خەۋەردار قىلمىغان بولسا، بۇ بالايىئاپەت توپىسىنى تۇرمۇش ئۆيىگە ئەپكىرمىگەن بولاتتى. غەلىبە مەنزىلىنىڭ سۆيىنى ئارزۇ - ئارمان گۈلىستانلىرىدىن چەت بولغان داللارغا باشلىماس ئىدى. ئۇنىڭدەك بەخت - دۆلەت قارچىغىسىنى قولدىن چىقىرىپ چۆل - باياۋانلاردا سەرگەردان، غېرىب - بىچارە بولماس ئىدى. ئەگەر بىرسى بىر زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن بىرەر كىشىنى زىيانغا ئۇچراتسا، زىيانغا ئۇچرىغۇچى ئۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئىنتىقام ئېلىش پۇرسىتىنى كۈتىدۇ. سەنمۇ ھېلىگەر، ئوغرى يىگىتتەك تۇرمۇش بايلىقىنى تەلەپ كۆككىرىگە قويمىغايسەن، — دېدى تۇتى.

شاھزادە:

— بۇ ھېلىگەر، ئوغرى يىگىتنىڭ ۋەقەلىرى قانداقتۇر، — دەپ سورىدى. تۇتى:

— خەۋەرلەرنى نەقىش قىلىپ سىزغۇچىلار بۇ ھېكايىنى بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

## تۇتىنىڭ شاھزادىنىڭ تەسەللى خاتىرىسى ئۈچۈن ھېكايە سۆزلىگەنلىكى

— دۇنيانى ئۆز پەرمانىدا تۇتۇۋاتقان بىر پادىشاھ بار ئىدى. جاۋاھىرنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قۇياش نۇرىنىڭ زەررىسى ئاپتاپقا ئورناشقاندەك ئورناشقانىدى. ياقۇتنىڭ جۇلالىنىشى خۇددى مەست قىلغۇچ شارابتەك ئۇنى ئۆزىگە تەبىئىي رام قىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى بولسا، ھەر خىل جاۋاھىرلارنى خەزىنىسىگە يىغىپ، ھەمىشە ئۇنى تاماشا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش ئىدى. خۇشامەتچىلەرنىڭ ۋە رىقابەت كەسپىنى ئۆزىگە مەجبۇرىيەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ قانچە قېتىملاپ جاۋاھىرلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكلىرىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. خەزىنىدارلار جاۋاھىرنى كۈندە ۋاقىت چىقىرىپ خەزىنىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇشتىن زېرىككەنىدى. دائىم دېگۈدەك بۇنداق ئىشلار تەكرارلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىنغانلار بەزىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن خىزمەت كۆرسىتىشىنىڭ ئورنىغا جازا مۇكاپاتىغا ئېرىشەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن زەرگەرلىكتە گۆھەر بىلەن زىننەتلەشكە ماھىر ئۇستىلارنى، ئاجايىپ - غارايىپلارنى ياراتقۇچى ھۈنەر ئىگىلىرىنى جەم قىلدى. ئۇلار تىللادىن ناھايىتى خۇش قامەت، خۇش سۈرەت، ھەم گۈزەل بىر بېلىقنى ياساپ چىقتى. پادىشاھنىڭ خەزىنىسى تۈگىمەس بىر بايلىق كانى ئىدى. پادىشاھ يەنە بىھېساب جاۋاھىر ۋە دىلنى تارتقۇچى لەئىلىلەرنى ئېلىپ ئەپچىقىپ ئۇ بېلىقنى بېزەتتى. بېلىقنىڭ قاسىرقى ئورنىدا، قورساق قىسمىدا ۋە باشقا ھەممە يېرىدە ياقۇت - گۆھەرلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ جاۋاھىرلارنىڭ ھۆسن جۇلاسىدىن دېڭىز گويا قۇمغا سىڭىپ، كانلار تۇپراق تېگىگە كى-

رىپ كېتەر ئىدى. گۆھەرنىڭ كۆپلۆكى
پەلەكنىڭ قىزىقىشىنى خىجالەت ئاستىغا
يوشۇرغانىدى. پادىشاھ بۇ بېلىقنى بېھىش-
تىكى كەۋسەر سۈيىنىڭ بېلىقلىرىغا تەڭ
بىلەتتى ھەم ئۇنى مەڭگۈ ئۆزىگىلا مەنسۇپ
دەپ ھېسابلايتتى.

ئەلقىسسە، بېلىقنىڭ داڭقى پۈتۈن
ئالەمگە تارالدى. پادىشاھ بېلىقنى دائىم
كۆز قارىچۇقىدەك كۆرۈپ بىكار بولسىلا
ئۇنى تاماشا قىلاتتى. كېچىسى ياستۇقىنىڭ
ئاستىغا قويۇپ ياتاتتى. تۇرالغۇ جايىغا
پاسىبانلارنى، شەھەر دەرۋازىسىغا بولسا
قاتمۇ قات قاراۋۇللارنى قويغانىدى.

بۇ شەھەردە ھەييارلىق ئىلمىگە
كامىل، ھىيلىگەرلىكتە قۇياش زەررىسىنى
چوغ رەڭگىدىكى ئوچاقتىن ئالالايدىغان،
مەدەن تاۋلاشتا يېتىشكەن، ئىسسىقلىقنى
ئاپتاپنىڭ ئارقىسىدىن، گۆھەرنى سەدەپ
ئىچى قېپىدا پەيدا بولمىغان ۋاقتىدا
ئوغرىلىيالايدىغان ئۆز كەسپىگە ماھىر
بىر ئوغرى بار ئىدى.

ئەلقىسسە، ئوغرى بېلىق ھەققىدىكى
خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، ئوغرىلىقنى چېكىگە
يەتكۈزۈش ھەمدە ئوغرىلىق ئىقتىدارىنى
سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۇ بېلىقنى ئوغ-
رىلاش نىيىتىدە يۈرەتتى.

ئاي نۇرى مەغرىپكە يوشۇرۇنغان
ئاي قاراڭغۇسى چاغلار بولۇپ پۈتۈن
ئەتراپنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىغانىدى. ھىيلى-
گەر ئوغرى تەييارلىغان ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ
پادىشاھ قەسرىنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئەتراپنى
ئايلىنىپ يۈردى. قوغدىغۇچىلارنىڭ پەيدا
بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئامالسىزلىقتىن پۇر-
سەت كۈتۈپ بىر بۇرجەكتە ئولتۇردى:
بىرىم كېچە بولۇپ، قاراڭغۇلۇقنىڭ قول-

دىشى زۇلمەت شەبنەم گۆھەرىدىن ئۆزى-
گە جىيەك باغلىدى. قوغدىغۇچىلار شەب-
نەمنىڭ ھۆللۈكىدىن ۋە ھاۋانىڭ سوغۇق-
لۇقىدىن باشلىرىنى يۆگەپ گاھ ئۇخلاق،
گاھ ئويغاق ھالەتتە ئولتۇرۇشاتتى. بۇ
ۋاقىتتا ئۇ يىلاندەك سۈيىلاپ، قويدەك
يول يۈرۈپ، قەسرىنىڭ ئاستىغا كەلدى.
ئاندىن قوينىدىن گۈزەللەرنىڭ چېچىدەك
ئۇزۇن بىر ئىلمەكلىك ئېسىلغۇچنى
چىقاردى ـ دە، ئۇنى قەسرىنىڭ ئۈستىدىكى
ئويۇقچىغا ئىلىپ، دارۋازدەك چەبدەس-
لىك بىلەن قەسرىنىڭ ئۈستىگە چىقتى.
ئۇ ئېسىلغۇچنى چىڭ تۇتۇپ، قەسرىنىڭ
ئىچىگە چۈشۈپ پادىشاھنىڭ ئۆز ھۇجرى-
سىدا راھەتلىنىپ بەخت ئۇيقۇسىغا كەت-
كەنلىكىنى، شاملارنىڭ گويا ئويغاق قوغ-
دىغۇچىلاردەك يېنىپ تۇرغانلىقىنى
كۆردى.

گۆھەر بېلىق بولسا پادىشاھنىڭ
ياستۇقى ئاستىدا ئىدى. بىر پەرى سۈ-
پەت گۈزەل كېنىزەك پادىشاھنىڭ ئايىغى-
دا ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى.
ئوغرى تېزلىك بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ،
پەردىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى.
كېنىزەككە ئۇيقۇ غالىپ كېلىپ بىردەمدى-
لا ئۇخلاپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئوغرى
ئاستا كېلىپ كېنىزەكنىڭ بېشىدىن رو-
مالنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا سالدى ۋە
كېنىزەكنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇپ پادىشاھ-
نىڭ پۇتىنى تۇتماققا باشلىدى. بىر ئاز-
دىن كېيىن پادىشاھ يېنىغا ئۆرۈلگەنىدى.
ئوغرى دەرھال پادىشاھنىڭ بېشى ئاستى-
دىن بېلىقنى ئالدى. ئاندىن كەلگەن
يولى بىلەن قايتىپ قەسردىن چىقتى.
ئۇ دۇنيادىن بىخەۋەر ئۇخلاۋاتقان قارا-

www.uyghurkitap.com



ۋۇللارنىڭ ئارىسىدىن ھوشيارلىق بىلەن
ئۆتۈپ ئۆز يولىغا تېزلىك بىلەن راۋان
بولىدى. ئۇ «مۇبادا پادىشاھ بۇ ئىشتىن
ئاگاھ بولۇپ، ئەتراپىنى تەكشۈرتۈش
ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋالسا،
يەنى پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن دەرۋازى-
لار ئېچىلماي قالسا، ئاخىرى قىلتاققا
چۈشۈپ ئەلەمگە گىرىپتار بولغايمەن»
دەپ ئويلىدى. بېلىق ناھايىتى يوغان
بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قوينىغىمۇ
سىغمىدى. ھېلىگەر ئوغرى «بۇ كېچىنى
تەگرى مەخسۇس يوشۇرۇنغۇچىلار ئۈچۈن
مۇشۇنداق قاراڭغۇ قىلىپ ھازىرلىغان-
دۇر، بېلىقنى قەلئەنىڭ ئىچىدە ساقلاش
مۇمكىن ئەمەس. ھېلىمۇ تېخى بالدۇر،
تاڭ ئاتماستا بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش
كېرەك» دېگەنلەرنى ئويلاپ، كېنىزەكتىن
ئېلىۋالغان رومالغا بېلىقنى ئورىدى. بىر
گۈلپۇرۇشنىڭ ئۆيىدىن ياستۇق بىلەن
يانباغلاق ئېلىپ بېلىقنى ئۆلۈككە ئوخ-
شاش ياستۇقنىڭ ئارىسىدا ياتقۇزۇپ يان-
باغلاقنى چىڭ باغلىدى. ئاندىن قولىنى
كۆتۈرۈپ ماتەمدارلاردەك ئۈنلۈك ئاۋازدا
پەرياد-پىغانلار سېلىپ دەرۋازىغا كەل-
دى. ئىشىك قوغدىغۇچىلار:

— نېمە ئادەمسەن؟ بۇ ۋاقىتتا نېمە
ئۈچۈن يىغلايسەن؟— دەپ سورىدى.
ئوغرى:

— مەن رەھىمسىز پەلەك ھېچنېمە-
مىسىنى قويمىغان، تۇرمۇش چاپالىرى
ئاجىز-زەبۇن قىلغان كىشىمەن. مېنىڭ
بىر ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇ تۇتىغا ئوخشاش
شېرىن سۆزى ۋە بۇلبۇلدەك خۇش ئاۋا-
زى بىلەن ۋەيرانە ئۆيۈمنى چىمەن گۈل-
زارىدەك ئاۋات قىلاتتى. بۈگۈن كېچە

ئۇ چېچەك كېسىلى بىلەن دۇنيادىن
ئۆتۈپ، مېنى ئەلەمگە مۇپتىلا قىلدى.
لالىدەك ھەسرەت دېغى ۋە غەم قايغۇ-
سىنى كۆڭۈل بەتلىرىمگە نەقىش قىلدى.
مەن ئۇنى قەبرىلىمىزنىڭ رەسىم-قائىدىسى
بويىچە كېپەنلەپ يەرلىككە قويۇشقا ئاجىز-
لىق قىلدىم. مېنىڭ بۇ ھالىمدىن دۈشمەن-
لەرنىڭ خۇشال، دوستلارنىڭ غەمكىن
بولۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇلار تېخى
خەۋەر تاپمىغان ۋاقىتتىلا بالامنى گۆرلى-
كىدە قويۇۋېتىش مەقسىتىگە كەلدىم. ئەتە
قەۋم-قېرىنداشلىرىم مېنىڭ بىناۋا ۋە
بىچارىلىكىمنى كۆرسە، پەرزەنت دەردىدىن
جىگىرىم يۈز پارە بولغان ۋاقىتتا، چايان-
دەك تەنە چىشلىرى بىلەن پېقىرنى ئازاب
ئوقۇبەتكە سالمىغاي. غەمگە غەم قوشۇپ
مۇسىبەت ماتىمىگە يەنە قايغۇلارنى
قوشمىغاي، دەيمەن،— دېدى. دەرۋازىۋەن-
لەردىن بىر كىشى باشقىلارغا خەۋەر قىلىپ
ئېتقا ئوخشاش «ھاۋ، ھاۋ» قىلغانىدى، ئۇ
تەرەپتىن:

— يېرىم كېچىدە پادىشاھنىڭ ھۆك-
مىسىز سەن ئۈچۈن شەھەرنىڭ دەرۋا-
زىسىنى ئېچىشقا بولمايدۇ. سەن تاڭ ئات-
قۇچە ئازراق جىم ئولتۇرۇپ تۇرغىن.
ۋارقىراپ-جارقىراپ لەززەتلىك ئۇيقۇ-
مىزنىڭ ھالاۋىتىنى يوق قىلمىغىن،—
دېگەن جاۋاب كەلدى. بۇ چاغدا ئوغرى
دەرۋازىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ياڭراق
ئاۋاز بىلەن ھازا ئېچىپ، نالە-پەريادنى
ئەۋجىگە چىقاردى. دەرۋازىۋەنلەر بۇ ئەھ-
ۋالغا چىدىماي ئۇنىڭغا ھاقارەت ۋە دەشنى-
نام قىلىشقا باشلىدى. ھېلىگەرلىككە ئۇس-
تا ئوغرى ئاجىزلىق بىلەن زارلىنىپ
يالۋۇردى:

— ھەي ئېھسان ساھىلىنىڭ ساخاۋەتچىلىرى، ماڭا كەلگەن پەرىشانلىق ۋە غەم - قايغۇنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. ماڭا رەھىم قىلىڭلار، ئوت - ئاتەشلىك دەردمەنلەردىن قورقۇڭلار، — دېدى. دەرۋازىۋەنلەر ئۇنىڭغا دەرۋازىنى ئېچىپ بەرمەي تۇرۇپ بالايىئاپەت ۋە يىغا - زارىدىن قۇتۇلۇپ، شېرىن ئۇيقۇدىن ھالاۋەت كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشتى. ئۇلار ئامالسىز دەرۋازىنى ئېچىپ بۇ ھىيلىگەر ئوغرىنى چىقىرىۋەتتى.

شۇ ئەسنادا ئوغرىلىق سىرلىرىغا ۋە ئوغرىلاش سۈرئىتىگە كامىل بىر ئوغرى دەرۋازا يېنىدىكى بىر ئۆيدە بىر پاھىشە خوتۇن بىلەن ئەيش - ئىشرەت سۈرۈۋاتاتتى. ئۇ بۇ يىغا - زارىنى ئىشىتىپ بۇ ۋەقەنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ تېزلىك بىلەن دەرۋازىنى تاقىغىچە ئارىلىقتا دەرۋازىغا يېتىپ كەلدى. دەرۋازىۋەنلەر:

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سورىدى. ھىيلىگەر ئوغرى:

— نالە - پەرياد سېلىپ چىقىپ كەتكەن ئۇ كىشى مېنىڭ بۇرادىرىم بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇتىلارغا نۇتۇق ئۆگىتىدىغان شېكەر تىللىق بىر ئوغلى بار ئىدى. بىچارە بالا بۇ ۋاقىتلىق جاھانغا رىزالىق بېرىپ، مەڭگۈلۈك جاھان سارىيىغا سەپەر قىلدى. بۇ دۇنيانىڭ ھىجران قايغۇسىنى ئاتىسى بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈمگە قويۇپ كەتتى. مۇسىبەت رەسمىيەتلىرى ۋە دەپنە قىلىش ئىشلىرىدا بۇرادىرىم بىلەن بىرگە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولمىسام بولمايدۇ، — دېدى ۋە مۇشۇ باھانە بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپ ھېلىقى ئوغرىنىڭ ئىزىدىن تاپانلاپ ماڭدى.

ئاۋۋالقى ئوغرى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى مەيدانغا بېرىپ ئۈچ كىشىنىڭ دارغا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى، يەنە بىر دارنىڭ بىكار تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دارنىڭ ئاستىدىن باشلاپ ساناپ قىرىق قەدەم ماڭدى ۋە شۇ يەرنى قېزىپ بېلىقنى كۆمدى. دارنىڭ ئاستىدىن يەنە قان يۇقى بىر تاشنى ئەپكېلىپ ئۇنى بەلگە قىلىپ بېلىقنى كۆمگەن يەرگە قويۇپ قويدى.

كەينىدىن بارغان ئوغرى ئاۋۋالقى ئوغرى يەرنى قېزىۋاتقان ۋاقىتتا دارنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ، بىكار تۇرغان دارغا ئۆزىنى ئاستى. ئارغامچىنىڭ تۈگۈچىنى بوغۇزىنىڭ بىر تەرىپىگە كەلتۈرۈۋېلىپ بىرىنچى ئوغرىنى كۆزىتىپ تۇردى. ئاۋۋالقى ئوغرى بېلىقنىڭ ئەندىشىسىدىن خالاس بولۇپ، ئېھتىيات ئۈچۈن كۆزىتىپ بېقىشقا دارنىڭ ئاستىغا كېلىپ، داردا يەنە بىر كىشىنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ ھەيران بولۇپ «تېخى بايىلا بۇ داردا ئادەم يوق ئىدى، زادى نېمە ئىش؟ ئاۋۋال كۆرگىنىمدە خاتالاشتىممۇ ياكى ئەقلىمدىن ئادىشىپ ئۇنتۇپ قالدىممۇ» دەپ ئويلىدى. ھەيرانلىقى ئېشىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن تۆت ئۆلۈكنىڭ كۆكرىكىگە قولىنى قويدى. ئۇلارنىڭ نەپەس ئېلىش ئالماسلىقىغا قاراپ ئۆلۈك - تىرىكلىكىگە ھۆكۈم قىلماقچى بولدى. ئۇ مۇشۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى بىلىپ باقتى. ئازراقمۇ گۇمانسىرايدىغان ئىش كۆرۈنمىدى. ئۇ بۇ ئىشلاردىن يەنە ھەيرانلىقتا چۆكتى. ئۇ يەنىلا گۇمانسىراپ، ھەممىسىنىڭ بۇرنىدىن چىڭ

تۇتۇپ تۇردى. ئەمما ھۆنەرگە كامىل ئوغرى ئەفلاتوننىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنىڭ ئۈنسىز ھەرىكىتىنى ئەندىزە قىلغاندەك تىنىق ۋە ھەرىكەتتىن مۇستەسنا كۆرۈنەتتى. ئاۋۋالقى ئوغرى زۆرۈر بولغان بارلىق ئېھتىيات تەرتىپلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزمەكچى بولدى. ئۇ خەنجىرىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئۇردى. ھېيلىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان ئوغرى مىدىراپمۇ قويمىدى. ئاۋۋالقى ئوغرى شۇ چاغدىلا خاتىرجەم بولۇپ، كەلگەن يولىغا قايتىپ، كۆزدىن غايىب بولدى.

ھېيلىگەر ئوغرى داردىن چۈشۈپ بېلىق كۆمۈلگەن يەرگە بېرىپ، يەرنى كولىدى ۋە داڭقى پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر بولغان بۇ گۈزەل بېلىقنى ئالدى. ئۆزىنىڭ پېتىلگەن پەم-پاراستى ۋە كامالەتكە يەتكەن ئەقلىگە ئاپىرىنلار ئوقۇپ، بېلىقنى باشقا جايغا ئاپىرىپ يوشۇردى. ئاندىن پېشانىسىدىكى يارىنى تېڭىپ يولغا راۋان بولدى.

قۇياش چىقىپ جاھاننى نۇرلاندۇردى. ئوغرى پاھىشە خوتۇننىڭ ئۆيىگە پاناھ ئىزدەپ كەلدى. خوتۇن ئوغرىنىڭ يۈزىدىكى زەخىملەنگەن جايىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى سۈرۈشتۈردى. ئوغرى بۇ سىرلارنى يوشۇرۇپ بولغان ۋەقەلەرنى تىلغا ئالمىدى ۋە:

— ھەي خوتۇن ئارتۇق گەپ سورىماي، بۇ جاراھەتكە مەلھەم قويىدىغان بىرەر تېپىپ ئاپمامسەن، — دېدى. خوتۇن كېنىزىكىگە ئىشارەت قىلدى. كېنىزەك جىلۋىگەرلىك بىلەن:

— ماڭا مۇشتاق بولغانلار ئارىسىدا ھۆنەرگە كامىل بىر جاراھەت تاڭغۇچى تېپىپ بار. ئۇ ھەر ئاغرىقنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن جاراھەت ئۈستىگە مەلھەم قويۇپ، ھەۋەس بىلەن يارا داۋالاشقا كىرىشىدۇ، — دېدى. خوتۇن كېنىزەكنى جاراھەت تاڭغۇچىدىن ھال سورىغاچ ئۇنى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. كېنىزەك جاراھەت تاڭغۇچىنى ھازىر قىلدى. جاراھەت تاڭغۇچى ئوغرىنىڭ جاراھىتىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىشەنچ بىلەن يارا داۋالاشقا كىرىشتى.

ئوغرى بېلىقنى پادىشاھنىڭ سارىيىدىن ئېلىپ چىققانلىقىغا تولىمۇ سۆيۈندى. ئۇ تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بېلىقنى كۆمگەن جايغا بېرىپ، باشقىلارنىڭ بېلىقنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ دارنىڭ ئاستىغا بېرىپ قارىسا ئۆزى خەنجەر ئۇرغان ئادەمنىڭ قارىسىمۇ يوق ئىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ھەممە ئىشنى چۈشەندى. ئۇ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، تورغا چۈشكەن بېلىقتەك تىپىرلايتتى. داۋاسىز ئەلەمگە گىرىپتار بولۇپ، ماتەمدار كىشىلەردەك پەرىشان ھالدا شەھەرگە كىردى. ئۇ جاپاكەش پەلەكتىن قاتتىق ئاغرىنىپ، بېشىنى چاتىرىقىغا ساڭگىلىتىپ بىر چەتتە ئولتۇردى. ساراڭلاردەك بارلىق ئوي-پىكىر ۋە ئەندىشىلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ مۈگىلىنىپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز بىر چوڭ غەلۋە كۆتۈرۈلدى. جارچى ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ:

— بۈگۈن كېچە سۇلتانىمىزنىڭ بېلىقى ئوغرىلىنىپتۇ. كىمكى ئوغرىدىن خەۋەر بەرسە، شاھنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولۇر، ھەم دۆلەت قۇشى كېچىلەرنىمۇ ئۇنىڭ بېشىغا قونۇر، — دەپ جاكار-

لىدى. ئوغرى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن دەرھال پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا
بېرىپ، تەكشۈرگۈچىلەر باشلىقىنىڭ يار-
دىمى بىلەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى
ۋە ۋەقەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى باشتىن
ئاخىر تولۇق يەتكۈزدى. پادىشاھ:

— قانداق قىلىپ ئۇ ئوغرىنى قولغا
كىرگۈزىمىز، — دەپ سورىدى. ئوغرى:

— مەن ئۇنىڭ بېشىغا خەنجەر ئۇر-
غانمەن. شۇڭا ئۇنىڭدا خەنجەرنىڭ زەخ-
مىسى بار. شاھىم پەرمان قىلسىلا، ئۇ
بەختسىزنى نەدىن بولمىسۇن ئىزدەپ
تاپىمەن. شەرتىم شۇكى، بۇ ئىشقا ھېچ-
قانداق ۋاستىچى ياكى قارشى چىققۇچى
بولمىسا، — دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا مىر-
شەبنى مەسئۇل قىلىپ ئىشەنچ بىلەن
يولغا سالدى. ئوغرى مىرشەب بىلەن
كوچا - دوقمۇشلاردا يۈرۈپ ئاختۇرۇشنى
داۋاملاشتۇردى. ھەربىر جاراھەتلىك كىشى-
نى كۆرسە ئۇنىڭ ئىزىدىن بېرىپ جارا-
ھەت ئەھۋالىنى تەكشۈرەتتى، تەپتىش
قىلاتتى. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇلار بىر
جاراھەت تاڭغۇچى بىلەن بىر پاھىشە
خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىردى. ھېلىگەر ئوغرى
تۆشەكتە راھەت - پاراغەتتە ئولتۇرۇپ،
خۇشاللىق بىلەن شاراب ئىچىپ كەيپ
سۈرۈۋېتىپتۇ. جاراھىتى ياخشىلىنىپتۇ. ئوغ-
رى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— مېنىڭ جېنىم سېنىڭدەك ئۇستا،
ھەييار ئوغرىغا سەدىقە بولسۇن، چۈنكى
ئالەم ئانىسىدىن سېنىڭدەك قابىل پەر-
زەنت ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەمەستۇر. ساڭا
ئوخشاش ئۇستىبېشى پۈتۈنلەي جاۋا-
ھىر بىلەن تولغان ئىستىداتلىق ھەييار-
نى ئالەم ئەھلى ئۆز كۆزى بىلەن كۆر-
گەن ئەمەستۇر. ئالەم مەيدانىدا ئوغرى-
لىق سەندىن راۋاج تاپتى ھەم جاھان-
دىكى ئوغرىلىق تاكتىكىسى سېنىڭ ۋۇجۇ-
دىڭدىن ئۆز قەدرىنى تاپتى. بۇ ئالىي
كامالەتلىك ھۈنەر ئېتىبارغا ئېرىشتى.
جەۋھەر جەۋھەرنى كۆرگەندىن كېيىن
ئۆز قەدر - قىممىتىنى تاپىدۇ. ئەمدى
ئورنىڭدىن تۇرۇپ پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا
قەدەم تەشرىپ قىلغىن. خۇسرەۋچە ئالىي
مەرتىۋە سېنىڭ شەرىپىڭگە ئىنتىزار بولۇپ
قاراپ قالدى، — دېدى. بۇ جاراھەتلىك
ھەييار ئوغرى راست سۆزلىمەكتىن باشقا
چارە يوقلۇقىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇ:

— ئەلھەمدۇلىللاھ، سېنىڭدەك ئېگىز
بىناغا چىققۇچى، قولى تېز، كامىل ئۇس-
تا بىلەن بەسلىشىپ، ئالەم ئاسمىنىدىن
قۇياشنى ئېلىپ، ھۈنەر بايلىقىمنى سىناپ
باقماقچى بولدۇم. بېلىقنى يەم بىلەن
قولغا كەلتۈرمەكچى بولدۇم. ھەقىقەتەن
بەزىدە دۆلەت، بەزىدە ئامەت، دەپتىكەن،
لېكىن جاراھىتىم ساقايغىچە كەچىلىك
قىلىپ ئامان قوۋۇشۇڭ كېرەك ئىدى.
جاراھىتىم ساقايغاندىن كېيىن، بەخت
رەھبىرىنىڭ يول باشلىشىدا دىلى دەر-
يادەك كەڭ پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە بېلىقنى
ئاپىرماقچىدىم، لېكىن سەندىن بۇ مەردا-
لىك ۋۇجۇدقا كەلمىدى، — دېدى. ئۇ
ئامالسىزلىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەجەل
چىلاپ سۇلتاننىڭ خىزمىتىگە باردى.

پادىشاھ بېلىقنى ئالغاندىن كېيىن
ياردار ئوغرىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

— ئەي شاھزادە، ئەقىللىقلار سورۇ-
نىنىڭ ھوشيارلىرى ئاز يولنىمۇ دەرىجە
ۋە ئىمتىھان قەدىمى بىلەن يۈرۈپ توغرا
مەنزىلگە يېتىدۇ. كېيىنكى ئوغرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھىيلە بىلەن قولغا كەلتۈرگەن پايدىسى ئۈننىڭ تىنچ - ئامان ياشىشىغا ئىمكان بەرمەس ئىدى. مۇقەررەركى قوغدىلىۋاتقان رايون ۋە ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ماكاندا دۈشمەن ئۆزىگە يول تاپالمايدۇ. ھەممە سۈيىقەستچىگە خامانمۇ ئۆز ۋۇجۇدىنى كۆرسەتمەيدۇ.

## تۇتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، شاھزادىنىڭ پەرىشانلىق ۋە دەرد - ئەلەمدىن كېيىن مەقسىتىگە يەتكەنلىكى

تەگرى ئۆز ئىنايىتى بىلەن بەندىگە ھەقىقىي قابىلىيەت ئاتا قىلىشىنى خالىغان ۋاقىتتا، ھەددى - ھېسابسىز تىرىشچانلىقلار كۆرۈلۈپ ھەممە كېرەكلىك نەرسىلەر ئۈنىڭ ئۈچۈن تەييار بولىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ھېكايىلار ئىسپات بولالايدۇ.

... ئۇ ئالىي مەرتىۋىلىك، چۈچۈك تىلىدىن گۆھەر چاچىدىغان شېرىن سۆزلۈك تۇتى جاھاندار سۇلتانىنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ، ھىممەت قانىتىنى يېيىپ، ھاۋا قەرىدە قانات قاقتى. پەرۋاز قىلىپ مۇراد - مەقسەتكە يېتىش چارىلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئازراق ۋاقىت كۆك ئاسماندا ئۇچقاندىن كېيىن جەننەت ئاسمىنىغا تەنە ياغدۇرىدىغان گۈزەل بىر مۇرغىزار زېمىنىغا يېتىپ كەلدى.

جەننەتتىن نىشان بېرىپ تۇرىدىغان بۇ ماكاندا ئىككى قېرىنداش بار ئىدى. ئۇلار ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلىش نەتىجىسىدە دۈشمەنلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ئارىدىكى ئاداۋەتنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆز دەۋالىرىنى سورىغۇچىغا ئىنتىزار بولۇپ ئۈمىد بىلەن يولغا قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇ مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق ئىدى:

بۇ ئىككىيلەنگە ئاتىسىدىن ئۈچ نەرسە مىراس قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشىغا ئەنە شۇ نەرسىلەر سەۋەب بولغانىدى. مىراسنى قانداق قىلغاندا تەڭ تەقسىم قىلىش مۇمكىنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ مىراسلارنىڭ بىرى، دەرۋىشلەرنىڭ كونا جەندىسى، يەنە بىرى كونا تەكىيە، ئۈچىنچىسى ياغاچ چۆچەك، تۆتىنچىسى ياغاچ كەش ئىدى. بۇ مىراسلار قارۇننىڭ قىرىق ئۆيلۈك بايلىقىدىنمۇ قىممەتلىك ئىدى. چۈنكى بۇ جەندىدىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك ھەممە نەرسە — ھەرخىل نەپىس رەختلەر، جاھاننىڭ خۇش پۇراق ئەتىرلىرى ... دېگەندەك، ئادەم نېمىنى خالىسا شۇ پەيدا بولاتتى. تەكىيىدىن كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىدىغان جاۋاھىر تۆرىدىكى سان - ساناقسىز بۇيۇملاردىن ئادەم نېمىنى خالىسا شۇ پەيدا بولاتتى. ياغاچ چۆچەكتىن قايسى خىلدىكى تائامنى كۆڭلى تارتسا شۇ تەييار بولاتتى. كېپىشنىڭ خاسىيىتى شۇ ئىدىكى، كىشى قايسى تەرەپكە قەدەم قويسا يەنى، شەرقتىن غەربكە بېرىشنى ئويلىسا ئادەم شۇ تەرەپكە يۈزلىنىپ بولغىچە بارماقچى بولغان جايغا بېرىپ بولاتتى.

تۇتى بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال ۋە شادخۇرام بولدى. ئۇ، قانىتىنى زوق - شوخ

بىلەن قىقىسىپ بىر پەرۋاز بىلەن شاھزادىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. ۋە يىگىتلەرنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلدى.

— بىز بۈيۈك ئوي-پىكىرنىڭ شەرەپلىك ئېتىكىنى تۇتقانىمىز. ئۇزۇن سەپەر ھەم دەھشەتلىك جاپالار ئالدىمىزدىدۇر. مەقسەت مەنزىلىنىڭ يولى تېخى نامەلۇم. ھەرقانداق ئاجايىپ نەرسىنىڭ ھەربىرى بىر مۆجىزىدۇر. ئەگەر سەن ئۇ ئىككى يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىسەڭ، ئۇنى ئېلىپ شۇ ئارقىلىق مەشۇقىڭنىڭ دىيارىغا يېتەتتىڭ. گەرچە ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس. لېكىن بۇ خىلدىكى ئاجايىپ ئەسۋاب سەن ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. بۇنى قولدىن چىقىرىپ قويۇش ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئىشى ئەمەستۇر، — دېدى.

شاھزادە ئىزتىراپ ئوتىدىن مەيگە بولغان خۇمارلىقتەك بىئارام بولاتتى. ئۇ بۇ زېرەك قۇشنىڭ توغرا يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۇ جايغا يېتىپ باردى.

يىگىتلەر نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قازىنىڭ يولىغا كۆز تىكىپ تۇرۇشقانىدى. شاھزادىنىڭ كەلگىنىنى غەنىيمەت بىلىپ، قازىلىقنى ئۇنىڭغا تەۋسىيە قىلدى. شاھزادە ئۇزۇن ئويلانغاندىن كېيىن:

— ھەي ئەزىزلەر، مەن بۇ ھەقتە كۆپ تەپەككۇر قىلىپ نۇرغۇن ئويلاندىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى بىر ئۇسۇل بولۇپ، بۇ ئۇسۇل مېنىڭچە مۇۋاپىقتۇر. ئۇ بولسىمۇ بىر ئوقيادا ئىككى ئوقنى ئىككى تەرەپكە قارىتىپ ئاتىمەن. مال-مۈلۈكلەرنى ئوتتۇرىدا قويىمەن. ھەر بىرىڭلار بىر ئوقنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بېرىڭلار. ئوقنى كىم بۇرۇن كەلتۈرسە، بۇ نەرسىلەرنىڭ ياخشىسىدىن ئىككىسىنى ئۇ تاللىۋالسۇن. كىم ئارقىدا قالسا، قالغان ئىككى مۈلۈك ئۇنىڭ بولسۇن، — دېدى.

شاھزادە ئوقلارنى ئۈزگەن ۋاقىتتا ئىككى نادان ئوقنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ كەتتى. شاھزادە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال جەندىنى كىيىپ، تەكىيىنى مۈرىسىگە ئالدى. ياغاچ چۆچەكنى بويىنىغا ئېسىپ ياغاچ كەشنى پۇتىغا كىيدى. ئۇ «مىنۇسەۋاد شەھىرىگە يەنى، مەشۇقۇمنىڭ تۇرۇشلۇق جايىغا يېتىشسەم» دەپ، تەڭرىتائالاغا مۇناجات قىلدى. تەڭرىتائالانىڭ قۇدرەت پەرمانى بىلەن مۈشكۈل ئىشلارمۇ ئاسان بولىدۇ. شاھزادە كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆزىنى مىنۇسەۋاد شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كۆردى. نەچچە مىڭ پەرسەڭ يولنى ئۆمۈر بويى مېڭىپمۇ تۈگىتەلمەس ئىدى. دېمەك كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىتتا بۇ يولنى بېسىپ بولدى. تۇتى قانىتىنى ھۇما قۇشىنىڭ قانىتىدەك كېرىپ، شاھزادىنىڭ مۈرىسىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەلدى.

**جاھاندار سۇلتاننىڭ يارى مەشۇقىغا يېتىشىپ، ئۇنىڭ ھەۋىسىدىن خۇرسەند بولۇپ بەھرەۋەربانۇنىڭ ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە بارغانلىقى**

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايەت قىلىدۇ:

جاھاندار سۇلتان جەننەتتىن نىشان بېرىپ تۇرىدىغان شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا

www.uyghurkitap.com



يېتىپ باردى. ئۇ شەھەرگە كىرمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا شاھنىڭ مۇلازىملىرى ئۇنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. بۇ يەرگە باشقا ياقتىن بىرەر مۇساپىر دەرۋىش كېلىپ شەھەرگە كىرمەكچى بولسا ئۇنى ئاۋۋال ئوردىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ساداقەتمەنلەرنىڭ يىغىلىشىغا مەلۇم قىلاتتى. بۇ بۇ دىياردا ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر قائىدە ئىدى. پادىشاھ ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، ئىشق مەيدانىدا كەڭ-كۇشادىلىق تەلەپ قىلغۇچى قەلەندەر لىباسلىق بۇ يىگىتنىڭ چىراي-تۇرقىدىن مىسكىنلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى، بەخت يۇلتۇزىدىن بىزار بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— قەلەندەرلىكنى قايتا تەكرارلىغۇچى بۇ غەيرىي كىشى قايسى دىيار، قايسى ئاۋات يۇرتتىن چىقىپتۇ؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ شەھەرگە داخىل بولۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە سۆكۈت نىقابىنى يىرتىپ نۇتۇق پەردىسىنى ئاچتى. بايان بەزمىسىگە جىلۋە بېرىپ ئەقىللىقلارنىڭ ئەدەب-قائىدىسى بىلەن:

— ھىندىستان دۆلىتىنىڭ ئەتىۋارلىق، ئادالەتلىك، ئىقباللىق تەخت ۋارىسىمەن. ھەممە ئىشلار تەقدىرنىڭ بۇيرۇقىدىندۇر. ئەزەلدىن پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت شۇنداق ئىكەن. ئوردىنىڭ پەيزى شەۋقىدىن كېچىپ، تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش ھەۋىسى بېشىمغا چۈشتى. ئوردىدىن ئامالسىز ئايرىلىپ قەلەندەرلىكنى پادىشاھلىققا تەڭ بىلىپ، دۆلەتنىڭ پەرماندارلىقىنى قولدىن بېرىپ، جاپا-مۇشەققەت يولىغا قەدەم قويدۇم. تېڭىرقاش ۋە دەككە-دۈككىچىلىكلەرگە پىسەنت قىلماي، بۇ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتىم. ئەلھەمدۇلىللاھ، چەككەن رىيازەتلىرىم بىكار كەتمىدى ۋە بەخت-سائادەت قۇشىنىڭ تىلەكلىرى تەڭرىتائالاغا يېتىپ، مۇشەققەتلىك ئۆمۈر سەپىرىنىڭ مۇشكۇلاتىدىن بۇ دۆلەت بېساتىغا مۇيەسسەر بولدۇم، — دېدى.

پادىشاھ شاھزادىدىن بۇ خىل يوللۇق ھەم تەسىرلىك سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قائىدە-قانۇنلارغا ئەمەل قىلىدىغان مۇلايىم، ئەدەبلىك شاھزادە ئىكەنلىكىگە قايىل بولدى. ئۆتكەندە كەلگەن ئەلچىلەر، بەھرەۋەربانۇغا خەت يېزىپ مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ئىشلار ئېسىگە كەلدى. شاھزادىنىڭ شۇ شەيدالىقىدىن ئېسىنى يوقىتىپ، يۈرىكى پارە-پارە بولغانلىقىنى، مەنسەپ-نەسەبىدىن ئايرىلىپ بۇ ۋىلايەتكە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. لېكىن ئەقىل مەسلىھەتچىلىرى پادىشاھقا شاھزادىگە دوستانە مۇئامىلىدە بولۇشمۇ گەپ-سۆزدە دىققەت قىلىپ، ئالدىراپ پەردىنى يىرتماسلىققا مەسلىھەت بەردى. پادىشاھنىڭ كۆڭلى-كۆكسى دەرىيادەك كەڭ ئىدى. ئامالسىزلىقتىن كۆڭلى ئوچاقتەك تاۋلانسىمۇ ئۆزىنى بىلمەسلىككە سېلىپ:

— ھەي قەلەندەر كاززاپ، ئەدەبسىز گاداي، سەن نەدىكى بولمىغۇر سۆزلەرنى دەۋاتىسەن؟ — دەپ غەزەپلەندى. ھەم:

— بۇ يالغانچى كاززاپنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. بارلىق كىشىلەرگە ئىبرەت بولسۇنكى، يۇقىرىغا يامىشىپ ئابروي قازىنىش ئۈچۈن كىشىلەر ھەر

خىل گۇناهلارنى سادىر قىلىدۇ. ئىززەت ۋە هۆرمەت ئۇمىدىدە ئۆزىنى يالغاندىن شاهزادە دەپ تەرىپلىگەنلىكى ئۇچۇن ئۇ باشقىلارغا هەيۋەتلىك كۆرۈنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ تەبىئىتىدە يالغانچىلىق تولىمۇ كۈچلۈكتۇر. يالغان سۆزنىڭ شولىسىنىڭ دانالارنىڭ نەزەر كۆزىدە نۇر چاقنىتالمايدىغانلىقىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوقتۇر، — دېدى. پادىشاه شاهزادىدەك ئالىي تەبىئەت كىشىگە گۇمانلىنىش ۋە رەسۋالىقنى راۋا كۆرۈپ ئۇنى ساداقەتمەنلەرنىڭ يېغىلىش ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئەمما يوشۇرۇن مەنلەردىن خەۋەردار كىشىلەر باشقىلارنىڭ تاشقى قىياپىتىدىنلا ئۇنى چۈشىنەلەيدۇ. شاهزادىنىڭ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشقا ۋە بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا رايى بارمايتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا ئۇرغۇن كېچە-كۈندۈزلەرنى پادىشاهنىڭ نۇرلۇق هۇزۇرىغا قاراش ۋە تەگرىستانلارنىڭ دەرگاهىغا ئىلتىجا قىلىپ ئەرز-هال ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

## شاهزادىنىڭ پادىشاهنىڭ هۇزۇرىدىن چىقىپ هورمۇز بىلەن ئۇچراشقانلىقى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: جاهاندار سۇلتان پادىشاهنىڭ ئوردىسىدىن چىقتى. شاهزادىنىڭ ئاتىسىنىڭ پەرۋىز ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ هورمۇز ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. شاهزادە بىلەن هورمۇز يېقىن دوست بولۇپ ئۆتەتتى. شاهزادە تۇيۇقسىز هورمۇزنى كۆرۈپ قالدى. هورمۇز ئۇچىسىغا ناهايىتى ئاددىي كىيىملەرنى كىيگەن، ئەهۋالىدا غۇربەتچىلىك ۋە غەمكىنلىك پەيدا بولغان هالەتتە ئىدى. شاهزادە:

— بۇ بىگانە دۆلەتتە، ناتونۇش خەلق ئارىسىدا غېرىب-مۇساپىر بولۇپ يۈرۈشۈڭگە نېمە سەۋەب بولدى؟ نېمىشقا ئۆي-ماكانسىز، مىسكىن-بىچارە بولۇپ قالدىڭ؟ بۇ قەدەر جاپا-مۇشەققەتنى نېمە ئۇچۇن ئۆزۈڭگە راۋا بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. هورمۇز ئېهتىياتنى قولدىن بېرىپ:

— بۇ دىيارنىڭ پادىشاهىنىڭ رۇخسارىدىن ئاتەشتەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بىر قىزى باردۇر. ئۇنىڭ ئۇچۇن قول بولۇشنى جاهان خەلقى ئۆزلىرى ئۇچۇن بەخت هېسابلىشىدۇ. مەن ئۇنىڭغا غايىبانە باغلىنىپ، ئۇنىڭ تورىغا چۈشكەن بېلىقتەك، دەشتلەردە ئاۋارە مەجنۇن بولۇپ بۇ دۆلەتكە كەلدىم. ئەمدى جۇنۇنلۇق دەستىدىن جېنىم كۆڭۈلنىڭ ئوتىدا مۇمدەك كۆيمەكتە. ئەمدى بۇنىڭغا داۋا تېپىلمايدۇ. هەر قانداق خۇش پۇراق، كۆڭۈلنىڭ خۇش پۇرىقىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ نازىنىن مېنىڭدەك ئورۇق ئۇۋۇنى ئۇۋ ئارغامچىسى بىلەن باغلىماقنى ئۆزى ئۇچۇن نومۇس هېسابلايدۇ. مېنىڭدەك ئاددىي ۋە توپا-چاڭلارغا بۇلغانغاننىڭ شەيدالىقىغا يۈز تۇتۇشنى ئۆزىگە يۈزلەنگەن مەغلۇبىيەت دەپ بىلىدۇ. لېكىن ساڭا ياخشى خەۋەر بولسۇنكى، ئۇ بەخت-سائادەتنى ئەۋجىگە چىقارغۇچى هۇما قۇشى سېنىڭ دامىڭغا ئاسانلا چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇزۇن مۇددەتتىن بېرى ئۇ سېنىڭ گۈزەل ئارزۇيۇڭ ۋە ۋىسالىڭ هەۋىسىگە تەلمۈرمەكتە.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ھۇما قۇشى سېنىڭ ئىسمىڭنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئاي سېنىڭ نامىڭنى گۈل ساباھىدىن ئاڭلاپتۇ ياكى مۇبارەك مېھرىڭنى چۈشىدە كۆرۈپتۇ. ئەمدى ئۆزۈڭ ئېيتقىنا، ئىقبال بۆشۈكىدىن بۇ نەس باسقان تۇپراققا نە تەرىقىدە چۈشتۈڭ؟ نېمە سەۋەبتىن پادىشاھلىق تەختىدىن گادايلىق قەسرىسىگە كېلىپ قالدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن پەقىرلىق كۇلاھىنى تەخت ۋارىسلىقىدىن زىيادە كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە دەسلەپ ھورمۇزنىڭ بەھرەۋەربانۇغا مۇپتىلا بولغانلىقىدىن رەشك ئوتىدا يانغانىدى. لېكىن ئىشقى شەۋقىنىڭ ئۇرۇقى جانانىڭ كۆڭلىدە بىخ تارتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى تەسكىن تېپىپ ھورمۇزنىڭ سىرلىق خىلۋەت ماكانىغا قايتىشىغا يول قويمىدى. شاھزادە شەھەرنىڭ سىرتىدا تاڭ شامىلى جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان خۇش پۇراقلىق ئالاھىدە بىر باغچا بەرپا قىلغانىدى. ئاددىي مىسكىن ۋە غېرىب گادايلار ئۇ يەرگە بېرىپ كۆڭلىنى شاھزادىنىڭ نۇر شولىسىدىن ئاۋۇندۇراتتى. ئۈمىد تۇپرىقىنى چېھرىلىرىگە سۈرتۈپ ئىشق كارخانىسىنىڭ رىۋايەتلىرىنى سۆزلىشەتتى. شاھزادە بولسا يۈرىكىنى پارە - پارە، جىگەرلىرىنى لەختە-لەختە قىلىپ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياشلارنى ئېتىكىگە تۆكەتتى. كۆز ياشلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان قىزىل لەئىلدەك پەرۋىن يۇلتۇز تۈپىنى ۋە ئۈنچە - مارجانلارنى رەشككە سالاتتى. جانانىنىڭ ۋىسال غەملىرىنىڭ غۇبارلىرىنى ھەسرەت ئۆيلىرىگە تۆكەتتى. كېچە-يۇ كۈندۈز يار تەنھالىقى ۋە مەھبۇب دوستلۇقىنىڭ خىيالىنى سۈرەتتى. ھەمىشە ئوي - خىيالىنىڭ ئارزۇسى ۋە كۆڭۈل تەمەنناسىنىڭ ۋىسالى يار ئىدى. ئۇنىڭغا ھەمنەپەس بولغۇچى بىرەر كىشى كېلىپ قالسا بىردەم بولسىمۇ غەم ۋە ئازابتىن شىكايەت قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇتىدىن باشقا دانا ھەمراھى ۋە مېھرىبان مەسلىھەتچىسى يوق ئىدى. گاھ - گاھ ئوتخانىدەك كۆكسىدىن مىڭلىغان جانلارنى كۆيدۈرىدىغان ئۇچقۇنلارنى چاچرىتاتتى. غەمكىن ۋە شور پېشانىلىقىدىن شىكايەت قىلىپ بۇ زور ھارارەت ئۈچۈن تەڭرىدىن ياردەم تەلەپ قىلاتتى.

شاھزادە ھورمۇزنى ئەنە شۇ باغچىغا ئېلىپ كەتتى.

## تۇتى شاھزادىنىڭ ئىشق خاتىرىسىنى تەسكىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن ھەر خىل ھېكايىلارنى، ئىشق داستانلىرىنى سۆزلەپ دىلدارلىق قىلغانلىقى

تۇتى دانا ۋە زېرەك قۇش ئىدى. شاھزادە تولىمۇ غەمكىن بولۇپ، پەرىشانلىققا چۆمۈپ مالامەت پەنجىسىگە چۈشكەن ۋاقىتتا تۇتى سۆھبەتداشلىقى ۋە كۆڭلى يېقىنلىقى يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى.

— ھەي، ئاشىقلارنىڭ باشچىسى، ۋاي، كۆڭلى سۇنۇقلارنىڭ باش ھالقىسى، ئۈمىدىڭ مەقسەت گۈلىنىڭ پۇرىقى ئۈنچە-ۋالا تېزلا كۆڭۈلنىڭ خۇش پۇرىقىغا قوشۇلمايدۇ. ئۆزۈڭنى غەم - قايغۇ ۋە دەرد - ئەلەمگە گىرىپتار قىلمىغىن. ئۈمىد قولۇڭنى چارە ئاتا قىلغۇچى تەڭرىتائالانىڭ ئىنايەت ئېتىكىدىن ئۈزمىگىن،

ئازابلىق ئاۋازىڭنىڭ تەڭرىستانلىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغانلىقىنى بىلمەيسەن، ئارزۇ-يۈك غۇنچىسى ئاخىرى مۇراد ياھغۇرى بىلەن ئېچىلدى، تەمەننا كۆچىتىڭ مېۋە بېردۇ. بۇ تۇرمۇشتا ئومۇملاشقان كونا رەسىم - قائىدە شوكى، شەۋق ۋادىسىنىڭ تەشنالىرىنىڭ لېۋى سۇغا ئىنتىزار بولىدۇ. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ساراسىمىلىقى يىراققا قوغلىندۇ. قاراڭغۇ دۇنيانىڭ چېتىدىن يەنى — ھەيرانلىق، ئاپەت ۋە غۇربەتتىن ناھايىتى تېزلا نىجاتلىق ئالەمگە يېتىپ، مۇراد - مەقسەت بۇلىقىنىڭ سۈيىگە قانىدۇ. سەن ئۆزۈڭ يالغۇز ھالدا كۆڭۈل بېرىپ شەيدالىقنى ئىختىرا قىلىپسەن. سەندىن بۇرۇن ئۆتكەن نەچچىلىگەن ئالىي مەرتىۋىلىك سۇلتانلار ۋە خانلارمۇ ئاشىقلىق ئىلمىنى جۇنۇنلۇق مەيدانىدا جىلۋىلەندۇرۇپ، شەيدالىق ناغرىسىنىڭ سادىسىنى پۈتۈن جاھانغا ئاڭلاتقاندى. ئۇلارنىڭ ئىشقىغا كەلگۈن كەبى قىيىنچىلىق ۋە بالايى-ئاپەت يۈزلەنگەندى. بۇلارنى ئاڭلاپ دىلى رۇستەمدەك مەردلەرنىڭ كۆڭلىمۇ سۇ بولغانىدى. ئەي شاھزادە، بۇ ئىشلار يېگىرمە ياشلارغا يەتكەن سەندەك بىر شاھزادىغىلا ئۇچرىغان ئەمەستۇر. ئۇ گۇرۇھنىڭ گۆھەردەك مەقسەتلىرى بالايى-ئاپەت دەريالىرىدىن ۋە ئالەم قەرىدىن چىقىپ ئاخىرى ئۇلار ئۆز مۇرادلىرىغا يەتكەندۇر، — دېدى، شاھزادە:

— ئەي دىلدار، غەمگۇزار دوستۇم، مەن ئەنە شۇ مۇھەببەت شارابىنى ئىچكۈچىلەرنىڭ بۇ يولدا تارتقان ئازابلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مېنى بۇ ۋەقەلەردىن خەۋەردار قىلساڭ ھەم ئۇلارنىڭ نائۈمىدلىك مەنزىلىدىن چىقىپ، مەقسەت گۆھەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ مۇرادىغا يەتكەنلىكلىرىنى بايان قىلساڭ، — دەپ ئۆتۈندى.

تۇتىدىن ھەر خىل ھېكايەت، رىۋايەت ۋە ئاشىقلارنىڭ ئەپسانىلىرىنى ئاڭلىسا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، چەكسىز ھوزۇرلىنىدۇ. شاھزادىنىڭ دەرد - ئەلەمى كۆچەيگەندە ئۇ «ئۈمىد چىرىغى جىلۋىلىنىپ قايغۇلىرىم يېنىكلەپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ ھەر ئاخشىمى تۇتىنىڭ دىلغا ھوزۇر بېرىدىغان داستان ۋە ئەپسانىلىرىنى ئاڭلاشنى قارار قىلدى. بۇ داستان ۋە ئەپسانىلەر بولسا شاھزادىنىڭ دىۋانە كۆڭلىنىڭ جاراھىتىگە مەلھەم بولغاي، دىلكەش ئاھاڭ بىلەن بايان قىلىنغان بۇ قىسسىلەر كۆڭۈلنى ئالداپ ئىشق ئوتىغا تەسكىن بەرگەي.

## خوتەن شاھزادىسىنىڭ جۇنۇنلۇققا گىرىپتار بولۇپ، مېھربانۇنىڭ ئىشقىدا شەيدالىق ناغرىسىنى ياڭراتقانلىقى

تۇتى سۆزگە ئېغىز ئېچىپ مۇنداق بايان قىلدى:

خوتەن ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. پەلەكنىڭ قۇدرىتى بىلەن لەشكەرلىرى ئۇنى قىزغىنىپ سۆيەتتى. ئۇ قۇياشتەك ھۆكمىنى ھەممىگە تەڭ يۈرگۈزەتتى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاپتاپقا ئوخشاش يۈزىنىڭ ئەتراپىدا ياش مايسىلار كۆكلەمزار بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ ئەتراپىدىكى قاپقارا مۇشكىدەك بۇرۇتى خەت

تارتىپ ئايدەك ھالقا ھاسىل قىلغانىدى. قامىتى باش باھار چىمەنزارلىقىدىكى يېڭى نوتىغا ئوخشايدىغان بۇ يىگىتنىڭ چىراي-تۇرقى تۇرمۇش گۈلشىنىدىكى دىلغا ئارام بېغىشلىغۇچى ئىدى. ئۇ پادىشاھلىق قائىدە-يوسۇنلىرىنىڭ زۆرۈرىيىتى بىلەن كاۋۇس، كەيقۇباتنىڭ يوللىرىدا دائىم شىكارغا چىقاتتى. ئۇۋ ئۇۋلىغان ۋاقىتتا يەل تاپاندەك ئۇچقۇر ئاتتا چېپىپ كېتىۋېتىپ ئوۋغا ئوق ئۈزەتتى. بەھراممۇ بۇ تېزلىكتىن چوقۇم كورغا ئوخشاش ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەن بولاتتى.

بىر كۈنى شاھزادە دەريا بويىدا بېلىق تۇتۇپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز يىراقتىن بىر سودا كېمىسى پەيدا بولدى. ئەمما ئىچىدە كېمىچى يوق ئىدى. شاھزادە كېمىنىڭ ئىگىسىز كەلگەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ بىر ئاز قاراپ تۇردى. شاھزادە كۆردىكى، بۇ پۈتۈنلەي قىممەت باھالىق جاۋاھىرلار بىلەن شاھانە تۈستە بېزەلگەن كېمە ئىكەن. كېمىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن رەڭلىك قىممەت باھالىق رەختلەر يېپىلغان بولۇپ، ئاستىغا ئېسىل گىلەملەر سېلىنغانىدى. گوياكى سەھەردىكى ھىلال ئايدەك كۆرۈنەتتى، كېمە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتاتتى. كېمىنىڭ ئىچىدە چىرايى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان تولۇن ئايدەك گۈزەل نازىنىن كۈرمىنىڭ زىبۇ-زىننەت بىلەن ئاپتاپقا ئوخشاش جىلۋىلىنىپ تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى يۈزىگە چىرمىشىپ نازلىق قاراشلىرى بىلەن دەريا بېلىقلىرىنى ئوۋلايتتى. كۆڭۈلگە توزاق سالغۇچى چاچلىرى جاھاننى كۆيدۈرگۈچى ئاپتاپنى كۆپكۆك نۇر دۇنياسى بىلەنلا چەكلەپ قويغانىدى.

شاھزادە ئۇنى كۆرگەن ھامان بىر ئوق ئۇنىڭ قارشىسىدىن كېلىپ، كۆكرىكىگە قادالدى. ئۇ تورغا چۈشكەن بېلىقتەك نازىنىنىنىڭ دامىغا گىرىپتار بولدى. ئەمما كېمە قارا بوراندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى، شاھزادە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مۇلازىملار شاھزادىنىڭ بىھوشلۇقىنى ئاپتاپنىڭ ھارارىتىدىن دەپ بىلىپ يۈزىگە گۈلاپ چاچتى. ھېچ مەنپەئەت قىلمىدى، ئاخىرى ئۇنى تەختىراۋانغا سېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ پادىشاھقا خەۋەر بەردى. پادىشاھ پەرىشان ھالدا كېلىپ ئوغلىنى بۇ ھالدا كۆردى ۋە جىن چاپلاشقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئۆلىمالارغا ئىلتىجا قىلدى. ئۇلار شاھزادىگە پەرى ئىشقىنىڭ چاپلاشقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۆلىما ۋە دانىشمەنلەر نەچچە رەت رەدنامىلەرنى ئوقۇپ دەم سالدى، بىراق پايدا بەرمىدى، ھەممىسى ئامالسىز قالدى. شاھزادىنىڭ ئەھۋالىدا ئەسلا ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇنىڭ ئىشقى تېخىمۇ زىيادە بولۇپ كېسەلى ئېغىرلاشقا باشلىدى. پادىشاھ بۇنىڭدىن ناھايىتى پەرىشان بولۇپ ھۆكۈمالارغا يەنە ئىلتىجا قىلدى. دانىشمەن گۇرۇھىدىكى ئۇ كىشىلەر شەرقنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ۋە ئاشىقلار قانۇنى بىلەن ئەقىل كارخانىلىرىدىن نۇرغۇن ئىلاجلار ئىزدەپ داۋالاپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا ئۈنۈمى بولمىدى. بەلكى بۇ بىر توپ دانىشمەنلەر شاھزادىنىڭ پەرىشانلىق ھالىتىنىڭ بىر پەرى سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ دەردىگە ھەرقانچە قىلىپمۇ بىرەر ئىلاج تاپالمىدى. ئۇنىڭ كېسىلىگە ھۆكۈمالار بېشى ۋە ئەقىللىق، دانا كىشىلەرمۇ ئاجىز كېلىپ ئۈمىدى ئۈزۈلدى. پەرزەنتىنىڭ غېمىدە پادىشاھنىڭ

يۇرىكى ئۇمىدسىزلىك ئوتىدا كۆيەتتى. ئۇنىڭ ئىلاجىسى ئۇچۇن بىتاقەت بولاتتى.

— ئەگەر قايسى كىشى شاھزادىگە داۋا قىلىپ ئۇنى ساقايتسا مەملىكەتنىڭ پۈتۈن خىراجىتىنى ئۇنىڭغا بېرىمەن، — دەپ جارچى چىقارتتى پادىشاھ.

بۇ ئىش مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئاڭلاندى. ھەممە كىشى كېلىپ پۈتكۈل ئىقتىدارى ۋە چەكسىز تىرىشچانلىقى بىلەن شاپائەت قولىنى سۇنۇشتى. بەخت كەلتۈرگۈچى ھۇما قۇشىدەك جان ـ جەھلى بىلەن قېتىرقىنىپ شاھزادىنى داۋالاپ كۆرەتتى، بىراق يەنىلا پايدىسى كۆرۈلمەيتتى.

ۋەزىرنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ شاھزادە بىلەن بىرگە ئويناپ، بىر مەكتەپتە ئوقۇپ چوڭ بولغانىدى. ئۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ شاھزادىنىڭ يېنىغا دەرھال يېتىپ باردى. ئۇ شاھزادىنىڭ چىرايى سارغىيىپ، تىلىغا سۆكۈتتىن مۆھۈر بېسىلغانلىقىنى، قېرىنداش بۇرادەرلىرىنى غېرىبلىقتا قويۇپ ئۆزى كارۋاتتا يانپاشلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ۋەزىرزادە سەزگۈر بارماقلىرى بىلەن شاھزادىنىڭ تومۇر سوقۇش ئەھۋالىنى بىلدى، ئۆيىنى باشقىلاردىن خالى قىلىپ شاھزادىدىن:

— ئەي شاھزادە، بۇ سىر پەردىلىرىنى ئېچىپ، ئىچكى دۇنيايىڭدىكى ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويغىن، ئوقياغا ئوخشاش قېشى بار قايسى ئەگىم قاشنىڭ غەم ئوقى كۆڭلۈڭگە ئورۇنلاشتى؟ زۇلۇمنى تەرك قىلغۇچى قايسى جانان سېنىڭ سەبرى ـ ھوشۇڭنى تالان ـ تاراج قىلدى؟ ئەگەر ئۇ زۆھرە يۇلتۇزى بولغان ھالەتتىمۇ ئۇنى مۇئەللەقتىن دەرھال يەرگە چۈشۈرىمەن. ئەگەر ئۇ پەرىزات بولۇپ قانات قېقىپ ھاۋاغا پەرۋاز قىلغان بولسا ئۇنى تەدبىر ۋە ئەپسۇنلار بىلەن پەرمانىڭغا كىرگۈزىمەن، — دېدى. بۇ دوستانە سۆزلەرنى ئاڭلىغان شاھزادە دەرھال كۆزىنى ئېچىپ، ئايەتلەر ئوقۇدى. ئاندىن ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلدى، ۋەزىرزادە دوستلۇق كەمىرىنى ھىممەت يولىغا باغلاپ:

— مەن بالىلىقىمدىنلا بەندىلىك كۆچىتىنى كۆڭلۈم ئېتىزىغا تىكىپ، جان جەۋھىرىمنى ۋاپا يولىغا چاچقانمەن. جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن خىزمىتىڭدىن باش تارتمايمەن. ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇساڭ پەرمانىڭدىن چىقمايمەن، — دېدى.

ۋەزىرزادىنىڭ دوستلۇقى ۋە يېقىنلىقى سەۋەبىدىن شاھزادىنىڭ كېسىلى تامامەن ساقىيىپ ئاجىزلىقتىن ماغدۇرىغا كەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەزىرزادىگە:

— مەيلى قانداق ئامال قىلىپ بولمىسۇن مەشۇقۇمنىڭ دىيارىغا يېتىشىم كېرەك. ئەگەر بەخت يار بولسا مۇرادىمغا يېتەرمەن. جانانىنىڭ كويىدا توپا ـ چاڭلارغا پېتىپ جان بەرمەكنى يەتتە مەملىكەت پادىشاھلىقىدىن ئەلا بىلىمەن، — دېدى.

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ قىممەتلىك جاۋاھىرلارنى ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى تۆگىلىرىگە يۈكلىدى. تەڭرىتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماي، ھىلىقى سېھىرگەر ئاينىڭ كېمىسى كەتكەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار سەپەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە پىسەنت قىلماي تاغۇ ـ دەشتلەردە، جان ئالغۇچى سەھرايى قىيامەتتە توختىماي ماڭاتتى. غىزا ئورنىدا جانانىنىڭ غېمىنى يەپ

uyghurkitap.com



كۆزلىرى خىرە ۋە دىللىرى زىدە بولۇپ، كۆپ يول يۈردى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ھەر خىل سەھرالەر يەيپىنى ئۇزۇپ كېتىۋاتاتتى. تويۇقسىز ئارقىدىن تېز سۈرئەتتە ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆردى. ئۇ ئادەم يېتىشىپ كەلگەن ۋاقىتتا ۋەزىرزادە:

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ نەگە بارىسەن، — دەپ سورىدى.

— مەن بىر كېمىچى، مەن دائىم بېلىق تۇتۇپ ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئىنئام ئالاتتىم. بۇ ئىنئام ئائىلەمدىكى خوتۇن - بالىلىرىمغا تۇرمۇش خىراجىتى بولاتتى. ئاڭلىسام شاھزادەم غۇربەتلەرنى ئىختىيار قىلىپتۇ. پېقىر ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ۋە ئوزۇق-تۈلۈكۈمنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن. ئەمما ئىچكى دۇنيايىمدا شۇنداق بىر ھۈنىرىم باركى، ئەگەر بىر ساياھەتچى ئالتە ئاي يۈرۈن قورۇقلۇقتا يۈرگەن ياكى كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتكەن بولسا، ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپلا ئۇنىڭ قايسى جايغا بارغانلىقىنى، ماكانىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، تەڭرى تائالا ماڭا بۇ خاسىيەتنى ئاتا قىلغاندۇر، — دېدى ئۇ ئادەم. شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەينىڭ لەززىتىدىن كەيپ بولغاندەك خۇشال بولۇپ، بۇ يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىنى چوڭ ياردەم بىلىپ، ئۇنىڭدىن:

— يېقىندىن بۇيان دەريا يۈزىدە بىرەر كېمە ئۆتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى. كېمىچى دەرياغا بىرەر سائەت نەزەر سېلىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— چىن ئەقىل - پاراسىتىمدىن شۇنداق بېشارەت كەلدىكى، بىر كېمە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. شاھزادە بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن ئۇ ھۈنەر ئۇستىسىنىڭ ماھارىتىنى غەنىيمەت بىلدى. ئۇنىڭ جامغا تەشنا لېۋى مەيدىن مۇراد تاپتى. ئۇلار خۇددى قارا بوراندەك تېزدىن يول يۈرۈپ نەچچىلىگەن مەنزىللەرنى باستى. بىر چاغدا ئۇلار يەنە ئارقىدىن ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشىنىڭ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ تېز سۈرئىتىگە شامالمۇ يېتىشەلمەيتتى. ئۇ كېلىپ ھەمراھ بولدى.

— قاياقتىن كېلىۋاتىسەن، قايسى جايغا بارماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى باشقىلار. ئۇ كىشى:

— خوتەن شەھىرىدىن كېلىۋاتىمەن. سىلەرگە ھەمراھ بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. پېقىر ياغاچچى بولۇپ ئۆز ھۈنىرىمدە ئۇستا، ئىستېدادلىق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ بىرىمەن. مېنىڭ كەكەم نەققاش مانىنىڭ قەلەم ئىشىنى قىلالايدۇ. ياغاچتىن كۆركەم، گۈزەل نەرسىلەرنى ياسايمەن. بۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچى خەلق ئۇستۇمگە گۆھەرلەرنى چاچىدۇ. ئىرەم باغدا ياشىغۇچىلار كۆرسە ھۈنىرىمدىن بەھرىلىنىش ئۈچۈن بېشى بىلەن يۈگۈرۈشىدۇ. تېخى ئۇنىڭدىن زىيادىرەك يەنە بىر ھۈنىرىم بولۇپ، ياغاچتىن تەخت ياسايمەن. تەخت كەڭ قاناتلىق قۇشقا ئوخشاش ھاۋادا پەرۋاز قىلىدۇ. بىرەر كىشى ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ قايسى تەرەپكە بېرىشنى ئويلىسا مەقسەت مەنزىلىگە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە يەتكۈزىدۇ. شاھزادە قۇياش نۇرىدەك بالقىپ بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋاقىتتا، جاھاننى ئاپئاق نۇرلىرى بىلەن نۇرلاندۇرغاندى. بەختلىك ئىنىكئانىنىڭ قۇچىقىغا جاھان-

نى ئۆرتەنگۈچى ئاپتاپقا ئوخشاش بىر سەبىي ئوغۇل بالا ئورۇنلاشتى. مەن بۇ دۆلەتلىك بالا ئۈچۈن بىر بۆشۈك ياساپ ئەكەلگەنىدىم. بۇنىڭ ھەققىگە پادىشاھتىن ئىنئام ئېلىپ ھېسابسىز مال - دۇنياغا ئىگە بولغاندىم. ئەمدى بولسا مەن خۇداۋەندە كېرىم ئاتا قىلغان بۇ ئىنئاملارنى ئارىمىزدىكى دوستلۇق زەنجىرى دەپ بىلىپ، سىزگە بولغان شۇ دوستلۇق مەجبۇرىيىتىمەنى ئادا قىلماقچىمەن. شۇڭا بۇ غۇربەت ۋە سەرسانلىقتا شېرىك بولۇپ ئۆزۈمنى خۇدا يولىدا سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە تەقدىم قىلسام، دەپ كەلدىم، — دېدى. شاھزادە ياغاچچىنى پاك، ديانەتلىك كىشى ئىكەن، دەپ بىلدى ۋە ئۇمىد پالتىسى بىلەن كوڭۈلسىزلىكلەرنى كېسىپ ئىلگىرىلەپ ماڭدى. سەپەرنىڭ جاپا - مۇشەققىتى ۋە يولنىڭ ئازابى بۇ دەرىجىدە ئىدىكى، قەدەم باسقانلىكى جايدا ھەر دائىم چوڭ مۇشكۇلچىلىكلەرگە يولۇقاتتى. باشلىرىدىن غەم دەرياسى ئېقىپ ئۆتەتتى. خۇددى توپان سۇيىنىڭ دولقۇنلىرىدەك بالايىئاپەتلەر ئۇلارغا يۈزلىنەتتى. كېيىنچى يىگىت شاھزادىگە ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش قولداش بولدى. ئۇ شاھزادىنى سۇغا غەرق بولغاندەك غايىب بولغان ھېلىقى كېمە تەرەپكە باشلاپ شامالغا ئوخشاش كېچە - كۈندۈز توختىماي ئوتلۇق باياۋاندا يول يۈرەتتى.

شۇ ئەسنادا يولدا ئۇلار بىر توپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان بىر مويسىپىت كىشىنى كۆردى. ئۇ كىشىنىڭ چاچلىرى كۆمۈشتەك ئاقارغانىدى. بوۋاي بىر دۆۋە سۆڭەكنى جەملەپ، ئۇنى ئۆكۈز سۈرىتىدە ياسىدى ۋە بىر ئوچۇم سۇنى ئۇنىڭغا سەپتى. بىردىنلا سۆڭەككە دەم، ئىسسىقلىق كىرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت گۆش، ۋە تېرىلەر قوندى. ئۇ كىشى تەڭرىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن سېھرى ئارقىلىق ئۆلۈككە جان كىرگۈزدى. ئۆكۈز تىرىلگەن ھامان مۆرەشكە باشلىدى. ئۇلار بۇ ۋەقەنى ئېنىق كۆرۈپ ھەيران بولغانلىقىدىن تۇرغان جايىدا سۆڭەكتەك قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ۋەزىرزادە شاھزادىگە:

— شۇبھىسىزكى، بۇ نۇرلۇق مويسىپىت كىشى ھەزرەت خىزىر ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇنىڭ ئوچۇمىدا ھاياتلىق سۇيى دائىم تەييار تۇرىدۇ. ئەمدى سېنىڭ بەختىڭ ئېچىلىپ، ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ تەلىيى ساڭا يۈزلىنىپتۇ. كىشىلەر بۇ دەشتتە دائىم ئۆلۈم دەھشىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمدى تېز بېرىپ، بېشىڭنى ئۇنىڭ ئايىغىغا قويۇپ، ئىش - كۇشلىرىڭنى ئۇنىڭ ھىممىتىدىن تەلەپ قىلغىن. بەلكىم ئۇ قولۇڭنى تۇتار، غۇبار قەدىمىڭنى ئىپتىخار ئېتىكىگە ئۇرغىن، غەم - قايغۇدىن سېنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەي، — دېدى.

شاھزادە ئۇ مويسىپىت كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەرز - ھالىنى بايان قىلدى. مەقسىتىنىڭ گۆھەردەك ھاسىلاتى ئۈچۈن مەسلىھەت سورىدى. مويسىپىت كىشى:

— ئەي يىگىت، مەن ناھايىتى زەئىپ ۋە ئاجىزمەن. ھەتتا ھاسىسىز ئايىغىمنى يەردىن كۆتۈرەلمەيمەن. شۇ ھالىم بىلەن سىلەرگە قانداقمۇ ياردەمدە بولالايمەن، — دېدى. شاھزادە:

— ئەي سۈرىتى كۆزىمىزگە ياش كۆرۈنگەن كىشى، مۇشكۇللەرنى ئاسان قىلىش سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىزدۇر.

www.uyghurkitap.com



سەن بىر مەسىھاسەن. بىزلەرنىڭ تەمەننا
كوچىلىرىدا ئىزدەپ سەرسان بولغان خىزىر-
رىمىزسەن. بىزلەر بولساق ئۇمىد يولىنى
يوقاتقان كىشىلەرمىز. تەڭرىتائالانىڭ
ھۆرمىتى ئۈچۈن رەھىم-شەپقىتىڭدىن مەھ-
رۇم قىلمىغىن. بىز مىسكىن غېرىبلارنىڭ
ھالىدىن ئىنايەت نەزەرىڭنى قاچۇرمىغىن، —
دېدى. مويسىپىت كىشى:
— مەن نەدىمۇ خىزىر، مەسىھ بولاي.
مەن بىر ئاددىي كىشىمەن. خەلق ئارىسى-
دىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان ۋە كىشىلەر
ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن قېچىپ بۇ
دۇنيانىڭ تۇرمۇشىدىن ئۈمىد ئۈزگەن بىر
موماي مۇشۇ ئەتراپتا ئولتۇرىدۇ. ئۇ مو-
ماي دۇنيادىن قول ئۈزگەن، ھىممەت
ئېتەكىنى تۇرمۇش روزىغارىدىن ئايرىغان
بولۇپ، بىر باياۋاندا ئۇ دۇنيالىقى بار
پاك بىر قىزى بىلەن تەڭرىتائالانىڭ
ئىبادىتىگە مەشغۇل ئىدى، ئۇلارنىڭ تۇر-
مۇش تايانچىسى يالغۇز سىيىرى ئىدى.
بىر كۈنى بىر شىر ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كې-
تىپ بېرىپ سىيىرنى پارە-پارە قىلىپ
يەۋەتتى، شۇنداق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈ-
رۈش ئۇلارغا تەس بولدى، تائەت-ئىبا-
دەتكە مەشغۇل بولۇش ئۈچۈن بەدىنىگە
قۇۋۋەت بولمىسا بولمايتتى. ئۇلار گىياھلار-
نى يەپ كۈن ئۆتكۈزەر ئىدى. تەڭرى-
تائالا ئۇلار ئۈچۈن بۇ ھاياتلىق سۈيىنى
ماڭا ئاتا قىلدى. بۇ سۇدىن بىر تامچە
ئىچىلىپ ھەر قانداق ئۆلۈككە تېمىتسا تەڭ-
رىتائالا ئۇنىڭغا جان ئاتا قىلىدۇ. بۇ
قان ئىچكۈچى دەشتتە ئۇ ئىككى ئاجىزە-
نىڭ بىچارىلىقى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنى-
دى. ئۇلارنىڭ نالە-زارى تەڭرىتائالانىڭ
دەرگاھىغا يېتىپ تەڭرىتائالادىن ماڭا
بىر خىتاب كەلدى، سۇنى سىيىرنىڭ
سۆڭەكلىرىگە تېمىتتىم. سىيىر يوقلۇقتىن
ھاياتلىق ئالىمىگە پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا
قايتىدىن تۇرمۇش يۆلەنچۈكى بولدى. مې-
نىڭ مۇشۇ سۇدىن باشقا ھېچقانداق مۈلكۈم
يوقتۇر، ئەگەر بۇنىڭغا ھاجەتمەن بولساڭلار
بېخىللىق قىلماسمەن، — دېدى. شاھزادە:
— ئەي تەلەيلىك بوۋا، ھەرقانداق
ھالەتتە ئاجىزلىقىمىزغا رەھىم قىلىپ خى-
زىردەك پاسىبانىمىز بولغىن. يەنى بۇ
غۇربەتتە بىزگە ھەمراھ بولۇپ ياردەم قو-
لۇڭنى سۇنغىن. بۇ چۆل-باياۋاندا جاپا-
مۇشەققەت ۋە راھەت-پاراغەتتە بىز بى-
لەن بىللە بولۇپ، بىزنىڭ شاپائەتچىمىز
بولغىن. سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن كۆڭلىمىزگە
قۇۋۋەت ھاسىل بولۇر، — دېدى.
بوۋاي بۇلارنىڭ سۆزىدىن تەسىرلى-
نىپ، ئۇلارغا ھەمراھ بولدى. ئۇلار بىرلىك-
تە ھېلىقى دەشتلەرگە راۋان بولدى.

## خىزىر سۈپەت كىشىنىڭ شاھزادىگە ھەمراھ بولۇپ مەقسەت يولىغا قەدەم قويغانلىقى، ۋەزىرزادىنىڭ مەھلىل دىۋىنىڭ ماكانىغا يېتىپ بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، يولنى ئۇ ۋەھشىدىن پاك قىلغانلىقى

شاھزادە بۇ خاسىيەتلىك خوجەستىنىڭ
ھەمراھلىقىدا يولغا چىقتى. ئۇلار مەنزىل-
مۇمەنزىل يول يۈرۈپ، بىر باياۋانغا يې-
تىپ باردى. بۇ ماكانىنىڭ ھاۋاسى دوزاخ-

تەك ئازابلىق ۋە ئاسمىنى جەھەننەم ئاس-
مىنىدەك ئوقۇبەتلىك ئىدى. سۇيى قايناق
سۇدەك قىزىق بولۇپ ئادەمنىڭ جىسمىنى
ئالاتتى. دەرەخلەر ئۆزىنىڭ زەھەرلىك
يىلان كەبى جان ئالغۇچ ھالىتىدىن نومۇس
قىلىپ بىئارامىلىق ئوتىدا كۆيەتتى. بۇ
قورقۇنچلۇق باياۋاننى كۆرگەندىن كېيىن
شاھزادىنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچۇپ قور-
قۇشقا باشلىدى. باشقىلارنىڭمۇ قورقۇنچتىن
تەنلىرى لەرزىگە كەلدى. بۇ غايەت قور-
قۇنچتىن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىن چۆگۈن-
چۆگۈنلەپ تەرلەر ئاقاتتى.

شاھزادە مويسىپىت كىشىدىن:

— ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھارارىتى بى-
لەن دوزاخنىڭ ئوتىنى سۇ قىلىدىغان بۇ
قانداق ماكاندۇر؟! — دەپ سورىدى. جا-
ھان ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولغان موي-
سىپىت كىشى:

— بۇ دىۋە-ئالۋاستىلارنىڭ ماكانىدۇر.
مەھلىل ئىسىملىك جاھاننى خاراب قىلغان
بەدرەڭ ھەم بەدھەيۋەت بىر دىۋە باردۇر.
بۇ ئەتراپتا ۋە باشقا ھەر قايسى يەرلەردە
نۇرغۇن يېزا-قىشلاقلار بار ئىدى، ئۇ دى-
ۋىنىڭ شۇملۇقىدىن خاراب بولۇپ كەتتى،
شۇ يەرلىك خەلقلەر ئۇ قانخورنىڭ كۈندە-
لىك تامىقىغا ئايلاندى. ھازىر بۇ ئەتراپ-
تىكى يۈز پەرسەڭ يولغىچە بولغان ئارى-
لىقتا ئادەمىزاتنىڭ قارىسىمۇ يوقتۇر. كى-
يىك ۋە قۇلانلارنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.
بۇ دىۋە پىل ۋە كەركىدانلارنىلا ئەمەس،
شىر ۋە يولۋاسنىمۇ يەيدۇ، بۇ ئەتراپتا
ئاۋاتلىق يوقتۇر. شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى
مۆشۈكياپىلاقنىڭ ماكانى بولۇپ، چىمەن-
لەردە قاغا-قۇزغۇنلار ئۇۋا ياسىغاندۇر. بۇ
ناپاكنىڭ ۋۇجۇدى ھەممە يەرگە بالا بولغان-
دۇر، — دېدى. شاھزادە:

— ئەي ئەقىللىق بوۋا، سەن بىزدىن
خېلىلا داناسەن. ئېيتىقىنا، ئەمدى بۇ
بالا تېشى ئۆتەر يولىمىزدىن قانداق كۆتۈ-
رۈلگەي، — دېدى. بۇ مويسىپىت كۆپنى
كۆرگەن كىشى ئىدى. ئۇ:

— ئەي شاھزادە، ئاينىڭ بېشىدىن
ئون بەشىگىچە ئوۋغا چىقىش، ئون بەش
كۈن يەنى ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇخلاش بۇ
بەدبەخت دىۋىنىڭ ئادىتىدۇر. ئۇ شىكار
قىلسا ھەرقانداق جانىۋارنى بىر يالماپلا
يۇتۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇنى يوقاتماقچى بول-
غان ئادەم ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا بىر ئامال قى-
لىپ باقسا، بەلكىم ئۇنى يوقلۇق ئالىمىگە
يوللاش ئېھتىمالى باردۇر. ئەگەر ئۇ ئوي-
غاق چاغدا پۈتۈن ئالەم ئەھلى جەم بو-
لۇپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلسىمۇ بىر تال مو-
يىنى تەۋرىتەلمەيدۇ، — دېدى. ئۇلار ھې-
ساب قىلىپ كۆرگەنىدى، ھازىر دەل ئاي-
نىڭ يېرىمى بولۇپتۇ. شاھزادە بۇنى ئىش-
نىڭ ئوڭ كېلىشىنىڭ بەلگىسى دەپ بىلىپ،
پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي دوستلىرىدىن دى-
ۋىنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىل-
دى. ھېچبىرى جۈرئەت قىلالمىدى. ۋەزىر-
زادە باشقىلارنىڭ بۇ ئىشتىن قورقۇۋاتقان-
لىقىنى بىلدى. بۇ ئىشتا ئۆلۈم خەۋپى
كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ۋەزىرزادە
جىددىي تۇستە ئىنتايىن چوڭ غەيرەت
بىلەن بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ
شاھزادىدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن،
ئۈمىد قولىنى «تەڭرىتائالا» دەپ تەۋەك-
كۈلگە سۇنۇپ، بالا مەيدانىغا يۈزلەندى.
بىر نەچچە پەرسەڭ يول يۈرگەندىن كې-
يىن يىراقتىن تاملىرى پەلەككە تاقاش-
قان، راۋاقلىرى ئاسمان بىلەن بوي تالاش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قان بىر ئىمارەتنى كۆردى. ۋەزىرزادە دى-
ۋىنىڭ قورقۇنچىسىدىن يېنىك - يېنىك قە-
دەملەر بىلەن يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، دەرۋا-
زىغىچە شۇنداق ئاستا يېتىپ كەلدىكى، ئا-
يىغىنىڭ ساداسى ئۆزىنىڭ قۇلىقىغىمۇ ئاڭ-
لانمايتتى، ئىچكىرى كىردى. غايەت قور-
قۇنچ ھەم ۋەھىمىدىن پۈتۈن بەدىنى لەر-
زىگە كېلىپ جىگەرى تۈزلۈق سۇدا قايىن-
غاندەك بولاتتى. يۈرىكى سىقىلىشتىن قە-
لەمدەك تىك بولغانىدى. تۇيۇقسىز قاياق-
تىنىدۇر بىر گۈزەل نازىنىن گۈلئەندام
يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈپ
قالغان كىشى دىۋانە بولاتتى. ئۇنىڭ قارا
مېڭى ئەقىل سەبرىلىرىنى يوق قىلاتتى.
ۋەزىرزادە ئۇ ئاي سۈپەت گۈزەلنى كۆرۈپ
چىمەنلەر ئۈستىدىن تاماشا قىلغۇچى شەي-
دا بۇلبۇلدەك ھوشىدىن كەتتى. ھېس -
تۇيغۇسىنى يوقىتىپ گويا تامدىكى سۈرەت-
تەك ھەرىكەتتىن توختىدى. ئۇ سەرۋى
قامەت گۈزەل لەرزان مېڭىپ ۋەزىرزادى-
نىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ياقۇت لېۋىدىن
گۆھەر سۆزلىرىنى تۆكۈپ:

— ھەي، ئەجىلىڭنىڭ توشقانلىقىنى
بىلمەمسەن؟ بۇ قانخور دىۋىنىڭ ماكانىدۇر.
بۇ يەردە قۇشمۇ قانىتىنى ئەركىن ئاچالماي-
دۇ، نېمە سەۋەبتىن ئۆز ئايىغىڭ بىلەن
ئەجەلىڭنىڭ ئاغزىغا كەلدىڭ؟ نېمە سەۋەب-
تىن ئۆزۈڭنى ئۆلۈم دامىغا سالدىڭ؟ يا
سەن تۇرمۇشتىن تويۇپ ھاياتىڭدىن مالال-
لىق ھېس قىلغانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.
ۋەزىرزادە:

— ئەي گۈزەل پەرى، غايەت زور بىر
مۇشكۈلۈم باردۇر. ناھايىتى چوڭ دەرد -
ئەلەمگە گىرىپتار بولغانمەن، ئەمما ئالدى
بىلەن سەن ئۆز مۇشكۈلاتىڭنى بايان قىل-
غىن، باھارنىڭ گۈل - چېچەكلىرىدەك سې-
نىڭ بۇ يۇمران، نازىنىن رۇخسارىڭ ئال-
دىدا خىرە كۆرۈنىدۇ، باھار پەسلى سېنىڭ
بۇ يۈزۈڭ ئالدىدا قەدىرسىزدۇر. نېمە سە-
ۋەبتىن بۇ دىۋىنىڭ ماكانىغا كېلىپ قال-
دىڭ؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل
بەردىڭ؟ ھەقىقىي ئەھۋالىڭدىن، كەيپىيات
ھالىڭدىن مېنى ئاگاھ قىلغىن، — دېدى. ئۇ
ھۆر سۈپەت بۇ سۆزلەردىن تەسىرلىنىپ،
كۆزلىرىدىن گۈل رۇخسارىغا ئېتەك - ئېتەك
ياشلار تۆكۈپ:

— مەن ئەسلى شاھ بېغىدىكى ئارزۇ-
لۇق گۈل ئىدىم، ئىسمىم پەرىنەژادتۇر.
شەھرىيارلىق بىر گۆھەرچىنىڭ گۆھەردەك
ئەتىۋارلىق قىزىمەن. شاھ ئاتام مېنى مەنۇ-
چېھر دېگەن كىشىگە تويلاپ بەردى. شاھ-
لارنىڭ شاھى بولغان مەنۇچېھر نامدار پا-
دىشاھلار ۋە خاقانلاردىن باج ئالاتتى. ھەت-
تا ئۇلارنىڭ بېشىدىن شاھلىق تاجىنىمۇ
ئېلىۋېتەلەيتتى. بۇ دىۋە شەھەر ئەتراپى-
دىكى خەلقنى بىر - بىرلەپ يەپ تۈگەت-
تى. ئاندىن پايتەختكە ياۋۇز، مۇدھىش
قولىنى ئۇزىتىپ شەھەر ئاھالىسىنىمۇ ئاستا-
ئاستا يەپ بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
نە شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقتا ئادەم جىن-
سىدىن ئەسەر قالمىدى. شاھ قەسرىدە چىن
بۇتلىرىغا تەنە ياغدۇرغىدەك ئاي يۈزلۈك
كېنىزەكلەر بار ئىدى. نازىنىن كۈتكۈچى-
لەر ئۆز ھۆسن غۇرۇرى بىلەن جاھاننى
كۆيدۈرگۈچى قۇياشنىمۇ ئۆزىگە تەڭ كۆر-
مەيتتى. دىۋە بۇ جايغا كىرىپ ئۇلارنىمۇ
يەپ يوقلۇق مەنزىلىگە ئۇزاتتى. ئاخىرى
پادىشاھنىڭ ھەرەم سارىيىدا مەن ۋە دەۋ-
رانىنىڭ شاھىنشاھىدىن باشقا كىشى قالمى-
دى، بىر كۈنى ئۇ قارا ئالۋاستى دىۋە

كېلىپ شاھىنشاھنى سۇندۇكنى تۇتـقانـدەك
تۇتۇپ ئۇنىڭ بۇلـبۇل جېـنىنى جەنـنەت
بېغىغا ئەۋەتتى. ئاندىن مېنى كۆتۈرۈپ بۇ
جايغا ئېلىپ كەلدى. ئەمدى سەن ئېيت-
قىن، نە سەۋەبـتىن ئـۆز ئايـىغىڭ بىلەن
ھالاكەتكە يول ئېلىپ بۇ ئەجدىھانىڭ ئې-
غىزىغا قەدەم قويدۇڭ، — دېدى. ۋەزىرزادە
بارلىق سەرگۈزەشتىسىنى ئېيتىپ بۇ يەرگە
نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈر-
دى. پەرىنەژاد بۇ سۆزلەرنى ئـىشـتكەنـ-
دىن كېيىن كۈلدەك تەبەسسۇم قىلىپ:
— ئەي ئەجـىلى يەتـكەن بىـچارە،
مۇشكۈلچىلىك ئاسانلىقـچە سېـنىڭ ئۇس-
تۈڭدىن يوقالمايدۇ. بۇ زالىمنىڭ قولـىدىن
ئۇڭاي قۇتۇلالمايسەن، سەن ئاڭلىغانمىدىڭ؟
ئۇ تاغ - زېمىننى بىر كۆچەش بىلەن ئور-
نىدىن قوزغـىيالايـدۇ. پىل ئـۆگەتـكۈچى
ئۇستىلاردىن نەچچىسى ئۇنىڭغا ئەسىر بولغان.
ئەمدى ئورنىڭدىن تۇرغىن. ھازىر بەدىنىڭ-
دە مـاجال، پـۇتۇڭدا كۈچ - قوۋۋەت بار
چاغـدا قاچـقىن. ئەجەلـگە بىـھۇدە يـول
ئېـلىـش ياخـشى ئەمەسـتۇر، — دېـدى.
ۋەزىرزادە:
— ئەي قۇياشنىڭ سىماسى، جانـىنى
ئېرىتكۈچى سۆزلىرىڭ ئەقىلگە بېشارەتتۇر،
ھەم پېقىرغا پايدىلىقتۇر. ئەمـما تەڭـرى-
تائالا خالىسا تەدبىر - ئىلاج بىلەن چۈمۈ-
لىدەك زەئىپمۇ ئەقىلنىڭ مەدەتكارلىقى بى-
لەن تاغدەك چوڭ پىلنى يـىقىتـالايـدۇ.
بۇنـداق ئىشـلار كـۆپ بولـغاندۇر. ئەگەر
سەن مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ مېنىڭ چارە
ئىزدىشىمگە يول كۆرسەتسەڭ بۇ ئىشقا ئىن-
شائاللا كېپىللىك قىلالايمەن، — دېدى. ئۇ
يۇلتۇز سۈپەت:
— ئەي ياش، بىلـگىن ھەم ئاگـاھ
بولغىنكى، بۇ دىۋىنىڭ ھالاكىتىگە ھېچقان-
داق نەرسە تاقابىل تۇرالمايـدۇ. شۇنداق-
تىمۇ بۇنىڭ پەقەت بىرلا ئامالـى بار. ئۇ
بولسىمۇ سەن بىر قارا ھەرـىنى تاپـقىن.
ئۇنىڭ قانىتىغا ھەسەل سۈرتۈپ دىۋە ئۇخ-
لاۋاتقان چاغدا، دىۋىنىڭ بۇرنىغا كىرگۈزۈ-
ۋەت. ھەرە دىـمىغىغا بارغانـدىن كېيـىن
قىچىشىپ دىۋە شۇئان ناھايىتى شىددەت
بىلەن چۈشـكۈرىدۇ. ئەگـەر چۈشـكۈرۈش
بىلەن تەڭ ھەرە دىمىغىدىن چىقىپ كەتسە
دىۋە سېنى دەرھال پارە - پارە قىلىۋېتىدۇ.
ئەگەر ھەرە دىمىغىدىن چۈشـمەي يۇقىرى
ئۆرلەپ دىۋىنىڭ مېڭىسىگە ئورۇنلاشسا ئۇ
چاغدا ئۇ دەرھال جان بېرىدۇ، — دېدى.
ۋەزىرزادە:
— مەن ئۆلۈمدىن ھەرگـىز قورقمايـ-
مەن. دىۋىنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ ئىكك-
لىنىپ قالـمايمەن. ئەگـەر تەڭـرىـتائالا
رەھىم - شەپقەت قـىلىپ، بۇ بەدھەيۋەت
دىۋە بىر تەرەپ بولسا، ئالەم ئەھلى ئۇ-
نىڭدىن قۇتۇلۇپ نىجادلىققا چـىقار. شاھ-
زادىنىڭ خىزمىتىدە جـان پىدا قىلىشىم
تېخىمۇ ئۇلۇغ، ئەلا ئىشتۇر، — دېدى.
ۋەزىرزادە تەڭـرىـتائالاغا شـۈكرى
سانا ئوقۇپ، تەۋەككۈل نىقابىنى يـۈزىـگە
تارتىپ دىۋە بار جايـغا كەلـدى. ئۇ تاغ
چوقـقىسىـدەك يـوغان بىر قارا دىۋـىنىڭ
ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. دىۋىنىڭ بې-
شىدا دەرەخنىڭ شېخىدەك ئىككى مۈڭگۈ-
زى بولـۇپ، چـىنارغا ئوخـشاش ئـىككى
خارتۇمىنى يەرگـە قويـۇۋالغانـدى. يۈزى
پىلدەك، بەدىنى ئۆكۈزدەك، ئاغزىدىن ئوت
چىقار ئىدى. پۈتۈن بەدىنى ئېيىققا ئوخ-
شاش تۈك بىلەن قاپلانغانىدى، ئۇنى كۆر-
گەن ئادەمزاتنىڭ كۆزى شۇ ھامان قاراڭ-

غۇلىشىپ، ئەقىل ـ ھوشى ۋە خىيال ـ پىكـ
رى تۇتۇقلىشاتتى. ۋەزىرزادە دىۋىنىڭ
بەدىنىنى كۆرۈپ بەدىنى تىكەنلەشتى. قولىـ
نى تەگرىنىڭ ئىنايىتىگە سۇنۇپ، ھىممەت
كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلاپ، ئۇ گۈلـ
ئەندامنىڭ يول باشلىشى بىلەن گىياھلار
ئارىسىدىن بىر قارا ھەرىنى تاپتى. ئاندىن
دىۋىنىڭ بۇرنىغا يېقىنراق كېلىپ كۆردىـ
كى، دىۋە ھەر قېتىم نەپەس ئالغاندا تۇپـ
راقنى چاڭدەك توزۇتۇپ ھاۋاغا سورۇيىتـ
تى. ئۇنىڭ نەپىسى بوراندىنمۇ كۈچلۈك
ئىدى. ئۇ نەپەس ئالغاندا ئىككى-ئۈچ تاـ
ناپ يەردىن ئوت ـ چۆپ، ئۇششاق قۇم،
تاشلار كېلىپ دىۋىنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلاتـ
تى. ۋەزىرزادە ھەرىنىڭ قانىتىغا ھەسەل
سۈرتكەندىن كېيىن دىۋىنىڭ بۇرنىغا ئۇـ
ۋۇلاپ تۇتتى. دىۋە نەپىسىنى ئىچىگە
نارتىشى بىلەن تەڭ ھەرە ئۇنىڭ دىمىغىغا
كىرىپ كەتتى. ۋەزىرزادە بىلەن پەرىنەژاد
ئىككىسى بىر بۇلۇڭدا گىياھلار ئارىسىغا
يوشۇرۇنۇپ تۇردى. دىۋە دەرھال ئورنىـ
دىن تۇرۇپ قاتتىق چۈشكۈردى. ئۇنىڭ
سادا سىدىن تاغلار تىترەپ كەتتى. ھەرە
بولسا دىۋىنىڭ دىمىغىدا مەھكەم ئورۇنلىـ
شىۋالغانىدى. چۈشكۈرۈش كار قىلمىغاندىن
كېيىن دىۋە تېخىمۇ بىتاقەت بولۇپ،
غەزەپلىنىپ ھەيۋەت بىلەن قاتتىق ھۆركىـ
دى. بۇ ئاۋازدىن يەر ئاستىدىكى ئۆكۈزـ
نىڭ تېنىگە تىترەك ئولىشىپ زېمىندا تەۋـ
رەش پەيدا بولدى. دىۋە بىر ياقتىن غەـ
زەپلىنىپ، يەنە بىر ياقتىن بىئارام بولۇپ
ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈيتتى. چوڭ دەرەخ ۋە
تاشلارنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ئاسمانغا
ئاتاتتى، دىۋە ئاخىرى ئۆلدى. جېنى تېنىـ
دىن سۇغۇرۇلۇپ، ناپاك روھى دوزاخقا
كەتتى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن ۋەـ
زىرزادە تەگرىتائالانىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىگە
شۈكرى ـ سانالار ئوقۇپ، تاڭ شامىلىدەك
تېز يۈرەر ئاتقا مىنىپ شاھزادىنىڭ تۇرار
جايىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قامىتى كېلىشكەن
گۈزەل نازىنىن قىزنىڭ خۇش خەۋىرىنى
ھەم ئۇنىڭ شاھ ھۇزۇرىدىكى ئەھۋالىنى
يەنى پەرىنەژادنىڭ ۋەقەسىنى دىلغا ئارام
بېغىشلايدىغان ئىبارىلەر بىلەن شاھزادىگە
سۆزلەپ بەردى. شاھزادە بۇ ئىشلارنى ئۇـ
قۇپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدى. ئۇ كۆكـ
لەمزاردەك تېمەن، جەسۇر ۋەزىرزادىنى
چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنىڭغا ئېيتىپ تۈگەتكۈـ
سىز رەھمىتىنى ئىزھار قىلدى. ئاندىن كېـ
يىن دىۋىنىڭ ئىمارىتىگە بېرىپ پەرىنەژادـ
نىڭ گۈزەل گۈلشىنىنى تاماشا قىلدى. دىـ
ۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بەدھەيۋەت
سىياقىنى كۆرۈپ ۋەزىرزادىنىڭ تەدبىرىگە،
جاسارىتىگە ئاپىرىنلار ئوقۇدى. بۇ غەلىبىـ
لەرنى تەگرىتائالانىڭ ئىلتىپاتىدىن دەپ
بىلىپ، چۆمۈلنىڭ پىلنى يوقاتقانلىق ۋەـ
قەسىنى مىسال قىلدى. ئۇلار تەگرىگە شۈكـ
رىلەر ئېيتىپ پەرىنەژادنى ئۆزلىرىگە ھەمـ
راھ قىلىپ بەخت كەلتۈرگۈچى ھۇما قۇشـ
نى داۋاملىق ئىزدەشنى مەقسەت ـ نىشان
قىلىپ يەنە يولغا چىقتى.

### شاھزادىنىڭ دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ مەنۇچېھرنىڭ شەھىرىگە بارغانلىقى، خىزىر سۈپەت كىشىنىڭ ئابىھايات سۈيىدىن ئىچىپ مەنۇچېھرنىڭ قايتا تىرىلگەنلىكى

ئۇلار ئاپەت ھەم پالاكەتلەرگە تولـ
غان ئۇ جايدىن غەلىبە ۋە ئۇتۇقلار بىلەن
يولغا چىقىپ نەچچە مەنزىل يول يۈردى.
بىر چاغدا ئۇلارغا ئالدى تەرەپتىن ئالىي

ئىمارەتلەر بىلەن تولغان چوڭ بىر شەھەر كۆرۈندى. شاھزادە ئۇنى ئادەملەرگە تولغان، راۋاج تاپقان بىر شەھەر بولساكەن دەپ ئۈمىد قىلدى. چۈنكى سەھرا - باياۋانلارنىڭ جاپا - مۇشەققىتى ئۇنىڭ قورقۇنچىسىنى ئاشۇرۇپ، يۈزلىرىنى چاڭ، يۈرىكىنى پارە قىلغانىدى. ئۇلار ساق - سالامەت ھالدا بۇ مەمۇر جايغا ئۇلاشقانلىقىغا خۇشال بولۇپ، يېڭى ئېچىلغان گۈل غۇنچىلىرىدەك كۈلۈشەتتى. ئۇلار بوستانلىقتىكى ئورمان كەپتىرىدەك يۇقىرى ئاۋازدا ھەمدۇ - سانالار ئوقۇپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن كىردى. ئۇلار گۈزەللىكتە ۋە بايلىقتا كەنئاندىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر شەھەرنى كۆردى. بۇ شەھەرنىڭ ئۆيلىرى ئاي يۈزلۈكلەرنىڭ قېشىدەك ئەگىم - ئەگىم، مۇنار قۇببىلىرى سەرۋى قامەتلىك لەشكەرلەرنىڭ قەددىدەك كېلىشكەنىدى. قەسىر ئايۋانلىرى نوئىماننىڭ ئاستانە سارايلىرىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. دۇكانلىرى دىلنى مەھلىيا قىلغۇچى جاۋاھىردەك بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەنىدى. ئەمما ھېچ تەرەپتىن بىرەر ئىنسان كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ئەتراپقا نەزەر سالدى، يەنىلا ھېچكىم كۆرۈنمىدى. شاھزادە بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلى مالال بولۇپ ئېھتىيات ئۈچۈن دوستلىرىنى دەرھال رەستە - بازارلارنى ئارىلاپ بېقىشقا بۇيرۇدى. بىرەر ئادەمزاتنى تېپىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس، دەپ ئۇلارنى ھەر تەرەپكە ئەۋەتتى. ھەر قانچە قىلىپمۇ بىرەر ئادەمنى تاپالمىدى، كىشىلەرنىڭ تۇرار جايلىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالغانىدى، مەھەللە جەمى مەنزىرىلەر گويا كورنىڭ كۆزىدە ئەكس ئەتكەندەك ھېچبىر ئۈنۈمى بولمىدى ئىنسان جامالىنى كۆرەلمىدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ھەرقانداق ئۆيگە ياكى تۇرار جايغا كىرگۈدەك بولسا، نازۇ - نېمەتلەر تولۇپ - تاشقانىدى. تۇرمۇش مەئىشەتلىرى، گۈل، شاراب جاملىرى، ئۆيقۇ كيىملىرى، يوتقان - كۆرپىلەر ھەممىسى ئۆز تورى ۋە ئورنى بويىچە ئۆز پېتى تەييار تۇراتتى. كىشىلەر بۇ يەردىن گويا ھازىرلا چىقىپ كەتكەندەك ئىدى. بۇ ئەھۋاللاردىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە ئولىشىپ، بۇ يەرنى ئېھتىمال دىۋە ياكى جادۇگەرلەرنىڭ تۇرار جايى بولسا كېرەك، دەپ خىيال قىلىپ قورقۇنچقا چۈشتى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ شاھزادىگە بۇ ئەھۋاللارنى خەۋەر قىلدى.

— بەلكىم بۇ شەھەرنى مەھلىل دىۋە خاراب قىلغاندۇر، — دېدى شاھزادە. ئۇلار قورقۇنچ ۋە ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ، پادىشاھنىڭ قەسرىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە كىردى. ھەر تەبىقە كىشىلىرى كىرىپ تاماشا قىلمىدىغان ناھايىتى ئازادە ئۆي-ئىمارەتلەرنى كۆردى. ئاندىن يەنە ھەرەم ئۆيگە كىردى. پەرىنەژاد تۇيۇقسىز پىغان سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. شەبنەمدەك كۆز ياشلىرى گويا ئۇنىڭ گۈل بەرگلىرىدەك يۈزىدىن تۆۋەنگە ئاقتى. شاھزادە، «بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە دىۋە بار ئوخشايدۇ» دەپ ئەنسىرىدى. «مەلىكە دىۋىنى كۆرۈپ قورقۇپ پەرياد - پىغان قىلىۋاتىدۇ» دەپ گۇمان قىلدى. قورقۇنچ دەھشىتىدىن بۇ گۈزەل پەرىنىڭ سۆزلىگۈدەك مادارى قالمىغانىدى. شۇندىمۇ ئۇ ئەدەبلىك ھالدا:

— ئەي ئىپتىخارلىق دۆلەتنىڭ تاج سەرمايىسى، ھۇمايۇن نەقشىنىڭ ئېتىبارلىقى، مېنىڭ خاتىرجەمسىزلىنىشىم ۋە پەرياد - پىغان قىلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، يۇمران

ۋۇجۇدۇم بۇ چىمەنزارلىقنىڭ سۇ، ھاۋاسىدىن بەھرە ئالغانىدى. ئەمدى بۇلبۇل ئاۋازىنىڭ ئورنىغا مۇشۇكياپىلاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەن. بۇ جاي مېنى نازۇ-نېمەتلىرى بىلەن گۈزەل ئىقبالغا يېتىشكە دەۋەت ۋە تەربىيەتلەر قىلغانىدى. ئەمدى بولسا ئاپەت تاملىرىدىن دەرد-ئەلەملەر يېغىۋاتىدۇ. شاھلارنىڭ شاھى ۋە گۈزەل كېنىزەكلەر خۇددى ھۇما قۇشىدەك بەخت ئىقبال سايىسىنى ئىنسانلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرەتتى. مەن بولسام ناز بىلەن پادىشاھلىق تاجىنى، ياخشى خۇلقلىرىم بىلەن قۇياش ۋە ئاي نۇرىنى سۆيۈندۈرەتتىم. كۆڭۈل خاتىرەم ئەسلىگە كەلگەندە بۇ بۇلۇڭلاردا بۇرۇن كۆرگەنلىرىمدىن ھېچ نىشانە كۆرمىدىم، كۆڭۈل جاراھىتىم يەنە پەيدا بولدى. دەريادەك غەم-غۇسسە كۆڭلۈمدە جۇش ئۇرۇپ ئاقماقتا. مۇشۇ سەۋەبلەردىن ئىختىيارسىز نالە-پىغان قىلماقتىمەن،— دېدى.

شاھزادە بۇ سۆزلەرنىڭ تەسىرى بىلەن پەرىنەژادنىڭ ئەھۋالىغا ۋە جان ئالغۇچى نالە-پەريادىغا رەھىم قىلىپ، كۆزىدىن تەڭلا قان-ياشلىرىنى تۆكتى. مېھرىبانلىق ۋە دىلدارلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پەرىنەژادنىڭ قان-ياشلىرىنى مەرھەمەت يېڭى بىلەن سۈرتتى. ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، يەنە باشقا بىر ئىمارەتكە كىرىپ، ئۇ جايدا قامىتى ناھايىتى كېلىشكەن، سۈرىتىدىن پادىشاھلىق چىقىپ تۇرىدىغان، بىر گۈزەل يىگىتنىڭ تۆشەكتە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ يىگىت تاجلىق بېشىنى يوقلۇق ياستۇقىغا قويغانىدى. ئۇ گويا ھازىرلا دۆلەتمەنلىك ئۇيقۇسىغا كەتكەندەك تۇراتتى. پەرىنەژاد مەنۇچېھرنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، ئۇرمانلىقى كۆيۈپ دىلى ئۆرتەنگەن كەپتەردەك، يىقىلىپ چۈشكەن بۇ سەرۋى-قامەتنىڭ بېشىدا تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا ھازا ئېچىشقا باشلىدى. گۈل رۇخسارى نەچچە خىل رەڭگە كىرىپ، ھىلالدەك تىرنىقى بىلەن قۇياش كەبى يۈزىنى تىلغاپ، دىلىنى كۆيدۈرىدىغان سۆزلىرىدىن بۇلبۇلنىڭ جىگىرىنى سۇ قىلىپ، تۇپراققا يىقىلدى، شاھزادە پەرىنەژادنىڭ بۇ بىچارە ھالىغا رەھمى كېلىپ خۇددى باھار يامغۇرىدەك كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزدى. دوستلىرىمۇ بۇ دەردلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ نالە-پىغان قىلىپ يىغلاشتى، بۇ تولىمۇ ماتەملىك يىغا-زارە بولدى. شاھزادە پەرىنەژادنىڭ بىچارىلىكىگە رەھمى كېلىپ ھېلىقى مەسھادەم خىزىر سۈپەت مويسىپىت كىشىگە:

— تەڭرىتائالانىڭ ھەق-ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك دېڭىزىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە غەرق بولغان بۇ پەرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۆزۈڭدە بار ئابىھاياتتىن بۇ يىگىتنىڭ يۈزىگە بىر قەترە چاچقىن. تەڭرىتائالا سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئۇنىڭغا جان ئاتا قىلغاي،— دېدى. بۇ خىزىر سۈپەت دىلى پاك كىشى شاھزادىنىڭ سۆزى بىلەن ئابىھاياتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ «بىسمىللا» دەپ تىلسىم بايلىقلىرىنىڭ ئىشىكىگە ئۈمىد قولىنى ئۇرۇپ، ئۆلۈپ ياتقان يىگىتنىڭ يۈزىگە بىرنەچچە تېمىم چاچتى. تەڭرىتائالا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى دېڭىز گىردابىدىن ھاياتلىق ساھىلىغا چىقارغۇچىدۇر. يىگىت دەرھال ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ، تۆت تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ نەزەرى تۇيۇقسىز پەرىنەژادقا چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۆز يېنىدا قۇياشتەك نۇرلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ غايەت ھەيرانلىقتىن بۇلبۇلدەك تىلىنى «سۇبھاناللا» سۆزىگە جارى قىلدى.

ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىقتىن بىھوش
بولايلا دەپ قالدى. ئاندىن ئۇ شاھزادە
قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ دۇئاغا قول كۆتۈ-
رۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۆزىگە سەپ-
سېلىپ قاراپ، چاچلىرىنىڭ ۋە تىرناقلى-
رىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ
ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئويلىنىپ باقتى، ئەمما
ھەقىقىي ئەھۋالنى زادىلا بىلەلمىدى. ئۇ
تەئەججۈپ ۋە تېڭىرقاشتىن باشقىنى بىل-
مەيتتى. ئاخىرى ئۇ بۇ زادى نېمە ئىش
ئىكەنلىكىنى ئۇلاردىن سورىدى. ئۇ گۈلئەن-
دام (پەرىنەژاد) ئەھۋاللارنىڭ شاھىتى
بولۇش سۈپىتى بىلەن بولغان ۋەقە، ھادى-
سىلەرنى يوشۇرماستىن بايان قىلدى.
مەنۇچېھر ئۇ نازلىق سەرۋىنى مېھرى-
مۇھەببىتى بىلەن قۇچىقىغا ئالدى. ئۆتكەن
ھادىسىلەرنى ئەسلەپ كۆڭلى مۇسىبەتتىن
كېيىنكى خۇشاللىققا چۆمۈپ، ئارزۇ-ئار-
مانلىرىغا يەتتى. خۇشاللىقىدىن زار-زار
يىغلىشىپ، گۆھەر ئۈنچىلىرىدەك كۆز ياش-
لىرىنى بىر-بىرىنىڭ ئايىغىغا تۆكتى. كى-
شىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىغان بۇ ۋەقە-
لەردىن كېيىن ئۇ ئىككىسى تەڭلا مىننەت-
دارلىق بېشىنى شاھزادىنىڭ ئايىغىغا قويۇپ
تەسۋىرلىگۈسىز نۇرغۇن ئۆزرە-رەھمەتلەر-
نى ئېيتتى. مەنۇچېھر تۇتۇسدەك تىلىدىن
شېكەردەك سۆزلەرنى تۆكۈپ:
— ئەي، مەسىھ مەنىشەتلىك، ئەي،
ئالىي ۋۇجۇد، ئېسىلزادىلىق شاھزادە،
سىلەرنىڭ رەھىم-ئېھسانىڭلار بىلەن سەھ-
رالاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ئاقىۋەت
بۇ جاھاندىن يوقالغان بىر كىشى ۋۇجۇد
ئالىمىگە كېلىپتىمەن. كائىنات بارلىققا كې-
لىپ تاكى زامان ئاخىرىغىچە بۇ چەرخى
پەلەكتە ھېچ ئۈزۈلۈش بولمىغاندۇر. بۇ
ئىنايەت ۋە مۇھەببەتنىڭ رەھمەت مىننەت-
دارلىقىنى ئادا قىلماق ئىنتايىن مۈشكۈل-
دۇر، سىلەرگە جېنىمنى پىدا قىلساممۇ ئاز-
لىق قىلىدۇ، — دېدى.

## مەنۇچېھرنىڭ شاھزادىنى مېھمان قىلىپ، بىر ئايالنى مېھرىبانۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ خەۋىرىنى كەلتۈرگەنلىكى، شاھزادىنىڭ رۇخسەت ئېلىپ مەشۇقىنىڭ شەھىرىگە بارغانلىقى

مەنۇچېھر تەگرىستائالانىڭ ئىرا-
دىسى بىلەن ئىككىنچى قېتىم تەقدىر تۆ-
رەلمىسىدىن ئاپىرىدە بولۇپ، يوقلۇق ئالى-
مىدىن ھاياتلىق ئالىمىگە كەلدى. پەرىنەژاد-
نىڭ قولىدىن تۇتۇپ، شاھزادىنىڭ ئايىغىغا
يىقىلىپ ۋاپادار كىشىلەرنىڭ قائىدىسى
بىلەن:
— ئەگەر بۇ زەررىگە رەھىم قىلىپ،
غېرىبىنىڭ تۇپا باسقان كۈلبىسىدە مېھمان
بولۇپ، جاھاننى كۆيدۈرگۈچ قۇياش
مەسەللىك نۇرانە قەدەملىرىڭ بىلەن ھۇج-
رامنى نۇرلاندۇرساڭ، كەمىنىلىرىڭنىڭ بېشى
ئاسمان پەلەككە يەتكەن بولاتتى. بىر جې-
نىمغا يەنە بىر جان قوشقان بولاتتىڭ، —
دېدى.
شاھزادە بۇ ئىلتىماسىنى ئامالسىز
قوبۇل قىلدى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن بۇ
شەھەردە تۇرۇپ ئىستىقامەتكە مەشغۇل
بولۇشتى.
مەنۇچېھر بۇ ئىشلارنى ئۆزى ئۈچۈن
ئامەت بىلىپ، تەگرىستائالاغا كۆپ شۈك-
رىلەر بەجا كەلتۈردى. نۇرغۇن چىقىملارنى

www.uyghurkitap.com

شەرپ قىلىپ، شەھەر ئىچىنى قايتىدىن ياساپ چىققاندىن كېيىن، شەھەرىيارلىقتا ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خەۋەر ئالەمنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا ئاڭلاندى. دۇنيانىڭ دەھشىتىدىن قېچىپ باشقا جايغا كەتكەن بەزى خەلق بۇ ۋەقەدىن ۋاقىپ بولۇپ، ھەر تەرەپتىن كېلىپ جەم بولدى. ئۇلار ھەممىسى تەگىرىستائاللاغا كۆپلەپ ھەمدۇ-سانالار ئوقۇپ، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىگە ماكان سېلىپ يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى. كەسىپ ئۇستىلىرى ئۆز كەسپى بىلەن مەشغۇل بولدى. شەھەر ئۇزاق ئۆتمەي ئەسلىدىكىدەك ئاۋاتلاشتى.

ئەلقىسسە، مەنۇچېھر ناھايىتى سېخىيلىق بىلەن مېھماندارلىق مۇراسىملىرىنى بەجا كەلتۈردى. ئۇ دائىم ئوۋغا چىقاتتى. پەرىنەژاد ئۇلۇغلار قائىدىسى بويىچە ئۇنىڭغا كېنىزەكلەردەك خىزمەت قىلاتتى. شاھزادە جانانىنىڭ شارابىغا خۇمار بولۇپ، ئۇنىڭ خىيالىدىن باشقا ھېچ ئىش بىلەن مەشغۇل بولمايتتى. لەۋلىرى خەشەك تىكەندەك يېرىلغان بولۇپ، مەشۇقىنىڭ پىراقىدا تولغىنىپ نالە قىلاتتى. بىر كۈنى پەرىنەژاد شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەي ئايىغىنىڭ توپىسى كۆزۈمگە تۇتىيا شاھزادە، سېنىڭ خىزمىتىڭگە بەندە ۋە خىزمەتكار بولۇش شەرىپىم بىلەن بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى. سېنىڭ ماڭا خەيرىخاھلىق قىلىپ شۇنى سورىشىمغا ئىجازەت بەرسەڭ، — دەپ ئۆتۈندى. شاھزادە رۇخسەت بەردى. پەرىنەژاد ئىلتىماسى قوبۇل بولغاندىن كېيىن ناھايىتى ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇپ:

— چەمەنگۈل ۋە رەيھانگۈللەر تولمۇ گۈزەل ۋە ناھايىتى ساپتۇر. ھەرخىل ئەسۋاب-سايمانلار خۇشاللىقتىن بېزىلىپ تەييار تۇرماقتا. سېنىڭ غۇنچىدەك غەمكە تولغىنىڭ نېمە سەۋەبتىندۇر؟ ئەگەر ئۇمىد خاتىرەڭدە باشقا ئىشلار بولسا ئۇنىڭ ئامالىغا تىرىشىپ كۆرەي. مەنۇچېھرمۇ ئۆزۈڭنىڭ قولى ۋە چاكىرىدۇر. ئۇمۇ سېنىڭ يولۇڭدا جان پىدا قىلىدۇ، — دېدى. شاھزادە پەرىنەژادنىڭ ساداقەت يولىدىكى كۆڭۈلنى ئۆرتەيدىغان پاك نىيەتلىك، ھەقىقىي، دۇرۇس كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ دىلىدىكى سىرلارنى تەكەللۇپسىزلا ئاشكارا قىلدى. ئۇنىڭغا ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن-ئاخىر تولۇق بايان قىلدى. پەرىنەژاد بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «بۇ ئىشلارنى ئارقىغا تارتىش ياخشى ئەمەس...» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— ئەي شاھلارنىڭ شاھى، سەن شەيدا بولغان ئۇ گۆھەر تاجنىڭ نام نىشانى تەن-جىسمى مەلۇم ئەمەستۇر. قانداق قىلىپ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش تەقدىردىكى ئەڭ زور ۋە مۇشكۈل ئىشتۇر. بۇ مۇشكۈل مەقسەت ئېھتىمال ناھايىتى ئۇزۇندا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. مال يۈكلەنگەن تېز ئاتقا ئۆزەڭگە كېرەك بولمايدۇ. ئىختىيار ئاچقۇچىنى قولۇڭغا ئالغىن. «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دېگەن گەپ بار. شۇنداق قىلساڭ مەقسەت ئىشىكى ئېچىلغاي. تەڭرىتائالانىڭ لۇتفى-كەرىمىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغىن، غايىبتىن مۇراد-مەقسىتىڭ ھاسىل بولغاي، — دېدى.

شاھزادە پەرىنەژادنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، تېز ئاتنى ئامالسىز يېڭىنلەپ،

ئۇمىدكەبەل باغلاپ، سەۋرنى ئۇستاز تۇتۇپ
ئولتۇردى. پەرىنەژاد دوستلۇق كەمرىنى
بېلىگە مەھكەم باغلاپ كۆپ ئىزدەپ سۈ-
رۈشتۈرۈش ئارقىلىق بىر قېرى مومايىنى
تاپتى. ئۇ موماي ئىشق پېنىدە ۋە مۇھەب-
بەت تەدبىرىدە ئۇستاز، قائىدە - يوسۇنلۇق
ۋە بىلىم - قابىلىيەتلىك بولۇپ، ھەرقانداق
ئىشتا مەقسىتىگە يەتمەي قويمايتتى. پەرىنە-
ژاد ئۇ مومايىنى قولىغا كەلتۈرۈپ ئۇنى
ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە بېرىپ
مەقسەت نىشانىنى ئىزدەپ تېپىشقا تەيىنلى-
دى. ئۇ قېرى موماي بۇنداق ئىشلارغا
ناھايىتى كامىل ئىدى. ۋەقەنى تولۇق
ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال دەريا تەرەپ-
كە قاراپ ماڭدى. دەريا ياقىسىدىكى ھەر-
قايسى شەھەرلەرگە بېرىپ، ئۇ جايلاردا بىر
نەچچە ۋاقىت ئايلىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ
لېكىن شاھزادىنىڭ مەشۇقىنىڭ خەۋىرىنى
ئالالمىدى. ئۇ بۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە باش-
قا بىر شەھەرگە باردى. بۇ شەھەرنىڭ ئىس-
مى ھۆسنىئاباد بولۇپ، ئاجايىپ كۆركەم
بېزەلگەن بىر شەھەر ئىدى. كوچا رەستى-
لىرىدە گۈزەللىك دەرياسى مەۋج ئۇراتتى.
گۈزەل پەرىلەر يۈزمىڭ نازكەرەشمە بىلەن
توپ - توپ بولۇپ ھەر تەرەپلەردە جىلۋە
قىلىپ يۈرۈشەتتى. ئىشقۋاز غەزەلخانلار ھەر
قايسى تەرەپلەردە ھۆسن مەيىدىن مەست
بولۇپ، كۆركەم كۆكلەمزارلاردا سەپمۇسەپ
بولۇپ تۇرۇشاتتى. موماي كۆپ ئاختۇر-
غاندىن كېيىن ئۇ نازىنىننىڭ پادىشاھنىڭ
قىزى ئىكەنلىكىنى، ئىسمىنىڭ مېھرىبانۇ
ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ دائىم شوخلۇق
قىلىپ ئۆزى يالغۇز كېمىدە ئولتۇرۇپ،
دەريا سەيلىسى قىلىدىكەن. موماي دانىش-
مەنلىكى ۋە رەھىمدىللىكى بىلەن ئۆز

ئەقلىگە مۇراجىئەت قىلدى. ئاخىرى ئۇ
شەھەرنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىدا بىر گۈلپۇ-
رۇشلۇق دۇكىنى ئاچتى. كۆپ ئۆتمەي يەنە
بىر خوتۇن بىلەن تونۇشۇۋالدى. ئۇ بىر
باغۋەننىڭ خوتۇنى بولۇپ، ھەر كۈنى
سەھەر ۋە كەچلىكى گۈللەردىن گۈل دەستە
ياساپ مېھرىبانۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارات-
تى. خوتۇنلارنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇلار
ئىككىسى ئاچا - سىڭىل بولۇشتى. موماي
داۋاملىق سوۋغا - تارتۇقلارنى بېرىپ ئۇ
خوتۇننى ئۆزىدىن خۇشال ھەم مىننەتدار
قىلاتتى. بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق رىشتىسى باغ-
لاندى. بىر كۈنى موماي باغۋەننىڭ خوتۇنىغا:

— ئەي سىڭلىم، مېھرىبانلىق قىلىپ،
مېنى مەلىكىنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ بارغان
بولساڭ، دۆلىتىڭدىن پادىشاھلىق ھەرىمىگە
بېرىپ، مەلىكىنىڭ جامالىدىن بەھىر تاپسام،
سەندىن چەكسىز مىننەتدار بولغان بولات-
تىم، — دېدى. باغۋەننىڭ خوتۇنى خەير-
ساخاۋەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ مومايىنىڭ
سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، بىرنەچچە دەستە
گۈل باغلاپ بىر سېۋەتنى تولدۇردى. ئۇ-
نى مومايىنىڭ قولىغا بېرىپ مۇشۇ باھانە
بىلەن ھەرەم سارىيىغا قاراپ يول ئالدى.
مومايمۇ بىرنەچچە باغلام ئېسىل گۈلنى
تاللاپ يوشۇرۇنچە ئېلىۋالغانىدى. ئۇلار
مەلىكىنىڭ مۇلازىمىتىگە مۇشەررەپ بولدى.
سۆھبەت جەريانىدا مومايىنىڭ شېرىن سۆز-
لۈكلۈكى ۋە خۇلق - مىجەزىنىڭ ياخشىلى-
قى مېھرىبانۇنى ئۆزىگە ئەسىر قىلدى.
موماي يوشۇرۇن ئېلىپ كەلگەن يېڭى،
كۆركەم چىرايلىق گۈللىرىنى مەلىكىگە تەق-
دىم قىلدى. مەلىكە بۇ خىزمەتنى مومايغا
بۇندىن كېيىنمۇ ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلىدى.

موماي شېرىن سۆزلىرى بىلەن مەلىكىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، مەلىكىنىڭ خىزمىتىگە بىرنەچچە كۈن بېرىپ كېلىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن دۇرۇس قىز ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاندىن مەلىكىدىن ئىجازەت سوراپ، تاڭ شامىلىدەك تېز يۈرگۈچى ئاتقا مىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي شاھزادىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى ۋە شاھزادىگە بۇ جاننى تىرىلدۈرىدىغان خەۋەرنى يەتكۈزدى. شاھزادە غايەت خۇشاللىق ۋە شادىمانلىقتىن جان بايلىقىنى موماينىڭ ئايىغىغا چېچىشقا ئازلا قالدى.

## موماينىڭ خۇش خەۋەر كەلتۈرۈپ شاھزادىنى ھۆسنئاباد شەھرىگە ئېلىپ بارغانلىقى ۋە مەشۇقىنىڭ خالخالىنى تېپىپ بەرگەنلىكى

شاھزادە مومايدىن مەشۇقىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ جانانىنىڭ كوچىسىغا دەرھال سەپەر قىلىشقا تۇتۇندى. ئەمما پەرىنەژاد:

— ھەر قانچە ئالدىرىساڭمۇ بۈگۈن تەخىر قىلىپ تۇرۇپ، ئەتە يولغا چىققىن، — دەپ تۇرۇۋالدى. شاھزادە نائىلاج ماقۇل بولدى. ئۇ مومايغا قىممەتلىك گۆھەرلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۆزى بىتاقەت بولۇپ كەچكىچە دەريا ياقىسىدا ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇ قارماقنى دەرياغا تاشلىغان ھامان بىر بېلىق قارماققا ئىلىندى، شاھزادە بۇ زور بېلىقنى قىرغاققا ئالغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— بېلىقنى كاۋاپ قىلىڭلار، شاراب بىلەن يېيىشكە ياخشى بولىدۇ، — دەپ بۇيرۇدى. ئاشپەز بېلىقنىڭ قارنىنى يېرىۋىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر خالخال يەنى گۆھەر كۆزلۈك بىلەيزۈك چىقتى. بۇنى كۆرۈپ شاھزادە ھەيران بولۇپ، ئۇنى ياخشىراق كۆرمەكچى بولۇپ قولىغا ئالغانىدى، بىردىنلا كۆڭلى ئۆرتىنىپ مەجنۇن بولۇشقا ئازلا قالدى. «بۇ خالخال ئۇ نازىنىنىڭ قولى ياكى ئايىغىدىن دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ جانانىنىڭ پۇرىقى پۇراۋاتىدۇ» دەپ ئالاقزادە بولدى ۋە موماينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ خالخالنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ:

— ئەي مېھرىبان ئانا، بۇ خالخالنىڭ قايسى نازىنىنىڭ ئايىغىدىن ئايرىلىپ، بېلىقنىڭ قارنىدا جاي تۇتقانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى. موماينىڭ نەزىرى خالخالغا چۈشكەن ھامان ئۇ مېھرىبانۇنىڭ خالخالى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. شۇ ھامان ئۇ شادلانغان ھالدا:

— ئەي شاھزادە بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى بۇ مېھرىبانۇنىڭ خالخالىدۇر. پات ئارىدا ئۇ نازىنىنىڭ سائادەت ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولغاي. ئەمدى بۇ جايدا تۇرۇۋەرگىنىڭ ياخشى ئەمەستۇر. دىلدارىڭنىڭ دىيارىغا تېزرەك سەپەر قىلغىن، — دېدى - دە، شاھزادە ۋە يولداشلىرىغا ئۆزى يول باشلاپ ئاتلاندى. ئۇلار ئاز ۋاقىتتا كۆپ مەنزىللەرنى بېسىپ ھۆسنئاباد شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، بىر باغقا كېلىپ ئورۇنلاشتى. موماي بۇرۇنقىدەك گۈلپۇرۇشلۇق دۇكىنىنى ئېچىپ ئولتۇردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يېڭى ئېچىلغان گۈللەر بىلەن بىر سېۋەتنى تولدۇرۇپ ئەسلىدە تونۇشلۇقى بولغان باغۋەننىڭ ئايالىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— سىزنىڭ دوستلۇقىڭىز بىلەن مېھرىبانۇنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، گۈل دەستىلىرىنى تەقدىم قىلىپ بىرەر نەرسە ئىنئام ئالسام، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. باغۋەننىڭ خوتۇنى:

— ئەي مېھرىبان ئاچا، مېھرىبانۇ بىلەن ھازىر كۆرۈشۈش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ بىر خالخالنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقتىن كۆڭلى بەك پەرىشاندۇر، — دەپ جاۋاب بەردى. موماي:

— خالخالنى قانداقىسىگە يىتتۈرۈپتۇ، — دەپ سورىدى. باغۋەننىڭ ئايالى:

— بىرنەچچە ۋاقىت بولدى. بىر كۈنى مەلىكە دەريا ياقىسىغا بېرىپ سۇغا چۈشۈپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر پۇتىدىكى خالخال تۇيۇقسىز سۇغۇرۇلۇپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ پەرىشان بولۇپ ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيۋاتىدۇ، — دېدى. موماي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى شاد-خۇراملىقتا چۆمۈپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شاھزادە، بۇ خالخالنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇ ئالىي مەقسىتىڭ مۇراد تاپىدىغان بولدى، — دەپ ئىشتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. شاھزادە خۇرسەن بولۇپ مومايدىن مەسلىھەت سورىدى. موماي:

— ئەقىل بىلەن ياخشى ئويلانغاندا مۇنداق قىلىش مۇۋاپىقتۇر. سەن دوستلىرىڭ بىلەن بىرگە باغدىن. چىقىپ ئادەم ئاياغ باسمايدىغان، بىرجايغا بېرىپ ئولتۇرغىن، ئاندىن دوستلىرىڭدىن مەلۇم بىرىنى دەرۋىشلەرنىڭ سۈرىتىدە ياساپ، ئۇنىڭغا سوپىلارنىڭ لىباسىنى كىيگۈزۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكىن. ئۇ شاھ قەسىرىگە بارغاندىن كېيىن: «مەن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن كەلدىم. خىزىر ئەلەيھىسسالام تەڭرىتائالانىڭ ئەمرى بىلەن سىزلەرگە سالام ئېيتتى. ئاندىن تەڭرىتائالانىڭ مېھرىبانۇغا لۇتفى-مەرھەمەت قىلىپ ئۇنىڭ نىكاھىنى پەلەكتىكى مالائىكلەرگە ئوخشايدىغان ئاق-كۆڭۈل بىر يىگىتكە باغلىغانلىقىنى، ئۇ يىگىتنىڭ مىسكىنلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىپ بۇ ۋىلايەتكە كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىسپاتى مېھرىبانۇنىڭ دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن بىر خالخالنى بېلىق يۇتۇپ كەتكەندە ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇ خالخالنى بېلىقنىڭ قارنىدىن ئېلىپ ئۇ يىگىتكە بەرگەنلىكىنى، ئۇ يىگىت بۇ شەھەرگە كەلسە، پادىشاھنىڭ بۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىپ مەلىكىنى ئۇ يىگىتكە نىكاھلاپ بېرىشى كېرەكلىكىنى يەتكۈزدى» دېسۇن، ھەمدە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، پادىشاھنى بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن ئابىھاياتتىن بىر قەترە ھەدىيە قىلسۇن، چۈنكى مېھرىبانۇنىڭ ئاتىسى قىزىنى ئەسلى نەسەبى مەلۇم بولمىغان بىر كىشىگە بېرىشنى خالىماسلىقى مۇمكىن. مېھرىبانۇمۇ ناھايىتى پەم-پاراسەتلىك، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. نۇرغۇن شاھلار ئۇنىڭ ۋىسالىغا تەشنا بولغان، بىراق ئۇ ھېچكىمنى قوبۇل قىلماي ھەممىسىنى نائۇمىد قايتۇرغاندۇر، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

مومايىنىڭ مەسلىھەتى ھەممەيلەنگە ماقۇل كەلدى. شاھزادە مومايىنىڭ دېگىنى بويىچە بۇ ئىشقا مويسىپىت كىشىنى تەيىنلەپ ئۆزى بىر چەت جاينى ماكان قىلدى. مويسىپىت كىشى دەرۋىشلەرنىڭ لىباسى بىلەن ئۆزىنى ئاجايىپ كېلىشتۈرۈپ ياساپ، پادىشاھنىڭ بارگاھىغا كەلدى ۋە دۆلەت كاتىپلىرى يىغىلىپ مەرىكە ئۆتكۈزۈۋاتقان

بىر كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن سۆزلەرنى ئېيتىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئابىھاياتتىن بىر قەترە ھەدىيە قىلىپ قويدى. پادىشاھ بارلىق ئەمىرلىرى بىلەن تەئەججۈپلىنىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئەمما خالخال توغرىسىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىشەنچى ئاشتى. چۈنكى ئىنساننىڭ خالخالنى بېلىق قارنىدىن ئېلىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئادەم بۇ ئىشلاردىن ھەيرانلىقتا چۆكۈپ ئەجەبلەنگەنلىكتىن ئەقلى لال بولدى. شۇ ئەسنادا بىر بېلىقچى بوۋاي بىر جۈپ بېلىقنى پادىشاھقا سوۋغا قىلىپ ئەپكەلدى. پادىشاھ سىناپ بېقىش ئۈچۈن شىشىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ھاياتلىق سۈيىدىن بىر تېمىم ئېلىپ بېلىقنىڭ ئاغزىغا تېمىتقانىدى، بېلىق دەرھال جان كىرىپ، چاچراپ چىقىپ، كۆلگە چۈشۈپ، ھەر تەرەپكە ئۈزۈپ ئويناقلاشقا باشلىدى. پادىشاھ ئەمىرلىرى بىلەن بۇ غارايىپ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيرانلىقى ئاشتى. ھەممىسى تەڭلا تەڭرىتائالانىڭ ئىسىم-شەرىپىنى يادلاپ، پادىشاھتىن رۇخسەتسىزلا ئۇ مويسىپىت كىشىنى مەرىكىنىڭ تۆرىگە چىقىرىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈردى. مويسىپىت كىشى ئۆز مۇددىئاسىنىڭ نىشانىغا يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— دەرۋىشلەرنىڭ پادىشاھلار ھۇزۇرىدا يۇقىرىغا ئۆتۈۋېلىشى ياخشى ئەمەس، — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرغانىدى، پادىشاھ ئەمىرلىرى بىلەن ئىشىككىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭغا ناھايىتى زور ھۆرمەت بىلدۈرۈپ خوشلاشتى. مويسىپىت كىشى پادىشاھنىڭ بارگاھىدىن چىقتى. بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان پۇقرالار ئۇنى كۆرگەن ھامان دەرھال ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنى تاۋاپ قىلىشقا باشلىدى ۋە زىيارەت قىلىمىز، دەپ ئورۇلۇپ-سوقۇلۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا تاس قېلىشتى. ئۇ بوۋاي ئاجايىپ جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن ئاران ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ، شاھزادىنىڭ قېشىغا بېرىپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى بايان قىلدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شاھزادە مومايىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن يەنە شەھەرگە كىردى. ئۆزى ئاۋۋالقى باغدا ئولتۇرۇپ ۋەزىرزادىنى پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتتى.

— سەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ: خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شاھزادىسى بۇ ۋىلايەتكە كەلدى. ئۇنىڭ چۈشىگە «دەريا ياقىسىغا بېرىپ قارماق سالغىن، ھەر قانداق نەرسە قارماققا ئىلىنسا، قارنىنى يېرىپ ئۇنىڭدىن نىمە چىقسا شۇنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئەپكېلىپ ھۆسنىئاباد شەھىرىنىڭ پادىشاھىغا بەرگىن» دېگەن سۆزلەر بېشارەت بوپتۇ. شاھزادە بۇ چۈشنى كۆرگەندىن كېيىن دەرياغا قارماق سېلىپ بىر بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ. بېلىقنىڭ قارنىنى يارسا، گۆھەر كۆزلۈك بىر خالخال چىقىپتۇ. ئۇ خالخالنى ئېلىپ ئالدىلىرىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى. شاھزادە يولدا كۆپ جاپا تارتتى ۋە نۇرغۇن خەتەرلەرگە يولۇقتى. بۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ئەلھەمدۇلىللاھ! ئاخىرى ئۇ ساق-سالامەت يېتىپ كەلدى، ئەگەر رۇخسەت بولسا خالخالنى ئۆز قولى بىلەن سىلىگە تاپشۇرسۇن، دېگىن، — دەپ بۇيرۇدى. ۋەزىرزادە پادىشاھنىڭ بارگاھىغا كېلىپ

يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى پادىشاھقا تولۇق بايان قىلدى. پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— ئۇ نېمىشقا بۇنچە ئاۋارە بولۇپ ئىلتىماس قىلىپ يۈرىدۇ؟ ئۇ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن ئەمدى بىزنىڭ مېھمىنىمىزدۇر. شاھزادىنىڭ ئەسلى نەسەبىنى سۈرۈشتۈرۈشىمىز سەۋەبسىز ئەمەس. سىلەر كېلىشتىن بىرنەچچەكۈن ئىلگىرى بىر ساپدىللىق مويسپىت كىشى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ سىزلەرنىڭ تەگرى تائاللانىڭ پەرمانى بويىچە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن خالخالنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزلارنى، مېھرىبانۇنى ئۇ يىگىتكە نىكاھ قىلىپ بېرىشىم كېرەكلىكىنى يەتكۈزگەنىدى. ئەلھەمدۇلىللاھ! ئۇ ساق-سالامەت يېتىپ كەپتۇ. ئەمما كۆڭلۈمدە ئۇ يىگىتنىڭ نەسەبى مېنىڭ نەسەبىم بىلەن ئوخشاشمۇ ياكى ئوخشاش ئەمەسمۇ دېگەن ئەندىشە بار ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ نەسەبى ئېسىل بىر شاھزادە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ھەر قانچە ئالدىرىسىمۇ بىر نەچچە كۈن سەۋر-تاقەت قىلىپ تۇرسۇن. توي تاماشاسى بىلەن مېھرىبانۇنى ئۇنىڭغا نىكاھ قىلىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنى ئىززەت — ھۆرمەت بىلەن ۋەتىنىگە يولغا سالىمىز، — دېدى. ۋەزىرزادە:

— شاھزادىنىڭ بۇ ۋەقەلەردىن خەۋىرى يوقتۇر. ئۇ ئالىي تەبىئەتلىك، كامالەتكە يەتكەن ئەقىل ئىگىسى بولغانلىقىدىن، خوتۇنلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا نۇقسان بار، دەپ خوتۇنلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىن قاچاتتى. تەگرى تائالانىڭ ئەمرىدىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، نائىلاج قوبۇل قىلار، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى. جانىنى ئۆرتەيدىغان بۇ ئۈمىدلىك خۇش خەۋەردىن شاھزادىنىڭ يۈرىكى قېپىغا سىغماي قالدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن ئەتراپ ۋە ھەرقايسى جايلارغا كەڭ تارالدى. مېھرىبانۇ بۇ ۋەقەنى ئىشتىپ ئۆزىچە: «يىگىت توغرىسىدا كىمدىن، قانداق خەۋەر ئالارمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈپ كېتەلەرمەنمۇ؟ تەگرى تائالا مېنىڭ ۋەسلىمگە باغلاپ خالخالنى بېلىقنىڭ قارنىدىن ئالغان زادى قانداق ئادەمدۇ؟...» دەپ ئويلىدى... ①

دەرۋىشلىكتىن بايلىققا ئېرىشتۇردى.

شاھزادە بىر نەچچە ۋاقىت ئەيش-ئىشرەت بىلەن خۇشال-خۇرام كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى، ئاندىن ئۆز ۋىلايىتىگە قايتماقچى بولۇپ، بۇ ئىشنى پادىشاھنىڭ سەمىگە سالدى. پادىشاھ ئامالسىزلىقتىن ئۇلارغا ئىجازەت بەردى، ئاندىن ئۇ ھىممەت نۇرى بىلەن ئەتراپنى نۇرلاندۇرۇپ، ساندۇقلاردا گۆھەر، كۆپلەپ مۇشك-ئەنبەرلەرنى قاتار-قاتار تۆگە، قېچىرلارغا يۈكلىدى. يەنە مىڭ قوتان ئات، قۇياش يۈزلۈك كۈتكۈچى غولام ۋە ناز-كەرەشمىلىك كېنىزەكلەر بىلەن، ھېسابسىز بايلىقلارنى ئىنئام قىلدى. شاھزادە بۇ قەدەر كۆپ بايلىقلارغا رەھمەت-تەشەككۇرلىرىنى ئىزھار قىلىپ، مېھرىبانۇنى گۆھەر-ئالتۇنلار بىلەن بېزەلگەن، جەمشىدنىڭ قەيرىسىدەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان قۇببىسى قۇياشتەك نۇرلۇق مەپىدە مىڭ زىبۇ-زىنەت بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ، قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولغا چىقتى. ئۇلار كۆكتە ئۈزگەن ئايدەك تېز سۈرئەتتە خوتەن دىيارىغا قاراپ راۋان بولدى.

① بۇ جايدىن تۆت بەت يوقاپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com



## هوشنەكنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ، تەدبىر بىلەن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، مومايىنىڭ چارىسى بىلەن مېھرىبانۇنى قولۇلقىنىڭكى جادۇگەردەك ئېلىپ قاچقانلىقى، شاھزادىنىڭ يولىغا سەلدەك بالا يۈزلىنىپ، دەشتلەردە غېرىب بولغانلىقى

شاھزادە مېھرىبانۇنى ئېلىپ ئۆز ۋىلايىتىگە يولغا چىقتى. تاجدارلار تائىپىسىدىن ھۇشنەك ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى مېھرىبانۇغا ئاشىق بولۇپ، ھەرقانچە كۆپ تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىپمۇ مەقسەت گۆھىرىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھەمىشە پەرىشان ۋە غەمكىن يۈرەتتى. شاھزادە مېھرىبانۇنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۆز ۋىلايىتىگە يولغا چىقىشتىن بۇرۇنلا مېھرىبانۇنىڭ ھۆسن - جامالى پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر بولغانىدى. ھەر بىر مەملىكەت ۋە شەھەرلەردىن پادىشاھ ھەم شاھزادىلەر توي قىلىشنى تەلەپ قىلىپ مېھرىبانۇ ئۈچۈن ئەلچىلەر ئەۋەتكەنىدى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغانىدى. ھۇشنەكمۇ شۇلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەلىكىنىڭ پىراقىدا نالە قىلىپ يۈرەتتى. شاھزادىنىڭ مېھرىبانۇنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۆز ۋىلايىتىگە ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغان ھۇشنەك بىر نەچچە لەشكەر ۋە نۆكەرلىرىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى. شاھزادىمۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتاتتى. ھۇشنەك ئۆزىنى كۆرسەتمەي يىراقتىن ئۇلارنى كۆزىتىپ ماڭدى. ئاخىرى ئۇ ھېيلىگەرلىك پىشىگە ئۇستا، بۇ قېرى پەلەكنىڭ ھەمشىرىسى بولغان بىر قېرى خوتۇننى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىنى ئېيتتى. موماي:

— سەۋر قىلىپ تۇرغىن، بۇ ئۇۋۇنى بىر ئامال قىلىپ قىلتاققا چۈشۈرىمەن. سەن ئادەملىرىڭنى بىر يەرگە قويۇپ، بىر ئىككىسىنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن قالماي پايلاپ يۈرگىن...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. ئاندىن ئۆزى كونا كىيىملەرنى كىيىپ، قولىغا بىچارىلەرچە ھاسا تاياق ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ شاھزادە ئورۇنلاشقان بارگاھنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ئاجايىپ ئەھۋاللارغا يولۇققان گادايدەك زار - زار يىغلىغىنىچە ئۇلارغا سالام بەردى. ئۇ تۇرمۇش جاپاسىدىن ئۆزىنىڭ بۇ ھالغا قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كۆزلىرىدىن قان ياشلىرىنى ئاققۇزدى. مېھرىبانۇ ئۇ ھېيلىگەر مومايىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ:

— ئەي ئانا، ئەمدى قالغان ئۆمرۈڭنى مېنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگىن. سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، جاپا تارتقۇزمايمەن، — دېدى. ھېيلىگەر موماي جان — دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ، مېھرىبانۇنىڭ يېنىدا قېپقالدى. شاھزادە كىرىپ بۇ مەككار خوتۇننى كۆرۈپ:

— بۇ موماي كىم؟ — دەپ سورىدى. مېھرىبانۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. شاھزادە:

— ئەي مەلىكە، مەن بۇ مومايدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن. ئۇنىڭ سىياقىدىن ئارىمىزغا پىتنە - پاسات تېرىيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنى يېقىنلاشتۇرۇش يىلاننى قوينىغا سېلىۋالغاندەك

ئىشتۇر. بۇلىڭغا بىرەر نەرسە بېرىپ يار-
دەم قىلساڭ ساۋاب دېگەن شۇ. مەن جادۇ-
گەر موما يلارنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن بەك قور-
قىمەن، - دېدى. مېھرىبانۇ:

— ئەي شاھزادە، بۇنىچىلىك ئاجىز
بىچارىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى؟
ئۇ ئەمدى نېمىلا بولسۇن بىزدىن ئۈمىد
كۈتۈپ بۇ يەرگە كەپتۇ. ئۇنى نائۈمىد
قىلىپ قايتۇرۇۋەتسەك، بۇ ئالىيجانابلىق
ئەمەستۇر، — دېدى. شاھزادە ئامالسىز
مەلىكىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. موماي كېچە-
كۈندۈز مېھرىبانۇنىڭ خىزمىتىنى بەجا
كەلتۈرگەچ يول بويى ئۇنىڭغا ھەمراھ بو-
لاتتى. بىر كۈنى ئۇلار ناھايىتى گۈزەل
بىر جايغا بېرىپ چۈشتى. ئۇ جاي كىشىگە
ھۇزۇر بېغىشلايدىغان كۆكلەمزار ئىدى.
ھەممەيلەن ناھايىتى خۇشال - خورام ھال-
دا ھەر تەرەپكە بېرىپ سەيلە قىلاتتى.
شاھزادە مەلىكە بىلەن ئولتۇرۇپ ئەيش -
ئىشرەت جامىغا مەينى لىق تولدۇرۇپ ئىچىپ
كەيىپ بولۇپ قالدى. ئۇ كەيپچىلىك-
تە شامالدەك تېز يۈرگۈچى ئاتقا مىنىپ
شىكارغا ماڭدى ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدە
كۆزدىن غايىب بولدى. ھىيلىگەر موماي
مۇشۇنداق بىر پەيتكە ئىنتىزار بولۇپ
يۈرەتتى. شاھزادىنىڭ شىكارغا چىقىپ
كەتكەنلىكىنى غەنىيمەت بىلىپ، ھۇشنەكـ-
نى بۇ ۋەقەدىن خەۋەردار قىلدى. ھۇش-
نەك مەلىكىنىڭ پىراقىدا كېچە يۇ - كۈندۈز
چۆللەرنى كېزىپ يىغلاپ يۈرەتتى. ئۇ
دەرھال بىر خىزمەتكارىغا بىر ئاتنى بې-
رىپ ئىككىسى بىللە مەلىكە تۇرغان چېدىرى-
نىڭ يېنىغا كېلىشتى. ئاندىن ئۆزى بىر
چەتتە تۇرۇپ، خىزمەتچىسى بىلەن ئېتىنى
مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ھىيلىگەر خوتۇن

مېھرىبانۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي مەلىكە، شاھزادە بىر نەچچە
كىيىك ۋە قۇلاننى ئوۋلاپتۇ ۋە بىر جاي
تەييارلاپ شادلىق بەزمىسى ياساپتۇ. ئۆزى
بىر چەتتە ساقلاپ تۇرۇپ سىزگە ئات
ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ ئىشنى ھېچ-
كىمگە بىلدۈرمەسلىك ئىكەن. سىزنى ئۇ
جايغا يالغۇز ئېلىپ بېرىپ ئەيش - ئىشرەت
بەزمىسىدىن لەززەتلەنمەكچى ئىكەن. ئەم-
دى تېزدىن ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، شاھزادە
سىزگە تەقەززا بولۇپ ساقلاپ تۇرىدۇ، —
دېدى. مېھرىبانۇ ئېھتىياتنى قولدىن بې-
رىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىگە نىقاب تار-
تىپ ھېچ كىشىگە ئۇقتۇرماي ئۆزى يالغۇز
بارگاھتىن چىقىپ ئاتقا مىندى. ھۇشنەك
مېھرىبانۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قۇ-
ياشتەك ئۆرتىنىپ تۇرسىمۇ تۈۋۈش چىقار-
ماي مەلىكىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.
مېھرىبانۇ ھۇشنەكنى شاھزادە دەپ ئوي-
لاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئالدىراپ - تېنەپ
ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ دەريانىڭ قىرغىقىغا
كەلگەندە بىر كېمە تۇرغانلىقىنى كۆردى.
ھوشنەك ئۇ كېمىگە چىقتى، مەلىكىمۇ ئۇنىڭ
كەينىدىن كېمىگە چىقتى. ھوشنەك دەريا-
دىن ئۆتكەندىن كېيىن دۈشمەنلەر ئىز
بېسىپ قوغلاپ كەلمىسۇن دەپ كېمىنى
يوشۇرۇپ قويدى. ئاندىن ئۆز يۇرتىغا
بارىدىغان يولغا چۈشۈپ ماڭدى. بىر مۇن-
چە يول يۈرگەندىن كېيىن مېھرىبانۇ
بىتاقەت بولۇپ:

— ئەي شاھزادە، بۇنچە ئالدىراپ
نەگە بارماقچى؟ تەگرىتائالانىڭ ھۆرمىتى
ئۈچۈن ئازراق ساقلاپ تۇرغىن، ھالىمدىن
كېتەيلا دەپ قالدىم، — دەپ پەرياد قىلىپ
توۋلىدى. بىراق ھوشنەك ئاۋازىنى ئەسلا

چىقارمىدى. مېھرىبانۇ بۇنىڭدىن ھەيرانلىقتا پېتىپ ھەم ئەندىشىگە چۈشۈپ «مەلۇم بىر ئېزىتقۇ مېنى ئالداپ بۇ ئۆلۈم پۇراپ تۇرىدىغان دەشتتە سەرگەردان قىلمىغىيدى» دەپ ئويلاپ ئالاقزادە بولغان ھالدا نىقابىنى يۈزىدىن ئالدى. ئۇ يات بىر كىشىنى كۆرگەندىن كېيىن:

— نېمە ئادەمسەن؟ ئىسمىڭ نېمە؟ سېنىڭ بۇ سىر-ھەيۋىتىڭدىن كۆڭلۈمگە گۇمان ھەم ۋەھىمە چۈشتى، — دېدى.

ھۆشىنەك:

— مەن سېنىڭ خىزمەتكار قۇلۇڭمەن، ئىسمىم ھۆشىنەك شاھزادىدۇر. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ۋىسالىڭغا مۇشتاق بولۇپ ۋەتەن-دىيارىمدىن ئايرىلدىم. تاجۇتەختىمنى سېنىڭ يولۇڭدا بەربات قىلىپ، گادايلىقنى ئىختىيار قىلغانمەن. سەن نېمىشقا ماڭا نەپرەتلىنىسەن؟ مەندەك شاھزادىنى نېمە ئۈچۈن خىزمەتكارلىققا قوبۇل قىلمايسەن؟ — دېدى. مېھرىبانۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەندىن كېيىن مەسلىھەت بەرگەن بولۇپ دەرھال:

— ئەي جاھان شاھزادىسى، ئەمدى ماڭىمۇ شۈكرى سەجدىسى كېرەك. چۈنكى مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى سېنىڭ پىراقىڭدا ئوت بولۇپ كۆيگەندىم. ئەلھەمدۇلىللاھ، ئەمدى مۇرادىم ھاسىل بولدى. ھەممە پادىشاھلار ماڭا تەلەپكار بولۇپ ئاتامغا مەكتۇپلار ئەۋەتكەنىدى. ئاتام ئۇ مەكتۇپلارنى ماڭا ئەۋەتتى. مەن ھېچكىمنى قوبۇل قىلمىدىم. سېنىڭ ئىسمىڭنى ئاڭلاپ، مېھرى-مۇھەببىتىڭ كۆڭلۈمگە ئورناشتى. ۋىسالىڭغا مۇشتاق بولدۇم. لېكىن ئىختىيارىم ئۆز قولۇمدا بولمىغاچقا، لالىدەك سۆيگۈ ئىزىنى جىگىرىمگە نائىلاج نەقىش قىلغانىدىم. نېمىلا بولمىسۇن ئاخىرى بەخت ماڭا يۈزلىنىپتۇ. پەلەك چاقى ئارزۇيۇم يۆنىلىشىگە ئايلىنىپ، كۆزۈم جامالىڭ نۇرىدىن روشەن بولدى. ئەمما مېنىڭ بىر مۇشكۇلۇم باردۇر، شۇ سەۋەبتىن كۆڭلۈم پەرىشاندۇر. مەن تەڭرىتائالانىڭ دەرگاھىغا: «ئەگەر بەخت ماڭا يۈزلىنىپ، سېنىڭ ۋىسالىڭ، دۆلىتىڭ ماڭا مۇيەسسەر بولسا ئالتە ئاي ئىتىكاپتا ئولتۇرىمەن. روزا تۇتۇپ، رىيازەت تارتىپ، ئىپتار ۋاقتىدا پېقىر-مىسكىنلەرگە تائام بېرىمەن. ئالتە ئايدىن كېيىن دۇنيانىڭ ئەيش-ئىشرىتىدىن بەھىر ئالغايمەن» دەپ ئەھدە قىلغانىدىم. سەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم شۇكى، ماڭا يېقىنلاشماي، پاكلىقىمنى ساقلاپ تۇرغىن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ ئەھدەم بۇزۇلۇپ، تەڭرىتائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايمەن. تەڭرى مېنى دىدارىڭدىن مەھرۇم قىلىدۇ، مەن بولسام، پىراقىڭدا ئوت بولۇپ يۈرگىنىمەن، — دېدى. ھۆشىنەك مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان بۇ سۆزلەرگە ئالدىنىپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

— ئەي جانانىم، جان دىلىم سۆزلىرىڭگە پىدا بولسۇن، مال-مۈلكۈم يولۇڭدا ھەدىيە بولسۇن، بېشىم خىيالىڭغا قۇربان بولسۇن! ئەي مەلىكە، ئەقلى ھوشۇمنى يوقاتساممۇ مەيلى، سەن زادىلا غەم قىلمىغىنكى، ھەر قانداق مۇددىئا ۋە مەقسىتىڭ بولسا ھاسىل قىلىمەن. سەن ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىن، ھەر قانداق نەرسىگە بۇيرۇساڭ ئۇنى تەييار قىلىمەن، — دەپ قەسەم قىلدى. مەلىكە شۇنىدىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ ھۆشىنەك بىلەن بىللە يولغا راۋان بولدى. ھۆشىنەكنىڭ دىيارىغا كەلگەن چاغدا، شەھەردىن بىر پەرسەڭ

يىراقلىقتا بىر تۇرالغۇ بىنا قىلدۇردى. زىياپەت جابدۇقلىرى ھەم پېقىر - مىسكىنلەر ئۈچۈن كېرەكلىك بەزى نەرسىلەرنى تەييار قىلدۇردى. ئۆزى بولسا خىلۋەتتە يالغۇز روزا تۇتۇپ ئولتۇردى. ھوشنەك بىر نەچچە خوجا - كېنىزەكلەرنى مەلىكىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ھەمدە ئۇنىڭ روزا ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇھاپىزەتچى قىلىپ قويدى. ئۆزى مەلىكىنىڭ سۆزىگە خۇشاللىق بىلەن ئەمەل قىلىپ، پېقىرپەرۋەر بولۇپ پادىشاھلارنىڭ رەسىم - قائىدىسى بويىچە ئالتە ئاي ئوۋ - شىكارغا مەشغۇل بولدى. ئەمما مېھرىبانۇدىن باشقا ھېچنەرسە ئۇنىڭ خىيالىغا كىرمەيتتى. سائەت - سائەتلەپ كۈن سانار ئىدى.

**شاھزادە مېھرىبانۇنىڭ غايىب بولغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ پەرۋانىدەك ئۆرتىنىپ نالە قىلغانلىقى، دوستلىرى يەمەن دۆلىتى ئارقىلىق شاھزادىنىڭ مەشۇقىنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ غەلىبىگە ئېرىشىپ، خوتەن ۋىلايىتىگە يولغا چىققانلىقى**

شاھزادە شىكاردىن يېنىپ كېلىپ، مېھرىبانۇنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدامچىلارنىڭ ئۇنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ھېلىگەر موماي مۇ يوقاپتۇ. شاھزادىنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ غەم ئوتى ئۇنى كۆيدۈرۈپ، جۇنۇنلۇق ئۇچقۇنلىرى دىماغلىرىغا ئۇرۇلدى. ئۆزىنى نەم توپىغا ئېتىپ، ياقىسىنى چاك ئېتىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ۋەزىرزادە ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ:

— ئەي شاھزادە نالە - پىغاندىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما. دۇنيادا بۇنداق ھادىسىلەر كۆپ بولىدۇ. سەۋر قىلساڭ مۇشكۇللىرىڭ ئاسان بولغاي. مۇيەسسەر كىشى ئەقىللىق يولباشچىدۇر. كېمىچى يىگىتمۇ بىزنىڭ رولچىمىز. ئەگەر تائالا ساڭا يار بولسا، سەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۇ ماكانغا بېرىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرساڭ مەقسىتىڭ ھاسىل بولۇر، — دېدى.

شاھزادە ۋەزىرزادىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ ساندۇقتىكى جاھاندا بار بولغان ھەممە مال - مۈلكىنى دەرۋىشلەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىپ، بىناۋا غېرىبلارنىڭ لىباسىنى كىيىپ يولغا چۈشتى. دەريانىڭ ياقىسىغا كەلگەندە بىرەر سائەت ئارام ئالغاندىن كېيىن، پارچە - پۇرات تاختايلاردىن بىر سال باغلاپ دەريادىن ئۆتۈپ يولغا راۋان بولدى. ئاخىرى ئۇ مەشۇقىنىڭ تۇرار جايىغا يېتىپ باردى. ئۇ خىزمەتكارلارنىڭ چوڭ زىياپەتكە تۇتۇنغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار غېرىب - بىچارىلەرگە رەھىم شەپقەت قىلىش يۈزىسىدىن كەمبەغەللەرنى ۋە يېڭى كەلگەن بۇ غېرىب يىگىتلەرنى زىياپەتكە چاقىردى. شاھزادە ۋە ھەمراھلىرى جاپا - مۇشەققەتتىن خالاس بولۇپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. ۋەزىرزادە بىر كىشىدىن:

— بۇ زىياپەتنىڭ ئىگىسى كىم؟ مۇنچە غېرىبپەرۋەرلىك ھەم مىسكىنلەرگە يار - يۆلەكتە بولۇش بىزلەرنى ھەيرانلىقتا قالدۇردى. شۇنچە ئۇزۇن يۇرتمۇيۇرت ساياھەت قىلدۇق. لېكىن ھېچبىر ۋىلايەتتە پادىشاھلارنىڭمۇ بۇ تەرىقىدە ھىممەت كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدۇق. بەلكى بۇنداق ئىشنى ھېچقانداق كىشىمۇ

ئاڭلىغان ئەمەستۇر، — دېدى ئۇ كىشى:
— بۇ زىياپەتنىڭ ئىگىسى ھۆسن-
جامالى پۈتۈن ئالەمگە تارالغان، ئالەمنىڭ
بارلىق پادىشاھلىرى ئۇنى كۆرۈش ئارزۇ-
سىدا جان پىدا قىلغان مېھرىبانۇ دېگەن
مەلىكىدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى. شاھزادە
مەشۇقىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ دەرھال ھوشى-
دىن كېتىپ يەرگە سايىدەك نەقىش باس-
تى. ۋەزىرزادە «سىر ئاشكارە بولۇپ قال-
مىغىيدى» دەپ ئەقىل ئىشلىتىپ:
— ئەي مۇسۇلمانلار، بۇ ۋىلايەتتىن
بىر ئۇستا تېۋىپ تاپقىلى بولۇرمۇ؟ بۇ غې-
رىپ يىگىت تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار
بولغانىدى. داۋالىتىپ باقايلى، — دەپ شاھ-
زادىنىڭ يۈزىگە گۈل سۈيى چاچتى. ۋەزىر-
زادە يەنە بىر مۇنچە سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن:
— مېھرىبانۇ دېگەن كىمدۇر؟ بۇ
جايدا نېمىشقا ئۇزىگە زىيازەتنى كەسىپ
قىلدۇالدى؟ — دەپ سورىدى. مەلىكىنىڭ
مۇلازىملىرىدىن بىرى ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ
ھەممىسىنى بايان قىلدى. شاھزادە بۇ خۇش
خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېگىدىن
ھاياتلىققا ئېرىشىپ، ئۈمىدۋار بولۇپ، پۈر-
سەت كۈتۈپ تۇردى. مېھمانخانىنىڭ خىز-
مەتكارلىرى زىياپەتتىن كېيىن بۇ يىگىت-
لەرنىڭ كەلگىنىنى مېھرىبانۇغا خەۋەر قىل-
دى. مېھرىبانۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈ-
شۈپ بىر ساددا خوتۇننى «مېھمانلارنىڭ
يۈرۈش-تۇرۇشىدىن، سۆز-ھەرىكىتىدىن،
تائام يېيىشلىرى قاتارلىقلاردىن خەۋەر ئې-
لىپ كەلگىن» دەپ ئەۋەتتى، ئۇ خوتۇن
بۇيرۇققا بىنائەن بېرىپ ئۇلارنىڭ ئەھ-
ۋاللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ كېلىپ مەلىكىگە:
— بەش نەپەر ئادەم ئىكەن، ئۇلار-
نىڭ تۆتى ياش، بىرى قېرى ئىكەن. ئۇ-
لارنىڭ تۇرقى ئاجايىپ بولۇپ دۇنيادىكى
غېرىبلارنىڭ، دەرۋىشلەرنىڭ كىيىملىرىنى
كىيىپ ئۆزلىرىنى زىيازەت يولىغا ئاتاپتۇ.

تۇرمۇشتا ئۆزئارا باراۋەر ۋە ئىقتىسادچىل
ئىكەن. ئەمما ئارىدا بىر يىگىتنىڭ چاپا-
سى ھەممىدىن كۆپ ئىكەن، — دەپ كۆر-
گەن ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. مېھرىبانۇ
«مۈلكىدىن ئايرىلغان بىچارە شاھزادە بۇ
ماكانغا يېتىپ كەپتۇ» دەپ ئويلىدى. ئىك-
كىنچى كۈنى ئېھتىيات ئۈچۈن بىر تاۋاق-
قا بىر نەچچە خىل مېۋىدىن سېلىپ،
شاھزادە بىلىدىغان نىقابىنىڭ ئۈچىدىن بىر
پارچە كېسىپ تاۋاقنىڭ ئۈستىگە يېپىپ،
«ئۇ غېرىپلارغا ئاپىرىپ بەرگىن» دەپ ھې-
لىقى خوتۇنغا بەردى. ئۇ خوتۇن تاۋاقنى
ئاپىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. شاھزادە
تاۋاققا يېپىقلىق نىقابىنىڭ پارچىسىنى
كۆرۈپ كۆزىدىن سەلدەك ياش ئاققۇزۇپ
نالە-پىغان قىلدى. ۋەزىرزادە دەرھال
ئورنىدىن تۇرۇپ نىقابنىڭ پارچىسىغا بىر
دەستە گۈلنى ئوراپ، شاھزادىنىڭ مۆھۈ-
رىنى گۈلدەستىنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ،
خوتۇننىڭ قولىغا بېرىپ:
— بىزلەر غېرىب بىچارىلەرمىز. بىز-
نىڭ بۇنىڭدىن زىيادە سوۋغىمىز يوقتۇر،
ئەمما بۇ گۈلدەستىنى بىرەر سائەتتە يا-
ساپ بولدۇق. نۇرغۇن خاسىيەتلىك دۇئا-
لارنى قىلىپ ئۇنىڭغا دەم سالدۇق. مەلى-
كىگە: «ئۆزى بىلەن بىللە ساقلىسۇن.
ھەر قانداق مەقسىتى بولسا ھاسىل بولۇر
دېدى» دېگىن، — دەپ تاپىلاپ يولغا سال-
دى. خوتۇن گۈلدەستىنى ئاپىرىپ مەلىكىگە
بەردى ۋە مۇساپىرلارنىڭ دۇئاسىنى يەت-
كۈزۈپ ۋەقەنى بايان قىلدى. مېھرىبانۇ
گۈلدەستە ئارىسىدىن مۆھۈرنى ئېلىپ
ئۇنىڭ شاھزادىنىڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.
ئۇ زار-زار يىغلاپ، بىر پارچە خەت
يېزىپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى خەتكە تولۇق
يازدى. ئاندىن ئۇنى يەنە بىر تاۋاق مېۋى-
نىڭ ئىچىگە سېلىپ خوتۇندىن ئەۋەتتى.
شاھزادە مېۋىلەرنىڭ ئىچىدىكى خەتنى

كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققەتەن مەلـ
كىنىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلدى. مەلىكە
خېتىدە «روزىگاھتا مەخپىي جېسەكچىلەر
ئورۇنلاشتۇرۇلغاندۇر. پەلەك ھازىر كېچـ
لىك ئۇيقۇدىدۇر. دۈشمەن ئۇيقۇدىن ئويـ
غانماستا، نوموس شېشىسى رەسۋالىق تېـ
شىغا تېگىپ، مۇراد شارابى تۆكۈلمەستە،
مەقسەت قاراڭغۇسىنى ھىيلە شاملىرى
بىلەن يورۇتۇپ، شۈكرىنى ۋايىغا يەتكۈزـ
مەك ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر. يەنى
ھوشىنەك تېخى سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلاردىن
خەۋەردار بولمىدى. سىلەر مەقسەت ـ مۇدـ
دىئايىڭلارنى جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇڭلار،
بۇ بىر قاباھەتلىك چۈش بولۇپ قالغۇسى»
دەپ يازغانىدى. شاھزادە خەتنى ئوقۇپ،
مەزمۇنىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا جاۋاب
خەت يازدى ۋە ئۇنى گۈلنىڭ ئارىسىغا
سېلىپ مېھرىبانۇغا ئەۋەتتى. شاھزادە
خەتتە: «ئەي مەلىكە، ئەگەر سەن مېنىڭ
سۆزۈمگە ئەمەل قىلىپ ئىبلىسنى ئۇستاز
تۇتقان ئۇ خوتۇننى خىزمىتىڭگە قويمىغان
بولساڭ، ھەرگىز دەشتلەردە سەرگەردان
بولۇپ جاپا چەكمىگەن بولاتتىڭ. مەنمۇ
بۇ رەسۋالىق بىلەن بەختى قارىلىق كوچىـ
سىدا سەرسان بولۇپ چېپىپ يۈرمەس
ئىدىم. ئەمما ھەممە ئىش قازائى تەقدىرـ
دە پېشانىگە پۈتۈلگەندۇر. بۇ ئىشلاردىن
شىكايەت قىلغانىڭ پايدىسى يوق. ئەمدى
روھىڭنى ئۇستۇن تۇتۇپ تەڭرىتائالانىڭ
مەرھەمىتىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغىن، غاـ
يىب پەردىسىدىن نېمە كۆرۈنەركىن...»
دەپ يازغانىدى. خەتنى ئەۋەتكەندىن كېـ
يىن، شاھزادە ھەمراھلىرىنىڭ ئىچىدىكى
ياغاچچىغا قاراپ:
— ئەي ئەزىز بۇرادەر، ئەمدى نۆـ
ۋەت سېنىڭ ئىجاد ـ شەرىپىڭگە قاراشلىق
قالدى. سەن تېزدىن بىر كۇرسى ياسىغىن،
ئۇ كۇرسى ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسـ
سالامنىڭ گۆھەر تەختىدەك ھاۋادا پەرۋاز
قىلىدىغان بولسۇن. ئەمما ناھايىتى تېز
تەييار قىل. دۈشمەن بىزدىن خەۋەر تېـ
پىپ قالغۇچە، مەقسەت مەنزىلىگە يېتىشـ
كەيمىز، — دېدى. ياغاچچى:
— ئەي شاھزادە، مەن ۋەتەندىن
جۇدا بولغان ۋاقتىمدىلا سېنىڭ دوستلۇـ
قىڭغا بەل باغلىغانمەن. ھاياتلا بولىدىكەنـ
مەن خىزمىتىڭنى جان دىلىم بىلەن قىلىـ
مەن، — دېدى ھەم شاھزادىدىن رۇخسەت
ئېلىپ، سەھراغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ
ھەر تەرەپلەرنى ئىزدەپ يۈرۈپ بىر دەـ
رەخنى تېپىپ ئۇنىڭدىن كۇرسى ياسىماقـ
چى بولدى. ئەمما بىر قارا يىلان دەرەخـ
نىڭ شېخىغا ئەجدىھادەك چىرمىشىپ تۇراتـ
تى. بۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ يۈرەكلىرى
چاك بولاتتى. ياغاچچى يىلاننىڭ دەرەخنى
قوغدىغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭ
ئالدىغا بېرىپ تەزىم قىلدى ھەم كۆپ
ھەمدۇسانالار ئوقۇدى. يىلان:
— نېمە ئادەمسەن، بۇ يەرگە نېمە
سەۋەبتىن كەلدىڭ، — دەپ سورىدى. ياغاچـ
چى بولغان ئىشلارنى بىرمۇ بىر بايان
قىلدى. ۋە بۇ ئىشتا ياردەم سورىدى. تەڭـ
رىتائالانىڭ پەرمانى بىلەن يىلان بىردىنـ
لا دەرەختىن چۈشۈپ بىر چەتكە بېرىپ
تۇردى. ياغاچچى دەرەختىن ئۆزىگە كېرەكـ
لىك بىر شاخنى كېسىۋالدى. ئۇ ناھايىـ
تى تېزلىكتە زىبۇ ـ زىننەتلىك بىر كۇرـ
سىنى تەييارلىدى ۋە ئۇنى بىردەمدىلا
شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئالتە
ئاي توشىدىغانغا پەقەت بىر كۈنلا قالغانـ
دى. شاھزادە كۇرسىنى كۆرۈپ تەڭرىـ
تائالاغا شۈكرى ـ سانالار ئېيتتى. قىممەت
باھالىق گۆھەرلەرنى ياغاچچىغا بېرىپ
ئۇنى مال ـ دۇنيادىن بىھاجەت قىلدى.
سەھەر سۇلتانى ئالەمنى ئۆزىنىڭ
ئالتۇن رەڭگى بىلەن نۇرلاندۇردى. يەنى

www.uyghurkitap.com



ئاپتاپ چىقتى. ھوشنەك مېھرىبانۇنىڭ
ۋىسالىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ
بەزمە تۈزدى. بەزمىگە ئەمىر ۋە دۆلەت
كاتتىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، خىزمەتچى ۋە
بارلىق پۇقرالارنى جەم قىلدى. خەزىنى-
لەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئالتۇن ۋە جا-
ۋاھىرلارنى ئاجىز-مىسكىنلەرگە تەقدىم
قىلدى. ناھايىتى كاتتا سورۇن تەييارلاپ،
ئۆزى تەخت ئۈستىدە ھەيۋەت بىلەن كې-
رىلىپ ئولتۇردى. شاھزادە ھوشنەكنىڭ شاد-
خۇراملىقتىن مەست بولۇپ ئولتۇرغانلىقى-
دىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت
بىلىپ، تەۋەككۈل ئېتىكىگە قول ئۇرۇپ،
ھەمراھلىرى بىلەن كۈرسىنىڭ ئۈستىدە
ئولتۇرغانىدى، كۈرسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ
دەرھال ئۇچتى. بۇ ۋاقىتتا كۆتكۈچى
كېنىزەكلەر مېھرىبانۇنىڭ چاچلىرىغا ۋە
يۈزلىرىگە زىننەت بېرىش ئۈچۈن ئۇنى
بەخت ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغۇزۇپ بېشىغا
گۈل چەمبىرىكى تاقاپ، زۇمرەت مارجاننى
بوينىغا ئېسىپ، تىرناقلىرىغا خېنە يېقىۋا-
تاتتى. مېھرىبانۇنى ھىيلە بىلەن ئېلىپ
چىقىپ بالا دامىغا گىرىپتار قىلغان ھېلى-
قى مەككار خوتۇن بولسا مايمۇندەك يا-
سىنىپ، غايەت خۇشاللىقىدىن قىن-قىنى-
غا پاتماي ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ
يۈرەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا كۈرسى ئۇچۇپ
كېلىپ روزىگاھ سەھنىسىگە چۈشتى. كې-
نىزەك ۋە غۇلاملار بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ
قورقۇپ ھەر تەرەپكە قېچىشتى. مېھرىبا-
نۇنىڭ نەزەرى شاھزادىگە چۈشكەن ھا-
مان ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قارا بو-
راندەك ئېتىلىپ بارغىنىچە ھىيلىگەر جادى-
نىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇپ تەختنىڭ
ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. ھىيلىگەر موماي
ھەر قانچە پەرياد قىلغان بولسىمۇ ھېچ
پايدا بەرمىدى. كۈرسى يەنە قۇشتەك

دەرھال ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ پەرۋاز قىلدى.
ئۇلار ھوشنەكنىڭ ئوردىلىغا كەلگەندە،
ئۇنىڭ شادلىق بەزمىلىرىنى ياساپ، باي-
رام خۇشاللىقىغا چۆمۈپ ئولتۇرغانلىقىنى
كۆردى. پۈتۈن خەلقنىڭ نەزەرى ئاسمان-
دا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان تەختكە چۈشۈپ،
بۇ ئاجايىباتقا ھەيران قېلىشتى. ۋەزىرزادە
ھېلىقى ناپاك مومايىنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ
ئاسماندىن يەرگە تاشلىدى. مومايىنىڭ بې-
شى كېلىپ ھوشنەكنىڭ كۆكسىگە تەگدى،
ناپاك تېنى مەركە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
چۈشتى. سورۇن ئەھلى، ئاسماندىن بالايى
ئەزىم پەيدا بولدى، دەپ ئويلاپ قورقىنى-
ندىن ھەر تەرەپكە بەدەر قېچىشتى.

ھوشنەك خېلى ۋاقىتتىن كېيىن
ھوشىغا كېلىپ، تەختتىن چۈشۈپ، بۇ
قورقۇنچتىن گاراڭ بولۇپ ئولتۇرۇپ قال-
دى. بۇ ۋاقىتتا روزىگاھنىڭ خىزمەتكار-
لىرى كېلىپ ئۇنىڭغا يۈز بەرگەن ۋەقەنى
ئېيتتى. ھوشنەك بۇ جان ئالغۇچى ۋەقەنىڭ
تەسىرىدىن ماتەمدارلاردەك ئەقلىدىن
ئېزىپ مەرگەنلەرگە:

— ھەر تەرەپتىن ئوق ئۈزۈپ ئۇنى يەرگە
چۈشۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەم-
ما تەخت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە كۆزدىن
غايىب بولغانىدى. خەلق ھەيران بولدى.
بەزمىدىكى نەغمە-ناۋانىڭ ئورنىغا يىغا-
زارە ئالماشتى، شاراب ئورنىغا ھوشنەكنىڭ
كۆزىدىن ئاققان قان-ياشلار مەۋج ئۇردى.
شاھزادە ئۆز دىيارىغا غەلىبە بىلەن يېتىپ
بارغاندىن كېيىن سەھەر قۇياشىدەك نۇر-
لىنىپ، خوتەن شەھىرىنى پەلەك مەسىللىك
بەزمىدىن مۇنەۋۋەر قىلدى. دوست-بۇرا-
دەر ۋە مۇساپىر دەرۋىشلەرگە كۆپ مەر-
ھەمەتلەر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە
ھال-ئەھۋالىغا قاراپ ئىنئام قىلدى ۋە
ئۇلارغا ئەركىنلىك بەردى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ھەمزەنامە

غەرىب خەستە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: «ھەمزەنامە» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىن خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان زور ھەجىملىك شېئىرىي ئەسەر. ئەمىر ھەمزە ساھىبقىراننىڭ قىسسە شەكلىدىكى نەسرىي نۇسخىلىرىنىڭ قول يازمىلىرى بىزدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئەمما «ھەمزەنامە»دىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەدەنىي مىراس زاماندىشلىرىمىزنىڭ نەزەرىدىن ئۇزۇنغىچە چەتتە قالغان. چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ قول يازمىسى تېخى يېقىندىلا بايقالدى. بۇ قول يازما XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەندە كۆچۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاسرىلىشى ياخشى بولمىغان. قول يازمىنىڭ نۇرغۇن ۋاراقلىرى يوقالغان، بىر مۇنچە ۋاراقلارنىڭ ئەتراپلىرى يىرتىلىپ كەتكەچكە، تېكىستلەردىن بىر قىسمىغا زىيان يەتكەن. ئۇنىڭ پەقەت 145 ۋارىقىلا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. قول يازمىنىڭ فورماتى 45 × 31 سانتىمېتىر بولۇپ، ھەر بېتىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22 × 4 مىسرادىن شېئىر كۆچۈرۈلگەن. پۈتۈن قول يازمىدا جەمئىي 25 مىڭ 520 مىسرا شېئىر ساقلىنىپ قالغان. بۇ قول يازما گەرچە تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ «ھەمزەنامە» داستانىنىڭ ھازىرغىچە بايقالغان يېگانە نۇسخىسىدۇر. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە باشقا قول يازمىلىرى بارمۇ-يوق، بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

«ھەمزەنامە»نىڭ قول يازمىسىدىكى ئالامەتلەردىن ئۇنىڭ بىرقانچە كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. بۇ ئەسەرنى ئىككى كاتىپ بۆلۈشۈۋېلىپ، كۆچۈرۈپ تاماملىغاندىن كېيىن، بىرلەشتۈرۈپ تۈپلىگەن بولسا كېرەك. قول يازمىدا ھازىرغىچە ئىككى كاتىپنىڭ ئىسمى ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ بىرى: موللا بارات. بۇ خەتتاتنىڭ ئىسمى قول يازمىنىڭ بىرقانچە جايىدا ئۇچرايدۇ. قول يازمىنىڭ مەلۇم بىر بەت ھاشىيەسىدە:

«كاتىب موللا بارات ئايتۇر:
جاھاندا ئەقلۇ دانىشنىڭ، بىلىڭلار، ئېتىبارى يوق،
گەھى بىر يەردە بىر نادانىنى كۆردى ئېتىبار ئەيلەر.»

دېگەن مىسرالار بار. كاتىپلارنىڭ يەنە بىرى مەتيۇسۇپ ئاخۇن ئوغلى نىياز ئاخۇندۇر. قول يازمىنىڭ بىر يېرىدە: «تەئرىخقە بىر مىڭ ئىككى يۈز سەكسەن توققۇز سەگ يىلى ماھى جۇمادەل-ئاخىرنىڭ يىگىرمەسى ئازىنە كۈنى چاقار كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق مەت-

يۇسۇف ئاخۇندنىڭ ئوغلى نىياز ئاخۇندنىڭ پىتكەن كىتابى تۇرۇر» دەپ يېزىلغان. بۇ مەلۇماتتىن بىز بۇ قول يازمىنىڭ ھىجرىيە 1299 -(مىلادى 1881 - 1882 -) يىلى كۆچۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن كاتىپ نىياز ئاخۇننىڭ چاقار كەنتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. خوتەندە «چاقار» ئاتلىق ئورۇندىن بىر قانچە جايدا بار. خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىسىغا قاراشلىق چاقار كەنتى؛ چىرىيە ناھىيەسىنىڭ چاقار يېزىسى قاتارلىقلار. كاتىپنىڭ زادى قايسى چاقاردىن ئىكەنلىكى داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلە. قول يازمىنىڭ مەلۇم بىر بەت ھاشىيەسىدە يەنە بىر نامەلۇم شەخسنىڭ: «1345 - يىلى 23 - ماھى رەجەبدە خوتەندىن كاشقەر دورغە بەگ سەرايىندە تۇرغۇچى مۇھەممەدجان ئاخۇندگە تەگسۇن» دېگەن سۆزلىرى يېزىلغان. بۇ قولىيازمىدا ھىجرىيە 1345 -(مىلادى 1926 — 1927 -) يىلى بۇ خەتنى يازغان كىشىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئەمەس.



«ھەمزەنامە» داستانىدا ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مەشھۇر شەخس ئەمىر ھەمزە ساھىبقىراننىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى ئاجايىپ - غارايىپ سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. بۇ داستان گەرچە ئەمىر ھەمزە، نۇشىرۋان ئادىل، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين قاتارلىق نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرنى ئۆزىگە پېرسوناژ قىلىپ تاللىغان بولسىمۇ. لېكىن بۇ پېرسوناژلار تارىختىكى شەخسلەرنىڭ ئۆزى بولماستىن، بەلكى ئاپتورنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلەپ قايتا ياراتقان بەدىئىي ئوبرازلىرىدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى خۇددى خەلق ئەپسانە، رىۋايەتلىرىگە ئوخشاش فانتازىيىلىك تۈس ئالغان. بۇ ھال داستاننىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى خاسلىقى ۋە جەلىبكارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

بۇ داستاننىڭ ئاپتورى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. قول يازمىدا شائىرنىڭ قوللانغان تەخەللۇسىنى ۋە بەزى ئىما - ئىشارەتلىك سۆزلىرىنىلا ئۇچرىتىمىز:

كەل ئەمدى يانا، خەستەئى تىيرە دىل، كى ئاغاز قىل بۇ سۇخەن سازقىل.

* *

ماڭا مەي تۇت، ئەي ساقىيا، دەم بەدەم، مەنى خەستەنى ئانچە ھوشيارى قىل،
تۆكەلسۇن كۆڭۈلدىن تۈمەن دەردۇ غەم، تىلىمنى بۇ نەزمە ئارا جارى قىل.

*

ئىشىتمەك كېرەك قىسسە بۇ راۋىدىن، خاجە ئۆمرى، غەرىب خەستە پۇر زاردىن.

يۇقىرىدىقى مىسرالاردىن شائىرنىڭ بەزىدە «خەستە»، بەزىدە «غەرىب خەستە» دېگەن تەخەللۇسىنى قوللانغانلىقى مەلۇم.

كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا «خەستە» تەخەللۇسىنى قوللانغان شائىرلاردىن بىر قانچىسى بولغان. ئۇلاردىن بىرى يەكەندە ئۆتكەن شائىر شىرىپ ئاخۇن ئوغلى ئابدۇللاخۇن خەستە (1854 — 1907) بۇ شائىرنىڭ «دىۋانى خەستە» ناملىق ئەسىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. يەنە بىرى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خوتەندە ئۆتكەن شائىر «غەرىب خەستە». بۇ شائىرنىڭ ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى خوتەن ھۆكۈمدارى نىياز ھېكىمبەگنىڭ ياقۇپ بەگكە ئەگىشىپ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن بىر داستانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

«ھەمزەنامە» نىڭ ئاپتورى «غەرىب خەستە» مۇ خوتەندە ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىر. بۇ داستانىنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىدىكى ناھايىتى روشەن بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شېۋىسى، شۇنداقلا خوتەنگە خاس بەزى تىل ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ناھايىتى ئېنىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

«ھەمزەنامە» بەدىئىي ئوبراز يارىتىش، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۆزىنىڭ كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن دىققەتنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. داستاندىكى ھەربىر پېرسوناژ كۆز ئالدىمىزدا ئۆزىگە خاس پورتېرىت، ئۆزىگە خاس مىجەز-خاراكتېر ۋە ئۆزىگە خاس سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن نامايان بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ خىل ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن ئۇزاققىچە ئەستىن چىقمايدۇ. بۇ داستاندىكى پېرسوناژلارنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلار قايسى دۆلەت، قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە ياشىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە يوسۇنى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇيغۇر پسىخىكىسى ۋە خۇسۇسىيىتى بويىچە ئويلايدۇ، پىكىر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولۇۋاتقان ئىش-پائالىيەتلىرى كىشىگە گويا بۇ ئىشلار قانداقتۇر ئىران، ئەرەبىستان، مىسىر، يۇناندا ئەمەس، بەلكى ئۆز دىيارىمىزدىكى مەلۇم بىر شەھەر ياكى يېزا-قىشلاقلاردا بولۇپ ئۆتكەن كەچۈرمىشلەردەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ ھال «ھەمزەنامە» داستانىنىڭ روشەن مىللىي خاسلىقتا، قويۇق يەرلىك پۇراقتا ئىگە بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. «ھەمزەنامە» داستانىدا زور ۋە مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەر ئۆزىگە خاس تەرتىپ بىلەن رەتلىك، ئىدىتلىق ۋە ئەتراپلىق بايان قىلىنىپ بېرىلگەن. شۇڭا بۇ داستاننى بىر قېتىم ئوقۇساقلا، ئۇنىڭ پۈتۈن سيۇژىتى خاتىرىمىزدە ئورنىشىپ قالىدۇ. بۇ داستان تىلىنىڭ ئوبرازلىق، ئېنىق، ساددىلىقى، كۈتكۈر ساتىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى بىلەنمۇ ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. پۈتۈن داستان

ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە، مەسنەۋى شەكلىدە، ئايرىم لىرىك بۆلەكلەر غەزەل شەكلىدە يېزىلغان. ئەمما ھەر ئىككىلا شەكىلدە ۋەزن جەھەتتىكى ئىزچىللىقا بىردەك رىئايە قىلىنغان. بۇ داستاننىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى يوقىرىقىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇنى، قانچە ئۆگەنگەنسېرى، تەتقىق قىلغانسېرى، ئۇنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرى شۇنچە روشەن نامايان بولىدۇ. بۇنچىۋالا زور ھەجىملىك بىر بەدىئىي ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان شائىر «غەرىب خەستە» نىڭ خېلى پىشقان قەلەم ئىگىسى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. بىراق ئەينى دەۋر شارائىتىدىكى چەكلىمىلىكلەر تۈپەيلىدىن شائىرنىڭ بۇ داستانىمۇ ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي سەنئەت جەھەتتە ئايرىم چەكلىمىلىك، يېتەرسىزلىكلەردىن خالى ئەمەس. بۇنىڭغا توغرا پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز، پۈتۈن ئەسەرگە نىسبەتەن «شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش» تىن ئىبارەت تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

**ئەمىر ھەمزە ساھىبقىراننىڭ مەدايىنغە كەلگەنلەرى، ئانىڭ كەلگەنلەرىنى نۇشىرەۋان ئاڭلاپ، ئالدىغە چىقىپ، يولدا كۆرەشكەنلەرىنىڭ بەيانى**

كى ئەمما ھېكايەت قىلۇر راۋىلەر،
ئەمىر بۇ شەھەرگە يەقىن يەتتىلەر.
دەر ئېردىكى نۇشىرەۋان بۇ مەھەل:
«بولۇپدۇركى فەرزەند لەرىم بىبەدەل».
مۇنگا دەر ئىدى خاجە جۇمھۇر بۇ رەڭ،
«تېخى سىز چىقىپ بىر ئەمىرنى كۆرەڭ.
ئېرۇر مەككە بۇزۇرگلارىدىن ئۇلار،
ئانىڭ ئالدىغە پىش باز چىقسۇلار.
سېنىڭ خىزمەتىڭدە ئاتىپ قانچە ئوق،
ئۇلۇغ دۇشمەنىڭنى ئۇشۇل قىلدى يوق.»
دېدى شاھ:«بۇ سۆزلەرنى خۇب دېدىلار،
ماڭا تەئنە قىلماسمۇ ساسانىيلار؟»
دېدى خاجە:«بىر قىلسەلەر ئىختىيار،
ۋەلي چىقسۇلار بىر تەرىقى شىكار.
شىكارغە بولار سىزنى چىقتى دېسۇن،
كى مەندىن بۆلەك ھېچ كىشى بىلمەسۇن.
كۆرۈپ ئاندا فەرزەندلەر ئۇشبۇ ھال،
قىلۇر چىقتى دەپ ئالدىمىزغە خەيال».
بۇ سۆز شاھغە كەلدى خۇش ئانچۇنان،
كى ئاتلاندى ئول دەم شىكارغە رەۋان.
تۇرار ئېردى شەھ ئاندا بىر، مۇندا بىر،
چىقىپ كەلدىلەر ئول تەرەفدىن ئەمىر.
ئەمىر ھەم يىراقدىن كۆرۈپ شاھنى،
كى يۈردى پىيادە تۇتۇپ راھنى.
قويۇپ شاھنىڭ تاجىنى باشىغە،
يەقىن يەتتى نۇشىرەۋان قاشىغە.
كۆرۈپ شەھ ئەمىرنى بۇ يەڭلىغ ھەمان،
كى ساچراپ ئاتىدىن بۇ ھەم شول زەمان.
كۆرۈشتى ئەمىر بىرلە شەھ جۇغلاشىپ،
شەھەر سارى ئاتلاندى تەكلىف ئېتىپ،
كى ئاۋاز ئېتىپ ئەيلەبان داغدۇغە،
خەلايىق شەھەردىن چىقىپ ئالدىغە.
ئەمىرنىڭ جەمالىغە ئەيلەپ پىسەند،
نەھەرنى قىلىپ ئانچە ئايىنە بەند.
خەلايىق تۇرۇپ سەف-سەف، فەۋج-فەۋج،
كۆرۈپ بەھر يەڭلىغ ئۇرۇپ كۆزگە مەۋج.
بىرى شاد ئولۇبان، بىرى قان يۇتۇپ،
خاجە ئۆمرى پىيادە جىلاۋنى تۇتۇپ.

کی ئالدىدا ئەيياری قىرق تەن کىشی،
بۇلارنىڭ ئەمىر بىرلە ئېردی ئىشی.
ياساۋۇل بولۇپ ئۇمەر مەئىدی کەرەب،
خەلايىقنی قوغلار ئىدی ھەر تەرەف.
قىلىپ بۇ ھەشەم سەلتەنەتلەرنی ھەم،
يېتىپ شەھىر دەرۋازەسىغە بۇ دەم.
سالىپ پايی ئەندازلارنی نەچە،
ئۇشۇل تاقی کىسرىنىڭ ئالدىغەچە.
خەزىنەلەرنی تەمامی ئاچىپ،
ئەمىر ھەم قەدەم سالسا ئالتۇن ساچىپ.
ئەمىرنىڭ جەمالىغە کۆرگەن کىشی،
بولۇر ئېردی خۇشھال ئەرکەك - تىشی.
يېتىپ شاھنىڭ ئىشکىگە ئۇشبۇ دەم،
ۋەلې قويدی ئاندىن فىيادە قەدەم.
ئەمىر کۆردىلەر بۇ سىفەت ئىچكەری،
کی توختاپ تۇرۇپ قالدی يۇرت چوڭلەری.
ئەمىرگە بېقىپ شەھ دېدی: «ئەي ئەزىز،
کېلىپ ئولتۇرۇڭ خالاغان يەردە سىز.»
ئەمىر باقىبلار شاھنىڭ ئالدىدا،
کی سەندەل تۇرۇپدۇرکی ئوڭ يانىدا.
کی رۇستەمنىڭ ئېردی بۇ سەندەل بۇرۇن،
ئاڭا تەگمىش ئېردی بۇ يەردە ئورۇن.
ئانىڭدىن قالىپ ئۇشبۇ ۋەقتىدە ھەم،
کی ئەۋلادىدىن ئولتۇرۇر گۇستە ھەم.
خىتايىغە کېتىپ گۇستە ھەم، يوق ئىدی،
«بۇ سەندەل بۇ کۇنلەردە خالىي» دېدی.
ئۇشۇل دەم ئەمىر ھەر تەرەفکە بېقىپ،
بۇ سەندەلدە ئولتۇردی يىلدام چىقىپ.
ئەمىرلەرکی غۇلغۇلە قىلدىکی غۇم،
چىقىپ تۇزگە بەختەك ھەرامزادە شۇم.
قۇباد ئەردەشىرنی دېدی چىرلاتىپ:
«کی بىز پەھلەۋان دەپ يۈرۈرسەن ياتىپ.
کی ئەمدی سىنىڭ قالمادی ھۆرمەتىڭ،
بولۇپ پەھلەۋان يوق ئىكەن ئىززەتىڭ.
ئاتاۋۇ باباڭنىڭ ئىدی بۇ ئورۇن،
کی ئولتۇرسە ھالا بۇرۇندىن بۇرۇن.
بۇ کۇندە کېلىپ مەککەدىن بىر ئەرەب،
کی ئورنۇڭدا ئولتۇرسە، قىلماي ئەدەب.
بۇ ئىشنی کېيىن قويمايىن تىزۇ تۇن،
ۋەلې کىرگىلۇ شەھ قاشىغە بۇ کۇن.
کىرىپ شاھغە ئۇشبۇرەڭ داد قىل،
بۇ سۆزلەرنی دەپ ئانچە فەرياد قىل.
دېسە پادشاھ دادىڭىزلار نىمە،
بۇ يەڭلىغ دېگىل، ئەسلی سەن غەم يېمە:
کی بىزلەرنىڭ ئېردی بۇ سەندەل بۇرۇن،
قالىپ ئېردی بىزگە بابامدىن بۇرۇن.
بۇ سەندەل مەقامىغە يەتکەن کىشی،
کی ئولدۇر ئاڭا پەھلەۋانلىق ئىشی.
ئەۋەل يايی دەئۋانی قولغە ئالىپ،
ئاتارلامدۇر ئانی قانی تۇشقارىپ.
کی ئاندىن فۇلاد پەنجەسىنی تۇزۇپ،
ئانی ئالسە ئۇشبۇ يىغاچدىن ئۇزۇپ.
بۇ ئىشنی بەجا قىلسە ھالا شۇبۇ،
کی ئاندىن بۇ سەندەلدە ئولتۇرسۇ بۇ.»
بۇ سۆزلەرنی بەختەك مۇڭا ئۆرگەتىپ،
بۇلار کەلدی شەھ ئالدىغە داد ئېتىپ.
قەبۇل ئەيلەدىلەر بۇ ئىشنی ئەمىر،
ئالىپ يايىنی تارتىبان ئېردی بىر.
يېتىپ يايىنىڭ تەگدی ئىککی باشی،
سىنىپ کەتتی ھەم تەپكۇسىنىڭ قاشی.
کی ئاندىن فۇلاد پەنجەنی ئۇزدىلەر،
کی دۇشمەن ئۆلۈپ، دوستىنی تىرگۇزدىلەر.
قۇباد ئەردە شىر بولدی شەرمەندە ھەم،
کی بەختەككە يۈزلەندی غەم ئۇززە غەم.
کی خۇشھال ئولۇپ شاھی ئالي پەناھ،
کی ئىنئام قىلدی ئەمىرگە يانا.
ئەمىر بىرلە شەھ ئولتۇرۇپ ئىدىلەر،
بىر ئادەم کىرىپ قىلدی مۇنداغ خەبەر.
کىرىپ دېدی ئۇل شاھغە: «کەتتی غەم،
کېلۇرمىش خىتايىنی تۇتۇپ گۇستە ھەم»

www.uyghurkitap.com

كى ئاڭلاپ بۇ سۆزلەرنى نۇشىرەۋان،
بەغايەت بولۇپ قالدى ئۇل شادىمان.
بۇ سۆز ئەمما يالغان، ۋەلى راستى بۇ:
ئۇرۇپ گۇستەھەمنى تۇتۇپ باستى بۇ.
كى بەھرام زەنجىر سالىپ نەچچە خىل،
قاتا باقتۇرۇپ ئېردى بەش - ئالتە يىل.
قەزارا شىكارغە چىقىپ ئالدىدا،
بولۇپ كەتتى بۇ لەشكەرىدىن جۇدا.
كى بەھرام يالغۇز بۇ چۆلدە قېلىپ،
يۈرۈر ئېردى يولنى تاپالماي ھېرىپ.
قالاپ ئېردى ئوت گۇستەھەم ئاشىغە،
چىقىپ كەلدى بەھرام مۇنىڭ قاشىغە.
ئالىپ تۇتتى بۇ گۇستەھەم ئاشىنى
قاتىپ ئاشىغە دارۇ بىھۇشىنى.
چىقىپ گۇستەھەم لەشكەرىنى تاپىپ،
مەدايىنغە يۈزلەنمىش ئېردى چاپىپ.
پىتىپدۇر يانا گۇستەھەم ئەرزىدە:
«كى بەھرامنى مەن ئۇرۇپ نەيزىدە.
تۇتۇپ باغلادىم ئەسلى بەرمەي ئەمان،
يەنە ئۆلدى ئىلكىمدە مىنىڭ پەھلەۋان.»
بۇ سۆزلەرنى مەشھۇر ئېتىپ بۇ لەئىن،
مەدايىنغە يەتمىش ئىدىلەر يەقىن.
ۋەلى چىقتى ئالدىغە بەختەك ئانىڭ،
كى ھاردۇق سوراپ دېدى: «ساقمۇ تېنىڭ؟»
قۇباد ئەردەشىر بىرلە ئەھلى قاياش،
چىقىپ ئالدىغە چوڭ - كىچىك، پىرۇ ياش
ئەمىرغە باقىپ دېدى شەھ: «ئەي ئەزىز،
ئانىڭ ئالدىغە سىزمۇ ھەم چىقساڭىز.
ئۇشۇلكىم مېنىڭ خىزمەتىمگە بارىپ،
كېلىپدۇر بۇ ئىشلارنى ئۇل پۈتكەرىپ.»
قىلىپ ئېردى بۇ سۆزنى شاھى جەھان،
ئەمىر چىقتى ئالدىغە ئاندىن رەۋان.
كى بەختەك بارىپ ئىلگەرى ئالدىدا،
بۇ سەگ گۇستەھەمگە دېدى دالدىدا:
«كېلىپ مەككەدىن ياشىغىنە بىر ئوغۇل،

سېنىڭ ئەمدى ئورنۇڭدا ئولتۇردى ئۇل.
قىلىپ پەھلەۋانلىقنى ئۇل داغداغە،
كىرەلمەيدۇر ھېچكىم قاچىپ ئورداغە.
خۇدا بەرسە ئالدىڭغە شايەد كېلۇر،
كى بىر ئىش قىلىڭ ئۇلسە خوب بىر زەرۇر.
كۆرۈشمەككە كەلسە بەناگەھ يەقىن،
كى بىر زور قىلىڭ قانغە تولسۇن ئىگىن.
ئۆتۈپ چەپ قابۇرغاسى ئوڭ يانىغە،
ۋە ئوڭ قوبۇرغاسى سول يانىغە.
خەلاس ئەت خەلايىقنى غەۋغاسىدىن،
سىنىپ ئۇستىخان چىقسۇن ئەئزاسىدىن.»
كى بەختەك قىلىپ ئۇشبۇ يەڭلىغ كېڭەش،
كېلۇر ئەردى بۇ ئۆركەتىپ تۆرتۇ بەش.
ئەمىر ھەم چىقىپ ئىككى مەنزىل يۈرۈپ،
تۇرۇپ ئېردى يولدا يىراقدىن كۆرۈپ.
نەمايان بولۇپ نەچچە گەردىلە دۇد،
كېلۇر بىر مەھافە ئىچىدە تابۇت.
ئاڭا ئالاشىپدۇر خەلايىق ھەمە،
كۆرۈپ ھەم ئەمىر دېدىلەر: «بۇ نىمە؟»
بۇ ئەل دېدى: «تابۇت ئىچىدەكى بۇ،
خىتايدا خۇرۇج ئەيلەگەن ئەر شۇبۇ.»
ئەمىر توختاتىپ ساندۇقىنى ئاچىپ،
بۇ ئەل تۇردى ئەمما يىراقغە قاچىپ.
يىگىت ئولتۇرۇپدۇركى گويا ئۆزى،
قاشىدۇر قاشۇرما، قۇياشدۇر يۈزى.
باشى چوڭ ۋەلى كۆكسى كەڭ، بازۇسى
زەبەردەست يەنە يەتتە گەز دالۇسى.
ئەمىر دېدىلەر: «ئەي يىگىت، بۇ نە غەم،
بۇ يەڭلىغ زەبەردەستلىكىڭ بىرلە ھەم.
ۋەلى شەرمى تۇتماي، بۇ يەڭلىغ تۇتۇپ،
سېنى گۇستەھەم نەيزە بىرلە ئۇرۇپ.
كى مۈلكۈڭنى تاراج ئېتىپدۇر ئالىپ،
كېلىپدۇر سېنى بۇ تابۇتغە سالىپ.»
كى بەھرام قىلدى بۇ يەڭلىغ سەدا،
دېدىكىم: «ساڭا بولسۇ جانىم فىدا.

ئالى لەيزەدە مەن يىقىتقان تۇرۇپ،
ۋەلې يۇرمەش ئېردىم قاتتا باقتۇرۇپ.
سالىپ گۇستەھەمگە بۇ يەڭىلىغ جەزا،
زەلالەتدىن ئۆزگە يوق ئېردى غىزا.
بېرىپ ئول ماڭا دارۇ بېھۇشنى،
بۇ يەڭلىغ قىلىپ كەلتۇرۇپدۇر مېنى.
ۋەلى گۇستەھەم مۇندا قىلسۇن غەرو،
ماڭا بولسۇن ئالدىڭدا ئول رو بەرو.»
ئىشىتتى ئەمىر ئۇشبۇ سۆزنى باقىپ،
يېتىپ گۇستەھەم كەلدى ئاندىن چىقىپ.
ئىشىتكەچ ئەمىرنىڭكى ھەيۋاتىدىن،
كى ساچراپ تۈشۈپ گۇستەھەم ئاتىدىن.
ئەمىر ھەم قىيادە بولۇپ ئۇشبۇ ھال،
ئىكەۋلەن كۆرۈشكەيلەرۇ بۇ خەيال.
تۇتۇپ قۇۋۋەتى بارىچە گۇستەھەم،
قىلىپ زور ئەمىر بولمادى ئەسلى ھەم.
كى ئاندىن كېلىپ گۇستەھەمنى ئەمىر،
تۇتۇپ زەررە قۇۋۋەت پۇرۇپ ئېردى بىر.
ئۆتۈپ چەپ قوبۇرغاسى ئوڭ يانىغە،
بولۇپ لەختە قانى تولۇپ قانىغە.
ئۆزىن توختاتالماي، يېتىپ ئېردى دەرد.
چىقىپ كەتتى يەل ئارقەدىن فەرد ـ فەرد.
بولۇپ گۇستەھەم ئانچە شەرمەندە باش،
دېدى :«ئەي يىگىت، قىلمە بۇ سىرنى فاش.
نىھان بولدى ئىككەۋ ئارا سىررىمىز،
ئۆزۈم سورماغۇنچە ئانى تىنماڭىز.»
ئەمىر ھەم قەبۇل ئەيلەدى بۇ گۇمان،
كى ئاتلاندى ئاندىن ئىكەۋلەن رەۋان.
ئەمىر شادكام كەبرۇكى باشىغە
كېلىپ، تۈشتى ئۆز لەشكەرى قاشىغە.
ئۆتۈپ گۇستەھەم شاھنىڭ قاشىغە،
شەھەرگە كىرىپ تۈشتى ئوردىسىغە.
كۆرۈندى كىرىپ شاھىغە ئۇشبۇ دەم،
يەنە چىقتى ئۆز جايىغە گۇستەھەم.
ھەرامزادە بەختەك بولۇپ بەدىماغ،
كىرىپ گۇستەھەم قاشىغە ئۇشبۇ چاغ.
دېدى:«ئەرتەگەن كىر، ئەردىن بۇرۇن،
ئاڭا بەرمەگىن سەندەلىڭدە ئورۇن.
قالۇر ئول ئىزا تارتىبان خەلق ئارا،
بۇ ئىش بىرلە شەرمەندە بولغاي، قارا»
بۇ بەختەك بۇ سۆزنى ماڭا ئوقتۇرۇپ،
كىرىپ گۇستەھەم ئەرتەگەن ئولتۇرۇپ.
ئەمىر كەلسەلەر قالغانى يوق ئورۇن،
كېلىپ گۇستەھەم ئولتۇرۇپدۇر بۇرۇن.
ئەمىر خاجەغە باقتى يەر تاپغۇچە،
كۆرۈپ يەرنى سەندەلدە تىز پاتغۇچە.
خاجە ئۆمرى ئەمىرغە بىشارەت قىلىپ،
ۋەلې قويدى ئانداغ ئىشارەت قىلىپ.
دېدى: «سەن بارىپ ئوڭ يانىغە چىقىپ،
كى سەندەلدە ئولتۇر تىزىڭنى تىقىپ.
ئانى قىستاساڭ گەر چىكەڭدە ئورۇپ،
تۈشەر يەرگە سەندەلنى ئاندىن قويۇپ.»
ئەمىر ئۇشبۇ يەڭلىغ قىلىپ ئېردى ھەم،
كى ئولتۇردى تۆبەن تۈشۈپ گۇستەھەم.
قاچىپ گۇستەھەم ئولتۇرالماي يەقىن،
بولۇپ قالدى شەرمەندە بەختەك لەئىن.
كى بەختەك يەنە دېدى: «ئەي گۇستەھەم
كى خىزمەتكە بۇيرۇپ ئىندۇك سىزنى ھەم.
ئۆتۈپ نەچچە يىل، ياز ئۆتۈپ، بولدى قىش،
كى ئەنجامىغە يەتتىمۇ ئۇشبۇ ئىش.
دېدى گۇستەھەم: «يول چېكىپ، قان يۇتۇپ،
كېلىپدۇرمە شول دۈشمەنىڭنى تۇتۇپ.
ئالىپ كىردى بەھرامنى شول زەمان،
كۆرۈپ پادىشاھ دېدى: ئەي بەد گۇمان.
ۋەلى تۇتمايىن شەرمى، ئەيلەپ غەرو،
خۇرۇج ئەيلەمەككە قىلىپسەن شۇرۇ.
بۇ ھالىڭغە باقماي قويۇپسەن قەدەم،
تۇتۇپدۇركى بىر نەيزەدە گۇستەھەم.»
دەپ ئېردى، بۇ سۆزگە كۈلۈپ ئانچۇنيان،
دېدى بەرمەيىن گۇستەھەمگە ئەمان؛

«كى بىر نەيزەدە مەن يىقىتقان ئۇرۇپ،
كى بەش يىل كالا باقتى ئاندا تۇرۇپ.
كى ئاخىر ماڭا دارۇ بىھۇشنى،
بېرىپ، كەلتۈرۈپدۇر بۇ يەرگە مېنى.
ۋە هالا يەنە گۇستەهەمدە نە هەد،
ئانى بىر قولۇمدا قىلاي گەردۇ گەرد.
مېنى بۇغىنە ياخشى يۈزلۈك ئوغۇل،
ئەگەر قىلسە هەر ئىش قىلۇر هەرنە ئول.
مۇنىڭدىن بۆلەك گۇستەهەم بىرگىنە،
قولۇمنى نېشىپ باغلاسۇن بۇ يەنە.»
بۇ سۆزگە هەرامزادە بەختەك لەئىن،
دېدىكىم: «يىراق ئۇشبۇ سۆز ئەقلدىن.
ۋەلېكىن ماڭا هۇكم قىلماق كېرەك،
مۇنى ئۆلتۈرۈپ تىنجى بولماق كېرەك.»
بۇ سۆزدىن قۇرۇتماقغە بۇنيادىنى،
بۇ دەم قىچقىرىپ شاھ جەللادىنى.
يېتىپ كەلدى جەللادلار شول زەمان،
كى ئۆلتۈرگەلى تۇردى بەرمەي ئەمان.
كى بەهرام يىغلاپ ئەمىرگە باقىپ،
دېدى: «ئۆلتۈرەدۇر مېنى بۇ رەقىب.
ئەمەس جان ئۈچۈن بۇ مېنىڭ يىغلاشىم،
كى نامەردلىكدە كېتەدۇر باشىم.
كىشى ئالەمى پەهلەۋانلىق بىلە،
كى ئۆلتۈرسە شىرى غەرانلىق بىلە.
كېتىپ بىنىشان ئەهلەۋانلىق ئىشى،
جەهاندىن بۇ يەڭلىغ كېتەرمۇ كىشى؟»
بۇ سۆزدىن ئەمىر پايگاهغە تۈشۈپ،
دېدى شاهغە ئىلتىجاغە تۈشۈپ.
ماڭا تەربىيەتلەر قىلۇرسەن بۇ رەڭ،
قىلۇرمەنكى دۈشمەنلەرىڭ بىرلە جەڭ.
بۇ دەيدۇ مېنى باغلاسا هەر كىشى،
ماڭا كۆرسەتىپ پەهلەۋانلىق ئىشى.
كى مەيدان ئارا جەڭ قىلىپ تەڭگە تەڭ،
مېنى قىلسە مەردانەلىكدە بۇ رەڭ.»
ئەمىر پادىشاهغە بۇ سۆزلەرنى دەپ،
كى بەهرامنى بۇ ئۆلۈمدىن تىلەپ.
دېدى: «بۇ يىگىتنى بۇ كۈن مەن تىلەي،
يەنە خاهلاغان چاغدا باغلاپ بېرەي.
ۋەلې قېينىئاتاڭ خاتىرىن ساقلاماق،
ئاغاڭدۇر قېيىن ئاشنالىقغە باق.»
بۇ سۆزنى ئەمىر شاهغە دەپ ئىدى،
كى «بەهرامنى سىزگە بەردىم» دېدى.
ئوشۇل دەم خەلاس ئەيلەبان بەندىدىن،
ئالىپ چىقتىلار شاهنىڭ ئالدىدىن.
كى سۇلتان ئول مەزلۇمىگە مۇنى،
كى باقماقغە تاپشۇردى بەهرامنى.
دېدىلەركى: «قىرق كۈن تولا نان ياقىپ،
مۇڭا تەربىيەت قىل بۇنىڭدا باقىپ.
ئەگەر بولسا قىرق كۈندە باشىنى سەن،
كى ئاندىن ئالىپ كەلگىلۇ مۇندا سەن.
باقىپ ئۇشبۇ رەڭ مۇندا ئەۋۋەلقىدەك،
ئەمىر قاشىغە كەلدى بۇ شىردەك.
كېلىپ بۇ ئەمىرنى دېدى: «ئەي ئەزىز،
بۇ جەمشىدنىڭ ئەۋلادىغە ئەمدى سىز؛
ۋەلې پادىشاهلىقنى بەرمەك ئاڭا،
بولار پەهلەۋان پايى تەختى ساڭا.
بېرەي مەن ئۇلارنىڭ جەزاسىن بۇ رەڭ،
سېنىڭ خىزمەتىڭدە قىلاي ئەمدى جەڭ.»
ئەمىر دېدى: «ئەي ئالىي هىممەت كەرەم،
كى بىرنەچچە كۈن سەبىر قىل سەنمۇ هەم.
كۆرەلىڭ يانا ياز ئۆتۈپ بولسە قىش،
نە ئەنجامىغە يەتكۈسىدۇر بۇ ئىش.
ئەمىر شاهنىڭ قاشىغە بىر كۈنى،
بۇ يەڭلىغ ئالىپ كىردى بەهرامنى.
قويۇپ تەختىنى تاشقارى خالىدا،
ۋەلې تاقىتى كىسرىنىڭ ئالدىدا.
تەمامى خەلايىق يىغىلدى يانا،
قېرى - ياش، ئوغۇل - قىز، ئاتاۋۇ ئانا.
ئەمىر بىرلە بەهرام قويۇپ تىزۇ تۈن،
تۇتۇش قىلدىلار بىر كېچە ئىككى كۈن.

ئەمىر ئاخىرى دەست كۆتەردى بۇ دەم،
ئەمىر باشىغە تۈشتى بىر سارى ھەم.
.ئوشۇل دەم ئەمىر يۇقارى باقتى تىز،
تۇرۇپدۇر رەۋاق ئۈستىدە نەچچە قىز.
ھەرەملەر ئىدى شاھنىڭ بۇ نېچۈن،
چىقىپ ئېردى مۇنداغ تەفەررۇج ئۈچۈن.
ئەمىرنىڭ جەمالىغە مېھرىنىگار،
كۆرۈپ بولدى ھەم ئاشىقى بىقەرار.
تەبەقلەرغە ئالتۇن ئالىپ ئول زەمان،
ئەمىر باشىغە ساچتى ئانى رەۋان.
بۇ ئالتۇن ئەمىر باشلارىدىن ئاقىپ،
خەلايىق تەماشادا ئېردى چىقىپ.
ئالۇر ئېردى قىزىغە باقماي ئانا،
تۆكۈلدى فەلەكدىن جەۋاھىر يانا.
خەلايىق بۇ ئىشلارغە ھەيران ئىدى،
كى ھەيران ئولۇپ ھېچكىم بىلمەدى.
بىرى دېدى: «دەۋلەت مۇڭا يۈز ئاچۇر،
مۇنى ئاسماندىن فەرىشتە ساچۇر.
بولۇر مەككە بۇزۇرگلارى بۇ ئوغۇل.»
دەر ئېردى: «خۇدانىڭكى ئېھسانى ئول.»
دېمىش ئېردى: «جادۇگەرى سېھرى بۇ،
بۇ ئىشلار ئۈچۈن جادۇ قىلدى شۇبۇ.»
بۇ يەگلىغ ئىدى بەئزىسىنىڭ سۆزى:
«مەلىكەمنىڭ تۈشتى ئەمىرگە كۆزى.»
ئەمىر بولدى ھەم ئاشىقى مۇبتەلا،
قىلىپ ئىشق ئوتى سىينەسىنى يارا.
فىراقىدا شەيدا بولۇپ شەھرىيار،
ئوقۇپ بەيت رەۋاق ئۈزرە مېھرىنىگار:
«فىراقىڭدا ئۆرتەندى جانىم مېنىڭ،
كى تەبرەنگۈچە يوق مەجالىم مېنىڭ.
سېنى كۆرمەگەي ئېردىمۇ كاشكى،
نېتەي قالمادى ئەمدى ھالىم مېنىڭ.
فىراقىڭ مېنى تېيرى باران ئېتىپ،
فەلەككە يېتىپدۇر بۇ ئاھىم مېنىڭ.
سېنىڭ مەن كۆزۈڭگە بولۇپ مۇبتەلا،
ۋەلې يوقتۇ سەبرى قەرارىم مېنىڭ.
سېنى بىر كۆرۈپ تۈشتى جانىمغە ئوت،
جەھانىغە تولۇپ نالە-زارىم مېنىڭ.»
ئوقۇپ بۇ بەيىتلەرنى مېھرىنىگار،
ئەمىرگە باقىپ يىغلادى زار-زار.
ئەمىر ھەم سەراسىمە ھەيران بولۇپ،
ۋەلې ئىشق دەردى ئىچىگە تولۇپ.
تۇتاشتى ئەمىر جانىغە ئاتەشى،
چېكىپ ئاھ، ئاقتى كۆزدىن ياشى.
ئەمىر ئۇشبۇ يەگلىغ ئۇرۇپ ئاھنى،
يەنە ھەم شىشىپ قويدى بەھرامنى.
سەلاھ جەڭگىنى ئول كۆرۈپ قاتماقات،
بېرىپ نەيزە ھەم مىندۇرۇپ ياخشى ئات،
ئۇرۇپ نەئرە مەيداندا تۇردى بۇ ئەر،
مۇنىڭ ھەيبەتىدىن كۆچەدۇر شەھەر.
ۋەلې كۆرگۈزۈپ پەھلەۋانلىق ھەمە،
دېدى: «گۇستەھەم! كەل بۇ مەيدانىمە!»
قوپۇپ گۇستەھەم بىر ئىشكنى ئاچىپ،
كىرىپ كەتتى بۇ ئۆيگە مۇندىن قاچىپ.
دېدىلەر خەلايىق: «سۆزى راست ئىكەن،
ۋەلې گۇستەھەم ئىت، بۇ يولباس ئىكەن.»
ئەمىر بولدىلار ھەم يانا رو بەرو،
تۇتۇپ باغلادى ئانچە ئەيلەپ غەرو.
ئەمىر بىرلە بەھرام بىر بولغۇچە،
گۇناھىن تىلەپ شاھدىن ئالغۇچە،
كى بەختەك ھەرامزادە بولدى رەقىب،
ئىشارەت قىلىپ گۇستەھەمگە باقىب:
«ئەمىرنىڭ دىنىغە كىرىپدۇركى بۇ.»
دېدى: «ئۆلتۈرۈك بىزگە ۋەقتى شۇبۇ.»
ئەمىرنىڭ يۈزى ئېردى ھالا بۇيان،
كېلىپ ئارقەدىن قىلدى شەمشىر رەۋان.
بۇ سەگ مۇندا ۋەقتىنى ھالا تاپىپ،
ئەمىر باقسالار ئۆلتۈرۈپدۇر چاپىپ.
ۋەلېكىن ئەمىر بولدىلار بىدىماغ،
ئۇراي دەپ يانا گۇستەھەمنى بۇ چاغ،

www.uyghurkitap.com

قىلىپ سەبىر ئەمما بۇ ئالىي كەرەم،
يانىپ چىقتى ئۆز لەشكەرىگە بۇ دەم.
قىلىپ دەفن بەھرامنى شول زەمان،
بېرىپ ئابۇ ئاش، يىد-چىراغ ئانچۇنان.
مۇنىڭ بىرلە بىر نەچچە كۈن ئۆتتى ھەم،
ئەمىر تۇش كۆرۈپ بىر كېچە تۈشتى غەم.
زىيادە بولۇپ ئۇشبۇ غەم-غۇسسەسى،
پىتىپ نامەنى مەككەگە ئەرتەسى.
خاجە ئۇمرى ئالىپ نامەنى شول زەمان،
چىقىپ، بولدى مەككە يولىغا رەۋان.
ئانىڭ ئەرتەسى كەلدى بۇ گۇستەھەم،
يىقىلدى ئەمىرنىڭ ئاياغىغە ھەم.
كى ئاغرامچىدا بوينىنى باغلاتىپ،
كى تىشلەپ قىلىچنى، قولىنى قاتىپ.
قويۇپ باشىنى يىغلادى زار-زار،
ئەمىرنى بۇ يەڭلىغ قىلىپ ئىنتىزار.
دېدى: «سەنكى سۇلتانى ئالىي پەناھ،
كى بىلمەسلىكىمدىن قىلىپمەن گۇناھ.
بۇ ئىشدىن غەزەبكە سەزاۋارمەن،
كى ئەفۇ ئەيلەسەڭ ئاجىزۇ زارمەن.
غۇلامىڭدۇمەن قىلسەلەر پارە ھەم،
قاچۇرغە ۋەلې بارمۇدۇر چارە ھەم.»
ئەمىر دېدى: «ئەي گۇستەھەم، سەن تۇرۇپ،
كى بەھرامدەك ياخشى ئەرنى ئۇرۇپ.
ئانى ھەيف قىلدىڭكى ئەيلەپ ھەۋەس،
گۇناھىڭنى ئۆتتۇم ۋەلې خۇب ئەمەس.»
دېدى گۇستەھەم: «مەن يەتىم قۇللەرى،
بىلىنسۇن گۇناھىمنى ئۆتكەنلەرى.
ۋەلې بىر چەھارباغىمىز باردۇرۇر،
ئەجەب خۇش ھەۋا، تۇرفە گۇلزاردۇرۇر.
بارىپ ئاندا بىر فەسل قىلسۇنلا جاي،
كى بىقەدرى ھال مەنمۇ خىزمەت قىلاي.»
ئەمىر ھەم قوبۇل ئەيلەدى دەر زەمان،
كى باشلاپ ئالىپ يۈردى باغى سويان.
ئەمىر، گۇستەھەم كەلدىلەر ئىككى تەن،
مەقامىدا تۇتتى بۇ لەشكەر ۋەتەن.
يېتىپ كىردى باغقە ئەمىرنى ئالىپ،
ئاق ئۆيىنى تىكىپدۇر بىساتلار سالىپ.
ئەمىر باقتىلار بىر يانى تاغ ئىكەن،
يانا بىر تامى ئانچە جاڭگال ئىكەن.
ۋەلې مېۋەلەر ھەم پىشىپدۇر باقىپ،
كى ياندا دەريا تۇرادۇر ئاقىپ.
بۇ ئەيۋانغا كىردى ئالىپ ئۇشبۇ دەم،
ھىكايە قىلىپ بۇ ھەرامزادە ھەم.
بۇ سەگىنىڭكى مەكرى ئىدى بۇ ئىشى،
قويۇپ ئېردى جاڭگالدا بەش يۈز كىشى.
مۇكەممەل قىلىپ، مىندۇرۇپ ياخشى ئات،
ئاڭا كىيدۇرۇپ كۆك تۆمۈر قاتما قات.
قويۇپ ئېردى جاڭگالدا پىنھان قىلىپ،
بۇ يەڭلىغ دېمىش ئېردى فەرمان قىلىپ:
«ئەمىر كەلسە، باشلاپ كېلەي مۇندا مەن،
كى تۇرغىل خەبەردار ئولۇپ مۇندا سەن.
تاپىپ ۋەقتىنى مەن سالۇرمەن غەرۇ،
ئۇشۇل دەم چىقىپ بولغۇسەن روبەرو.»
بۇ سۆز قالدى مۇندا بۇ يەرگە يېتىپ،
خاجە ئۇمرى بارۇر ئېردى يولدا كېتىپ.
تېگىپ تاشغە تىرناقى، ئاقتى قان،
كى بىخۇد بولۇبان يىقىلدى ھەمان.
ياتۇر ئېردى يىغلاپ تىنالماي تەمام،
چىقىپ كەلدى خىزرى ئەلەيھىسسەلام.
دېدىلەر كېلىپ: «ئەي خاجە ئۇمرى، قوپۇڭ،
كى دەرھال بۇ ئايەتنى يىلدام ئوقۇڭ.
ئەمىرنى ۋەلې فەندۇرۇپ گۇستەھەم،
ئالىپ باغ-بەيابانغە كەتتى ھەم.
كى باقىي قىيامەتكە دىدارىڭىز،
قالادۇر كۆرۈشمەككە دىلدارىڭىز.
قولۇڭنى قولۇمغە قويۇپ، پۇتغە پۇت،
كۆزۈڭنى يۇمۇپ، ئاچمە، بوينۇمنى تۇت.»
بۇ يەڭلىغ قىلىپ سالدى ئىككى قەدەم،
قويۇپ يەردە، «كۆزنى ئاچىڭ» دېدى ھەم.

خاجه ئۇمرى بۇ سائەتدە ئاچتى كۆزىن،
ۋەلى بارگاھ ئىچرە كۆردى ئۆزىن.
پۇتىغە سالىپ خىزرى ئابى دەھەن،
ئوشۇل دەم يەنە تەندۇرۇست بولدى تەن.
خاجه ئۇمرى قىلىپ ئانچە ئاغۇشىنى.
ئەمىرنىڭ ئالىپ جۇببەئى جەۋشىنى.
سەلاھ بارچە ئەسبابى جەڭگۇ ياراغ،
خاجه ئۇمرى ئالىپ يەتتىلەر ئۇشبۇ چاغ.
ئەمىر يالغۇز ئېردىكى بۇ باغدا،
خاجه ئۇمرى يېتىپ كەلدى خۇب چاغدا.
كى دىشۋار ئېردى ئەمىرنىڭ ئىشى،
ئازاغە ئالىپ ئېردى بەش يۈز كىشى.
ئەمىر قاشىغە ئارقە بىرلە كېلىپ،
سەلاھىنى كەلتۇردى ئەۋۋەل ئېلىپ.
كى ئاندىن بىروق ئاتلانىپ شىرى مەرد،
ئەدۇ ئەھلىنى قىلدىلار گەردۇ گەرد.
كى مۇقبىل يېتىپ كەلدى لەشكەر بىلەن،
بۇ سەگلەرنى يەكسان ئېتىپ يەر بىلەن.
كېلىپ گۇستەھەم باغ تامىنى يىقىپ،
ھىشام ھىندۇ قاشىغە قاچتى چىقىپ.
بىرىنى تىرىك قويمادىلار چاپىپ،
ئەمىر ياندىلار فەتھى نۇسرەت تاپىپ.
خاجه ئۇمرى دېدى: «ئۇشبۇ يەگلىغ قىلىش،
كى نۇشىرەۋان باشلاغىندۇر بۇ ئىش.»
دېدى شاھ ئاگلاپ: «بۇ يەگلىغ ھەۋەس،
كى مەن بىخەبەر تەخت، مەندىن ئەمەس.»
باقىپ خاجه جۇمھۇرغە يارلىغ قىلىپ،
كېلىپ ياندى ئول ئۆزرىخانلىغ قىلىپ.
ئەمىر بىلدىلەر شەھدىن ئېرمەس ئىكەن،
بۇ ئىشلارنى شەھ ئەسلى بىلمەس ئىكەن.
كى تەكلىف قىلىپ پادىشاھ ئوردىغە،
ئەمىر كەلدىلەر شاھىنىڭ ئالدىغە.
كى باغىنى شەھ سەيلى قىلدۇرغىلى،
ئەمىرنى ئاگا مەيلى قىلدۇرغىلى.
ۋەلى باغى بەغدادىغە شول زەمان،
كى باشلاپ ئالىپ چىقتى نۇشىرەۋان.
خاجه ئۇمرى بولۇپ پادىشاھ ئورنىدا،
بۇلار قالدى بەختەك بىلەن ئوردىدا.
خاجه ئۇمرى بولۇپ شاھ، بەختەك ۋەزىر،
بۇلار ئالتە كۈنلۈك بولۇپدۇر ھەزىر.
ئەمىر پادىشاھ، خاجه مۇقبىل بىلەن،
يېتىپ باغىغە كىردىلەر ئېل بىلەن.
ئەمىر كۆردىلەر ئەمما بۇ باغىنى،
ياساپدۇركى ئالتۇن بىلەن تامىنى.
تاش ئورنىدا لەئلى تۇرار پاقىراپ،
كى يەتمەيدۇ كۆز ئول تاشىغە قاراپ.
كى شەھ سەپدۇرۇر ئوتراسىدا بىنا،
كۈمۈشدىن قىلىپ تاملارىنى يانا.
كى ئالتۇن بىلەن پەنجىرە قىلدۇرۇپ،
ئەمىر كۆردىلەر سۇففەدە ئولتۇرۇپ.
كى بىر كۆل يانا چوڭلۇقى ئانچە چوڭ،
ئاقادۇرسۇيى گاھى چەپ گاھى ئوڭ.
كى بىر شىرنىڭ ئاغزىدىن سۇ كىرىپ،
ئاقادۇر بىرىنىڭ قوڭىدىن چىقىپ.
ئەجايىب كۆرۈندى ئەمىرگە بۇ جاي،
پىشىپ مېۋەلەر رەڭ بەرەڭ، ھاي-ھاي.
قىلاردۇركى بۇلبۇللارى نەغمە ساز،
ئېرۇر خۇش ھەۋا يازما ياز، قىشما ياز.
ئەمىر بۇ تەماشانى بۇ باغدا
قىلىپ يۈرمىش ئېردىكى بۇ چاغدا.
نە بىلدىكى مېھرىنىگار ۋەقتىنى،
ئالىپ كەلدى بۇ باغىغە تەختىنى.
كى بىر نەچچە ئۆي قىزلارى بىرلە بۇ،
كىرىپ ئولتۇرۇپ قەسر ئىچىگە شۇبۇ.
ئۆتۈپ ھەسسە تۈن بولماس ئېردى سەھەر،
چىقىپ سالدى بىر قىز ئەمىرگە خەبەر.
قوپۇپ مەجلىس ئەسبابىنى ئالدىلار،
ئەمىر قىز بىلەن قەسرگە باردىلار.
ئەمىرنى كۆرۈپ ئەمما مېھرىنىگار،
كى ساچراپ قوپۇپ ئورنىدىن غەمگۇزار،

www.uyghurkitap.com



ئەمىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇشبۇ هال،
ۋەلي يىغلاشىپ، يىلداشىپ بولدى لال.
كى بىر يەردە ئولتۇردىلار ياناداشىپ،
قىلىپ ئەرز ئەهۋالىنى مۇڭداشىپ.
كىشى ئىشقىدە كۆيسە چىقماس تۇتۇن،
كى ئۆتتى بۇ يەڭلىغ قىلىپ يەتتە كۇن.
مەلىكەم يانىپ چىقتى تۇن ھەسسەسى،
ئەمىر باغدىن ھەم چىقىپ ئەرتەسى.
يانا بارگاھىدا تاپتى قەرار،
ئەمىر مۇندا ھەم ئاندا مېھرىنىگار،
ئەمىر ھەم چېكىپ ئىشقىدا ئاھىنى،
كى ساقلاپ ياتۇر ئېردى دەرگاھىنى.
ئەمىر تۇن يارىمدا قوپۇپ بىر كېچە،
كىيىپ شەب لىباسىن، بولۇپ ئۆزگېچە.
قويۇپ تاقىنى ئول زەمان باشىغە،
رەۋان بولدى مېھرىنىگار قاشىغە.
ئالىپ باردى خەنجەر بىلەن بىر كەمەند،
كەمەند تاشلادى، قەسرگە بولدى بەند.
كەمەندنى تۇتۇپ چىقتىلار قاشىغە،
كېلىپ تۇردى مېھرىنىگار باشىغە.
ئۇيقۇلاپدۇر ئەينى فەراغەتدە ئول،
ئۆزىن توختاتىپ، سۇنمايىن ئەسلى قول.
قېلىپ ئانچۇنان ئويغاتاي دەپ ھەۋەس،
يانا دېدى: «ئويغاتماقىم خۇب ئەمەس.»
ياناي دەپ، يانا فىكر قىلدى ھەمىن،
«ياتىپ بۇ سىفەت مۇندا بۇ نازەنىن؛
يانىپ چىقماق ئېرمەستۇر ئاشىق ئىشى،
كى بۇ دەمدە ئىشنى قويارمۇ كىشى؟»
كەمەندە بىرلە خەنجەرنى قويدى ئاسىپ،
يەقىن كەلدى ئاھىستە بىر-بىر باسىپ.
ئۇشۇل دەم بولۇپ ۋەسلىگە ۋاسلى،
لەبىنى لەبىگە ياقىپ ھاسلى.
مەلىكەم كۆزىنى ئاچىپ ئويغانىپ،
تۇرادۇر سىياھپۇش كىشى تولغانىپ.
دېدى قىچقىرىپ: «ۋاي دوز، ۋادەرىغ!»

قوپۇپ كىردى قىزلار تالادىن ئارىغ.
ئەمىر تەختىنىڭ ئاستىنىغە قاچىپ،
كىرىپ ياتتىلار بىر تەرەفنى ئاچىپ.
كى سوردى بۇ قىزلار: «نېمە بولدۇڭىز؟»
مەلىكەم دېدى: «قاتتىغ ئۇيقۇدا سىز.
كى قورقۇپ تۇشۇمدە دېدىمكى بىروق،
بۇ قىچقىرغانىم ئەسلى يادىمدا يوق.»
تالاغە چىقىپ ياتتى قىزلار يانا،
ئەمىر كەلدى قاشىغە ئاستاغىنا.
مەلىكەم قوپۇپ ئورنىدىن دەرمەهال،
ئەمىرنىڭ تۇتۇپ قوللارىدىن بۇ هال.
ئالىپ چىقتى تەخت ئۈستىگە شول زەمان،
كۆلۈپ يىغلاشىپ، مۇڭداشىپ ئانچۇنان.
قىلىپ ئىشتىياق ئىشقىنىڭ هالىنى،
بەيان ئەيلەشىپ هالى ئەهۋالىنى.
ۋەلي بىر بولۇپ بىر-بىرىنىڭ باشى،
ۋەگاهى ئاقىپ كۆزلەرىنىڭ ياشى.
كۆلۈپ گاهى، يىغلاپ چېكىپ گاهى ئاه،
لەبىنى لەبىگە قويۇپ گاهى-گاه.
كى مېھرىنىگارنىڭ قولىنى ئەمىر،
تۇتۇپ دېدى: «سىزگە سۆزۈم باردۇ بىر.
ئاتاڭىز ئەگەر ئولتۇرۇپ تەختىدە،
ماڭا بەرمەسە سىزنى ھەم ۋەقتىدە.
بۇياپ قانغە بۇ شەمشەرىمنى كۆرەڭ،
ئالۇرمەنكى سىزنى قىلىپ سەختى جەڭ.»
كى مېھرىنىگار دېدى: «ئەي شەھريار،
ئاتام نې بىلۇر، مەندەدۇر ئىختىيار.
مېنى بەرمەسە سىزگە، جاندىن كېچىپ،
ئۆلۈرمەن ئۆزۈم زەھرى قاتىل ئىچىپ.
سېنىڭكى ئىزىڭ شاھلار تاجىدىن،
كى ئەئلا ماڭا ھەر نېچە باجىدىن.»
قىلىپ ئەهد ھەر بىرلەرى ئۇشبۇ هال،
بۇلۇر يەئنى ئاشىقدا يۈزمىڭ خەيال.
بۇلار يىغلاشىپ، مۇڭداشىپ ئولتۇرۇپ،
ئەمىر باقسە فانۇس ئۆچۈپدۇر، يورۇپ.

ئەمىر باشى سەزاگە كەتكەن بۇ چاغ،
قوپۇپ باشى باشتاق، يالاڭۇ ئاياغ.
چېكىپ ئاھۇ ۋاھ ئانچۇنان يىغلاشىپ،
مەلىكەمدىن ئايرىلدىلار خۇبلاشىپ.
كەمەندىن يەنە قەسرگە قىلدى بەند،
تۆشۆپ بارمىش ئېردى قولدا كەمەند.
كۆرۈپ دېدى قارۇن: «بۇ كىمنىڭ ئىشى،
كېلەدۇر تۆشۆپ قەسردىن بىر كىشى؟»
قولدا قىلچىنى تۇتۇپ ئول زەمان،
ئەمىرگە يۆگۆردىكى بەرمەي ئەمان.
ئەمىر تاشلادى يەرگە ئانداغ ئۆزىن،
كېلىپ تەگدى خىشتىغە پېشانە يۈزىن.
جەراھەت بولۇپ يۈزلەرى، ئاقتى قان،
ئەمىر بولدى ئۆز لەشكەرىگە رەۋان.
ئەمىرنى تونۇپ قىلدى قارۇن ھەۋەس،
بولۇپ رو بەرو قىلماقىم خوب ئەمەس.
ئەمىر دېدىلەر: «ئەي خاجە ئۆمرى، قوپۇڭ،
يانالىڭ بۇ كۆن ئات-ئۇلاغنى توقۇڭ.
مەلىكەم قاشىغە بارىپ يارۇدى،
مېنى ئاندا قارۇن كۆرۈپ تانۇدى.
كەرىپ بىزنى نۇشىرەۋانغە چاقار،
بۇ ھالەتدە ئۆز جانىغە ئوت ياقار.
ئاڭا بولدى مەئلۇم نىشانىم مېنىڭ،
يارىلدى بۇ يەگلىغ پېشانىم مېنىڭ.»
خاجە ئۆمرى قىلىپ دارۇنى ئۇشبۇ ھال،
ساقايدى پېشانەلەرى دەرمەھال.
دېدى: «مەككەگە بىز يانالىڭ بۇ كۆن،
ئۇلۇغلارغە يۆكنى قويۇڭ تېزۇ تۆن.
ئەگەر بىزنى نۇشىرەۋان بىلمەسە،
كېيىن رۇخسەت ئالماي كېتىپدۇر دېسە.
كى دەرمەن كۆرۈپ تۆش ئەجايىپ كېچە،
بۇ تۆشدىن بولۇپمىز پەرىشان نەچە.
كى شىول ۋەقت رۇخسەتنى سىزدىن سوراپ،
ياناي دەپ ئىدىم، بولمادى ئالداراپ.
بۇ سۆزلەرنى دەرمەن، كېيىن سورسە شاھ.»

دېدى، كۆچتى مۇندىن تەمامى سىپاھ
يېتىپ كەلدىلەر فەيز ئابادىغە،
چىقىپ فەيز شاھى ئەمىر قاشىغە.
بۇ تەكلىف قىلىپ ئورداسىغە ئالىپ،
كى ئەئزاز بىرلە تۆش-ۆردى كېلىپ.
قەدەھ ئىچرە ساقى مەينى سوزۇپ،
ئەمىر ھەر كېچە ئاندا مەجلىس تۆزۆپ.
فىراقىدا مېھرىنىگارى ئۆچۆن،
كى بىتاقەت ئولدى خۇمارى ئۆچۆن.
ئەمىرگە يېتىپ ئىشقىنىڭ ئافەتى،
چىدارغە ئانىڭ يوق ئىدى تاقەتى.
كى ئەمما مەلىكەم قاشىدا كەمەند،
ئۆزۆلدى، ئەمىر تۆشكۆچە قالدى بەند.
بۇ ئەسنادا قارۇن بۇ يەردە چاپىپ،
كېلىپ قەسردىن بۇ كەمەندنى تاپىپ.
قىلىپ نەۋئى تۇپراق ساچىپ باشىغە،
ئالىپ باردى نۇشىرەۋان قاشىغە.
كەمەندنى قويۇپ شاھنىڭ ئالدىدا،
ئۇرۇپ تاجىنى ئۆزنى قىلدى فىدا.
تۇرۇپ دېدى: «ئەي شەھرىيارى كەرەم،
بۇ نامۇسلۇق، بۇ نېچۈك دەردۇ غەم؟!
ئىزا تارتادۇرمەن بەغايەت ئۆزۆم،
بۇ ئىشلارنى كۆردى سەلامەت كۆزۆم.
ئەمىر يورۇغاندا رەۋاقدىن بۇ رەڭ،
كى تۆشتى مەلىكەم قاشىدىن كۆرەڭ.
كى مەن تۇتقۇچە قاچتى، مەندە كۆزى،
ئۆزۆلدى كەمەند، يەرگە تۆشتى ئۆزى.
تۆشۆپ يەرگە تەگدى پىشانەسى ھەم،
كى باردۇر جەراھەت نىشانەسى ھەم.
تەمام بولدى ئەئزاسى ئالۇدە قان،
قوپۇپ كەتتى ئۆز بارگاھى سويان.»
ئىشىتتى بۇ سۆزلەرنى نۇشىرەۋان،
ھاقىپ قالدى بۇ خاجە جۇمھۇر سويان.
دېدى خاجە: «ئوبدان ئەمەس بۇ ئىشى،
ئىبەرمەك كېرەك قاشىغە بىر كىشى.»

تاپىپ كەركەسى سامانىنى شۇئان،
ئىبەردى ئەمىر قاشلارىغە رەۋان.
ئەمىرنى كۆرۈپ ياندى گويا تۇتۇن،
كېلىپ پادىشاھ قاشىغە تىزۇ تۇن.
دېدىكىم: «جەراھەت نىشانەسى يوق،
يارىلغان ئانىڭ ھېچ پېشانەسى يوق.»
بۇ سۆزلەرنى بەختەك دېدى دەرمەھال:
«قىلمۇرسىز بۇ ئىشلارنى سىز خام خەيال.
كىشى بۇيرۇغىل، كەلسۇ باغلاپ ئانى،
بولۇر تۇرسە راستىنى ئاڭلاپ قانى.»
كى بەختەك ھەرامزادەنىڭ بۇ ئىشى،
كى ئاتلاندى ئۇل دەمدە قىرق مىڭ كىشى.
ئالىپ جەڭنىڭ ئەسبابىنى پىرۇ ياش،
كى ئەۋساقىنى قىلدى لەشكەرگە باش.
ئەمىر ئارقاسىدىن بولۇپ كامران،
يېتىپ كەلدى لەشكەر بۇ يەرگە ھەمان.
ئەمىرنى كېلىپ دېدى: «ئەي نەۋجەۋان،
قاچىپ پادىشاھدىن بارۇرسەن قايان.
ۋەلې سىزگە قارۇن بولۇپدۇر رەقىب،
دېدى شاھغە ئۇشبۇ سۆزنى چاقىپ:
«مەلىكەم قاشىغە چىقىپدۇر كېچە،
كەمەندى ئۈزۈلدى يانىپ كەلگۈچە.
يىقىلدى رەۋاقدىن، يارىلدى باشى،
جەراھەت بولۇپ ماڭلايىنىڭ قاشى.
بۇ سۆزدىن يۈرۈدۈك قىرق مىڭ چەرىك،
تۇتۇڭلار دېدى سىزنى ئاندا تىرىك.
بۇ ئىش بائىسىدىن كېلىپ مۇندا بىز،
بارىڭ ئادەمىيانىگىنە ئاندا سىز.
كى بارماسىڭىز بىز ئالىپ بارغۇلۇق،
جەفالار سالىپ سىزنى باغلاغۇلۇق.»
قىلىپ ئېردى سۆزنى ئەمىرگە بۇرەڭ،
قەبۇل بولمايىن، بولدىلار نەغمە چەڭ.
ئۇشۇل دەم بۇ لەشكەرگە بەردى شىكەست،
مەلىكەم يۈزىدىن ئەمىر بولدى پەست.
ئەمىر دېدىلەر: «دادىڭىزنى ۋەلى،
خۇب ئېرمەس بۇ ئەسنادا بەرسەم ھەلى.
ئايىتغىل بارىپ شاھغە ئۇشبۇ رەڭ،
كى تۇھمەتنى قارۇن ياساپدۇر، كۆرەڭ.
كى مەن ئەمدى بارماسمە بارۇ تىرىك،
ئەگەر كەلسە قاشىمغە يۈزمىڭ چەرىك.»
بۇ سۆزدىن يانىپ پادىشاھ قاشىغە،
ئايىتتى جەفا كەلگەنىن باشىغە.
دېدىكىم: «غەلەت ئۇشبۇ قارۇن سۆزى،
ئانىڭ تازەدۇر ھەم پېشانە يۈزى.
كى يالغانىنى قارۇن قىلىپدۇر ھەۋەس،
ئايىتغان نىشانەسى مەئلۇم ئەمەس.»
دەپ ئېردى، ھەرامزادە بەختەك يانا،
قوپۇپ دېدى: «ئەي پادىشاھى پەنا.
بۇ ئىشلار خاجە ئۆمرى دېگەنىنىڭ ئىشى،
ئىبەرمەك كېرەك ئەمدى يۈزمىڭ كىشى.»
ئۇشۇل دەم يىغىپ توقسان ئۈچمىڭ چەرىك،
دېدىكىم: «ئەرەبىنى تۇتۇپ كەل تىرىك.»
قۇباد ئەردەشىرنى مۇڭا باش قىلىپ،
ئىبەردى قارى بولسە ھەم ياش قىلىپ.
قىلىپ ئەردەشىر مەسلەھەت رەڭ-بەرەڭ،
بۇ لەشكە ئەمىرگە يېتىپ قىلدى جەڭ.
چەرىكنى ئەمىر شىردەك سوقتىلار،
قۇباد ئەردەشىرنى تىرىك تۇتتىلار.
ۋەلې بەئزەسى چۆل بىلەن يول ئاچىپ،
مەدايىنغە يۈردى بۇ جەڭدىن قاچىپ.
ئەمىر تۇتتى قوغلاپ بۇلارنى ئارىغ،
بولۇر ئېردى قورقۇپ ۋۇجۇدى سارىغ.
ئەمىر ھەم بۇلارغە پېشانەسىنى،
پېشانە جەراھەت نىشانەسىنى؛
ۋەلې كۆرسەتىپ ئانچە تەفتىش بىلە،
كى ياندۇردىلار كۆپ نەۋازىش بىلە.
كېلىپ دېدى نۇشىرەۋانغە بۇ رەڭ:
«تەھەمتەن ئىكەن، سىز ئانى بىر كۆرەڭ.
بۇ سۆزلەرى ھەم بارچە يالغان ئىكەن،
دېدىكىم، قۇرۇغ سۆزگە قالغان ئىكەن.

مۇڭا دېدى بەختەك: «بۇ يالغان ئەمەس،
كى قورقۇپ قىلادۇركى مۇنداق ھەۋەس.
ئاڭا ئەمدى لەشكەر تولا بۇيرۇماق،
كى ئۆلتۆرمەيىن ئەمدى تىنماس قۇلاق.
بۇ كۆنلەردە ئول قىلدى مۇنداق ئويۇن،
كى بۇندىن كېيىن بىزگە بەرمەس بويۇن.»
بۇلارنىڭ بۇ سۆز بىرلە ئېردى ئىشى،
كىرىپ كەلدى تۆزدىن ياساۋۇل كىشى.
ياساۋۇل كىرىپ دېدى: «ئەي شەھرىيار،
كى ئۇمرۇڭ ئۇزۇن، دەۋلەتىڭ بولسۇ يار.
بولۇپ ئۆزگە ھىندۇ ئېلىنىڭ ئىشى،
كېلىپدۇر شەھال شاھدىن بىر كىشى.
كى ئەلچى ئىجازەت تىلەيدۇر تۇرۇپ،
غەزەب ھەم قىلادۇركى بىزنى ئۇرۇپ.»
ئىجازەت بېرىپ شاھى ئالي جەناب،
كىرىپ كەلدى ھىندۇ دېگەن سەرۋى خاب.
كى نۇشىرەۋانغە تۇتۇپ نامەنى،
ئىشتىسە بۇ مەزمۇنى ھەڭگامەنى.
پىتىپدۇركى: «مەنكى شەھال شاھدىن،
ساڭا ئەرز بۇ جۇملە گۇمراھدىن.
ئاغامنىڭكى ئوغلى خۇرۇج ئەيلەدى،
مېنىڭ تەختۇ- بەختىمگە ھەم ئوغرادى.
كى ئون بەش شەھەرنى ئالىپ تاپتى يول،
شەھەر خەلقىنى ھەق پەرەست قىلدى ئول.
كى ئەمدى سەرەندۇبنى ھەم ئالغۇدەك،
كىشى يوق ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلغۇدەك.
زەبەر دەست بەھادۇر ئاتى لەندۇھۇر،
ئانىڭدەك كىشى قىلماس ئەمدى زۇھۇر.
كى مەھكەم قىلىپ مەنمۇ دەرۋازەنى،
ئىبەردىم ساڭا نامە ئاغازىنى.
كېلىپ قىلغۇچە بىزنى ئول بىر ئورۇن،
كى لەشكەر ئىبەرگىل ئانىڭدىن بۇرۇن.»
پىتىپدۇر يانا كۆپ دۇئايۇ سەلام،
بۇ سۆزلەر بىلە نامە بولدى تەمام.
كى ئەلقىسسە، بۇ ۋەقت ئېردى بۇ رەڭ،

بۇلار قىلمىش ئېردى ئەمىر بىرلە جەڭ.
ئەمىرنىڭكى غەۋغاسى ئېردى بەلەند،
مۇڭا پادىشاھ ئېردى كۆپ دەردمەند،
كى باقماس ئىدى خاجە جۇمھۇرىغە،
سۆزى ئالماس ئېردىكى مەئزۇرىغە.
قىلىپ بەر تەرەف ئاشنالىقنى ھەم،
خاجەزادەگە قىلماس ئېردى كەرەم.
كى نۇشىرەۋان ئەلچىگە سالدى كۆز،
كېلىپ لەندۇھۇر سارىدىن سوردى سۆز.
دېدى: «لەندۇھۇر ئول نە تۆرلۈك كىشى،
ئانىڭ پەھلەۋانلىقدا بار نې ئىشى؟
كېلىپ مۇنچە شەھرىمنى يالغۇز چاپىپ،
كى ئۆلتۆردى قويماي كىشىمنى تاپىپ.»
قوپۇپ دېدى ئەلچى: «ئاڭا قىلمە ئۇن،
نې دەر ئېردى ئول بىر بەھادۇر پۈتۈن.
زەبەردەست ئانىڭ نەچچە گەز بازۇسى،
كى مىڭ پاتمان ئېرمىش يەنە گۇرزەسى.
ئانىڭ قەددى چوڭ ھەم بەغايەت ئۇزۇن،
كىيەر جۇببە جەۋشەن ئەدەددىن فۇزۇن.
سەرى كېپتىدا تاغ كىچىك قاشىدا،
مۇناردەك دۇبۇلغا ئېرۇر باشىدا
كى ئون يەتتە گەز خەنجەرى دەستەسى،
چىقار ئون غۇلاچ تىغىنىڭ ھەسسەسى.
بىلىگە قىسىپ قارقەرە بىر قۇچاق
ئۇمۇد- نەيزە، ئىلكدە شەمشىر پىچاق.
ئون ئۈچ كۆنگۈرەدۇر دۇبۇلغاسىدا،
ئاساردۇركى گەۋھەرنى توغراسىدا.
ئاسىپ ئۆيلە بىنسىلغ قىلىچنى بۆلەك،
ئانىڭ ھەيبەتىدىن يارىلمىش يۈرەك.
يۈدۈپ ئۆشنىدە گۇرزەنى غاقىراپ،
ئانى كۆرسە ئاي- كۈن قاچار پاقىراپ.
بۇ يەڭلىغ ھەرىق بىرلە ئول قىلسە جەڭ،
كى دىۋ ھەم بولالماس ئانىڭ بىرلە تەڭ.
بەرابەر ئەمەس ھىچ دىلاۋەر ئاڭا،
كىشى يوق جەھاندا بەرابەر ئاڭا.»
قىلىپ ئەلچى شاھغە بۇ سۆزلەرنى ھەم،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كى نۇشىرەۋان سارى يۈزلەندى غەم.
دېدى: «لەندۇھۇر بولسە، بىلسەك ئىدى،
ۋەيا سۇرەتى بولسە، كۆرمەك ئىدى.
كى ئاندىن بەرابەر ئاڭا پەھلەۋان،
ئىبەرگەي ئانىڭ جەڭگە بىگۇمان.»
دېدى ئەلچى: «ئەي پادىشاھى ئەجەم،
كى باردۇر ئانىڭ سۇرەتى مەندە ھەم.
ۋەلې قويسەلەر تەختەنى تاشقارى،
كى تۇرسۇن تەمامى خەلايىق نارى.»
قويۇپ تەختەنى تاشقارى شول زەمان،
چىقىپ شەھ خەلايىق يىغىلدى ھەمان.
ئاچىپ ئەلچى بىر ساندۇقىنى ھەمە،
كىگىز بىرلە كەلتۈردىلەر بىر نېمە.
كېلىپ شاھنىڭ ئالدىدا ئاچتى بۇ،
ئاچىپ سۇرەتىنى قويۇپ قاچتى بۇ.
يىقىلدى كۆرۈپ شاھ پايتەختىدىن،
بولۇپ قالدى بىخۇد كېتىپ ئەقلىدىن.
ۋە بەئزى خەلايىق كۆزىنى يۇمۇپ،
ۋەلې قالدى بەئزى خەلايىق ئۆلۈپ.
كى تىترەشكە ئالدى كۆرۈپ بەئزەسى،
ئۆلۈمدىن يامان بولدى غەم ـ غۇسسەسى.
قىلىپ خاجە جۇمھۇر ئىشارەت بۇ ھال،
دېدى ئەلچىگە: «قوپ، بۇ سۆرەتنى ئال.»
يىغىپ ئالدى سۇرەتنى ئەلچى ھەمان،
ئالىپ كىردى شەھنى مەكانى سويان.
سېپىپ خاجە شەھنىڭ يۈزىگە گۇلاب،
ياتىپ شاھ بىردەم، كۆز ئاچتى قاراپ.
دېدى: «بۇ نېمە، بۇ نە يەگلىغ بەلا،
مۇنى كۆرسە يوق ئەسلى جانغە ئارا؟»
دېدى ئەلچى: «بۇ سۇرەتىدۇر ئانىڭ،
مۇبادا ئانى كۆرسە تۇرماس جانىڭ.»
باقىپ شەھ ئۇشۇل دەم ئەمىرلەر سويان،
دېدىلەركى: «بولغايمۇ بىر پەھلەۋان؟
بارىپ قىلسە ھەركىم ئانىڭ بىرلە جەڭ،
قىلاي مەن ئانىڭ بىرلە شەھلىقنى تەڭ.»

بۇ يەگلىغ دېدى ئۈچ قېتىم قىچقىرىپ،
كى ئۈن قىلمادىلار بەھانە قىلىپ.
كى يوق جەڭگە بارماقغە لايىق كىشى،
ۋەلې شاھنىڭ مۇشكىل ئولدى ئىشى.
باقىپ خاجە جۇمھۇرغە ئۇشبۇ ھال،
دېدى :«مەسلىھەت قىل، مۇنى يولغە سال.»
دېدى خاجە ھەم: «بىلمەگۈمدۇر بۇ ئىش،
بارۇر ئېردىمۇ كەلسە قولدىن چىلىش.
مېنى ئەلچىلىككە ئىبەرسەڭ، باراي،
ۋەيا تالىئىم باق دېسەڭ، رەم سالاي.»
دېدى شەھ: «مېنىڭ بولسا مۇشكىل ئىشىم،
يوق ئېردى يەنە سەندىن ئۆزگە كىشىم.
بۇ ۋەقتىغىچە بولسە بىزگە رەقىب،
كى ئىش قىلمىش ئېردىم سۆزۈڭگە باقىپ،
قىلىڭ ئۇشبۇ ئىشنىڭكى تەدبىرىنى،»
ۋە لېكىن كۆڭۈلنىڭكى دىلگىرىنى.»
تۈشۈپ پايگاھغە خاجە ئۇشبۇ ھال،
دېدى شاھغە: «قىلمە مۇنداغ خەيال.
تاپىپ ئېردىمۇ خىزمەتىڭغە كىشى،
كۆرۈندى يامان سىزگە ئانىڭ ئىشى.
سېنىڭ خىزمەتىڭدە ئاتار ئېردى ئوق،
ئۇشۇل دۈشمەنىڭنى قىلۇر ئېردى يوق.
ئاڭا دېدى تۇھمەت قىلىپ كۆكنى ئاق،
ئانى قىلدىلار ئالدىڭىزدىن يىراق.»
دېدى شەھ: «ئانىڭ يەتمەس ئېردى كۈچى،
كېلۇر ھەم زىيادە قولىنىڭ ئۈچى.»
دېدى شەھ: «ئەگەر بولسە ئانداغ ۋەلې،
قىزىمنى بېرەيىن ئاڭا مەن ھەلى.
ئانىڭ بىرلە بەدنامغە قالدى ھەم،
كېلىپ ئول بۇ خىزمەتكە قويسۇن قەدەم.
ماڭا بەرسۇ ھەم سۈت بەھاسىنى ئول،
كېسىپ لەندۇھۇرنىڭكى باشىنى ئول.»
بۇ سۆزگە بولۇپ خاجە ھەم شادىمان،
كى بولدى ئەمىر قاشلارىغە رەۋان،
ئەمىر كۆردىلەر خاجەنى ئۇشبۇ ھال،

کی یىغلاپ قوپۇپ تۇردىلار دەرمەھال.
دېدى خاجە ھەم: «یىغلامالىڭ، ئەي ئەزىز،
كىشىگە بۇ كۆنلەردە ئاشىقمۇ سىز؟
ئەجەبدۇر بۇ ئىش ئىشقىنى تاشلاماق،
بولۇرمۇ كىشى مەئشۇقىدىن يىراق؟»
ئەمىر دېدى: «ھالا بۇلۇپدۇر نە ئىش،
ۋەلې سىزلەگە كەلدى نې سەرزەنىش؟»
خاجە دېدىلەركى: «بۇ ئۆتكەن زەمان.
چىقىپ ھىندۇدىن بىر ئۇلۇغ پەھلەۋان،
خۇرۇج ئەيلەگەي مىلك شەھەرنى چاپىپ،
کی ئىسلام ئاچىپدۇر جۇھۇدنى تاپىپ.
ئۆزى ھەم مۇسۇلمان ئىمىش زاتلىغ،
بەھادۇر ئىمىش لەندۇھۇر ئاتلىغ.
مۇسەخخەر قىلىپ ھىند ئېلىنى بۇ دەم،
بۇ كۆندە سەرەندۇبغە قويمىش قەدەم.
شەھال شاھ قورقۇپ ۋەلې باشىدىن،
کی بىر ئەلچى كەلدى ئانىڭ قاشىدىن.
ئىبەرمەككە ئاندا تاپالماي كىشى،
کی شەھنىڭكى دىشۋار بولدى ئىشى.
دېدىم شاھغە سىزنى مەن ئۇشبۇ رەڭ،
ئەگەر بولسە ئول، خۇش قىلۇر ئېردى جەڭ.
دېدى شەھ: ‹بۇ ئىشلارنى قىلسە نىجات،
بېرىپ ھەم قىزىمنى قىلاي ئىلتىفات.›
ئاڭا ئاڭلاتىپ پادىشاھنىڭ سۆزى،
ۋەلې قىزنى بەرمەكچى بولدى ئۆزى.
ۋە لېكىن بۇ سۆزلەردە يوقتۇر گۇمان،
مۇڭا قىلدى شەھ ئەھدىنى ئانچۇنان.»
ئەمىر دېدى يىغلاپ: «مېنىڭدەك گەدا
ئانىڭ ئىشقىدا بولسۇ جانىم فىدا.»
ئەمىر بولدىلار ئول زەمان كامىران،
ئۇشۇل دەم مەداينىغە بولدى رەۋان.
يېتىپ شادكام كۆبرۈكى باشىغە،
تۈشۈپ، ئەرتەسى كىردى شەھ قاشىغە.
قۇچۇپ شەھ ئەمىرنى، كۆرۈشتى كېلىپ،
کی ئولتۇردى ئاندىن يانىغە ئالىپ.

كېلىپ شەھ ئەمىرگە يۈزىنى ئاچىپ،
دېدى: «بىئىجازەت كېتىپسىز قاچىپ.»
ئەمىر دېدى: «ئەي شەھرىيار جەھان،
ۋەلې ئالداراپ رۇخسەت ئالماي ھەمان.
يېتىپ ئېردىمۇ مەككەگە تېزۇ تۇن،
يانا ھۆكمىڭىز يەتتى، كەلدىم بۇ كۈن.»
دېدىكىم بۇ سۆزنى ئەمىرگە بېقىپ:
«كى پەيدا بولۇپدۇر ماڭا بىر رەقىب.
يانا سىزنى يالغانچى بەدبەختلەر،
کی بەدنامۇ تۇھمەت قىلىپ چاقتىلەر.
ئۇشۇل دۇشمەنىمنى ئەگەر سىز بارىپ،
تۇتۇپ كەلسەڭىز ئانى مۇندا ئالىپ.
قىزىمنى بېرەي ئەمدى بىئىختىيار،
ۋەلې بولدى سىزنىڭكى مېھرىنىگار.»
ئەمىر تۇردى تەئزىم قىلىپ دەرمەھال،
کی بەختەك بولۇپ قالدى بۇ ئىشغە لال.
چىقىپ تاشقارىغە خەلايىق قاچىپ،
بۇ سۇرەتنى قويدى ئەمىرگە ئاچىپ.
ئەمىر زوق قىلدى كۆرۈپ ئانچۇنان،
دېدى: «مەن ئانى بىر كۆرەي ئول زەمان.»
ئەمىر دېدى: «بىر كۆرمەكى بار ئىكەن،
بۇ سۇرەت ئانىڭ بولسە، ئول غار ئىكەن.»
يەنە شەھ بۇ سۇرەتنى كۆرگەن زەمان،
تۇتۇپ ئالدى تىترەپ كۆزىنى ھەمان.
سارىغ بولدى جىسمى، يەنە بولدى ئاق،
ئۇشۇل دەم بۇ سۇرەتنى قىلدى يىراق.
خاجە قوپتى جابدۇغ ياراغى ئۈچۈن،
بۇ جەڭنىڭ سەلاھى ياراغى ئۈچۈن.
ئەمىر چىقتىلار لەشكەرىگە يانىپ،
مەلىكە ئۈچۈن يىغلادى يادلانىپ.
ئوقۇپ بۇ رۇبائىنى شاھى كەرەم،
دېدى: «تارتادۇرمەن سېنى دەپ ئەلەم.
فىراقىڭدا باغلاپ بېلىمگە كەمەر،
يۈرۈرمەن ۋىسالىڭ ئۈچۈن دەربەدەر،
کی سەن بىخەبەر، مەن چېكىپ دەردۇ ئاھ،

www.uyghurkitap.com

فىغان ئاھۇ ئەفغانۇ شامۇ سەباھ.»
قىلىپ ئۇشبۇ سۆزلەرنى ئول شەھرىيار،
فىراقىدا يىغلاپ ئىدى زار - زار.
خاجە ئۆمەرى بۇ سۆزگە قىلىپ مەسلەھەت،
دېدى: «خاجە جۇمھۇرغە بۇ سىفەت.
ئەمىر دېدى بارمايدۇمەن ھىندۇگە،
ئەمەس خۇش ئانىڭ كۆڭلى بۇ ۋەئدەگە.
‹نە يەڭلىغ ئىكەن پادىشاھنىڭ قىزى،
چىرايلىغمۇ، قورقلاغمۇ، قايداغ يۈزى.
بۇ قىزنى ئۆزۈم كۆرمەسەم كۆز بىلەن،
كى بارمايدۇمەن› دەيدۇ بۇ سۆز بىلەن.»
دېدى خاجە: «بۇ قىزنى كۆرمەيمىكەن،
ئەمىرگە بۇ سۆز راستى بەدنام ئىكەن.»
يانا دېدىكىم: «ئەي خاجە ئۆمەرى بۇ ھال،
كى سىزنىڭكى ئەمما ئېرۇر بۇ خەيال.»
كۈلۈپ خاجە بۇ ئىشغە ئەيلەپ پىسەند،
دېدى: «قىلدىڭىز خۇپ مېنى ياخشى فەند.
بۇ سۆزنى دەيىن مەن بارىپ شاھغە،
يانا ئاڭلاتىپ جۇملە گۇمراھغە.
كىرىپ شاھنىڭ قاشىغە ۋەقتى شام،
خاجە ئۇشبۇ سۆزلەرنى قىلدى تەمام.
دېدىلەر: «ئەبۇلئالىنىڭ مەيلى يوق،
بۇ جەڭگە ئانىڭ بارغۇدەك زەيلى يوق.
ئول ئايتۇر ئىمىش ‹قىزنى كۆرمەي كۆزۈم،
بۇ خىزمەتكە قايتۇرماغايمەن يۈزۈم.
قىسە، ساغرۇمۇ يا چولاق تازمىكى،
كۆزى كۆك، قاشى ئاق، ساچى ئازمىكى؟›»
بۇ سۆزدە تەرەددۇدغە قالغان ئىمىش،
كى يوقتۇر ئانىڭ ئېھتىمالى بارىش.»
دېدى شاھ: «ئانىڭ كۆرمەگەن راست ئىكەن،
قىزىمنى كۆرۈپ بىلمەگەن راست ئىكەن.
ئاڭا كۆرسەتىڭ، راست كۆرسۇن كۆزى،
كۆرۈپ بارسۇ خىزمەتكە ئالدىن ئۆزى.
كى يالغانۇ بۇھتان قىلىپدۇر رەقىب،
ئۆز قىلدى، بۇ قىلدى دېدىلەر چاقىپ.

كى ئەمدى قىزىمنى بېرۇرمەن ئاڭا،
كى ئاڭلاتماسۇن ھەرنى قىلسا ماڭا.»
دېدى شاھ: «مەلامەت قىلۇرمۇ كىشى؟»
دېدى خاجە: «بولماس كىشىنىڭ ئىشى.
شىكارغا چىقىپ تاڭلا جاڭگال سويان،
بولۇپ بىخەتەر ئاندا قىلساق ئويان.
كى بىز ئاڭلاماسلىققا سالساق يۈرۈپ،
مەلىكەمنى شول ۋەقت چىقسۇن كۆرۈپ.»
دېدى ئىناگەسىنى: «ئۆيدە ياتىڭ،
قىزىمنى ئەمىر كەلسە، سىز كۆرسەتىڭ.»
كى ئاتلاندى شەھ تاڭلاسى ئۇشبۇرەك،
كى چىرلاپ ئەمىرنى دېدى: «قىز كۆرەك.»
قولىنى ئەمىرنىڭ قولىغا بېرىپ،
دېدىكىم خاجە ئۆمەرى بۇ يەرگە كېلىپ:
«بۇ قىزنىڭ بار ئوخشايدۇر ئەيبى نېمە،
يوشۇرمىشلارۇ پەردە تارتىپ ھەمە؟»
كۈلۈشتى تەمامى خاتۇنلار بىرۇق،
كى ئاندىن ئاچىپ پەردەنى قىلدى يوق.
ئەمىر بۇ مەلىكەم بىلەن مۇڭداشىپ،
يانىپ چىقتى خۇفتەن بىلەن خۇبلاشىپ.
يانىپ تۇشتى ھەم شەھ شىكاردىن ئۇ كۈن،
خاجە ئېزتىراب ئەيلەدى تىزۇ تۈن.
كى جايدۇغىنى راست ئەيلەپ ھەمان،
ئەمىر قاشىغە كەلدىلەر شول زەمان.
بېرىپ يول يارائىنى خۇبلاشتىلار،
ھەمە ئۆز مەكانىغە تارقاشتىلار.
خاجە قويىندىن ئىككى ياغلىق ئالىپ،
بۇ ياغلىقنى تۇتتى ئەمىرگە كىرىپ.
يۈزىنى ئەمىر ئەرتىپ ئېردى ھەمان،
يىقىلدى ھوشىدىن كېتىپ شول زەمان.
خاجە ئۆمەرى يوق ئېردى ئانىڭ قاشىدا،
كى مۇقبىل بار ئېردى ئانىڭ باشىدا.
كى دەرھال قوپۇپ خاجە جۇمھۇر بۇ رەك،
ئەمىرنىڭ بارىپ چەپ يانىنى، كۆرەك،
قويۇپ ئاندا ئاھىستە شاھ مۇھرىنى،

تېكىپ سۇرتىبان قويدى ئۈچ قالىنى.
كى ئايرىلدى زەخمى ئوشۇل دەم يانا،
مۇنى دېدى مۇقبىل ئاھستەغىنا.
دېدى: «بۇ نېمە كىزكار چاغدا،
كى لازىم بولۇر، قالساڭىز داغدا.
سېنى سوقماغۇنچە كىشى قىرق تاياق،
مۇنى ئايماغىل، تۇت ئۆزۈڭدىن يىراق.»
ئەمىرنى يانا كەلتۈرۈپ ھالىغە،
ۋەلي خۇبلاشىپ ياندى ئۆز كارىغە.
ئەمىر پادىشاھدىن ئىجازەت ئالىپ،
كى ئىنئامنى بىنىھايەت ئالىپ.
چىقىپ يۈردىلەر ھىندۇ شەھرى سويان،
سوراز ئېردى گاھى بۇلار: «يول قايان؟»
كى دەر يالەبىگە كېلىپ تۈشتىلەر،
كى ئارام ئالىپ قانچە سۇ ئىچتىلەر،
ئوشۇل دەم بۇ دەرياغە سالدى كېمە،
كى تۇرماي كىرىپ كەتتى لەشكەر ھەمە.
يۈرۈپ، سۇ ئىچىدە بۇلار تىزۇ تۈن،
بۇ يەڭلىغ يۈرۈپ، بولدى ئون يەتتە كۈن.
ئۆتۈپ كېمەدىن ئۈشبۇ لەشكەر ھەمە،
يەنە لازىم ئولدى يوغانىراق كېمە.
يېتىپ كەلدىلەر بىر شەھەرگە ھەلى،
ئىدى كېمەچى بۇ شەھەرنىڭ ئېلى.
كى مۇقبىلغە ئەمىر ئەيتتىلەر شول زەمان،
«شەھەرگە كىرىپ، كېمە كەلتۈر» دەبان.
كى مۇقبىل شەھەرگە كىرىپ ئوردىغە،
بارىپ تۇردىلار شاھنىڭ ئالدىغە.
كى بەختەك لەئىننىڭ كېلىپ نامەسى،
بۇ مەزمۇنەدە ئېردى ھەڭگامەسى:
«ئەرەبلەرغە بەرمەگىلەر ھەرگىز كېمە،
قىلىپ جەڭ ئانى ئۆلتۈرۈگىلەر ھەمە.»
دېدى خاجە مۇقبىلنى: «سەن نېمە جان،
نە يەردىن كېلۇرسەن، مەكانىڭ قايان؟»
ئايىتتىكى مۇقبىل ئاڭا بۇ جەۋاب:
«ئىبەردى مېنى شاھى ئالي جەناب.

مەدايىن تەرەفدىن كېلۇرمەن بۇ دەم،
چىقىپ ھىند شەھرىگە قويدۇم قەدەم
مېنى سەن خەيال قىلمە، ئول، بول دېمە،
ساڭا شاھنىڭ يارلىقى بىر كېمە»
دېدى پادىشاھ «شەرتىمىز باردۇر،
ئانى قىلساڭىز، كېمە تەيياردۇر.
ئەگەر چالسە بەربەتنى ھەركىم رەۋان،
بىرۇرمىز ئاڭا بىر كېمە شول زەمان.
چالالماي ئانى قىلسە ھەركىم سۇخەن،
پۇتىدىن ئاسارمەن قىلىپ يۈز تۈبەن.»
بۇ ئىشلارغە مۇقبىل ئەجەب بولدى تەڭ،
دېدى كۆڭلىدە فىكر ئەيلەپ بۇ رەڭ.
«مۇڭا بولسە خاجە ئۈمرى ئۈمدان ئىكەن.
نېچۈك نەغمە، ئىكەن بۇ بەربەت دېگەن؟»
دېدى ئاقىبەت: «مۇندا كەلگىل ئالىپ،
بۇ بەربەت دېگەننى باقاي بىر چالىپ.»
ئالىپ چىقتى بۇ ئەل كىرىپ بىر قازان،
ئانىڭ تۆرت قۇلاغىدا تۆرت يۈزچە نان.
چالا چۇچۇتىپ قانچە، زارغۇن ياغى،
سالىپدۇر ئاڭا پۇرچاق ئۈننى قەۋى.
كى تۆرت چارەك ئېردى بۇ پۇرچاق ئۈنى،
دېدى خاجە مۇقبىلگە: «ئىچكىل مۇنى.»
دېدى خاجە مۇقبىل: «نې ھەيھاتدۇر،
مۇنى يەپ سىڭۇرمەك نېچۈك زاتدۇر.
كى مەن ئالتە مىسقالدىن يەرمەن تەئام،
مۇنىڭدىن تولا ھەزم بولماس مۇدام.
بۇ سۆزلەرنى قويغىل، ماڭا كېمە بەر،
مۇنى ھەيۋان ئىچمەس، نېچۈك زات يەر؟»
بۇ ئەل خاجە مۇقبىلنى تۇتتى باسىپ،
قىلىپ قويدى مەھكەم پۇتىدىن ئاسىپ.
ئەمىر ئولتۇرۇپ ئېردى ئەيلەپ خەيال،
دېدىلەركى: «مۇقبىلغە بولدى ھەيال.
خاجە ئۈمرىنى بۇيرۇدىلار ئەمىر،
ئالىپ چىق كېمە، ئەيلەسەن زىر-زىر»
رەۋان بولدى خاجە مۇئەللەق تۇرۇپ!

www.uyghurkitap.com



شەھەر خەلقى قالدىلار ھەيران كۆرۈپ.
ئاسپىدۇر كىرىپ كۆردى مۇقبىلنى،
خاجە ئۇمرى دېدى: «نېمە ئەتتىڭ مۇنى؟»
دېدىلەركى: «بەربەت چالالمادى بۇ،
ئانى چالماغاننىڭ جەزاسى شۇبۇ.
بېرۇرمىز كېمە، سەنمۇ چالساڭ مۇنى،
يوق ئېرسە ئاسارمىز يانىدا سېنى.»
خاجە ئۇمرى كۈلۈپ دېدى: «ئەي سادەلەر،
ئىشىت نەغمەنى مەندىن، ئەي مادەلەر.
ئەگەر چالماسام مۇندا بەربەتنى ھەم،
ئىشىتكىل مانا نەغمەلەرنى بۇ دەم.»
دەبان ئېرغانىپ ئېردى بىر ناز ئىلە،
بۇ ئۈيىنىڭ ئىچى تولدى ئاۋاز ئىلە.
قازاننى ئالىپ چىقتى ئەۋۋەلقى ھال،
كۆرۈپ خاجە ئۇمرى مۇنى بولدى لال.
دېدى خاجە ئۇمرى: «ماڭا بەر كېمە،
مۇنى ئىت ئىچەلمەس، قىلمۇرلار نېمە؟»
بۇ ئەل ئۇلاشىپ تۇتتى بەرمەي ئەمان،
ئاسىپ قويدى مۇقبىل بىلەن شول زەمان.
بۇلارنى «ئەجايىب ھەيال بولدى» دەپ،
بۇ ئىشدىن ئەمىركىم بولۇپ دەر غەزەب.
ئۇمەر مەئدىنى بۇيرۇدى: «سەن كىرىپ،
ئالىپ چىق. بۇ ئەلنىڭ جەزاسىن بېرىپ.»
ئۇمەر مەئدى كىردى شەھەرگە رەۋان،
بۇلارنى كۆرۈپ، بۇ خەلايىق يامان.
دېدى: «نېگە ئاستىڭ بۇلارنى بۇرەڭ،
قىلاي مەن سېنىڭ بىرلە بىر سەخت جەڭ».
دېدىلەر بۇ ئەل: «بار ئىدى شەرتىمىز،
بېرەي كېمە بەربەتنى سىز چالسىڭىز.
چالالمادى بەربەتنى، ئاستۇق بۇ دەم،
ئاسارمىز چالالماسىڭىز سىزنى ھەم.
ئۇمەر مەئدىنىڭ باشىدىن كەتتى ھۇش،
قىلىپ كۆڭلىدە نالە - ئەفغان خۇرۇش.
«ئەگەر بەتنى بىلمەس خاجە ئۇمرى چالىش،
ئانىڭ ئالدىدا مەن قىلمۇرمەن نە ئىش.»

ئۇمەر مەئدى ئايتتى: «ئالىپ كەل شۇنى،
نېچۈكدىن چالالماس كۆرەرسەن ئانى؟»
ئالىپ كەلدىلەر ئۇشبۇ ئۇن بىرلە ياغ.
ئۇمەر مەئدى كۆردى بولۇپ باغ - باغ.
دېدىكىم: «شېشىڭلار بۇلارنى ھەلى،
چالاي ئۇشبۇ بەربەتنى مەن بىر يولى.
تاپىلماس جەھاندا ماڭا بۇ ھۈنەر،
ۋەلې بولسە بەربەت ماڭا قانچە بەر.»
بۇ نانلار بىلەن ئۇننى بىر تارتتى دەم،
دېدى: «كەلتۈرۈڭلار، يەنە بولسە ھەم.»
بۇ ئەھمەق خەلايىق مۇنى ئاڭلاماي،
مۇنىڭ ئىشتەھاسىنى ھەم چاغلاماي.
قازان ئىچرە بىر غەلبىر ئۇننى سالىپ،
بۇ ئۇنلارغە زاغۇن ياغىنى مالىپ.
بۇ ئۇنغە چىلاپ ئالتە يۈز نان داغى،
قويۇپ يەتتە چارەكچە زاغۇن ياغى.
ئىچەلمەس دەر ئېردى مۇنى خالىدا،
كى قويدى ئۇمەر مەئدەنىڭ ئالدىدا.
قازانغە باشىنى سالىپ شىرى مەرد،
سۈمۈردى ئىكى، بارچە خەلق بولدى دەرد.
دېدى: «بارمۇدۇر يەنە بەربەت دېگەن،
چالاي، كەلتۈرۈڭلار، نە ئۇبدان ئىكەن.»
يەنە ئالتە غەلبىرچە ئۇننى چالىپ،
ئىچىگە مۇنىڭ يەتتە يۈز نان سالىپ،
چۈچۈتكەن چالا ئالتە چارەكچە ياغ،
مۇڭا قويدى بۇ ئەل بولۇپ بىدىماغ.
ئۇمەر مەئدى كۆردى بۇلارنى تەمام،
كى بىر تارتتى دەم، قالمادى ھېچ تەئام.
بۇ ئەلنىڭكى غەۋغاسى كۆكدىن ئاشىپ،
خاجە ئۇمرى، مۇقبىلنى قويدى شېشىپ.
ئۇمەر مەئدى دېدى بۇلارغە ھەمان:
«مېنى دەر ئىدىلەركى قارنى يامان
زىيان قىلدىمۇ قورساقىم چوڭلاقى؟
خەلاس ئەتتى سىزلەرنى بۇ ئوڭلاقى.»
بۇلار تارتتىلار مۇندا بىنھەد ئىزا،

چىقىپ كەتتى لەشكەرگە تارتماي غىزا.
ئۆمەر مەئدى ئەلگە دېدى: «كەلتۈرۈك،
چالاي بولسە بەربەتنى، سىزلەر كۆرۈك.»
دېدى بۇ خەلايىق: «يەنە قالمادى،
كى سىزدىن بۆلەك هېچ كىشى چالمادى.»
دېدى پەهلەۋان: «مەن چالىپ قانمادىم،
تاپىپ كەل، قونارمەن، بۇكۈن يانمادىم.»
قويۇپ مېۋەلەر ئالدىدا رەڭ بەرەڭ،
كى ئۇن قوي ئاشى بىرلە نان ئۇن تەبەڭ.
سالىغ سالدى بەقباللارغە يانا،
باشى ئالمە، ئارمۇت، ئاياغى ئانا.
كى قىلدى بۇ دەم ئۇن تاغارچە يېمىش،
مۇنى پەهلەۋان بىر زەماندە يېمىش.
تەمام ئاشۇ ناننى، يېمىش تا يېدى،
خىجالەت بولۇپ: «ئارام ئالدىم» دېدى.
دېدى: «مەن ياتاي يالغۇزۇ ئېچكەرى،
هەمىڭلار ياتىڭلار چىقىپ تاشقارى.
كېشى قاشىدا ئۇيقۇ كەلمەس ماڭا
كېچە بولسە ئادەم قاتىلماس ماڭا.»
تەمام ئەلنى ئۆيدىن چىقاردى بۇدەم،
بۇ بەقباللانى خاتۇنى بىرلە هەم.
ئېشىكنى ياپىپ كىردى قازناق سويان،
ئۇن ئۆيدە يېمىش بار ئىدى ئانچۇنان.
ئۆيىدە تورۇس بىرلە ئىردى گۈلى،
بىرىدە قۇروغ مېۋە بىردە ئۆلى.
بىر ئۆيدە چىلان بىرلە ئېردى ياڭاق،
بىر ئۆيدە پىستىنگان بىلە جىگدە ـ قاق.
بىر ئۆيدە ئىدى چالا پىشقان ئۆرۈك،
ئۆلۇر ئېردى خاتۇنلا بولسە يۈرۈك.
بىر ئۆيدە بار ئېردى خۇبانە گۈلى،
ئېتىپ يەر ئىدىلەر خاتۇنلار چۆلى.
بىر ئۆيدە تەمام ئاش گۈلى هۆل ـ قۇرۇغ،
باشى لويلا پۇرچاق، ئاياغى ئۇرۇغ.
ئۈزۈم، نەشپۈتى، ئالمە، ئارمۇت ئانا،
بار ئېردى يەنە مېۋە چەندان يانا.

بۇ كېچە تەمام يەپ تېخى تويمادى،
بۇ ئۇن ئۆيدە هېچ مېۋەنى قويمادى.
بۇ رەڭ مېۋەدىن قالمادى بىر بىتەر،
بۇ بەققال فەقىر قايداق ئەۋقات ئېتەر.
باشى گوش، گۈرۈنج، ئارپە، بۇغداي، تارىغ،
تەئامنىڭ ۋۇجۇدىن تۆكەتتى ئارىغ.
تەمام نەرسەنى قورساقىغە تىقىپ،
ياتىپ ئېردى ئاخىر سارايغە چىقىپ.
تەقازا قىلىپ بىر زەمانغە يول،
ئېشىكنى تالادىن ئېتىپ ئېردى بول.
ئېشىك ئاچقۇسىنى نەچە ئىستەدى،
تالاغە چىقالماي پېشەب قىستادى.
قويۇپ ئىككى پۇتنى ئىكى تەكچەگە،
كى بول قىلدى ئانداغ قازاندەكچەگە.
كى ئىنجىقلابان بو يول ئالغان سارى،
چىقىپ شەرف چۇن كۆشى ئىسكەندەرى.
تولۇپ ئۆي ئىچى تامۇ تارۇسغىچە،
نىجاسەتدە تۇردى ئۆزى بۇ كېچە.
تاڭ ئاتغاندا بەققالنىڭ خاتۇنى،
ئېشىككە كېلىپ ئۇرغاتاي دەپ مۇنى.
قولىنى تىقىپ ئېردى كېلتانىغە،
مالىندى بۇ پوقنىڭكى چىيقانىغە.
ئېرىگە دېدى: «مۇندا ياغ بار ئىكەن،
سارىغ ياغنى كېلتاندا قويغان ئىكەن.
ئاچىپ ئېردى بەققال ئېشىكنى كېلىپ،
كى ئاقتىكى سەلدەك بۇلارنى ئالىپ.
جىلاۋخانەگە كەتتى پۇرلاپ بۇ پوق،
ئىچىدە قالىپ ئەر ـ خاتۇن بولدى يوق.
غۇلاچلار چاپىپ چىقتى مۇندىن ئاران،
ئىككۆيلەن يەنە كەلدى بۇ ئۆي سويان.
ئۆمەر مەئدى ئېشتانىنى قولغە ئالىپ،
بۇ بەققالنى ئىشتان يۇغالى سالىپ.
دېدى: «پوقلاغ ئۆيگە سولاپسەن مېنى،
ئىككەۋلەن يۇغىل ئەت ـ يانىمنى قانى.»
يۇدى خاتۇنى، سۇنى قويدى ئېرى،

www.uyghurkitap.com

قولىدا سەلاسى مۇجەررەدلەرى.

............

بۇ بەققال كېلىپ شەھىخە داد ئەيلەدى،
ئۆمەر مەئىدى قىلمىغانىنى ياد ئەيلەدى.
مۇنى ئاڭلابان شاھدىن كەتتى ھۇش،
بۇ بەققال قىلىپ ئانچە ئەفغان خۇرۇش:
كى دەرھال كېمە راسلاتىپ بەرمەدى،
ئۆمەر مەئىدى: «بۇكۈن قونارمەن» دېدى
تەمامى خەلايىق مۇڭا يالبارىپ،
مۇڭا ئىككى مىڭ مىسقال ئالتۇن بېرىپ.
كېمەنى ئالىپ چىقتى، مەئىدى كەرەب،
كېمەگە كىرىپ كەتتى شاھى ئەرەب.
بۇ سائەتدە بىر ئەژدەھا چىقتى ھەم،
كى تارتماققە تۇردى خەلايىقنى دەم.
كۆرۈپ يىغلاشىپ يولۇچىلار، بىر ئوق
ئالىپ خاجە مۇقبىل ئانى قىلدى يوق.
بارۇر ئېردى بىلمەس ئىدى يول قايان،
يېتىپ كەلدىلەر بىر جەزىرە سويان.
چىقىپ تۈشتىلەر بۇ ئىكەن ياخشى جاي،
پىشىپ مېۋەسى رەڭ بەرەڭ، ھاي-ھاي.
بەناگاھ خاجە ئۆمەرنى بىر يول باقىپ،
يېدى بارغۇچە يولدا ئاموت قاقىپ.
كى بىر ئولتۇرۇپدۇركى مەردى كەلان،
دېدى:«ئەي خاجە ئۆمەرى، كېلىڭ سىز بۇيان.
ماڭا نەچچە كۈن بولدى ئولتۇرغالى،
پوتۇم بولدى ئاجىز قەدەم ئۇرغالى.
ماڭا ئارزۇ ئۆز قولۇمچە بارىپ،
مېنى يۈدسەڭىز سىز، يېسەم مەن ئالىپ.»
يىنقىلدى چالىپ يەرگە ئۇ باشىنى،
چىقاردى كۆزىدىن غەرىب ياشىنى.
كېلىپ رەھمىسى بۇ ئالىپ بويىنىغە،
كۆتەردى سالىپ مېۋەنى قويىنىغە.
چىقىپ چاپلاشىپ رودەپاي بەككىنە،
تۇتۇپ باقىراتتى ئايىغدەككىنە.
كى ھەرچەند قىلدى خاجە ئۆمەرى تۇرۇپ،
ۋەلې ئاجراماييدۇركى، باقتى ئۇرۇپ.
تولا ئەردەك ئەمما بۇ جايىنىڭ ھەمە،
بۇ مەنزىل ئىدى رودەپايىنىڭ ھەمە،
ئەمىر لەشكەردىنى تەمامى بۇ ھال،
بۇ يەگىلىغ قىلىپ قىلدى رەسۋايى ھال.
ۋەبا بولدى ئول كۈن بۇ رەسۋاچىلىق،
كى چىقتى بۇرۇندىن فەرىقەۇ فەرىق.
كى ئاخىر خاجە ئۆمەرى تاتىپ ئاشىنى،
قاتىپ بەردى دارۇيى بەھۇشىنى.
خەلاس ئولدى تارتىپ بۇ يەگىلىغ ئەلەم،
ئەمىرگە بۇ ئىشلارنى ئاڭلاتتى ھەم.
تەمام پەھلەۋانلارنى ئاجراتتىلەر،
كىرىپ كېمەگە ھەم يۈرۈپ كەتتىلەر.
يەنە نەچچە كۈن سۇ ئىچىدە يۈرۈپ،
چىقىپ تۈشتى بىر مەنزىلىدىنى كۆرۈپ.
بەناگەھ خاجە ئۆمەر ئىبادەت ئۈچۈن،
بارىپ ئېردى غۇسلى تەھارەت ئۈچۈن،
كېلىپ ئىككى مايمۇن بۇ يەردىن تۇرۇپ،
مەكانىغە يەتكۈزدى بۇ قورقۇتۇپ.
بارىپ كۆردى بىر ئەر كىشىنى بۇ ھال،
ئانىڭدىن خاجە ئۆمەرى ۋەلې سوردى ھال.
دېدى ئول كىشى: «مەن بۇيەرلىك ئەمەس،
ماڭا نەچچە يىل بولدى يانىغىل دېمەس.»
خاجە ئۆمەرى ئىشارەتنى قىلدى باقىپ،
كى قىچقىردى ئاندىن تالاغە چىقىپ.
كى مايمۇن بولار يۈگۈردى بىروق،
خاجە ئۆمەرى ئۇرۇپ ھەم چاپىپ قىلدى يوق.
يەنە ئولتۇرۇپ كېمەگە شول زەمان،
ۋەلې يۈرۈدىلەر بۇ يەگىلىغ رەۋان.
بارۇر ئېردىلەر ھەقىغە ئەيلەپ سەنا،
بولۇپ ئېردىيۇ ئوتتۇز ئۈچ كۈن يانا.
ئىدى تۈن كېچە ھىندۇ يەگىلىغ قارا،
ۋەلې چىقتى غەۋغايى كۆپ ماجەرا.
چېكىپ ئاھۇ ئەفغان خەلايىق ھەمە،
دېدى تۈشتى گىردابىغە بۇ كېمە.

تىرىك ئەمدى چىقماقلىق ئولدى مەھەل،
بىروق نالە ـ ئەفغان قىلدى بۇ ئەل.
قارا كېچەنىڭكى ئاقاردى يۈزى،
ئەمىرنىڭكى تۈشتى مۇنارغە كۆزى.
يۈرۈيدۇر كېمە چۆيرۈلۈپ چەرخ ئۇرۇپ،
ۋەلېكىن مۇنارنىڭ قاشىدىن تۇرۇپ،
خاجە ئۇمرى ياقاسىنى چاك ئەيلەبان،
ئالىپ ئۈردى تاقىنى يەرگە ھەمـان.
دېدى: «گەردەنىڭگە مېنىڭكى خۇنۇم،
مېنى زوردا كەلتۈردۈڭ ئەيلەپ زۇلۇم.
كى مەن كېمەگە كىرمەس ئېردىم قاچىپ،
بىلۇر ئېردىمۇ مەن كۆڭۈلنى ساچىپ،
ئالىپ كىردىڭىز زور بىلەن سىز مېنى،
خۇنۇمنى بېرۇرسىز قىيامەت كۈنى.»
بۇ يەڭلىغ قىلىپ يىغلابان ھالىنى،
ئۆلۈكلەرنىڭ ئالدى يەنە مالىنى.
بۇ گىردابدا يەتتە كۈن ياتتىلار،
ئەمىر كېمەچىلەرنى چىرلاتتىلار.
دېدىلەر: «بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى نېمە،
مۇنى قىلسە قايداغ چىقادۇر كېمە؟»
دېدى كېمەچى: «بىزمۇ كۆرگەن ئەمەس،
ئىشىتكەن بۇ سۆزلەرنى، بىلگەن ئەمەس.
كېلىپ مۇندا ئىسكەندەر ھالا بۇرۇن،
كى بولمىش ئۇشۇل ھەمبۇ يەردىن زەبون.
ئانىڭ بىرلە ئەفلاتۇن ھەم بار ئىكەن،
بۇ ئىش ھېكمەت ئەھلىغە ئىزھار ئىكەن.
بۇ گىردابدىن ھەم قۇتۇلماق ئۈچۈن،
كېيىن قالسە يادنامە قىلماق ئۈچۈن.
قىلىپدۇركى ھېكمەت بىلەن ئۇشبۇرەڭ،
مۇنار ئۈزرە بىر لەۋھى باردۇر، كۆرەڭ.»
بۇلارنىڭ دۇئالار قىلىپ رۇھىغە،
نەزەر قىلدى ئول دەم ئەمىر لەۋھىغە.
پىتىپدۇر بۇ رەڭ ئول مەقامى شەرىف،
«بۇ دەريادىن ئۆتسە كېمەگە كىرىپ؛
كىشى تۈشسە گىردابغە ناگەھان،
كى چىقسۇن بۇ مىل ئۈستىگە شول زەمان.
قاقار كۈسى ئىسكەندەرنى بۇ رەڭ،
كى بالغۇپ چىقار سۇ ئىچىدىن نەھەڭ.
كېمە قوزغالىپ ئاندىن ئۆزگە يۈرۈر،
يەنە يوق ئىلاجى، بۇ مۇشكىل ئېرۇر.
مۇنارغە چىقار بولسە مۇشكىل ئەمەس،
يانىپ ئەمما تۈشمەكنى قىلما ھەۋەس.»
كى مۇنداغ پىتىپدۇر بۇ سۆزلەرنى ئول،
كى چىقماقنى قىلدى خاجە ئۇمرى قەبۇل.
ئەمىر ئۆزلەرى چىقتى «بىسمىللاھ» دەپ،
ۋەلې چىقتى ئالدىن خاجە ئۇمرى كۆرەپ.
چىقىپ كۆردى چۇب بىرلە نەققارەنى،
كى ئالتۇندىن ئەتمىش ھەمە بارىنى.
كى چۇبنى ئەمىر قوللارىغە ئالىپ،
كى «بىسمىللاھ» دەپ سوقتى كۇسنى كېلىپ.
بالىقلار ھەمە قوزغالىپ شول زەمان،
كېمە يۈردى گويا بۇراندەك رەۋان.
ئەمىر تۈشتى سەكرەپ كۇسنى قاقىپ،
دىل ئۇستىدە قالدى خاجە ئۇمرى باقىپ.
خاجە ئۇمرى ئەمىرنىڭكى يوق قاشىدا،
كى بىلدى، قالىپدۇر مۇنار باشىدا.
ياقاسىن قىلىپ چاك بۇ شەھرىيار،
كى يانماق ئۈچۈن قىلدىلار ئىختىيار.
دېدى كېمەچى: «ئەمدى بولمىش خەتەر،
كېمە دەمدە بىر ئايچىلىقغە يېتەر.
خۇدايىم بىلۇر قايدا قالدى مۇنار،
ئىرادە شۇبۇ ئەمدى، ئەي شەھرىيار.»
دېدى: «ئانى تاپماقلىق ئەمدى مەھال.»
ئەمىر يىغلابان كەتتىلەر ئۇشبۇ ھال.

* *

مەئەلقىسسە، راۋى ھىكايەت قىلۇر،
سۇخەن ئەھلى مۇنداغ شىكايەت قىلۇر.
خاجە ئۇمرى مىل ئۇستىدە قالدى ياتىپ،
ۋەلې تەشنە، ئاچلىقغە باشى قاتىپ.

ئۇيغۇر كىتابلىرى بىلىكى
www.uyghurkitap.com

كى بەش كۈن بۇ يەگىلىغ تۇرۇپ ئېردى تەلەڭ،
كى ھازىر بولۇپ بىر كىشى سەبزە رەڭ.
دېدى: «ئەي خاجە ئۇمرى بۇكۇسنى ئالىڭ،
تۇتۇپ سىز مېنى ھەم يېقىنراق كېلىڭ.
كى مەن «ئەللاھ» دەي، سەنكى «ئىلياس» دېگىل،
دۇلۇمنى تۇتۇپ يەك، ئۇچامغە ئېگىل.
كى «بىللاھ» دەپ بۇ خاجە ئۇمرى ئۆزى،
كى دەرياغە چۆكتى كۆرۈنمەي يۈزى.
ئىزا ھەليە دەريادىن ئۆتكەزدىلەر،
بۇلار ئەمدى بۇ ئىشنى پۈتكەزدىلەر.
خاجە ئۇمرى ئىشى ئانچە غالىب بولۇپ،
كۆزىدىن بۇلار كەتتى غايىب بولۇپ.
خاجە ئۇمرى بۇ كۇسنى قويۇپ قاشىدا،
ۋەلې قويدىلار بىر دەرەخت باشىدا.
كى ئاندىن ئۆزى بولدى يولغە رەۋان،
يېتىپ كەلدى جاڭگال بەيابان سويان.
بارادۇر ئۆتۈپ يول بىلەن بىر كىشى،
ئانىڭ قولغە ئوخشايدۇر قىلغان ئىشى.
كى ئالدىغە كەلدى سوراپ ئەسغى ھال،
بۇ قۇل كەلدى باشلاپ مۇنى دەرمەھال.
بۇ قۇل خاجە كامىل زەمىرنىڭ ئىدى،
كۆرۈپ خاجە: «قايدىن كېلۇرسىز؟» دېدى.
خاجە ئۇمرى قىلىپ رۇدەپاي دەپ خەيال،
تونۇشتى بۇلار بىرلە ئەيلەپ سۇئال.
بۇ ئادەم سەفىيۇللاھنىڭ باشىدا،
قىلۇر ئېردى بۇ شەيخلىق قاشىدا.
بولۇپ قەددى ئانىڭ سۇنۇق ياردەك،
ساقالى ئاقارمىش ئىدى قاردەك.
ۋەلې ئولتۇرۇپ گۈنبەز ئىشىكىدە بۇ،
قىلىپ خاجە ئۇمرى بىلەن گۇفتىگۇ.
دېدى: «خاجە ئۇمرى بۇ يەردىن قوپۇڭ،
بارىپ ھەزرەت ئادەمگە ئايەت ئوقۇڭ.»
خاجە ئۇمرى كېلىپ چىقتى تاغ باشىغە،
كى ئادەم سەفىيۇللاھنىڭ قاشىغە.
چىقىپ كۆردى گۈنبەزنىڭ ئالدىدا چوغ،
ئانار بار ئىكەن كۆكلەمەپدۇر، قۇروغ.
ئاقادۇر سۈيى يانىدا بىر بۇلاق،
كى تاتلىغ يانا ھەم سۈيى ئانچە، ئاق.
خاجە ئۇمرى قوپتى تەھارەت ئۇچۇن،
كى شۇكرانە ھەقغە ئىبادەت ئۇچۇن.
تەھارەت ئالىپ بولغۇچە بۇ ۋەلې،
چېچەكلەپ ئانار كۆكلەدى بىر يولى.
بولۇپ بۇ ئانار ھەم چوكۇپ شۇل زەمان،
پىشىپ ئىككىسى يەرگە تۈشتى ھەمان.
ئانارنى خاجە ئۇمرى قوپۇپ ئالدىلار،
ئالىپ ئانى ئىچ قوينىغە سالدىلار.
كى ئاندىن ئۆتەپ ئىككى رەكئەت نەماز،
مۇنى ھەزرەت ئادەمگە ئەيلەپ نىياز.
قەدەمگاھىغە ھەم قويۇپ باشىنى،
ياتىپ يىغلابان ئاقىزىپ ياشىنى.
مۇناجاتدا ئېرمىش ئېردى ئۆزى،
ۋە لېكىن بۇ ئۇيقۇغە باردى كۆزى.
نە كۆردى ئوچۇق ئاسمان بارچە ھەم،
ھەمە ئەرشى كۇرسى بۇ لەۋھى قەلەم.
كى بىر نۇردىن تەخت پەيدا بولۇپ،
كېلىپ تۈشتى گۈنبەزگە شەيدا بولۇپ.
بۇ تەخت ئۈزرە ئولتۇرمىش ئالتە كىشى،
ئېرۇر پۇر سەلافەت بۇلارنىڭ ئىشى.
يارۇغلۇق بولۇر نۇرى بىرلە جەھان،
كى تا ئەرشى كۇرسى زەمىن نې مەكان.
كى پۇر نۇر قىلىپ بۇ جەھاننى ھەمە،
كى يەتتىنچى ئول ئاسماننى ھەمە.
كېلىپ قىلدى ئول دەم خاجە ئۇمرى سەلام،
ئەلەيك ئالدىلار بۇ ئەزىزلەر تەمام.
دېدى: «ئەي خاجە ئۇمرى كېلىپ مۇندا بىز،
ۋەلې كىمدۇمىز، بىزنى تانۇرمۇسىز؟»
خاجە ئۇمرى دېدى: «ئىلمى غەيبنى خۇدا
بىلۇر، تانۇماس ئاندىن ئۆزگە گەدا.»
قىلىپ سۆز بۇلار ئولتۇرۇپ بىر قاتا،
بىرى دېدى: «مەن ھەزرەت ئادەم ئاتا.

بۇ يۈسۈپ، بۇ ئىيسا، سۇلەيمان ئۇ،
ۋە ئىسمائىللۇ ئەمما داۋۇد بۇ.»
بۇلار تانۇتۇپ ئۆزلەرىنى ھەمە،
باشىنى سىلاپ، دېدىلەر غەم يېمە.
دېدى ھەزرەت ئادەم قولدا سىلاپ،
«بۇدۇر خاسىيەت، ئەيكى فەزلى مەئاب.
قولۇمنىڭ بەرەكاتىدىن، ئەي ئەزىز،
ئەگەر يۇدسەڭىز بارچە تاغلارنى سىز.
بەمەسقال چىقار، ئاندىن ئولماس ئېغىر،
يۇرۇپ يۈرسەڭىز بولماغايسىز يېغىر.»
يەنە بىرلەرى دېدى: «داۋۇدمەن،
ئۇلار سالدى ئاغزىمغە، ئابى دەھەن.»
دېدى: «ھەق تەئالا بۇ ئاۋازنى
بېرىپ ئېردى، مەن ساڭا بەردىم ئانى.»
كى ئاندىن سۇلەيمان دېدى ھەم بۇ رەڭ،
«كى مەندىن ئوشول خاسىيەتنى كۆرەڭ.
ماڭا ھەق بېرىپ ئېردى ئىلمى نىھان،
بىلۇر ئېردىمۇ يەتمىش ئىككى زەبان.
ئانى سىزگە بەردىم، بىلىڭ سىز تەمام»
يانا دېدى: «مەندىن دۇئايۇ سەلام.»
ۋەلې قىلدى ئىيسا بۇ ئىنئامنى،
ئالىپ قويدى ئالدىدا بىر جامنى.
دېدىكىم: «بىلىڭ سىز بۇ ئانداغ نېمە،
پىتىڭلىك مۇڭا ئىسمى ئەئزەم دېمە.
كېلىپ ھەركىشى بىر سۇنىڭ قاشىغە،
ئەگەر قويسا بۇ جامدا سۇ باشىغە.
كى بولسام دېسە ھەرنە سۇرەتدە ئول،
شۇ يەڭلىغ بولۇرلار كۆتۈرگونچە قول.»
كى ئىسمائىل ئاندىن قوپۇپ چۇستۇ خىز،
ئالىپ قويدى كولبارىنى بۇ ئەزىز:
«ماڭا ھەق تەئالا بۇ قوچقارنى،
چىقارغان بىھىشتدىن بۇ غەمخارنى.»
دېدىلەر: «سويۇپ ئېرەسىنى بۇ رەڭ،
مۇنىڭدىن ئېرۇر خاسىيەت نەچچە رەڭ.
سۇ، ئوتدىن بۆلەك نەرسە شەيدا بولۇر،
ئەگەر خاھلاسە ھەرنە پەيدا بولۇر.
ئەگەر يۇتسا ئالەم مالىنى تىقار،
يەنە باقسە بۇ ئىككى مىسقال چىقار.»
نەزەرگە يۇسۇف قويدى ئاندىن قەدەم،
دېدىلەر بۇلار ھەم بېرىپ بىر گىلەم:
«ۋەلې قىلسە ھەمراھ مۇنىڭكى ئىشى،
كۆيۈپ ئوتغە ھەم سۇغە چۆكمەس كىشى.»
قىلىپ تۇرمىش ئېردى خاجە ئۇمرى خەند،
كى بىر نۇر كۆرۈندى مۇنىڭدىن بەلەند.
نە ئەرشى نە كۇرسى نەگەردۇن فەلەك،
يارۇغلۇق تۇشۇپدۇر بۇ نۇردىن بۆلەك.
خاجە دېدىلەركىم قوپۇپ: «يا ئەزىز،
بۇ كىمنىڭ نۇرىدۇركى بىلگەيمۇ سىز؟»
دېدى ھەزرەت ئادەم: «بۇ ئول كائىنات
خۇلاسەئى مەۋجۇدى ئەھلى نىجات.
ئۇلوغ زاتى ئول دوستى ئەللاھ ئېرۇر،
بۇ نۇرى ئوشۇل مۇستەفادىن كېلۇر.
زۇھۇر ئەيلەمەككە ياقىنلاشتى ئول،
بولۇر ئىككى ئالەمگە تاجى رەسۇل.»
خاجە ئۇمرى دېدىكىم: «ئىلاھا، بۇ ئەر،
تىلەرمەن ئوشۇل نۇردىن بىر نەزەر.»
كى ئاۋاز كەلدى ئوشۇل دەم بۇ رەڭ،
دېدى: «ئەي خاجە ئۇمرى، تىلەكنى تىلەك.
تەلەب قىلماغۇنچە ئۆلۈمنى ئۆزۈڭ،
ئۆلۈپ سەن جەھاندا يومۇلماس كۆزۈڭ.
ھەبىبىم ئۇچۇن مەنكى ۋاسىل قىلاي.»
دېدى: «مەن مۇرادىڭنى ھاسىل قىلاي»
خاجە ئۇمرى بۇ سائەتدە ئويغاندى ھەم،
تۇرار ئالدىدا جام، كولباز، گىلەم.
كى خۇشھال ئولۇپ، بولدىلار ئۆزگەچە،
كى يالغۇز بۇ گۇنبەز ئىچىدە خاجە.
بار ئېردى بۇ گۇنبەزدە بىر سۇرخ زەر،
ئارىغ ئالدى كولبازىنى، ئۇشبۇ ئەر.
يۇرۇپ گۇنبەز ئىشىكىگە كەلگەن زەمان،
ئىشىك غايىب ئولدى كۆزىدىن نىھان.

www.uyghurkitap.com

قويۇپ ئېردى ئالتۇننى ئورنىدا ھەم،
ئىشىك بولدى پەيدا يەنە ئۇشبۇ دەم.
يەنە قولغە ئالتۇننى ئالىپ تۇرۇپ،
چىقاي دەپ ئىدىكىم مۇئەللەق ئۇرۇپ.
تېگىپ تامغە ئانداغ يارىلدى باشى،
خۇن ئالۇدە بولدى قىشانە قاشى.
ۋەلې بۇ كەرامات ئىزھار ئولۇپ،
قويۇپ چىقتى ئالتۇننى ناچار ئولۇپ.
كېلىپ ئۇشبۇ يەڭلىغ بۇلاق قاشىغە،
سۇ قۇيدى بۇلاقتىن ئالىپ باشىغە.
ئايرىلدى بۇ زەخمى قىشانەسى ھەم،
كى قالماي جەراھەت نىشانەسى ھەم.
ئۇشۇل دەم ئانارنىڭ بىرىنى يېدى،
بىرىنى «ئەمىرگە بېرەيمىن» دېدى.
خاجە ئۇمرى قوپۇپ چىقتىلار ئۇشبۇ ھال،
كېلىپ شەيخنىڭ ئالدىدا دەر مەھال.
قىلىپ خاجە رەۋشەن زەمىر شادلىق،
مۇبارەكلەدىلەر قىلىپ بادلىق.
دېدىكىم يەنە: «ئەي خاجە تۇرماغىل،
كېلىپ مۇندا سەن يەرنى ھەم كولاغىل.»
بۇ يەرنى ۋەلې كولاپ ئېردى بۇ ئەر،
ۋەلې چىقتى مۇندىن قىزىل سۇرخ زەر.
«بۇ مالدۇر سىزنىڭكى ئاتاڭىزنىڭكى،
ئەمانەت قولۇمدا تۇرادۇر ئىدى.
سىزنىڭ ئاتاڭىزنىڭ ئىشىدۇر بۇ ھال،
بۇ چاغقە ئەمانەت ئىدىلەر بۇ مال.»
خاجە ئۇمرى ئالىپ يىغلە، كىرگەي ئۇيان،
دېدي خاجە رەۋشەن زەمىر: «يىل بۇيان.
ئەگەر بارساڭىز بۇ تەرەف بىرلەسىز،
تاپارسىز ئەمىرنى ۋەلې، ئەي ئەزىز.
بۇ ئىش ئانچە مۇشكىل، ئاسان كۆرمەگىل،
كى تاپساڭ ئەمىرگە بۇ سۆزنى دېگىل.
ئەمىر مۇندا كەلمەي قاچانكىم بۇ رەڭ،
ۋەلې قىلماسۇن لەندۇھۇر بىرلە جەڭ.
ئاڭا كۆپ بەلايى ئەزىمى خەتەر،
زەفەر يا بۇ دەۋلەت ئانىڭدىن كېتەر.»
بۇ سۆزگە خاجە ئۇمرى بولۇپ كامران،
قىلىپ ئەلۋىدا، بولدى يولغە رەۋان.
ھەمە بارىنى كولبارىغە تىقىپ،
دېگەر ۋەقتدە بىر ئىگىزگە چىقىپ،
كى ئالدى ئەمىر لەشكەرىگە قارا،
بۇ ئۇيقۇ بىلەن كەلدى لەشكەر ئارا.

*  *

كى ماتەم تۇتۇپ بۇ تەمامى سىپاھ،
خاجە ئۇمرى ئۇچۇن تارتىبان دەردۇ ئاھ.
خاجە ئۇمرى قىلىپ سۇرەتىنى بۆلەك،
زەئىف بولدى گوياكى ئەرۋاھدەك.
كى تۈن ھەسسەسىدە بۇ ئاۋاز ئېتىپ،
كى مەئىدى كەرەبنىڭ قاشىغە يېتىپ.
قىلىپ بۇيلە ئاۋازنى بۇ ھەردىف،
«خۇدانىڭ يولىدا» دېدى يالبارىپ.
قوپۇپ چىقتى قاشىغە مەئىدى كەرەب،
دېدى: «سەن نەدۇرسەن؟» يىراقدىن كۆرەپ.
دېدى: «سورساڭىز مەن ئۇشۇل نۇرى مەن،
كى ئۆلدى خاجە ئۇمرى، ئانىڭ رۇھىمەن.
ياتىپ ئول مۇنار باشىدا يەتتە كۈن،
ۋەلې ئۆلگەلى بولدى ئون يەتتە كۈن.
بىھىشتكە مېنى ئىلتىبان ئېردىلەر،
ماڭا مۇنتەزىر ئېردى ئول ھۇرلەر.
كى مەندە بار ئېردى كىشىنىڭ پۇلى،
ئانىڭ چۇن ئېتىلدى بىھىشتنىڭ يولى.
كى مىڭ تەڭگە ئېردى بۇ قەرزىم نېتەي،
خەلاس ئەيلەسەڭ پۇل بېرىپ، مەن كېتەي.
بىھىشتكە كىرىپ، سىزگە ئەي پەھلەۋان،
مەدەدلەر قىلۇرمەن ساڭا ئانچۇنان.»
قەسەمياد قىلدى بۇ مەئىدى كەرەب،
دېدىكىم: «يوق ئېردى پۇلۇم، ئەي ئەرەب.
كى باردۇركى زەربەفت تون مەندە بىر،
ئانى ھەم ماڭا بەرمىش ئېردى ئەمىر.

بېرەي ئانى مەن، قەرزىڭىزغە بېرىڭ.»
بېرىپ تونىنى، دېدى: «بېھىشتكە كىرىڭ.»
يەنە دېدى: «مەندىن دۇئايى سەلام،
خاجە ئۆمەرگە دەڭ بۇ سۆزۈمنى تەمام.»
بۇ تونىنى ئالىپ ياندى بۇ ئويرۇلۇپ،
تىلەپ ئالدى پۇل ئۇشبۇ يەگىلىغ يۈرۈپ.
تاڭ ئاتقۇنچە بۇ پۇل تىلەپ ئۇشبۇھال،
يىغىپ ئالدى سەردارلادىن پۇلۇ مال.
بۇلار ئەرتەسى بارگاھىغە ھەم،
ئەمىر قاشلارىغە كىرىپ بولدى جەم.
نەمازدىن يانىپ، بولدى ئايەت ئوقۇپ،
ئەمىرگە بۇ سۆزنى دېدىلەر قوپۇپ.
كى مەئدى كەرەب دېدى: «ئەي شەھرىيار،
ئەجايىب ـ غەرايىب ئەلاماتى بار.
خاجە ئۆمرى ئىدى فازىلۇ ھەم سەخى،
ئۆلۈپ، كىرگەنى يوق بېھىشتكە تېخى.
كېلىپ روھى ئانىڭ بۇ ئۆتكەن كېچە،
پۇل ئالدى مېنىڭدىن تىلەپ بىرنەچە.
دېدى روھى: «سىزلەرگە ئەرزىم مېنىڭ،
بار ئېردىكى مىڭ تەڭگە قەرزىم مېنىڭ.
بېھىشت سارىغە ئېلتىپ ئېردى مېنى،
كى بەرگىل دەبان تۆتتى مىڭ تەڭگەنى.»
دېدىم: «قىلادۇر ماڭا ئول زۇلۇم،
مېنىڭكى يوق ئېردى بېرۇرگە پۇلۇم.»
ئۇشۇل سىزلە بەرگەن تونۇم بار ئىدى،
بولۇپ ھەم خىجىل ئانى بەردىم» دېدى.
يەنە ئالتە ئادەم دېدى ئۇشبۇ ھال،
كى بىزدىن تىلەپ ئالدى ھەم پۇلۇ مال.
ئەمىر قالدى ھەيران بولۇپ ئۇشبۇ دەم،
دېدى: «ئامراق ئېردى تىرىك پۇلغە ھەم.
ۋە لېكىن ئۆلۈپدۇر خاجە ئۆمرى ئۆزى
كى تېيغانى يوق پۇلغە ئانىڭ كۆزى.»
بۇ سۆز بىرلە ئولتۇرمىش ئېردى ئەمىر،
تالادىن ئەجەب چىقتى ئاۋاز بىر.
قىلادۇ، يامان دادۇ فەرياد ئول،
ئالىپ كىردى مۇقبىل چىقىپ، بىر ئوغۇل.
زەئىف ئانچە ئىگنىدە كوھنە چاپان،
نىشانە يەتىملىك، باشدۇر خاپان.
يىقىلدىكى يىغلاپ ئەمىرنى كۆرەپ،
دېدى: «پاك سۇلتانى ئالىي ئەرەب.
كى بىز يەتتە ئاجىز يەتىم زار ئىدۇك،
بۇ شەھرى ۋىلايەتدە بىز خار ئىدۇك.
يوق ئېردىكى بىزدە ئاتاۋۇ ئانا،
كى بولماس ئىدى چارە مەنزىل يانا.
بارىپ ھەر تەرەفكە بولۇپ ئىنتىزار،
گەدالىق قىلىپ نەچچە كۈن ئاچۇ زار.
بۇ يەگىلىغ كېزىپ بۇ جەھاننى ئارىغ،
تاپىپ ئېردىمۇ ئىككى غەلبىر تارىغ.
بۇ فۇرقەت، زەلالەتدە يۈزمىڭ ئۆلەپ،
تاغارۇ ئېشەك بىر كىشىدىن تىلەپ.
تېگىرمەندە ئۈن تارتىپ ئېردىم بارىپ،
كېلۇر ئېردىمۇ يولدا ئۇننى ئالىپ.
يوتۇپ ئالدى قارنى يوغان بىر كىشى،
كى مۇنداغمۇدۇر خەلقىڭىزنىڭ ئىشى.
ئۇنۇمنى يېدى، يوق ئېشەكۇ تاغار،
مېنى قىلدى كۆپ بۇ كىشى ئىنتىزار.
مۇنىڭ ياكى ئاچلىقغە قارنى بوشاپ،
ئېشەكنى يېدىلەر ئۇنۇمغە قوشاپ.
بۇ قارنى يوغاندا يوق ئېركەن ھەيا،
ئېشەكنى قوشاپ يېدىڭىزمۇ ۋەيا؟»
بۇ سۆزگە ئەمىر بولدىلار دەرغەزەپ،
دېدى: «ئەي ھەرامزادەئى بىئەدەب!
بۇ يەگىلىغ كىشىنىڭ ئۇننى يېسەڭ،
ئېشەكۇ تاغارنى دېسە، بەرمەسەڭ؛
سېنى ئەمدى مۇندا نە قىلماق كېرەك،
غەمىڭ بارمۇدۇر قورساقىڭدىن بۆلەك؟!»
كى ھەيران بولۇپ دېدى مەئدى كەرەب:
سېنى، ئەي ئوغۇل، مەن نەيەردە كۆرەپ؛
قاچان مەن سېنىڭكى ئۇنۇڭنى يېدىم،
نە يەردە كۆرۈپ ئۇننى بەرگىل دېدىم؟»

www.uyghurkitap.com


يەنە بۇ ئوغۇل ئۈشبۇ يەڭلىغ دېدى:
«كى يالغان ئەمەسدۇر، بۇ ئادەم يېدى.
سويۇپ ئالدى ئول دەم ئارى ئۈشبۇدوز،
ۋەلې بەرمەسە بولدى ئاتى قوبوز.»
ئەمىر ئايدىلار :«يالغان ئايتۇرمۇ بۇ؟
تانۇردۇر سېنى بۇ ئەمەس قارۇغۇ.
نە قىلسام بولۇر، ئەي شىكەم پۇركەلان؟
سېنىڭ قورساقىڭغە تىقايمۇ سامان؟!»
غەزەبدىن ئالىپ تازىيانە بىروق،
كى قورقۇپ بۇ لەشكەرلەر ھەم بولدى يوق.
دېدى: «مەندە بولسا ئانىڭ ماتەمى،
بۇ سەگىنىڭ تۇشۇپ قورساقىنىڭ غەمى!»
ئەمىر ئۇرغاي ئانى بېرۇرگە ئەدەب،
ئوشۇل دەم دېدى بۇ ئوغۇل «ئەي ئەرەب.
تۇتارمىز بۇ ماتەمنى كىمنىڭ ئۈچۈن،
چېكىپ ئاھنى سىزگە يېتۇشتى نە كۈن؟»
ئەمىر دېدىلەر: «ئەي ئوغۇل ئۈشبۇ دەم،
جەراھەتكە تۇز قۇيدىڭىز بەلكى ھەم.
بار ئېردىكى يارى جەھانىم مېنىڭ،
بولۇر ئېردى ئول غەمگۇزارىم مېنىڭ.
كى ئۆلدى قالىپ ئول مۇنار باشىدا،
ئاڭا نەچچە كۈن بولدى مەن تاشىدا.
ئانىڭ رۇھى كەلگەن ئىكەن بۇ كېچە،
كى بولدى فىراقى يەنە ئۆزگەچە.
بۇ كۆنلەردە ماتەم تۇتارمەن ئاڭا.»
دېدىلەر: «ئانىڭ ئىشتىياقى ماڭا.»
دېدى ئول ئوغۇل: «ئەي ئەمىرى ئەرەب،
خاجە ئۆمەرنى ئايتۇرمۇسىزكى ئۆلەپ؟»
ئەمىر دېدىلەر: «نە بىلۇرسەن ئانى،
تانۇرسەن كېلىپ ھەم ئانى ھەم مېنى؟»
يانا دېدى بۇ: «نە بىلەي، ئەي ئەزىز،
خاجە ئۆمەرى دېگەن ئاندادۇر، مۇندا سىز.
مانا ئالدىڭىزدا تۇرادۇر كېلىپ،
كۆرەرسىز ئانى، ئانۇماسسىز بىلىپ.»
خەلايىق دېدى: «ياكى دىۋانە بۇ؟
بۇ سۆزنى قىلادۇر، سارائىدۇر شۇبۇ.»
ئەمىر دېدىلەر: «ئەي ئوغۇل بۇنى بىل،
بۇ سۆزنىڭ خۇدا ھەققى راستىنى قىل.»
بىلىندۇردى ئۆزنى خاجە ئۆمەرى ھەمان،
بۇ ئىشغە ئەمىر بولدى كۆپ شادىمان.
چىقارماي ئەمىر ئىككى كۈن قاشىدىن،
مۇبارەكلەدىلەر ياڭى باشىدىن.
خاجە ئۆمەرى دېدى: «ئەي ئەرەب، مەن ئۇ كۈن،
كى ياتتىم مۇنار باشىدا يەتتە كۈن.
خۇدادىن كەرەم لۇتف نازىر بولۇپ،
كى ئىلياس پەيغەمبەر ھازىر بولۇپ.
مۇناردىن مېنى ئول ئالىپ چىقتى ھەم،
ماڭا بولدى ھەقدىن بە لۇتفى كەرەم.
قىلىپ ھەق تەئالاغە شۇكرى سەنا،
بارىپ ھەزرەت ئادەم باشىغە يانا.
تاپىپ يەتتە پەيغەمبەردىن نەزەر،
ئالىپ ھەم يانا ئانچۇنان سۇرخ زەر.
بۇ يەڭلىغكى مالى ھىدايەت تاپىپ،
ۋەلې كەلدىمۇ باد يەڭلىغ چاپىپ.
دېدىڭىم يانا خاجە رەۋشەن زەمىر،
ئۆزى كەلمەگۈنچە بۇ يەرگە ئەمىر.
بارىپ قىلماسۇن لەندۇھۇر بىرلە جەڭ،
بەلايى خەتادۇر ئاڭا نەچچە رەڭ.
دېدىلەر يەنە كۆپ دۇئايۇ سەلام،»
خاجە ئۆمەرى بۇ سۆزلەرنى قىلدى تەمام.
تۇزۇپ سۇرەتىنى خاجە ئۆمەرى بۇ ھال،
ئەمىر بىرلە لەشكەر كۆرۈپ بولدى لال.
خاجە ئۆمەرى ئەمىر بىرلە بولدى رەۋان،
كى مۇندىن يانىپ ھەزرەت ئادەم سويان.
كېلىپ خاجە رەۋشەن زەمىر قاشىغە،
ئەمىرنى ئالىپ چىقتى تاغ باشىغە.
خاجە ئۆمەرى نە قىلدى، ئەمىر قىلدى ھەم،
كى ئاندىن بۇ گۈنبەزگە قويدى قەدەم.
ئوقۇپ ئىككى رەكئەت نەمازى يانا،
باغىشلاپ بۇ ئادەمگە ئەيلەپ سەنا.

دېدىكىم مۇناجات بىرلەن ئۆزى،
كىتىپ ئۇيقۇغە بۇ ئەمرنىڭ كۆزى.
نە كۆردى ئۇچۇق ئاسمانىنى ھەمە،
نە ئەرشى نە كۇرسى مەكانىنى ھەمە.
كى بىر تەخت ھەم نۇرىدىن چۇستۇخىز،
تۆشەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپدۇ ئەزىز.
كېلىپ دېدى: «ئەي قۇدرەتۇللاھ، قوپۇڭ،
بۇ ئولدۇر مۇنى ئىسمى ئەئزەم ئوقۇڭ.
كى مەن ھەزرەت ئادەم بابايى جەھان،
نەزەر قىلغالى كەلدىم، ئەي پەھلەۋان.»
دەبان ئىككى گىيسۇيىدىن يەتتە تال،
ئالىپ ساچىنى ئىلكىگە ئۇشبۇ ھال.
ساچىنى ئەمرگە قىلىپ بازۇ بەند،
يەنە دېدى: «ئەي ئالىي ھىممەت بەلەند.
كىشى بولسە دۇشمەن، تاپىپ چاغىنى،
يىغىپ كەلسە دۇنيادەكى تاغىنى.
ئالىپ باشىڭىزغە ئانى سالسە ھەم،
ۋەلې بولماغايسىز ئاڭا زەخمۇ خەم.
ئېڭىز بويلۇغ بولسە دۇشمەن قاچان،
يېتەر ئىلكىڭىز گەردەنىگە ئاسان.
شۇبۇ خاسىيەت ئەمدى سىزدە بولۇر،
كى سىزدىن بۇ فەرزەندىڭىزگە قالۇر.»
بۇ سۆزلەرنى دەپ ھەقغە ئايتىپ سەنا،
چىقىپ كەتتىلەر ئاسمانغە يانا.
ئەمر ئۇيقۇدىن بولدى بىدار ھەم،
كېلىپ شادلىقلار كېتىپدۇر بۇ غەم.
ئەمر باقسالار ئويغانىپ ئۇشبۇ ھال،
تۇرار بازۇ بەند ساچلار يەتتە تال.
قوپۇپ چىقتىلار گۇنبەزى تاشىغە،
يەنە خاجە رەۋشەن زەمىر قاشىغە.
مۇبارەكلەدى ھەم ئەمرنى بۇ ئەر،
قىلىپ ھەزرەت ئادەم بۇ يەڭلىغ نەزەر.
دېدىكىم يەنە خاجە رەۋشەن زەمىر:
«بۇ يەرنى كېلىپ كولاڭىز، ئەي ئەمىر.»
بۇ يەرنى ئەمر كولاپ ئېردى چاپىپ،
كى بىر شىر ساندۇقنى ئالدى تاپىپ.
كېلىپ خاجە ئاغزىنى ئاچتى ئانىڭ،
دېدىكىم: «ئەمانەت ئىدى بۇ سىزنىڭ.
تەمامى جىدىڭ ئەسبابى ئېردى ياراغ،
قالىپ ھەزرەت ئادەمدىن ئول ئۇشبۇ چاغ.
كى چىقمىش بېھىشدىن ئالىپ مۇندا ھەم،
بۇ سىزگە ئەمانەت ئۆزۈمدىن بۇ دەم
كى ئەۋۋەلدە بىسمىللاھ دەپ قولغە ئال،
دېمەي ھەم غىلافىدىن ئالماق مەھال.
بۇ شەمشىرى سەمسام ئېرۇر، بۇ ئەلەم،
قىلۇر سالسە بىر مىڭ كىشىنى قەلەم.
تىرىك بولماقىم ئۇشبۇ ۋەقتىغەچە،
يۈرۈپ بۇ ئەمانەتنى مەن بەرگۈچە.
ھەياتىم ئىدىكىم ئەمانەت ئۈچۈن،»
دېدى، قوپتى غۇسلى تەھارەت ئۈچۈن.
ئۆتەپ ئول زەمان ئىككى رەكئەت نەماز،
بېرىپ جان، زىمىستان بولۇپ، ئۆتتى ياز.
ۋەفاسىز جەھان ۋادەرىغا، دەرىغ،
تىرىك بىزمۇ بىر كۈن ئۆلەرمىز ئارىغ.
تىرىكنىڭ يانىدا ئەجەل شەربەتى،
كېلۇر بىر كۈنى ئىچكەلى نەۋبەتى.
ئەگەر بولسە مىڭ يىل تىرىك دۇنيادا،
بۇدۇر ئاقىبەت تەن بۇ جاندىن جۇدا.
ۋەلې بولسە شاھۇ گەدا خاھى باي،
تۇتارلار ھەمە بۇ يەر ئاستىدا جاي.
تۆگۈر بىر كۈنى بۇ چەراغىنىڭ ياغى،
بۇ يان ئەسلى قايتۇرغە بولماس چاغى.
كى دەمدىن بۇ دەم، ئەرتەنى غەم يېمەك،
ئۆلۈمدىن بۆلەك غەمنى بەس غەم دېمەك.
كەل ئەي خەستە، ئەمدى كۆڭۈل ساچماغىل،
ئەجەل كەلسە چۇن چارە يوق، قاچماغىل.
قىلىپ خاجە رەۋشەن زەمىرى خۇرۇش،
ئۇشۇل دەم ئەجەل شەربەتى قىلدى نۇش.
نەمازىن ئۆتەپ قويدىلار يۇپ تاراپ،
نىشانە قىلىپ تۇغ - ئەلەملەر قاداپ.

قىلىپ يەد چەراغى، ئاشنى بىرىپ،
خاجە ئۆمرى ئەمىر بىرلە چىقتى يېنىپ.
ھىدايەت تاپىپ بولدىلار كامران،
رەۋان بولدىلار ھىند شەھرى سويان.
يېتىپ لەندۇھۇرنىڭكى بىر جايىغە،
ۋەلېكىن ئانىڭ ۋەرزىشگاھىغە.
كى بىر گۇنبەزى ئالىينىڭ ئالدىدا،
خەلايىق يىغىلمىش، تۇرۇپ دالدىدا.
ئەمىر دېدىلەر: «سىز خاجە ئۆمرى بارىڭ،
كى ھىندۇ تىلىچە بارىپ تىل ئالىڭ.
بۇ مەنزىل، بۇ گۇنبەزدە نې بار سورۇڭ،
كى يىلدام بارىپ بىر خەبەر كەلتۈرۈڭ.»
خاجە ئۆمرى كېلىپ خەلقدىن سوردى: «ھاي،
بۇ كىمنىڭ ئېرۇر گۇنبەزۇ ئۇشبۇ جاي؟»
بىر ئادەم دېدى: «لەندۇھۇر جايى بۇ،
ۋەلېكىن ئانىڭ ۋەرزىشگاھى بۇ.»
ئەمىر پارە ئالتۇن مۇڭا بەردىلەر،
ئىشىكنى ئاچىپ بەردىبۇ كىردىلەر.
كى ئۇچ تاش تۇرادۇر ئۇ يەردە يوغان،
ئەمىر ئاتتىلار ئاسمانغە رەۋان.
كى ئاندىن يەنە ھەفت ئىلە جۇشىدىن،
قىلىپ سۇرەتىن كەتكۇدەك ھۇشىدىن.
ئەمىر ھەم بۇ سۇرەتكە باقتى ھەمە،
دېدىلەر: «قىلادۇر بۇ قايداغ نېمە؟»
دېدى: «لەندۇھۇر كۈندە مەجلىس تۈزۈپ،
كۆتەرمىش بۇ سۇرەتنى يەردىن ئۈزۈپ.»
ئەمىر ئاتتىلار ئاسمانغە ئالىپ،
بۇ گۇنبەزگە تۈشتى بىروق بۇ كېلىپ.
بۇلۇپ پارە - پارە بۇ گۇنبەز ئارىغ،
بۇ سۇرەت زەمىن ئۈزرە بولدى تارىغ.
قىلىپ يۈز تۈمەن ھەقغە شۈكرى سەنا،
ئەمىر كەلدى ئۆز لەشكەرىگە يانا.
كى ئاندىن كېلىپ لەندۇھۇر بىخەبەر،
كېلىپ كۆردى ۋەيرانە بولمىش بۇ يەر.
نە سۇرەت نە گۇنبەز ھەمە بارى يوق،
كى ئاتەش باشىغە قۇيۇلدى بىر ئوق.
دېدىكىم غەزەبدىن: «بۇ كىمنىڭ ئىشى،
مۇنى قىلدى مۇنداغ نە يەگىلىغ كىشى؟!»
دېدىلەر: «كېلىپ ئانى ئىككى ئوغۇل،
ھەلى ئۇشبۇ يەگىلىغ كېلىپ كەتتى ئول.
بەرابەر ئېرۇر ھەر بىرىنىڭ داشى،
ئەجەب پۇر سەلافەت قاشۇما قاشى.»
ئەمىر ھەرنە قىلدى، بۇ قىلدى بەيان،
دېدى: «ساي چىقىپ كەتتى مۇندىن ئۇيان.»
دېدى لەندۇھۇر: «ئۇشبۇ يەگىلىغ كىشى،
كېلىپدۇركى جەڭ قىلغالى ئول كىشى.»
بۇ ھەم ياندى ئۆز لەشكەرىگە ھەمان،
قىلىپ مەسلەھەت، ئولتۇرۇپ ئانچۇنان.
كى دىلگىرلىكۇ كەتسە دەپ ئۇشبۇ غەم،
شەراب ئىچكەلى مەيل قىلدى بۇ دەم.

**خاجە ئۆمرى لەندۇھۇرنىڭ بارگاھىغا بارىپ، رەباپ چالغانى، مەكر بىلە لەندۇھۇرنى بىھۇش قىلىپ، بار - يوقىنى ئالغانى، لەندۇھۇرنىڭ ئۆيىنى قەلەندەرخانە قىلغانى، لەندۇھۇرنى تېگۇرمەندە مەسخەرە قىلىپ، ئۇنىڭ سەرۇپايىلارىنى ئالىپ قاچقانى**

ئەمىر ھەم بارىپ تۈشتىلەر ئۇشبۇ ھال،
دېدى: «ئەي خاجە ئۆمرى خەبەر بولسە ئال.
بارىپ لەندۇھۇر قاشىغە ئۇشبۇ رەڭ،
ئالىپ بىر خەبەر سىز ئانى بىر كۆرەڭ.
بۇ سۆز بىرلە بولدى خاجە ئۆمرى رەۋان،
ياساپ سۇرەتىنى بولۇپ كامران.
كېلىپ كۆردي بۇ لەندۇھۇرنى بۇ ئەر،
تولۇپدۇركى لەشكەرگە ئەمما شەھەر.
ئەمىر چىن ئاچىپ ئولتۇرادۇر ئۆزى،
نېگە خەت ساقال تارتىپ ئايدەك يۈزى.

www.uyghurkitap.com

چىقار ئېردى ئۇتتۇز گەزۇ قەددى ھەم،
كى مەئلۇم زەبەر دەستلىكۇ ئانچە ھەم.
خاجە ئۇمرى يانىپ چىقتى مۇندىن قوپۇپ،
ياساپ سۇرەتىن ئىسمى ئەئزەم ئوقۇپ.
قولىغە رەباب ئالدى، بولدى ھەفىز،
يىغىلدى قاشىغە جەۋان بىرلە قىز.
چىلان خانە دە ئولتۇرۇپ بۇ مەھەل،
رەباب چالدى ئانداغ ئىشىتتى بۇ ئەل.
كى داراب گۇلبەرگى چىقتى بۇ دەم،
ئىشىتتى ئەجەب نەغمەنى ئۇشبۇ ھەم.
كى تەئسىر قىلىپ قاشىغە كەلدى ئول،
كېلىپ دېدى ھەم: «سەن نە يەرلىك ئوغۇل؟»
خاجە ئۇمرى دېدى: «مەن پالان كەنتىدىن،
يېتىپ ئېردى كۇلفەت ئۇشۇل خەلقىدىن.
كېلىپ ئېردىمۇ مۇندا داد ئەتكەلى،
زېرىكتىم تۇرۇپ، بولمادى كەتكەلى.»
كى داراب گۇلبەرگ دېدىلەر: «يۈرۈك،
قىلىپ نەغمە ئۆيدە ئويۇنلار كۆرۈك.
كى بىر كوھنە قالپاق بېرىپ باشىغە،
ئالىپ كىردى بۇ لەندۇھۇر قاشىغە.
كىرىپ نەغمە قىلدى خاجە ئۇمرى بىر ئوق،
كى تەئسىر قىلىپ لەندۇھۇر بولدى يوق.
خۇشاللىقدە گۇلدەك بولۇپ سەرنىگۇن،
خاجە ئۇمرىگە بەردى يانىدا ئورۇن.
ھەفىزلارنى قوغلاپ چىقاردى ئارىغ،
ئالىپ قالدى يالغۇز قىلىپ شادلىغ.
بولۇپ مەست چىقىپ كەتتى بىرنەچچەسى،
بۇلار ئولتۇرۇپ بولدى تۈن ھەسسەسى.
كى سىراپ خاجە ئۇمرى قوپۇپ بۇ مەھەل،
قىيالە ئالىپ قولىغە ئالدى بۇ ئەل.
قىلىپ غارەت ئەقلۇ ھۇشىن ئانچۇنان،
تۇتۇپ بەردى ھەممەنى بۇ فەھلەۋان.
مۇڭا لەندۇھۇر بولمادى ئەسلى خەم،
يوغان جامنى ئالدى خاجە ئۇمرى بۇ دەم.
ئانى توشقارىپ تۇتتى بەرمەي ئەمان،
يىقىلدى ئىچىپ لەندۇھۇر شول زەمان.
خاجە ئۇمرى ئالىپ قولىغە كولبارىنى،
يىغىپ ئالغالى تۇردى بار مالىنى.
كۆزىنى ئاچىپ لەندۇھۇر ئويغانىپ،
دېدى: «نە قىلۇرسەن بۇلارنى ئالىپ؟»
خاجە ئۇمرى دېدىكىم: «سەرەنجام ئېتىپ،
قويارمەن بۇ ئۆيدە ئارىغ بەركىتىپ.
قاراڭغۇ كېچە ئوغرى بولغايمىكى،
بۇ ئۆيقۇ ئۆلۈم، كەلسە ئالغايمىكى.
بۇ كولبارغە مەن تىقىپراق تۇراي.»
دېدى: «مۇندا بىغەم بولۇپ ئولتۇراي.»
دېدى لەندۇھۇر: «خوب ئىشىڭ، ئانى قىل.»
يەنە ئۆيقۇغە كەتتى بۇ ئۇشبۇ خىل.
خاجە ئۇمرى بۇ ئۆيدە بارىنى تىقىپ،
قوپۇپ يۈتتى، كەتتى ئىشىكدىن چىقىپ.
كۆزىنى ئاچىپ لەندۇھۇر باقتى، يوق،
بۇ خەلقىنى ئويغاتتى ئاندىن بىر ئوق
ياساپدۇر بۇ ئۆينى قەلەندەر خانە،
تۇرار بوراسى بىرلە تۆرت تامىغىنە
دېدىكىم: «رەبابنى چالىپ كەلدى ئول،
ئەگەر بولسە ئەييار ئىكەن شول ئوغۇل.
ماڭا بولدى مەئلۇم مۇنىڭكى ئىشى،
كى بولغاي شوبۇ جەڭگە كەلگەن كىشى.
بولۇپ دەرغەزەب لەندۇھۇر ئۇشبۇ دەم،
ئالىپ گۇرزا ئىلكىگە، قويدى قەدەم.
خاجە ئۇمرى كۆرۈپ لەندۇھۇرنى بۇ ھال،
دېدىكىم: «قۇتۇلماق مۇنىڭدىن مەھال.
يوشۇردى بۇ كولبارنى بەككىنە،
ئۆزى بولدى سايىل گادايدەككىنە.
ۋەلې بىرتېگۇرمەنگە كەلدى قاچىپ،
كىرىپ باقتى يىلدام ئىشىكنى ئاچىپ.
بار ئېردىكى بىر مۇندا فوستەكچى تاز،
تېگۇرمەن باقۇر ئېردى بۇ قىشۇ ياز.
كىرىپ دېدى: «ھېچ ئاڭلادىڭمۇ خەبەر؟
قاچۇرغا ساڭا بارمۇدۇر ئەمدى يەر؟»

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دېدى: «ئەي خوجام، بولدى هالا نېمە؟
بولۇپدۇر نە هادىسە، ئاڭلاي هەمە؟»
دېدى: «لەندۈهۇرنىڭ تەبلىبازى هەم،
يارىلمىش بۇ ئاخشام چالىپ دەم بەدەم.
ئاڭا هىكمەت ئەهلى دېمىش ئولتۇرۇپ،
مۇڭا ياپسە تازنىڭ باشىنى سويۇپ.
يارىلماس مۇنى چالسالار هەر نېچە،
دېمىش كۆهنە بولماس يانا ئۆلگۈچە.
سېنى تاز دەبان لەندۈهۇرغە چاقىپ،
كېلەدۇر تانا بول تەرەفكە باقىپ.»
هوشى كەتتى تازنىڭ يىراقدىن كۆرۈپ،
بىروق يالبارىپ يىغلادى چۆرۈلۈپ.
خاجە ئۆمرى دېدى: «تۇرمە، ئىگىنىڭنى سال،
قاچىپ غۇلبەغە كىر، بۇ توخماقنى ئال.»
سالىپ ئىگىنىنى تاز، قاچىپ ياتتى هەم،
خاجە ئۆمرى بولۇپ تۇردى فوستەكچى هەم.
كېلىپ لەندۈهۇر قىچقىرىپ شول زەمان،
دېدىكىم: «توگۈرمەنچى بارمۇ، قايان؟»
خاجە ئۆمرى چىقىپ بولدى بىر ساغرۇغۇ،
دېدى لەندۈهۇر: «يات كىشى كەلدىمۇ؟»
خاجە ئۆمرى باقىپ دېدى: «ئەي پەهلەۋان،
سۇيى ئاز نېتەي، بولماسا تاش يوغان.»
دېدى لەندۈهۇر: «سورمادىم مەن ئانى،
كى سوردۇم ئوشۇل زىندى فەرۋاينى.»
خاجە ئۆمرى دېدى: «ئەرتەدىن بەش تاغار،
كى بۇغداينى تارتتىم، قوناق، ئارفە بار.»
دېدى لەندۈهۇر: «مەن ئۆگۈت سورمادىم،
ۋەلې كەلدىمۇ مۇندا ئادەم دېدىم!»
كېلۇرمەن يەنە كۆنمۇ ئولتۇرغۇچە،
كى تارتىپ بولۇرمەن قىلادۇر كېچە.»
دېدى: «سورمادىممەن توگۈرمەن ۋەلى،
قاچىپ كەلدىمۇ مۇندا ئادەم هەلى؟»
دېدى: «ئانچە يۇمشاق چىقارغۇر كۆردىڭ
ئۆگۈت بولسە كەلسۇن، تولا سۆزلەمەڭ.»
بولۇپ لەندۈهۇر دەرغەزەب ئانچۇنان،
كى ئۇرغاي كېلىپ تازنيانە بۇ ئان.
خاجە ئۆمرى دېدى: مەن نېتەي، بۇ قولاق.
ئاغىردۇر، ئىشىتمەيدۇ بولسە يىراق.
ماڭا ئوقتۇرۇپ، سۆزنى ئوڭلۇغ قىلىڭ
نەدىن سىز بۇ يەرگە يېقىنراق كېلىڭ.»
دېدى لەندۈهۇر: «بۇ ئىكەن ساغرۇغۇ،
بۇ قىلغان سۆزۈمنى ئىشىتمەپدۇ بۇ.»
كى ئاندىن بەلەند قىلدى بۇ سۆزنى ئول،
دېدى: «كەلدىمۇ مۇندا بىر يات ئوغول؟!»
خاجە ئۆمرى دېدى: «بىر كىشى ساي كېلىپ،
قاچىپ غۇلبەغە كىردى توخماق ئالىپ.»
دېدى لەندۈهۇر: «شولغىنە ئوغرىدۇر،
كى ئەمدى قۇتۇلماس نەيەرگە قاچۇر،»
خاجە ئۆمرى كېلىپ ئارقاسىدىن بۇ هال،
دېدى لەندۈهۇرغە: دىسەرۇپاينى سال.
ئىگىن هۆل بولۇر، لاي بولۇر قاتما قات،
سالىپ قوي، تۇتۇپ ئولتۇراي مەن، ئۇزات.
سالىپ لەندۈهۇر بۇ سەرۇ پايىنى،
قويۇپ تاشقارى بۇ هەممە بارىنى.
كىرىپ غۇلبەغە لەندۈهۇر شول زەمان،
دېدى قىچقىرىپ: «ئەي ئوغول، چىق بۇيان.»
كىرىپ لەندۈهۇر كۆردى، لايغە چۆكۈپ
تۇرادۇر يالاڭ غۇلبە ئىچرە بۆكۈپ.
دېدى لەندۈهۇر: «قويغىلۇ خەيرۇ شەر،
قۇتۇلماس ئىدى بۇ پولۇ مالنى بەر.»
كى تاز دېدى: «هالا كىچىكدۇر ياشىم،
تەبىلبازغە بولماس مېنىڭكى باشىم.
كى ئاق تازدۇمەن هەم بەغايەت ساسىغ،
قالۇرسىز ۋابالدىققە، يوقتۇر ئاسىغ.»
دېدى لەندۈهۇر: «سەن بۇيان چىق دېدىم،
سېنىڭ بىرلە مۇڭداشغالى كەلمەدىم.»
يەنە دېدى تاز: «ئەي خاجەم، كۆرمىنە،
ياراسى ساقايمايدۇ مۇتلەقغىنە.
تەبىلبازغە تاز بولۇر بولسە كەڭ،
تۆشۈك ئىككى-ئۈچ يەردە بولماس، كۆرەڭ.»

مۇڭا لەندۇھۇر قىلدى ئەينى غەزەب،
بۇ تاز بىلدى كۆڭلىدە قويمايدۇ، دەپ.
يارىپ باشىنى غولدە بىرلە بىر-ئوق.
دېدى: ھەم ساڭا ھەم ماڭا بولسۇ يوق.»
كىرىپ لەندۇھۇر تۇتتى ئەيلەپ ھەۋەس،
بۇ بىر تاز ئىكەن، ئول ئوغۇل بۇ ئەمەس.
دېدى لەندۇھۇر: سەن نە ئادەم بۇ ھال،
قاچۇرسەن بۇ يەڭلىغ، قىلىپ نە خەيال؟»
دېدىكىم بۇ تاز: «مۇندا ياتمىش ئىدىم،
ھەمىشە تۇگۇرمەننى باقمىش ئىدىم.
كى يۈردى يەنە ھەم ئالىپ بىر ئوغۇل،
ماڭا قىلدى ھالا بۇ سۆزنى ئۇشۇل.
دېدىكىم: كېلۇر لەندۇھۇر ئىزلۇتۇن،
يارىلمىش تەبىلبازى ئانىڭ بۇ كۈن.
ئاسادۇر سېنى ھەم باشىڭنى سويۇپ،
بۇ سۆزدىنكى مەن ھەم جانىمدىن تويۇپ،
قاچىپمەن، تۇگۇرمەندە قالدى ئۆزى.»
دېدىكىم: «ئانىڭ سىزدە ئېردى كۆزى.»
دېدى لەندۇھۇر: «ئولغىنە ساغرۇغۇ،
ۋەلې شول ئىكەن، فەندۇرۇپدۇر شوبۇ.»
تۇگۇرمەنگە چىقتى يانىپ دەر گۇمان.
كى يوقتۇر خاجە ئۆمرى، سەروپاي قايان.
كېلىپ لەندۇھۇر باقتى، ئادەمغۇ يوق،
نەكۆڭلەك، نە ئىشتان، سەروپايمۇ يوق.
باقىپ لەندۇھۇر ئولتۇرۇپ قالدى زوك،
يېتىپ كەلدى ئوغۇل تەرتۇ ھەم گاھى ئوك.
تونۇپ خەلقى ئۇشبۇ سەروپاينى.
دېدى: «بۇ سەروپاي ئىگەسى قانى؟»
دېدىكىم: «تۇگۇرمەندە قالدى ياتىپ،
قالىپدۇركى بىر غەمگە باشى قاتىپ.
ئۇ دەيدۇركى: «بولسام ئۇلۇغ پەھلەۋان،
كى غەييۇر، شۇجائەتلىكۇ بىگۇمان.
كېلىپ بىر ئوغۇل مۇندا جەڭ قىلغىلى،
ئۆزىنى مېنىڭ بىرلە تەڭ قىلغىلى.
ئانىڭ قاشىدىن بىر رەبابىي كېلىپ،
مېنى قىلسە مۇنداغ، پۇلۇمنى ئېلىپ.
ماڭا يوقتۇر شەھلىقنىڭ ئەمدى ئىشى،
كى ئورنامدا بولسۇن يەنە بىر كىشى.»
بۇ سۆزنى قىلىپ ئانچۇنان يىغلادى،
كى ئاندىن ‹قەلەندەر بولۇرمەن› دېدى.
كۇلاھ، سەللە، جەندەمنى بەردىم ئاڭا،
كى بەردى سەرۇ پايىنى ئول ماڭا.»
بۇ سۆزلەرگە خەلقى بولۇپ بىدىماغ،
تۇگۇرمەنگە كەلدى باقىپ ئۇشبۇ چاغ.
كېلىپ دېدى: «ئەي پادشاھى كەرەم،
ۋەلې كەلدى سىزگە نە يەڭلىغ ئەلەم،
قەلەندەر بولۇپ، شاھلىقنى قويۇپ،
بېرىپسىز سەروپاينى بىزدىن تويۇپ.
ئۇ كەلگەن كىشى بولسە ھەم پەھلەۋان،
ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلمايۇ دەرگۇمان.
قاراسىنى كۆرمەي ئانىڭكى تېخى،
خوب ئېرمەس كىشىنىڭكى يالتايماقى.
قانى سىزدە بۇ پەھلەۋانلىق ئىشى،
جەھان ئىچرە قىلماق ئەجەبدۇر كىشى،»
بۇ سۆزلەرگە بۇ لەندۇھۇر ھاڭ بېقىپ،
يەنە قالدى ھەيران بولۇپ، داڭ بېقىپ.
دېدى لەندۇھۇر: «ئۇشبۇ كىمنىڭ سۆزى؟»
قىلىپدۇر بۇ سۆزنى قاتىلماي ئۆزى.
دېدى: «بىر كىمەرسە شۇبۇ يول بىلەن،
بارادۇر كېتىپ يولدا چەپ قول بىلەن.
سەروپايلارىنى كېيىپدۇر ھەمە،
تولۇمدا يۇدۇپدۇر ئىدى بۇ نېمە؟»
ئۇشۇل دەم يەنە ئىككى ئاتلىغ چاپىپ،
سەروپاي ئالىپ كەلدى ئۆيدىن تاپىپ.
كېيىپ جامەلەرنى يەنە قاتما قات،
ئالىپ گۇرزىنى سالدى مەيدانغە ئات.
دېدى: «چىقسە ئول ئاسمانغە، چىقاي،
تاپىپ كۆكدە بولسە، زەمىنگە تىقاي.»
بولۇپ لەندۇھۇر دەرغەزەب ئانچۇنان،
كى تىترەشكە كەلدىكى بەرمەي ئەمان.

www.uyghurkitap.com


## ئەمىر ھەمزە ساھىبقىراننىڭ لەندۇھۇر بىرلە تۇتۇشقانلارىنىڭ بەيانى

بۇ يەڭلىغ سۇخەن ئەھلى ئاغاز ئېتەر،
مۇنگا رۇھ قوشۇپ، غازنى شەھباز ئېتەر.
كى ئەمما خاجە ئۆمرى كېلىپ ئۇشبۇ ھال،
ئەمىر قاشلارىغە كىرىپ دەر مەھال.
تۆكۈز سۆز تېخى سورماي ئېردى ئەمىر،
ئۇشۇل دەپ سەۋارە يېتىپ كەلدى بىر.
ئەمىرگە دېدى: «كەلدى چابۇك سەۋار،
ئانىڭ ئۆتىندە بىر يوغان گۇرزە بار.»
ئەمىر دېدى: «كىرسۇنۇ ھالا بۇيان»
ئىجازەت بىلەن لەندۇھۇر شول زەمان؛
كىرىپ، تۇشتى ئانىڭ ئەمىرگە كۆزى،
كۆرۈپ ھۇشىدىن كەتتى ئانداغ ئۆزى.
جەمالىدىن ئولمىش خىجىل ئايۇ كۈن،
پەرى ياكى ھۇرى يۈزى ماھى چۈن.
قىلۇر جىلۋە تاۋۇس يەڭلىغ مەگەر،
بېرۇر تابىشى ھەم بىھىشتىدىن خەبەر.
جەھاننى تۇتار ئافتابى ئانىڭ،
بەلەند ئانچە ھىممەت شىتابى ئانىڭ.
خىراماندا ماھى چۇسەرۋى بەلەند،
مۇسەلسەل چۇگىيسۇيى مۇشكىن كەمەند،
چىقىپ ئىككى ئەبرۇلارىدىن ھەمان،
ئېگىپ لەندۇھۇرغە بۇ تىيرى كەمان.
بولۇپ سىينەئى سەندۇقى ئىچرە بەند،
كى بەند قىلدى تاشلاپ بۇ ئىشقى كەمەند.
سەلام ئەيلەدى لەندۇھۇر ئۇشبۇ ھال،
ئەمىر قوپتىلار ئالدىغە دەرمەھال.
كى سەندەل قويۇپ لەندۇھۇرغە زەمىن،
كى ئولتۇرغۇزۇپ تۆزلەرىگە يەقىن.
سالىپ دەستۇرخان مەھازەر قويۇپ،
دۇئا قىلدى ئاندىن ئىلكلەرنى يۇپ.
تۆگەندى بۇ مېھماننىڭ ئەمدى ئىشى،
كى ئاندىن ئەمىر دېدى: «سىز نە كىشى؟
قاياندىن كېلۇرسىز، نېدۇر ئاتىڭىز،
ۋەلې مۇندا ھەم نە ئۇچۇن كەلدىڭىز؟»
دېدى لەندۇھۇر: «ئەي يىگىت، مەن بۇرەڭ،
بولۇر ئېردىمۇ ھىندۇ شاھى فەرەڭ.
ئاتىم لەندۇھۇر مۇلكى ھىندۇ زەمان،
كى ئەييارىڭىز بار ئىكەن، شول قايان؟
بارىپ ئۇندا ئۇبدان رەبابنى چالىپ،
قاچىپدۇر ھەمە بار-يوقۇمنى ئالىپ.
كى قوغلاپ كېلىپمەن ئانى، ئەي ئەزىز،
ئانى بىر كۆرەي، كۆرسەتىڭ مۇندا سىز.»
ئەمىر دېدى: «راستدۇر بۇ يالغان ئەمەس،»
خاجە ئۆمرىنى كورسەتتى، دېدى: «بۇئەمەس.»
ھەمە پەھلەۋانلار دېدىلەر: «شۇبۇ.»
دېدى لەندۇھۇر: «بۇ ئەمەسدۇركى بۇ.»
ئەمىر دېدى: «مۇنداغ تونۇمايدۇر ئول،
نە سۇرەتتە باردىڭ، شۇ سۇرەتتە بول.»
ياساپ سۇرەتىنى رەباب چالدى بۇ،
كۆرۈپ لەندۇھۇر ھەم دېدىكىم: «شۇبۇ.»
ئەمىر دېدى: «ئەي لەندۇھۇر، ئۇشبۇ ئەر،
تاپىپ يەتتە پەيغەمبەرىدىن نەزەر.
بولۇپ نەچچە سۇرەتتە بولسە ھەمان،
كى بىلگەي يەنە يەتمىش ئىككى زەبان.»
دېدى: «كەلتۇرۇڭ ئەمدى كولبارىنى،
بېرىڭ لەندۇھۇرنىڭكى پۇل-مالىنى.»
ئالىپ كىردى كولبارىنى ئۇشبۇ ھال.
قوپۇپ لەندۇھۇر ئالدىدا دېدى: «ئال».
ئالىپ لەندۇھۇر ھەم بۇ پۇل مالىنى،
خاجە ئۆمرىگە بەردى ھەمە بارىنى.
ئەمىر ئەيشۇ راھەتنى ياد ئەتتىلەر،
ئۇشۇل دەم بۇ سۇھبەتكە مەيل ئەتتىلەر.
كى كەلتۇردىلەر ساقىيايى سۇمەن،
بولۇپ يەئنى بۇلبۇل نەۋازى چەمەن.
كى سازەندەلەر نەغمەسىنى تۈزۈپ،
كى خانەندەلەر تۇتتى مەينى سۈزۈپ.

سەدايىكى بەربەتۇ قانۇن ھەمە،
كى چەڭ، ئەرغەنۇن ئەھلى مەجنۇن ھەمە.
كېلىپ لەرزىگە ھەفت ئىقلىم، فەلەك.
تەماشا قىلۇر ئېردى كۆكدە مەلەك.
ئىچىپ مەي، بولۇپ مەست ھەم پەھلەۋان،
ئەمىرگە قاراپ لەندۇھۇر ئانچۇنان.
كى بولدى زىيادە مۇھەببەت ئىشى،
دەر ئېردى: «بولۇرمۇ بۇ يەكلىغ كىشى؟»
ئەمىر تۇتتى مەي لەندۇھۇرغە كېلىپ،
ئەدەب بىرلە مەينى قولغە ئېلىپ.
دېدى: «ئەيكى سۇلتانى ئالي ئەرەب،
سۆزۈم بار، سوراي، مۇندا كەلدىڭ نەدەپ.
قويۇپ ئاندا شەھرىڭنى ۋەيرانە، ھەم،
نەدىن بۇ ۋىلايەتكە قويدۇڭ قەدەم؟»
ئەمىر دېدى: «مەقسۇدۇم ئولدۇر مېنىڭ،
كېلىپمەن ئالۇرغە باشىڭنى سېنىڭ.»
دېدى لەندۇھۇر: «ئول خۇدايى جەھان،
ئانىڭ ھۇرمەتى، قىل سۆزۈڭنى بەيان،»
ئەمىر يىغلادى ئاھ تارتىپ بىروق،
دېدىكىم: «مېنى ئىشق ئوتى قىلـدى يوق.
بار ئېردىكى نۇشىرەۋاننىڭ قىزى،
ماڭا تۇتىيا ئېردى باسقان ئىزى.
بولۇپ مەن ئاڭا ئاشىقى بىقـەرار،
چىرايلىغ ئۆزى، ئاتى مېھرىنىگـار.
قىلىپ ۋەئدە ئول سۆت بەھاسى ئۈچۈن،
سېنىڭكى باشىڭنى تىلەيدۇر پۈتۈن.»
دەپ ئېردى ئەمىر ئۇشبۇرەڭ ھالىنى،
قىلىپ لەندۇھۇر جۇمەئى جانىنى.
بېرىپ خەنجەرىنى ئەمىرگە بۇ ھال،
دېدى: يەت بۇ مەقسەدكە، باشىمنى ئال.
ماڭا لازىم ئېرمەس بۇ يەكلىغ چەرىك،
مېنى ئۆلتۈرۈپ، يا ئالىپ بار تىرىك.»
ئەمىر دېدى: «بولمايدۇر قىلسە بۇرەڭ،
كى تا قىلماغۇنچە بۇ مەيداندا جەڭ.
بۇ جەڭ ئۈزرە ئالسام باشىڭنى كېسىپ،
بولۇر پەھلەۋانلىقتا يانسا ۋەسىف.
بۇ نامەردلىكدۇر خاتۇننىڭ ئىشى،
كېتەر بىنىشان بۇ جەھاندا كىشى.»
دېدى لەندۇھۇر: سىز مېنى كۆزلىمەڭ،
مېنى پەھلەۋانلارغە ئوخشە دېمەڭ.
مېنى چاغلاماي سىز دىلاۋەر ئەمەس،
كى جەڭ قىلغالى سىز بەرابەر ئەمەس.»
بۇ سۆزنى ئەمىر قىلمادىلار قەبۇل،
كى ئۆز لەشكەرىگە چىقىپ ياندى ئول.
بارىپ لەندۇھۇر كىيدى كۆك جامەنى،
ئەمىرگە ئىبەردى پىتىپ نامەنى.
ئىشىتتى ئوقۇپ نامە مەزمۇنى بۇ،
دېمىش: «ئەي يىگىت، سىز يانىڭ، سۆز شۇبۇ.
قۇتۇلماس سېنىڭ مىڭ جېنىڭنىڭ بىرى،
تىرىك قالماغاي بارچە خەلقىڭ بېرى.
مېنىڭ بىرلە سەن قىلما جەڭگۇ جىدەل،
ياقاڭنى تۇتۇپ كەلدى بولغاي ئەجەل.»
كېلىپ يەتتە نەۋبەت كىشى ئۇشبۇرەڭ،
دېدى ھەر بىرى: «كەت يانىپ، قىلمە جەڭ»
ئەمىر ئاخىرى نامەسىنى ئوقۇپ،
ئىبەردى بىرىنى بەغايەت سوقۇپ.
ئەمىر ئاتلانىپ ئارقاسىدىن ھەمان،
بارىپ تۇشتى لەشكەر ھەمە شول زەمان.
زەمانە ئۆتۈپ بولدى بىرگەرد ھەم،
نەمايەن بولۇپ گەرد ئىچىدىن ئەلەم.
سەلاھلار كىيىپ رەڭ بەرەڭ نەچچە خىل،
سالىپ ئالدىغە ئالتە مىڭ جەڭگى فىل.
كى بىر تەخت ھەر فىل ئۈزە بەند قىلىپ،
قويۇپدۇركى ئايىنە پەيۋەند قىلىپ.
تۇتۇپدۇركى سەھرانى بىر - ئوق - بەرق،
كى ئالتۇن جەلاجىل سالىپدۇركى غەرق.
كى فىل خەرتۇملارغە گەژدۇم باقىپ،
كى شەمشىرىنى ئىككى يانغە ئاسىپ.
بۇ ھەر تەخت ئۈزرە ئۇن ئىككى غۇلام،
ۋەلي ئولتۇرۇپدۇركى ئەيلەپ خىرام.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلار بېكىتى



مۇنگدىن كېيىن بارھايى رەۋاق،
سالىپ ئالتە مىڭ تۆرت يۈز ئارغۇماق.
جىلاۋىدا بەرجا رەقىبپۇش ئوغۇل،
بولۇپ كەلدى ئانداغ بەيابانى غول.
كى ھەم ئارقاسىدىن بولۇپ كامران،
يېتىپ كەلدى قىرق مىڭ ئۇلۇغ پەھلەۋان.
كى ئالدىدا بىر فىل پەيكەر ئەلەم،
تۈشۈپ زىلزىلە بۇ جەھان ئىچرە جەم.
تۈشۈپ لەرزەگە دەشت ئىلە كوھى قاف،
بۇ ھەيباتىدىن بولدى تاغلار شىكاف.
ئۇلۇغ پەھلەۋان نەچچە مىڭ نەچچە يۈز،
كى جەۋلان ئېتىپ، قىلدى مەيداننى تۈز.
كى ئاندىن يەنە گەرد شەيدا بولۇپ،
يېتىپ كەلدى بىر نەرسە فەيدا بولۇپ.
مىنىپ فىلى مەيمۇنغە ئوخشبۇ رەك،
كېيىپ جۇببە جەۋشەن بۇ سامۇ فەرەك.
كى يۈزمىڭ بۇ پاتمان ئالىپ گۇرزەنى،
قويۇپدۇركى ئۆشنىگە ئانداغ ئانى.
زەبەردەست بۇنداغكى غەۋغاسى بار،
ئون ئۈچ كۈنگۈرەلىغ دۇبۇلغاسى بار.
بۇ ھەر كۈنگۈرەسىغە گەۋھەر ئاسىپ،
كېلىپ تۇردى لەشكەركى تاغدەك ياسىپ.
قىلىپ ئەسئەسە، دەبدەبە بۇ ھەشەم،
كى توختاپ بۇئانداغ ياسال قىلدى ھەم.
كى مەيدانغە كىردى بولۇپ كامران،
كى جەۋلان ئېتىپ كۆرگۈزۈپ ئانچۇنان.
دېدىكىم بىروق نەئرە تارتىپ بۇ ئەر:
«قېنى كەل بۇ مەيدانغە، ئەي دەئۋىگەر!
مېنىڭكى سۆزۈمنى قەبۇل قىلمادىڭ،
ئۆزۈڭ چاغلاماي جەڭ قىلۇرمە دېدىڭ.
قېنى كەلگىلۇ مۇندە، ئەي نەۋ جەۋان،
دېدىكىم بۇ دەۋلەت باقادۇر قايان؟»
ئەمىر گەرچە بەرمەدى ئەسلا ئەمان،
كى بىر گەرد پەيدا بولۇپ شول زەمان.
ئۆتۈپ كىردى مەيدانغە يىلدام يۈرۈپ،
بۇ سەگنى ئەمىر تونۇدىلار كۆرۈپ.
ئەمىر دېدىلەر: «سىز، خاجە ئۇمرى، بارىڭ،
بۇ نې ئىشغە كەلمىش، خەبەرنى ئالىڭ.»
خاجە ئۇمرى كېلىپ قاشىغە ئوشبۇ دەم،
دېدىكىم: «نەدەپ كەلدىڭ، ئەي گۇستەھەم.
دېدى گۇستەھەم: «باغى نەيساندا،
گۇناھ قىلمىش ئېردىم ئەمىر ئالدىدا.
يۈرۈرمەن بۇ شەرمەندەلىكدىن قاچىپ،
ئەمىرغە نېتەي بولمادى تىل ئاچىپ.
ئەمىردىن خەبەر ئالدىمۇ ئوشبۇ رەك،
قىلادۇر ئىدى لەندۇھۇر بىرلە جەڭ.
دېدىم جەڭ قىلاي ئالدىدا مەن ئانىڭ،
كى ئاندىن گۇناھىمنى ئۆتكەي مېنىڭ.
كېلىپمەن بۇ مەقسەدكە يەتمەك ئۈچۈن،
بۇ جەڭنى قىلىپمەن تۈگەتمەك ئۈچۈن.»
خاجە ئۇمرى دېدى: «خۇب ئېرۇر بۇ سۆزۈڭ،
ئەمىر كۆڭلىنى مۇندا خۇش قىل ئۆزۈڭ.»
دېدى: «لەندۇھۇر ئەينا شۇلدۇر كۆرەڭ،
كى ئەۋۋەل قىلىڭ سىز ئانىڭ بىرلە جەڭ.»
تۈشۈپ لەندۇھۇرغە بۇ سەگنىڭ كۆزى،
كۆرۈپ گۇرزەسىنى يىقىلغاي ئۆزى.
دېدى گۇستەھەم گۇرزەنى: «ئول نېمە؟
كاۋاكمۇ ۋە ياكى پۈتۈنمۇ ھەمە؟»
خاجە ئۇمرى دېدى: «سەنكى قاپپا قىمۇسەن؟
بۇ ئىشلارنى بىلمەيسە ئەھماقمۇسەن؟
پۈتۈن بولسە ئادەم كۆتەرسۇن قاچان؟
كاۋاكدۇر، شۇڭا ئول كۆتەرمەك ئاسان.»
بۇ سۆزلەر بىلەن خېلى قۇۋۋەت تاپىپ،
كى ئاندىن بۇ مەيدانغە كەلدى چىقىپ.
يېتىپ باگى ھەيبەت سوقۇپ گۇستەھەم،
مۇڭا لەندۇھۇرنىڭ كۆزى تۈشتى ھەم.
كى بىرگە بىرى ماجەرادۇر ئانىڭ،
يۈزى ھەم قازاندەك قارادۇر ئانىڭ.
كۆرۈپ لەندۇھۇر ئوشبۇ سەگنى ئەجەب،
دېدى: «ئەي ھەرامزادەئى بىئەدەب.

كۆرۈپمەن ئۇ كۈن ئانچە ساھىب جەمال،
بۇ كۈن بۇ نىچۇك قالغۇسى، بۇ نەھال.
كى سەن نە كىشى، قىل سۆزۈڭنى بەيان،
نە يەردىن كېلۇرسەن، مەكانىڭ قايان؟»
دېدى: «مەن نەبىرە زەمانى قەدەم،
كى رۇستەم بابايۇ ئاتىم گۇستەھەم.
كى مەن فەھلەۋانى يېگانە زەمان،
رەقىب بولسە، دەم بەرمەگەيمەن ئەمان.»
بۇ سۆزدىن بولۇپ لەندۇھۇر دەرغەزەب،
دېدى: «مۇندا لاف ئۇرماغىل بىئەدەب.»
ئالىپ گۇرزەنى ئىلكىگە ئۇشبۇ ئەر،
ھەۋالە قىلىپ ئېردى بۇ شىرى نەر.
چىقاردى شەمال بۇ جەھاندىن تۇتۇن،
كۆرۈپ گۇستەھەم بىلدى گۇرزە پۇتۇن.
دېدى: «فەندۇرۇپدۇر خاجە ئۇمرى مېنى،
كاۋاك دەپ ئىدى بۇ يېغان گۇرزەنى.»
سۇپەرنى تۇتۇپ قاچتى بۇ گۇستەھەم،
مۇڭا لەندۇھۇر گۇرزەنى ئاتتى ھەم.
تۇشۇپ يەرگە بۇ گۇرزەنىڭ ھەسسەسى،
يىقىلدى تېگىپ بويىنىغە دەستەسى.
بۇ سەگىنىڭ بۇ يەردىن سىپاھى كېلىپ،
يۇدۇپ ھەم مەكانىغە كەتتى ئالىپ.
شەھال شاھ قەلئەسىنىڭ تاشىغە،
كۆرۈشتى كېلىپ گۇستەھەم قاشىغە.
يېتىپ گۇستەھەم نەچچە كۈن باقىراپ،
كى بويىنى ساقايدى شىشىپ پاقىراپ.

* *

قىلاي داستان قىسسەنى ئۇفتەدا،
قىلىپ ئول ئەزىز پاكىغە ئىقتەدا.
كى جەۋلان ئېتىپ لەندۇھۇر ئانچۇنان،
قىلىپ گۇرزەغە بازلىقلار ئۇيان.
ياسالنى تۇزۇپ ھەم چالىپ تەبلى جەڭ،
تىلەپ مەرد ئويۇنلار قىلىپ رەڭ بەرەڭ.

ئۇشۇل دەم ئەمىر بولدىلار كامران،
يېتىپ كەلدى مەيدانىغە بەرمەي ئەمان.
كى جەۋلانە قىلدىكى ئانداغ ئەمىر،
قىلىپ رەڭ بەرەڭ بازلىق نەئرە شىر.
تەئەججۇپ قىلىپ لەندۇھۇر ئۇشبۇ ھال،
دېدى: «نەيزە ئالماق ماڭا يوق مەھال.
كى مەن نەيزە تۇتماقنى قىلسام ھەۋەس،
بۇ ئەينىكى ئىنسافلىغدىن ئەمەس.»
قىلىپ پارە بۇ نەيزەسىنى ھەمان،
ئانى تاشلادىلار يىراقىغە رەۋان.
ئەمىر دېدى: «ئەي پەھلەۋان ھەربەنى،
بۇ يەڭلىغ ئۇشاتتىڭ نەئىشغە ئانى؟»
دېدى لەندۇھۇر: «نەيزە تۇتغان كىشى،
كى ئالدىدا شەرمەندە بولغاي ئىشى.»
ئەمىر ھەم ئالىپ چەپ قولىغە سۇپەر،
كى شەمشەر ئالىپ ئوڭ قولىغە بۇ ئەر.
قىلىپ بازلىق ئانچە جەۋلان ئېتىپ،
كى ئاندىن ئۇيات قىلدى ئوقيا ئېتىپ.
دېدى كۆڭلىدە: «لەندۇھۇر ئۇشبۇ رەڭ،
قىلىپ نەيزە ـ شەمشەردە بولمايدۇ جەڭ.
مۇڭا گۇرزەدىن ئۆزگەسى خۇب ئەمەس،
يانا ھەربە تۇتماقنى قىلمە ھەۋەس.»
بۇ دەم گۇرزەسىنى قولىغە ئالىپ،
بۇ قىلدى ھەۋالە ئەمىرگە كېلىپ.
دېدى: «ئەي يىگىت، سىزگە بولماس يۈرەك،
سالاي گۇرزەنى سىزگە ئاھىستەرەك.»
ئەمىر دېدى: «قىلسە رىئايە ئىشى،
ئۇشۇل ئەر ئەمەسدۇركى، خاتۇن كىشى.
قەبۇل قىلماساڭىز سۆزۈمنى مەگەر،
ئاتا ۋەسلىدىن بولماغايمەن ئەگەر.
مېنى قۇۋۋەتىڭ بارىچە گۇرزە سال،
ئالاي مەن سېنى، يا كۈچۈڭ بىرلە ئال.»
كى ناچار ئولۇپ لەندۇھۇر ئۇشبۇ دەم،
قىلىپ گۇرزەنى جىلۋە ھايى ئەلەم.
كى ئۈچ يۈزۈ ئاتمىش تۇمۇر بەندىدىن،

كى تۆرت يۈز قىرق پارە پەيۋەندىدىن.
كى زورلۇقنى سەرپەنجەئى ساردىغە،
بۇ دەم كەلتۈرۈپ بارىنى كاردىغە.
قىلىپ لەندۇھۇر گۇرزەنى جىلۋەگەر،
ئەمىر باشىغە سالدى ئانداغ بۇ ئەر.
كى ئوتلار جەھانىغە چاقىپ پالۇ پىل،
كى تاغلار يارىلدى، يىقىلدى سىفىل.
بۇ ئاۋاز قىلدى فەلەكنى شىكاف،
كۆچۈپ بۇ زەمىن دەشت ئىلە كوھى قاف.
ئەمىر ھەم سۇفەر تۇتتى ھالا ئۆزى،
سۇفەرگە تېگىپ گۇرزەسىنىڭ يۈزى.
كى بەرداش قىلدى ئەمىر جانۇ دىل،
كۆرۈندى جەھان كۆزلەرىگە قىزىل.
ئىمىپ ئېردى سۈت ئادىيە بانۇدىن،
بۇ سۈت ئاغزىدا ئېردى لەززەت ھەمىن،
كى تەرلەپ بەدەن كاسە ـ كاسە ھەمان،
سۇ ئاقتى بۇلاقتەك زەمىنگە ھەمان.
بۇ گۇرزە قىلىپدۇر سۇفەرنى قەلەم،
ۋەلې يەتكەنى يوق ئەمىرگە ئەلەم.
سىيەھ ئەمما قىيتاس ھەم بەككىنە،
زەمىنگە چۆكۈپدۇر قوزۇقدەككىنە.
كىرىپ ئاغزىدىن، قانۇ ھەر مويىدىن،
ئاقىپدۇركى شۇ گۇرزەنىڭ زورىدىن.
كى ئەندازەدە لەندۇھۇرنىڭ قولى،
كىتىپدۇر يىراقغە، ئۇقۇپ ھاسىلى.
كى ئاۋازى كەلدى يىراقدىن ئانىڭ،
دېدى: «ئەي يىگىت، بار نې ھالىڭ سېنىڭ؟»
يەنە كەلدى ھاتىفدىن ئاۋاز ھەم،
دېدى: «ئەي جىگەر گۇشەئى، قىلمە غەم.
قىلىپ ھەق ئۆزى پاسىبانلىق ساڭا،
كېلىپدۇركى ساھىب قىرانلىق ساڭا.»
ئەمىر ھالىغە كەلدى، ئەيلەپ سەنا،
كېلىپ تۇردى توختاپ بۇ يەردە يانا.
ئەمىرنىڭ كېلىپ لەندۇھۇر قاشىغە،
كى سالدى يانا گۇرزەنى باشىغە.
تۇشۇر گۇرزە ئىلكىدىن بەككىنە،
كى تاغدىن ھەم ئاغىر ئىكەندەككىنە.
ئەمىر ھەم سۇفەرگە ئالىپ باشىنى،
يەنە قىلدىلار ئانچە بەرداشىنى.
كېتىپ ئۆزلەرىدىن بۇ دەم شىرى مەرد،
بولۇپدۇر سۇفەرنىڭ تاشى گەردۇ گەرد.
مۇشەققەت بىلەن ئۆتكەزىپ ئانچۇنان،
بولۇپ كۆزلەرىگە قاراڭغۇ جەھان.
سىيەھ ئەمما قىيتاس پەيۋەند بولۇپ،
قالىپدۇر زەمىنگە چۆكۈپ بەند بولۇپ.
ۋە ھەرتال مويىدىن ئاقىپدۇر بۇلاق،
بۇ يەڭلىغ بولۇپدۇر ئۆزى ئەمما ساق.
سالىپ گۇرزە ئۈچ مەرتەبە ئۇشبۇ رەڭ،
كى بەرداش ئېتىپ ھەم ئەمىر بولدى تەڭ.
كى مۇندىن زىيادە بۇ بەرداشنى،
ئەمىر ھەم قىلالمايدۇ دەئۋاسىنى.
بۇ جەڭ نەۋبەتى لەندۇھۇردىن كېتىپ،
ئۇشۇل دەم ئەمىر دېدى نەۋبەت يېتىپ:
«ماڭا سىز ھەئى گۇرزەڭىزنى بېرىڭ،
سالىپ ھەربە ئاندىن بېرەيىن، ئالىڭ.»
بېرىپ لەندۇھۇر گۇرزەسىنى ھەمان،
ئالىپ ئىلكىگە بۇ ئەمىرى جەھان.
كېلىپ سالدى ئانداغ مۇنىڭ باشىغە،
ئۆزىنى بۇ ھەم ئالدى بەرداشىغە،
سالىپ گۇرزە ئۈچ مەرتەبە ئۇشبۇ رەڭ،
بۇ بەرداش قىلدى، ئەمىردەك، كۆرەڭ.
بۇلار جەڭگە ئانداغ زىيادە بولۇپ،
تۇتۇش قىلدى ئانداغ فىيادە بولۇپ.
قىلىپ بىر رىۋايەتدە ئۈچ كۈن تۇتۇش،
فەلەككە يېتىپ ماجەرا بۇ خۇرۇش.
ئەمىر ئاخىرى لەندۇھۇرنى سورە،
يىقىتتى، دېدىكىم قوپالماي ئۆرە.
«ئايا ئالىي ھىممەتكى، ئالىي جەۋان،
مېنى مۇنچە رەسۋايى قىلمە جەھان.
تىرىكمەنكى، ھەردەم بولاي بەندەڭىز،

نه خىزمەت، نه مېهنەتده جانەندەگىز.»
بۇ سۆزدىن يۆلەپ قويدىلار هەم ئالىپ،
قوپۇپ لەندۇهۇر ئولتۇرۇپ دەم ئالىپ.
ئەمىر شادۇ خۇررەم بولۇپ ئانچۇنان،
كى هەربىرلەرى ياندى لەشكەر سويان.

* *

ئەمىر بارگاهىدا تاپتى قەرار،
يانا يادىغە كەلدى مېهرىنىگار.
ئانىڭ ياددا بۇ غەزەلنى ئوقۇپ،
كى تەنها ياتۇر ئېردى مەشرەب سوقۇپ،
زەمانە بولۇپ ئېردى تۈن هەسسەسى،
ياتىپ ئېردىلەر خەلقىنىڭ بەئزەسى.
چىقىپ ئېردى مۇقبىل تالاغه بۇ دەم،
ۋەلې كەلدى بىر كۆلكى ئاۋازى هەم.
جەلاخانه سارى نەمايان بولۇپ،
كى ئاغازى ئىلهامى جەۋلان ئولۇپ.
كى مۇقبىل كۆرۈپ ئىككى ئاتلىغ كىشى،
ۋە لېكىن ئانىڭ ئېردى قەهقەه ئىشى.
دېدى خاجه مۇقبىلۇ: «هالا نەسەن؟
بۇ چاغدا بۇ دەرگاهغه كەلمەسەن.
ئاتۇرمەن!» دەبان ئالدى ئوقيايىنى،
دېدى: «ئاتماغىل، بىز غەرىب باينى.»
بۇ قىزلار ئىدى شەه هەرەمگاهلارى،
بىرى زۇهرە ئېردى، بىرى مۇشتەرى.
كى مۇقبىل ئالىپ ئوق، ئاتاي دەپ قوپۇپ،
يەنه قويدى ئاۋازىدىن بۇ تانۇپ.
بۇ قىزلار فىيادە بولۇپ ئەل بىلەن،
كۆرۈشتى كېلىپ خاجه مۇقبىل بىلەن.
دېدى: «بىز مەلىكەم قاشىدىن بۇ هال،
ئەمىردىن سورارغە كېلىپ ئەسفەهال.
ئولارنىڭكى مۇلازىمەتلەر ئۈچۈن،
كېلىپ ئېردۇك ئۇشبۇ خىزمەتلەر ئۈچۈن.»
بۇ سۆزلەرنى مۇقبىلگە قىلدى بۇلەر،
مۇنى قىلدى مۇقبىل ئەمىرگە خەبەر.
ئەمىر يىغلاپ ـ ئوق چىقتىلار ئالدىغە،
قولنى تۇتۇپ كىردى چاهدەرىغە.
كى ئاندىن مەلىكەمنى سوردى ئەمىر،
بۇ قىزلار قوپۇپ قىلدى تەئزىمنى بىر.
قوپۇپ زۇهرە ئەيلەپ بۇ يەگلىغ خىرام،
دېدىكىم: «مەلىكەمدىن ئولمىش سەلام.»
ئەمىر ئاهنى تارتىبان نەچچە خىل،
كى ئانداغ ئەلەيك ئالدى بەسىدقى دىل.
كى ئاندىن تۇتۇبانكى بىر نامە ئۇ،
دېدىكىم: «بۇ سىزلەرگە يادنامە بۇ.»
ئەمىر قوللارىغە ئالىپ شول زەمان،
باقىپ قىلدى تەئزىم مەلىكەم سويان.
«مەنى زارۇ مەهبۇبى بىچارەدىن،
غەرىبۇ شىكەستە بۇ ئاۋارەدىن.
ئوشۇل سەرۋى رەفتارى دىلجۇيىغە،
پەرى ماهى شەهلايى خۇش بۇيىغە.
كى يارۇ جەهانۇ ئۇلۇغ زاتلىغ،
مەقامى ئەبۇل ئالىيەى ئاتلىغ.
سەلامىم ئوشۇل مېهرىبان يارىغە،
كى مەن مۇنتەزىر ئەمدى دىيدارىغە.
ئوشۇل كۈن ۋىسالىڭدىن ئولدۇم يىراق،
چېكىپ ئاهنى، تارتادۇرمەن فىراق.
كى يادىڭدا يىغلاپ، كېچە ياتمادىم،
تەئام لۇقمەئى، قەترە سۇ تاتمادىم.
ئۇمىدىم مېنىڭ تەگرىدىن ئۇشبۇ هەم،
جەمالىڭنى كۆرمەككە قىلسە كەرەم.
ۋەلې سائەتىدە بۇ دىيدارىڭىز،
نەسىب قىلسە هەق، كۆرسە بۇ زارىڭىز.»
ئەمىر يىغلادى ئۇشبۇ بەيتنى ئوقۇپ،
يەنه تۇتتى ياغلىغ بۇ زۇهرە قوپۇپ.
تونۇپ ئۇشبۇ ياغلىقنى ئالغان زەمان،
كى سۇرتۇپ ئەمىر كۆزىگه ئانچۇنان.
مۇنىڭ تۆرت بۇرجى تۆگۆگلۈك هەمە،
ئاچىپ باقتىلار ئانى دەپ «بۇ نېمە؟»

بۇ ھەم خەت ئىكەن كاغەزى سەبزە رەڭ،
پىتىپدۇر مۇڭا ئۇشبۇ يەڭلىغ، كۆرەڭ:
«ياتىپ مۇندا ھەسرەت ـ نەدامەتدە مەن،
ساڭا خەت ئىبەردىم خىجالەتدە مەن.
فىراقىڭدا بولدى بۇ جانىم زەبۇن،
چىكىپ ئاھنى بۇ زەلالەتدە مەن.
سىنى كۆرمەگەي ئىردىم، ئاھ كاشكى،
شۇ چاغ كۆز تىكىپ بۇ ۋىلايەتدە مەن.
مىنى تاشلابان سەن يىراقغە كىتىپ،
قالىپ مۇندا قايغۇ نەدامەتدە مەن.
قىلىپ نامەنى مەن ئىبەردىم ساڭا،
كىلۇر دەپ سىنى، ئۇشبۇ ھاجەتدە مەن.
مىنى ياد ئىتىپ كەلمەسەڭ سەن ئەگەر،
تۇتارمەن ياقاڭنى قىيامەتدە مەن.»
انا باقتى بىر بۇرجىنى ئۇشبۇ ھال،
پىتىپدۇر ئاڭا ئۇشبۇ رەڭ ئەسفىھال:
«ماڭا تۇتىيا بولدى دىيدارىڭىز،
قالىپ داغۇ فۇرقەتدە بۇ يارىڭىز.
كى مۇشكىل ئىكەن بۇ جۇدالىق ئىشى،
ئىدىم مەن فەقىر خەستەئى كارىڭىز.
يولۇڭدا قاراردى قاراقىم مىنىڭ،
بولۇبان سەھەرلەر تەلەبكارىڭىز.
خەراب ئولدى ھالىم، چىرايىم سارىغ،
بولۇپ ئاشىقى مەن گىرىفتارىڭىز.
كى سىز ئاندا بىر ياد قىلماي مىنى.
ئۇنۇتمايدۇ سىزنى بۇ بىچارىڭىز.»
پىتىپدۇركى بىر بۇرجىغە ئۇشبۇ خىل،
مۇنىڭكى بوياپ كاغەزىنى قىزىل:
«كى سەندىن بۆلەك ھەمدەمىم يوق مىنىڭ،
كى ئەرز ئەتكەلى مەھرەمىم يوق مىنىڭ.
ۋىسالىڭ ئۈچۈن زارۇ بىدار ئولۇپ،
كى سەن بار ئاندا غەمىم يوق مىنىڭ.
فىراقىڭدا قانلار يۇتۇپ دەم بەدەم،
يەنە شاھدىن خاتەمىم يوق مىنىڭ.
ۋىسالىڭغا مۇھتاجمەن بىر گەدا،
سىنىڭدەك يانا ھاتەمىم يوق مىنىڭ.»
يەنە ھەم پىتىپدۇركى بىر بۇرجىدا،
قىلىپدۇر سۆزىنى بۇ يەڭلىغ ئەدا:
«كىشىگە بۇ ئەرزىمنى ئاڭلاتمادىم،
فىراقىڭدا يىغلاپ كىچە ياتمادىم.
سىنى دەپ بولۇپ ئىنتىزارۇ جەھان
كى قەندۇ شەكەر بولسە ھەم تاتمادىم.
قىلىپ سەرنىگۇن ئىشقىنىڭ ئافەتى،
باشىم راستۇق ئۈستىدە توختاتمادىم.
جۇدالىق ئىشىدىن قارالىغ ئۆزۈم،
كۆلۈپ بۇ ھەرەملەرگە سۆز قاتمادىم.»
بۇ خەتنى ئەمىر نەچچە نەۋبەت ئوقۇپ،
كى يىغلاپ بىروق سىنەسىگە سوقۇپ.
بۇ يۇردىكى مۇقبىلنى: «يىلدام چاپىڭ،
كى ئەھبابى سۇھبەتنى ئەمدى تاپىڭ.»
قىلىپ راست ئۇشۇل دەم بۇ مەينى سۈزۈپ،
كى تۈن ھەسسەسى بولدى مەجلىس تۈزۈپ.
ئەمىر كەيف بولۇپ ئىشقىنىڭ داغىدا،
ئىشىككە قوپۇپ چىقتى بۇ چاغىدا.
دىدى زۇھرەگە مۇشتەرى ۋەقتى شۇ،
ئالىپ نەچچە مىسقال ھەلاھىلنى بۇ.
ئەمىرنىڭكى مەي جاملارىغە سالىپ،
ئەمىر كىردى، تۇتتى قولىغە ئالىپ.
دىدى: «بۇ مەلىكەمنىڭ ئولمىش ئاياق،
مەلىكەم تولا تارتىبان ئىشتىياق.
دەر ئىيردىكى ئورنۇمدا سىزلەر بارىپ،
ئاڭا مەي تۇتۇڭلار قىيالە ئالىپ.»
بۇ بەدبەخت ئەمىر ئالدىدا چۆيرۈلۈپ،
كى تۇتتىكى يىغلاپ ئۇ گاھى كۈلۈپ.
كى ئالدى ئەمىر قوللارىغە ھەمان،
كى يىغلاپ، چىكىپ ئاھنى شول زەمان.
دىدى: «مەن بىلەيكى بۇ جامغە ئەگەر،
سالىپ تۇتساڭىز ھەم ھەلالدۇر زەھەر.
مەلىكەمنىڭ ئىشقىدا ھالا ئىچەي،
بۇ ئىشنى بىلۇرمەنكى جاندىن كىچەي.»

دېدىلەر بۇ يەگىلىغ، قويۇپ لەبغەلەب،
سۇمۇردىكى ئالداغ زەھەرنى ئەرەب.
بۇ قىزلاركى بۇ ئىشغە كەلمىش ئىدى،
ھەرامزادە بەختەك ئىبەرمىش ئىدى.
دېمىش ئېردى چىرلاپ بۇ بەدبەختنى:
«بارىبان ئىكەۋلەن تاپىپ ۋەقتنى.
كى ياغلىق بىلەن نامەنى كۆرسەتىپ،
ئانىڭ ئىككى-ئۈچ كۈن قاشىدا ياتىپ.
كى تاپساڭ تۇرۇپ ۋەقتى بىر خالي يەر،
ئەمرگە بۇ زەھرى ھەلاھىلنى بەر.
كى مەن ھەر مۇرادىڭنى ھاسىل قىلاي،
قۇباد ئەردەشىر بىرلە ۋاسىل قىلاي.
قۇباد ئەردەشىر ئىشقىدا زارسەن،
ئانىڭ ئالدىدا بۇ سىفەت خارسەن.
ئۇلارغە بىرەي خاتۇنى بول ئانىڭ،
كى بولسۇن ئۇلۇغلۇق بۇ دەۋلەت سېنىڭ.»
بۇ سۆزلەر بىلەن ئۇشبۇ بەدبەختلەر،
كېلىپ ئېردى بۇ جاھىلۇ سەختلەر.
كى بولدى ئەمىر شول زەمان سەرنىگۇن،
كى غەششا بولۇپ كۆڭلى، ئولدى زەبۇن.
تۆكۈلدى ھەمىن زۇلفۇ قاشلار ئارىغ،
كى بىھۇش بولۇپ، رەڭگى بولدى سارىغ.
بۇ شۇملار ئۇچەردىكى ئەيلەپ خىرام،
كى فانۇسۇ مەشئەلنى قويماي تەمام.
بۇ سەگلەر قاچىپ چىقتى مۇندىن قوپۇپ،
رەۋان بولدى يولغە، ئاتىنى توقۇپ.
بەناگەھ كىرىپ كەلدى مۇقبىل بۇ دەم،
كۆرۈنمەيدۇ فانۇس ئۆچۈپ ھېچ ئەدەم.
چەراغلارنى بۇ ياندۇرۇپ دەرمەھال،
كىرىپ كۆردى مۇقبىل ئەمىرنى بۇ ھال.
كى بىخۇد ياتادۇر ئەمىر ھالى يوق،
ئۇرۇپ نەئرە بۇ يىغلادىكى بىروق.
ئىشتتى بۇ يەگىلىغ خاجە ئۇمرى خۇرۇش،
كىرىپ، ھەم ئانىڭدىن كېتىپ ئەقلۇ ھوش.
ئەمىرنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئۇشبۇ ئەر،
دېدىكىم: «بىرىپدۇر بۇلارغە زەھەر.
كېلىپ ئېردى مۇندا نەيەگىلىغ كىشى،
بۇ قايسى ھەرامزادەنىڭكى ئىشى؟»
دېدى خاجە مۇقبىل: «ياتار ۋەقتىدە،
كى مەن يەردە ئېردىم ئەمىر تەختىدە.
كېلىپ زۇھرە بىرلە ئۇشۇل مۇشتەرى،
ئۇلار قالدىلار، مەن چىقىپ تاشقارى.»
خاجە ئۇمرى دېدىكىم: «تولادۇر رەقىپ،
سۇرەن سالمە، ئاھىستە سۆزلە باقىپ.»
خاجە ئۇمرى بولۇپ ئارقاسىدىن رەۋان،
تۇتۇپ ئىككى بەدبەختنى شول زەمان.
قىلىپ تېيرى باران باشىنى كېسىپ،
جەلاخانەدە قويدى ئانى ئېسىپ.
يىغىلدى ئۇشۇل دەم تەمامى سىپاھ،
يىغى زار قىلدى چېكىپ دەردۇ ئاھ.
خاجە ئۇمرى دېدى: «بۇ يىغىدۇر زەرەر،
كى دۇشمەن يېقىندۇركى، ئالغاي خەبەر.
بۇ ھالدە مۇڭا سەبر قىلماق كېرەك،
يەنە يوق ئىلاجى مۇنىڭدىن بۆلەك.
تېبخى لەندۇھۇرنىڭكى ھالى نېدۇر؟»
دېدى: «مەئلۇم ئېرمەس، خەيالى نېدۇر؟»
خاجە ئۇمرى چىقىپ ئالغالى بىر خەبەر،
بار ئېردىكى مەغرىب سارى بىر شەھەر.
كېلەدۇر ئۇشۇل سارىدىن بىر نېمە،
كى فانۇسۇ مەشئەل كۆتەرتىپ ھەمە.
دېمىش قىچقىرىپ: «سىز خاجە ئۇمرى قايان؟
كى يىلدام كېلىڭ ئالدىمىزغە بۇ يان.
كى بولدى تۇشۇمدە بىشارەت ماڭا،
خەلىل قىلدى مۇنداغ ئىشارەت ماڭا:
كى دۇشمەن نەبىرەمگە بەردى زەھەر،
دېدىلەركى، ئالغىل ئانىڭدىن خەبەر.
شەفائەت قىلمۇرمەن قىيامەت كۈنى،
نەدامەت قىلمۇرسەن خىجالەت كۈنى.»
بۇ سۆز بىرلە قىلمىش بەغايەت فىغان،
كى ئالدىغە كەلدى خاجە ئۇمرى رەۋان.

كېلىپ كۆردى ئانداغ يەگىتدۇركى بىر،
كى ساھىب جەمالۇ ئېرۇر بىنەزىر.
كۆرۇشتى خاجە ئۇمرى بىلەن ئۇشبۇ ھال،
دېدى ئۇشبۇ يەگىلىغ سوراپ ئەسفەھال:
«ياتار ئېردىمۇ ئۇيقۇدا مەن كېچە،
كى تۇش كۆردۇمۇ ئۇيقۇدا، ئەي خوجە.
خەلىل ئۇشبۇ يەگىلىغ بىشارەت قىلىپ،
بۇ سۆزنى دېدىلەر ئىشارەت قىلىپ:
‹نەبىرەمگە دۇشمەن زەھەر بەردىلەر،›
ماگا ئۇشبۇ سۆزنى خەبەر بەردىلەر.
دېدىلەر: ‹بارىپ قاشىغە سەن ۋەلى،›
ئالىپ كىر بۇ شەھرىڭگە ئانى ھەلى.
كى سەن كىرمەگۈنچە بىھىشتكە تەمام،›
دېدى: ‹قىلماغۇمدۇركى سەنسىز خىرام.
مۇسۇلمان بولدۇم ۋە لېكىن بۇ دەم،›
دېدى: ‹كەلتۈرەي شول يىگىت قايدا ھەم››»
خاجە ئۇمرى تانىپ ئەۋۋەلى ئانچۇنان،
كېيىن كۆندە بۇ ئانچە ئەيلەپ فىغان.
شەھال شاھنىڭ ئېردى ئوغلىكى بۇ،
قىلۇر ئېردى شەھلىقىنى ئەمما شۇبۇ.
ئىدى ئاتى چىنفۇر ئۆزى دەردمەند،
ئەمەك لەندۇھۇرغە مەقامى بەلەند:
ئوشۇل دەم ئەمىر قاشلارىغە كېلىپ،
بۇ كىردى شەھەرگە ئەمىرنى ئالىپ.
خاجە ئۇمرى بۇ سائەت ئۇرۇپ باشىغە،
كېلىپ ئول زەمان لەندۇھۇر قاشىغە.
دېدى: «سىزگە ئانداغ ئەمىرنىڭ سۆزى،
ئىبەردى مېنى، ئاندا قالدى ئۆزى:
ئەمىر ئەمدى مېھرىبانلىغارى ئۈچۈن،
كى يىغلاپ ئانىڭكى ۋىسالى ئۈچۈن.
كى ئىلگىر ئىبەرمەكچى بولدى بەلەند،
دېدى: لەندۇھۇر قىلسۇ ئىلكىنى بەند.»
ئىشتىكەچ بۇ سۆزنى قەبۇل قىلدى ھەم،
قولىنى قىلىپ بەند خاجە ئۇمرى بۇ دەم.
خاجە ئۇمرى مۇنى بەند قىلىپ ئانچۇنان،

قولىن بەند قىلىپ، بەركىتىپ بىگۇمان،
كى پىنھان قىلىپ، كۆگلىنى تىندۇرۇپ،
ئەمىر قاشىغە كىردى بىردەم تۇرۇپ.
كېلىپ ئەرتەسى گۇستەھەم دەرزەمان،
كى باقتى، ئەمىر يوق، دېدى: «بۇ قايان؟»
بولۇپ گۇستەھەم زارۇ ھەيران بەسى،
ئاسىغلىغ تۇرادۇر بۇ قىزلار باشى.
ئوشۇل دەم ئەمىردىن دەيىن بىر خەبەر،
شەھەر ئالدىغە كەلدى ئەيلەپ گۇزەر.
شەھال شاھ ئالىپ بۇ خەبەرنى بۇرۇن،
يېتىپ گۇستەھەم بىرلە تۇتتى ئورۇن.
شەھەرنى بۇلار يەتتى قورشاپ ئېلىپ،
كى تۇشتى بۇلار خەلقى بىرلەن كېلىپ.
خاجە ئۇمرى بۇ ئىشلار ئۈچۈن غەم قىلىپ،
ئوشۇل دەم سىفىللارنى مەھكەم قىلىپ.
بولۇپ كۆندە مۆلچەرگە مىڭ پەھلەۋان،
كى خەندەككە توشقاردى ئابى رەۋان.
شەھال شاھ ئالىپ تىغىنى قولىغە،
دېدى قىچقىرىپ، بۇ سىفەت ئوغلىغە.
«ئاچىپ ئەمدى دەرۋازەنى چىق بۇيان،
ئۆلۈپدۇر ئەمىر، خەلقى كەتتى قايان.
كىرىپ ھەق پەرەستلەرنى قويماي تەمام،
ئارىغ ئۆلتۈرۈپ بىز ئانى خاسۇئام.
كېلىپ نامە نۇشرەۋاندىن ماگا،
بېرۇر ھەم بولۇپدۇر قىزىنى ساگا.
بۇ سۆزلەرگە چىنفۇر بولۇپ دەرغەزەب،
دېدىكىم ئاتاسىنى: «ئەي بىئەدەب!»
قولىغە ئالىپ يايىنى ئۇشبۇ ھال،
نىيەت قىلدى كۆگلىدە مۇنداغ خەيال:
«ئاتامنى ئاتاي، تەگمەسە ئۇشبۇ ئوق،
زەھەردىن ساقايماي ئەمىر، بولدى يوق.
تېگىپ ئۆتسە بۇ سىينەسىدىن رەۋان،
ساقايغاي زەھەردىن ئەمىر بىگۇمان.»
دەبان ئاتتى ئوقنى تۇتۇپ شىرى مەرد،
تېگىپ ئوق، ئاتاسى ئۆلۈپ، چىقتى دەرد.

* *

بۇ يەڭلىغ ئېرور راۋىلارنىڭ سۆزى،
ئەمىر قاشىغە كىردى ئاندىن ئۆزى.
بۇ چىنفۇر ئەمىر يۈزلەرىگە قاراپ،
كۆرۈندى زەبۇن، ئانچە هالى خەراب.
ۋەلې بۇ ۋىلايەتدە تۆرت يۈز كىشى،
بار ئېردى ئانىڭ هېكمەت ئەهلى ئىشى.
سىپاهى ئانىڭ هەر تەرەفكە چاپىپ،
ئالىپ كەلدى ئول دەم بۇلارنى تاپىپ.
يىغىلدى ئەمىر قاشىغە خاسۇ ئام،
بۇ تۆرت يۈز كىشى جەمئ بولدى تەمام.
كى تەفتىشۇ تەهقىقلەدى ئانچۇنان،
دېدى: «بۇ يىگىتكە زەهەر بىگۇمان؛
بېرىپدۇر كىشى مەي بىلەن ئۇشبۇ رەڭ.»
دېدى: «يوق ئىلاجى مۇنىڭ هالى تەڭ،»
دېدى شاهى چىنفۇرى: «هەرقايسىڭىز،
ئەگەرچە بىلىپ بىر دەۋا قىلساڭىز.
بېرەي ئانچۇنان سۇرخى زەر بىرلە مال،
ئاتامنىڭ خەزىنەسى هەم قالدى ئال.
كى ئۆلگۈنچە سۇنماي غەزەبدىن ئىلىك،
قىلۇرمەن يەنە شاهلىقنى شەرىك.
ئەگەر بۇ يىگىت ئۆلسە مۇنداغ ياتىپ،
ۋەلې ئۆلتۈرۈرمەنكى بىر ـ بىر چاتىپ.
بالا بارقاڭىز بىرلە هەيران ئېتىپ،
ئارىغ ئۆلتۈرۈپ تىيرى باران ئېتىپ.
ۋۇجۇدۇڭنى قويماي جەهاندا تىرىك»
دېدى: «يىغماغايمەن غەزەبدىن ئىلىك.»
دېدىكىم بۇلار يىغلاشىپ: «ئەي ئەزىز،
قىلالماسمىز ئانىڭ ئىلاجىنى بىز.»
دېدى شاهى چىنفۇر: «ئانى كىم بىلۇر؟،
يەنە مۇندا كىمنىڭ قولىدىن كېلۇر؟»
بىرى دېدى: «ئەي پادىشاهى زەمان،
كى باردۇر بۇ مەغرىب زەمىنى سوپان،
كى ئانداغ ئۇلۇغ بىر قېرى ياشلىغ،

خاجە ئەقلىمۇن دەپ هەكىم باشلىغ.
كى باردۇر بۇ هېكمەتدە دانا كىشى،
تىرىك بولسە بۇ، ئول، بۇ ئانىڭ ئىشى.»
دېدى شاهى چىنفۇرى: «يول نې ئېرۇر؟
كى بارغان كىشى نەچچە كۈندە كېلۇر؟»
دېدى: «تىز بارسە ئۈچ ئايدا يېتەر،
بارىپ كەلگۈچە ئالتە ـ يەتتە ئاي ئۆتەر.»
دېدى: «بۇ يىگىتنى بارىپ ـ يانغۇچە،
كى ساقلارمۇ سىزلەر بۇ ئالتە ئايغىچە؟»
دېدىلەركى: «ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۇنى،
كى بىز ساقلايالماسمىز هەرگىز ئانى.»
ئۇرۇپ شاه تاجىنى يەرگە هەمان،
ئالىپ ئىلكىگە تىغنى شول زەمان.
غەزەبدىن ئۇرۇپ نەچچە باشدىن تاياق،
دېدى: «ئەي هەرامزادە، خاتۇن تەلاق.
خەيال قىلماغىل بۇ يىگىتنى كۆرۈپ،
بۇ ئۆلسە، سېنى مەن ئارىغ ئۆلتۈرۈپ.
كى مۇلكۇ دىيارىڭغە مەن ئوت قويۇپ،
سامان تىقتۇرۇرمەن تېرەڭنى سويۇپ.»
ئۇلار يىغلاشىپ دېدى: «ئەي شەهرىيار،
كى ساقلايلى ئون بەش كۈن بولسۇن قەرار.»
دېدىلەر: «ئاڭا كىم بارىپ كەلسە پات،
مىنىپ تىۋە يا فىل بىلەن ياكى ئات.»
دېدىلەر: «ياراماس بۇ يولغە ئۇلاغ،
ئاڭا بولسە ئەييار بەرسۇن ياراغ.»
كى داراب گۇلبەرگى دەپ بىر كىشى،
بار ئېردىكى ئەييارلىقدا ئىشى.
كى هازىر ئىدى مۇندا تەييارى بۇ،
ئىدى لەندەهۇرنىڭكى ئەييارى بۇ.
ئاڭا كۆپ خەزىنە قىلىپ ۋەئدەلەر،
ئىبەرمەك ئۈچۈن ئانچۇنان بەردىلەر.
بۇ ئەييارى بارماقچى بولدى رەۋان،
دېدى: «بىزگە هەمراه كېرەك، ئول قايان؟
كى بەرگىل ئۆزۈمدىن دىلاۋەر ماڭا،
كى ئەييار بولسۇن بەرابەر ماڭا.

www.uyghurkitap.com

بارۇرنىكى قىلدى خاجە ئۇمرى قەبۇل،
دېدىكىم: «كىچىكسىز، يىراق ئۇشبۇ يول.
مېنىڭ بىرلە ھەمراھ بولۇپ سىز بارىپ،
بولالماي ئۆي يەردە قالۇرسىز ھارىپ.»
خاجە ئۇمرى دېدى: «ئەي ئەزىز مەن باراي،
كى ھارسام نە يەردە، شۇ يەردە قالاي»
ئىكەۋلەن بۇ يولغە بولۇپ كامران،
يۈرۈپ كەتتىلەر باد يەڭلىغ بۇران.
تاڭ ئاتتى، قۇياش چىقتى، بادى سەبا،
كى ئاتەش كەبى بولدى ئىسسىغ ھەۋا.
يېتىپ ئېردى بىر يەرگە يولدىن يىراق،
كۆرۈندى دەرەخت ئالدىدا بىر بۇلاق.
ئوشۇل دەم بۇ يولنىڭ چىقىپ تاشىغە،
كېلىپ سايەداپ بۇ بۇلاق باشىغە.
كى داراب گۇلبەرگى ئەيلەپ خىرام،
دېدى: «بىر تەئام يەپ ئالالىڭ ئارام.»
كېلىپ، سۇ ئىچىپ مۇندا ئولتۇردىلەر،
يېمەككە مەھازەرنى كەلتۇردىلەر.
خاجە ئۇمرى ئالىپ قولغا چايجۇشنى،
قاتىپ سۇغە بۇ دارۇ بىھۇشنى.
بېرىپ ئېردى، بىھۇش بولۇپ شول زەمان،
يىقىلدى چەھار موك قىلىپ ئانچۇنان.
ئۆزىنىڭ گىلەم پەردەسىگە سالىپ،
دەرەخت باشىغە قويدى ئانى ئالىپ.
بۇ يولنىڭ نىشانەسىنى ئىلگەرى،
خاجە ئۇمرى سوراپ ئالمىش ئېردى نېرى.
دەرەختدىن تۈشۈپ بىر تەھارەت قىلىپ،
كى شۇكرانە ھەقغە ئىبادەت قىلىپ.
باشىنى قويۇپ سەجدەگە بەر قەرار،
كى يىغلاپ دېدى: «پاك پەرۋەردىگار.
ئايا ھەييۇ ئەي قادىرۇ دىلنەۋاز،
رەھىمۇ كەرىمۇ ئايا كارساز.
ئۆزۈڭ رەھم قىل، يەئنى جەببارسەن،
كى يالغۇز، غەرىب خەستەغە يارسەن.
كى بىچارە، بىكەس، فەقىر بەندەئى،
مېنى قىلمە رەسۋايى شەرمەندەئى.»
ئوقۇپ يىغلاپان بۇ مۇناجاتىنى،
كى ھەقدىن تىلەپ ئۇشبۇ ھاجاتىنى.
پېشىنى بىلىگە قىسىپ ئانچە ھەم،
قوپۇپ قويدى رەۋەندەلىككە قەدەم.
ئەمىر ئۇشبۇ يەڭلىغ مۇنىڭ قىسسەسى،
يۈرۈپ تىزۇ تۈن بۇ كېچە ئەرتەسى.
كېلىپ كۆردى دەريا لەبىگە يېتىپ،
سۇ ئىچرە كېمەچى بارادۇر كېتىپ.
خاجە ئۇمرى دېدى قىچقىرىپ ئانچۇنان،
دېدىكىم: «كېمەڭنى ئالىپ چىق بۇ يان!»
كى ياندۇرمىدىلار بۇ خەلقى كۆرۈپ،
كېمە كەتتى دەريادا يىلدام يۈرۈپ.
كى ئاتتى مۇئەللەق ئەدەددىن فۇزۇن،
بۇ يەر ئېردى توقسان قەدەمدىن ئۇزۇن.
تۈشۈپ كېمەنىڭ ئوتراسىدا تۇرۇپ،
يەنە كەتتى مۇندىن مۇئەللەق ئۇرۇپ.
كۆرۈپ خەلقى بۇ سۇرەتىنى ھەمە،
دېدىلەركى قورقۇپ: «بۇ قايداغ نېمە؟»
بارىپ ئول جەزىرە سويان ئۇشبۇ ھال،
تاپىپ ئەقلەمۇن ھاكىمىدىن خەيال.
كېلىپ ئىشكىنى قاقتى قولنى تىقىپ،
ئىشكىنى ئاچىپ قويدى بىر قۇل چىقىپ.
خاجە ئۇمرى تۇرۇپ ئانچە ئىززەت بىلەن،
ۋەلې كىردى ئاندىن ئىجازەت بىلەن.
كىرىپ كۆردى بىر پىرى پەرتۇت كىشى،
ساقال ئاق، ئۆزى كۆھنە، يوقتۇر تىشى.
بولۇپدۇركى كافۇر باشى ئانىڭ،
كۆزىنى ياپىپدۇركى قاشى ئانىڭ.
كىتابى ياندا ئاچىغلىغ ھەمە،
كى ئەسبابى ھىكمەت ساچىغلىغ ھەمە.
تۇرادۇركى ئالدىدا بارى تەمام،
خاجە ئۇمرى بۇ سائەتدە قىلدى سەلام.
باشىنى كۆتەردى بۇ يەردىن ئاران،
دېدى: «سەن نە ئادەم، مەكانىڭ قايان؟

نە يەردىن كېلۇرسەن، نېدۇر هاجەتىڭ،
ۋە قايسى شەهەردىن، نەيەڭلىغ زەتىڭ؟»
خاجە ئۇمرى دېدى: مەلمەلۇ بىر غەرىب،
كى ئالدىڭغە كەلدىم يىراقدىن ھېرىپ.
كى شەھرى سەرەندىپدىن ئولمىش ئۆززۇم،
پىتەڭلىك بۇ خەتدە مېنىڭكى سۆززۇم.
خاجە ئۇمرى تۇتۇپ ئۇشبۇ خەتنى كېلىپ،
دېدى خەتنى يىلدام قولىغە ئېلىپ:
«كى شەھرى سەرەندىپ ساڭا بولدى جاي،
كى بولدى چىقىپ يۇرگەلى نەچچە ئاي؟
دېدىكىم خاجە ئۇمرى: «بۇ هالابۇ كۈن،
كى بولدى ماڭا چىققالى ئىككى كۈن.»
كى ئەۋۋەل قەبۇل قىلمادى بۇ هەكىم،
تۇيۇپ ئۇشبۇ يەڭلىغ يەنە دېدىكىم:
«خۇدانىڭ تولا قۇدرەتى بار ئېرۇر،
كى ئېرمەس كەلسە ئەمما كېلۇر.
ئاچىپ ئېردى خەتنى پىتىپدۇر بۇ هال،
كى مەن شاهى چىنفۇر ئىبنى شەهال.
كى شەهرى سەرەندىپكە شاهىدۇ مەن،
جەهان ئەهلىنىڭ تەختۇ تاجىدۇ مەن.
ۋەلې سىزگە مەندىن بۇنۇرى هەكىم،
كېلىپ مەككەدىن بىر يىگىت مۇندەكىم.
ئىدىلەركى بۇزرۇك ۋەلې زادە هەم،
سەرەندىپكە قويمىش ئىكەنلەر قەدەم.
كى زەهرى هەلاهىل بېرىپدۇر رەقىب،
قىلالماي ئىلاجىنى تۇردۇق بېقىپ.
كى سىزلەر قىلۇرمىش رەۋا بارها،
بۇ يەڭلىغ زەهەرلىك كىشىگە دەۋا.
ئىنايەت قىلىپ كەلسەڭىز سىز ئەگەر،
مۇنىڭ هالىدىن ئالساڭىز بىر خەبەر.
كېلىپ بىر خەبەر ئالساڭىز هالىدىن،
بېرەي ئانچە دۇنيادەقى مالىدىن.
خەزىنە، دەفىنە ئالىڭ بىشەدەد،
قىلۇرلار يەنە هەق تەئالا مەدەد.
كى ئەجرىگە روزى قىيامەت كۈنى،
شەفائەت قىلۇر هەم نەدامەت كۈنى.»
بۇ خەتنى ئوقۇپ تاشلاپ ئاتتى ئۇ يان،
كېلىپ ئاچچىغى سۆزلەدى ئانچۇنان.
دېدىكىم: «كۆرۈك مەندەدۇر ئۇشبۇ هال،
كى ۋەئدە قىلىپدۇر ماڭا پۇلۇ مال.
قارىغاندا پۇلنى قىلۇرمەن نېمە،
بۇكۈن ياكى ئەرتە قالادۇر هەمە.
كى لۇقمان كىرىپدۇركى مىڭ ياشىغە،
كى بىر سايە قىلماپ ئىكەن باشىغە.
كى دۇنيانى يىغماي، پۇلى يوق ئىكەن،
گەهى ئاچۇ گاهى كۈنى توق ئىكەن.»
كى ۋەقتىكى، لۇقمانغە يەتمىش ئەجەل،
باشى سايەدە تۇرمىش، ئافتابدا بەل.
كېلىپ ئەزرائىل باشىدا ئولتۇرۇپ،
دېدىكىم ئانىڭ قاشىدا ئولتۇرۇپ:
«سېنىڭ بولسە ئۇمرۇڭ بۇ يەڭلىغ ئۇزۇن،
كى يۇرسەڭ جەهاندا ئەدەددىن فۇزۇن.
كى بىر زەررە باشىڭغە قىلماي فەنا،
ۋەلې ئافتابدا ياتارسەن يانا.»
ئاڭا دېدى لۇقمان: «بۇنىڭ ئەسلىدە،
كىشىنىڭكى سىز بولساڭىز قەسدىدە.
بولۇر سايەنىڭكى ئاڭا نە ئىشى؟
مۇنى بىلمەسە ئاقىل ئېرمەس كىشى.»
ئاڭا دېدىلەر ئۇشبۇ سۆزلەرنى هەم.
دېدىكىم: «ماڭا پۇل كېرەكمەس بۇ دەم»
خاجە ئۇمرى دېدى: «بارساڭىزما بارىپ،
كى بارماساڭىزما بارۇرمەن ئالىپ.»
بۇ سۆزلەرگە تىترەپ قولى بىرلە پۇت،
دېدى: «ئەي مۇبارەك، ئول ئادەمنى تۇت.
ئالىپ چىق، مۇنى دەرياغە تاشلاپ ئات،
هەيال بولمە، كەلگىل يەنە مۇندا پات.»
تۇتۇپ قول، ئالىپ چىقتى دەريا سويان،
خاجە ئۇمرى بېرىپ دارۇسىنى هەمان،
كى بىهۇش قىلىپ، قوللارىنى تاڭىپ،
ئالىپ كەلدى دەرياغە يىلدام ماڭىپ.

www.uyghurkitap.com

بۇ دەرياغە تاشلاپ مۇنى بىرگىنە،
قىلىپ سۇرەتىنى بۇ قۇلدەكىگىنە.
«بىرىپ ئېيردىمۇ مەن ساڭا، ئانى تاپ،
ۋەلې يەيدۇمەن زەررە نانىغا ياساپ.»
خاجە ئۇمرى كىرىپ شىشەسىنى تاپىپ،
ئالىپ چىقتىلار دارۇ بىھۇش قاتىپ.
كۆرۈپ شىشەنى: «مۇندا بەرگىل» دېدى،
ئاچىپ ئاغزىنى ئىككى مىسقال يېدى.
يىقىلدى ھوشىدىن كېتىپ دەر مەھال،
خاجە ئۇمرى ئالىپ لازىمۇ ھەرنە مال.
بار ئېيردىكى نەرسە بۇ ئۆيدە ئارىغ،
ۋەكاھى قارا بولسە گاھى سارىغ.
ھەكىم بىرلە كولبارلارىغە تىقىپ،
كى ئاندىن رەۋان بولدى يولغە چىقىپ.
خاجە ئۇمرى قىلىپ ئانچە شۇكرى سەنا،
كېچە بىرلە دەريادىن ئۆتتى يانا.
يۈرۈپ بۇ كېچە بولدى ۋەقتى نەماز،
دەرەخت قاشىغە يەتكەلى قالدى ئاز.
خاجە كولبارىنى بۇ يەردە قويۇپ،
سۇ ئىچتى بۇلاقدىن قولىنى يۇيۇپ.
كى ئاندىن دەرەخت قاشىغە كەلدىلەر،
كى داراب گۇلبەرگىنى ئالدىلەر.
مۇنى كەلتۈرۈپ ھۇشىغە شۇل زەمان،
كى داراب گۇلبەرگى قوپتى ھەمان.
دېدى: «ئەي خاجە ئۇمرى بۇ كۈننى كۆرۈك،
ياتىپ كەچ بولۇپدۇر، بارالىك يۈرۈك.»
خاجە ئۇمرى دېدى: «مەنغۇ بارمايدۇمەن،
بارىڭ سىز، ھارىپمەن، بولالمايدۇ مەن،
كى تەبرەنگۈچە يوق مەجالىم ھارىپ،
كى ئىنئاملارنى سىز ئالىڭ بارىپ؟»
كى داراب گۇلبەرگ دېدىلەر بۇ رەڭ،
«دەپ ئېيردىمكى، ھەمراھ بولالماسسە تەڭ.
كى ھەمراھ بولۇپ بۇ مەجالىڭ بىلە،
كېلۇرسەن يەنە ئۇشبۇ ھالىڭ بىلە.»
بۇ سۆزلەرنى دەپ يولغە بولدى رەۋان،
قوپۇپ يۈردى ئول دەم خاجە ئۇمرى بۇيان.
يۈدۈپ كولبارىنى پىشىنى تۇتۇپ،
كى يەتتى شەھەرگە بۇ يەردىن يۈرۈپ.
سىغىل باشىغە تاشلادىلار كەمەندە،
بارىپ بۇ كەمەندىنىڭ ئۇچى بولدى بەند.
ئالىپ كولبارىغە چىقاي دەپ بۇ ئەر،
مۇنىڭدىن بولۇپ گۇستەھەم باخەبەر.
دېدى: «ئەي خاجە ئۇمرى، دېگىل راستىنى،
نە كەلتۈردىڭۇ مەن ئاتايمۇ سېنى؟»
خاجە ئۇمرى كۆرۈپ، ئاھ تارتىپ بىروق،
شەھەرگە ئۆزىن ئالغۇچە ئاتتى ئوق.
كېلىپ تەگدى ئوق كولبارىغە رەۋان،
خاجە ئەقلەمۇن بولدى ئوقغە نىشان.
خاجە ئۇمرى دېدى: «ئۆلدى بولغاي شۇبۇ،
ۋەلې بىئەجەل، بىگۇناھ ئەمدى بۇ.»
يۈدىلار خاجە ئۇمرى مۇنىڭدىن ئىلىك،
كى دەرھال ئاچىپ باقتى باردۇر تىرىك.
تۇرۇپ دالۇسى ئۈزرە بارۇ يوقى،
تېگىپدۇر ئاڭا گۇستەھەمنىڭ ئوقى.
خاجە ئۇمرى قىلىپ شۇكرى بىھەد سەنا،
سالىپ قويدىلار كولبارىغە يانا.
ئەمىر قاشىغە كىردىلەر ئۇشبۇ ھال،
بۇلار قىلدى بارماي يانىپدۇر خەيال.
دېدىلەر: «خاجە بارمايىن تەزۇ تۇن،
نە ئىشغە يانىپ كەلدىڭىز ئۇشبۇ كۈن؟»
خاجە ئۇمرى دېدى: «مەن بۇ يەگىلىغ بارىپ،
كى بىھۇش قىلىپ كەلدىم ئانى ئالىپ.
تونۇدى بۇ ھاكىمنى بىلگەن كۆرۈپ،
مۇنى قويدى ھەم ھۇشىغە كەلتۈرۈپ.
كۆزىنى ئاچىپ ھاكىمى دەر زەمان،
دېدى: «ئەي مۇبارەك، ئول ئادەم قايان؟
كى دەرياغە سەن تاشلادىڭمۇ ئانى،
ئاقىپ كەتتىمۇ سۇدا لەيلەپ تېنى؟»
خاجە ئۇمرى دېدى: «ئارى، مەن ئۆلتۈرۈپ،
كى دەرياغە بىر تاشلادىم كەلتۈرۈپ.»

قاراپ ئەقلەمۇن ھاكىمىي بۇ مەھەل،
تۇرادۇر ئەجەب جەمئىيەت بىرلە ئەل.
يەنە ئالدىدا ئۇشبۇ ئەييار ھەم،
كى ھازىر تۇرادۇر قويۇپ دەر قەدەم.
دېدى ئەقلەمۇن: «ئەي ئوغۇل، سىزنى،ھاي،
قويۇپ ئېردىمۇ قۇل سۇغە تاشلاماي؟»
خاجە ئۇمرى دېدى: «مەن تالاغە چىقىپ،
ئانى تاشلادىم، كەتتىلەر قۇل ئېقىپ.»
قاراپ ئەقلەمۇن ھەر تەرەف كۆز سالىپ،
ئۆزىنى بۇ مەنزىل ئىچىدە كۆرۇپ.
ۋەلې ئۆيدەكى ھەرنە نەرسە بارى،
تۇرادۇر ھەمە لازىم ئاتلىغ ئۆزى.
خاجە ئۇمرى دېدى: «كۆردىڭىز، ئەي ۋەلى،
ئالىپ كەلدىمۇ مەن بۇ يەڭلىغ ھەلى.»
قويۇپ تەھسىنۇ ئافەرىن بۇ ھەكىم،
خاجە ئۇمرىنى فەرزەند ئوقۇپ بۇ ھەكىم.
كى ئاندىن ئەمىر قاشلارىغە رەۋان،
ئالىپ كىردىلەر شاھلار باشلابان.
كىرىپ كۆردى بىر ماھ يەڭلىغ ئوغۇل،
كى ساھىب جەمالۇ ۋەلې ئانچە ئول.
كۆرۇپ ھاكىمى بولدى ھەم سەرنىگۇن،
ۋەلېكىن ئىدىلەركى ھالى زەبۇن.
دېدى:«دۇشمەنى سەختى جاھىل مۇڭا،
بېرىپدۇركى زەھرى ھەلاھىل مۇڭا.
ئەجەبدۇركى بەش كۈندە ئۆلمەي تىرىك.»
بۇ ھاكىم يۈدى ھەم ئەمىردىن ئىلىك،
دېدى: «بولسە شەھمۇھرى، قىلسام ھەۋەس،
تاپىلما قىلىقى مۇندا مۇمكىن ئەمەس.
بۇ دۇنيادا ئۇچدۇر ئانىڭكى بارى،
بۇ كەلمەس ۋۇقۇئغە، كۆڭۈلدىن نارى.
بىرىدۇركى جەمشىد ئىلىسماتىندا،
بىرى كوھى قافدا فەرى زاتىندا.
بار ئېردىكى نۇشىرەۋاندا بىرى،
مۇنى تاپساڭىز ئىككى كۈن ئىلگىرى.»
ۋەلې ئالتە كۈندىن بۇ ئۆتمەس، كېتەر،
كى ئەمدى ئاڭا نەچچە كۈندە يېتەر؟»
خاجە ئۇمرى بارۇرغە رەۋان ئولدى ھەم،
چىقىپ قويمىش ئېردى بۇ يولغە قەدەم.
دېدى خاجە مۇقبىل: «بارۇرسىز قايان؟
كى بارماڭ، خاجە ئۇمرى، يانىڭ بۇ يان.
مۇنى ياندۇرۇپ ئۈچ قېتىم ئۇشبۇ رەڭ،
خاجە ئۇمرى غەزەبدىن بولۇپ ھالى تەڭ.
تۇتۇپ باستۇرۇپ، قىرق تاياق سوقتى بۇ،
تاياقنى يېدى، ئورنىدىن قوپتى بۇ.
دېدى: «ئەي خاجەئۇمرى، ئۇ تاشبار ئىدي،
ئانى قىلماقىم سىزگە دۇشۋار ئىدى.
مېنى سوقماغۇنچە كىشى قىرق تاياق،
ئانى تۇتمىش ئېردىم ئۆزۈمدىن يىراق.
كى ۋەقتى بۇ يولغە چىقاردا ئەمىر،
كېلىپ خاجە جۇمھۇر بولدى خىزىر.
خاجە تۇتتى بىر ياغلىقى سەبزە رەڭ،
ئەمىر ئالدىيۇ كەتتى ھۇشىدىن بۇ رەڭ.
ئوشۇل دەم ئەمىر يۈزىنى چاك ئېتىپ،
كى شەھمۇھرىنى قويدى نەمناك ئېتىپ.
دېدى: «ئاندا لازىم بولۇر بۇ نېمە،
بۇ ئەسرارنى سەن كىشىگە دېمە.
ۋەلې قىرق تاياق سوقماغۇنچە سېنى،
كىشىگە ئايتما، دەپ ئېرى مۇنى.
كىرىڭ ئىچكەرى ئەمدى قىسقاردى يول،»
دېدى بۇ، ئەمىر قاشىغە كىردى ئول.
كىرىپ ئەقلەمۇن ھاكىمىغە بۇ ئەر،
بۇ ئەسرار سىررىنى قىلدى خەبەر.
قوپۇپ ئەقلەمۇن ھاكىمى ئورنىدىن،
كى شەھمۇھرىنى تاپتىلار يانىدىن.
بۇلار كۆردى بىر تاش ئىكەن رەڭگى ئاق،
قىلىپدۇر ئىكەن تاش كۆرۇپ دېسە ئاق.
كۆرۇپ ئەقلەمۇن ھاكىمى بۇ زەمان،
باقىپ قىلدى تەئزىم مەدايىن سويان.
دۇئالار قىلىپ خاجە جۇمھۇرغە،
پەسەند قىلدى بۇ ئەقلى پۇر زورغە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دېدى: «ئەمدى ھەممام بولدى كېرەك،
يەنە لازىم ئولغاي سۈتى كۆك ئىنەك.»
ئۇشۇل دەم چىقىپ ھەر تەرەف چاپتىلار،
كى لازىم دېگەننى ئارىغ تاپتىلار.
كۆلاھىنى بۇ سوتكە تەك پاتغۇزۇپ،
ئەمىرنى بۇ سېتدە ۋەلې ياتغۇزۇپ.
ۋەلې يالبارا ئەبرىشىمنى ئېشىپ،
كى ئۆتكەزدى ئاندىن بۇ تاشنى تېشىپ.
سالىپ ئاغزىغە بۇ ئەمىرنىڭ ھەمان،
كېلىپ ئۆتتى تاش ھەلقۇمىدىن رەۋان،
زەمانى بۇ ئىشغە بولۇپ مۇبتەلا،
چىقاردىكى ئاق تاش بولۇپدۇر قارا.
يەنە سۈتكە سالدى بۇ تاشنى ئالىپ،
قارا بولدى تاش ئالتە - يەتتە سالىپ.
كى ئاندىن سالىپ ئېردىلەر چىقتى ئاق،
دېدى ئەقلەمۇن: «بۇ يىگىت ئەمدى ساق.»
چىقاردىكى ھەممامىدىن شول زەمان،
ئىچۈردى گۇلابى سۈيىنى رەۋان.
ئەمىر كۆزلەرىنى ئاچىپ بۇ مەھەل،
يەنە يەتتە كۈندە تۈزۈلدى كەسەل.
تونۇدى كىشى كەلسە ھەم قاشىغە،
كى ياخشى بولۇپ كىردىلەر ئاشىغە.
خاجە ئۆمرى چىقىپ بىر كۈنى تۈزگە ھەم،
كۆرۈپ قاشىغە كەلدى بۇ گۇستەھەم،
دېدى: «خاجە ئۆمرى، قىلىپ مۇندا جاي،
ياتۇرسەن ئۆلۈكنى تۇتۇپ نەچچە ئاي؟»
دېدىكىم خاجە ئۆمرى: «تۈزۈلدى ئەمىر،
ئىشىككە چىقار ئۆزلەرى كۈندە بىر.»
دېدى گۇستەھەم: «قىلمە مۇنداغ ھەۋەس،
ئۆلۈك مەن تىرىلگەننى كۆزگەن ئەمەس.
تىرىك بولسە بىر سىررىمىز بار ئىدى،
ئىسكەۋلەن ئارامىزدا ئىزھار ئىدى.
دېسۇن سىزگە ئانى تىرىك بولسە ئول،
كى ئاندىن قىلۇرمەن سۆزۈڭنى قەبۇل.»
كى چىقتى خاجە ئۆمرى ئەمىردىن سوراپ،
بۇ يەكلىنغ دېدى: «گۇستەھەمگە قاراپ.
«فەلان ۋەقت ئۆتكۈنچە يولدا ئەمىر،
چىقىپسەن كۆرۈشمەك ئۈچۈن يولدا بىر.»
بولۇپ قالدى شەرمەندە بۇ سۆز بىلەن،
بار ئېردى نېچۈن چوك - كىچىك ئۆز بىلەن.
بۇ شەرمەندەلىكدىن بولۇپ ھالى تەڭ،
شەھەرگە يۈگۈردىكى قىلماقغە جەڭ.
خاجە ئۆمرى ئەمىر قاشىغە كىردى ھەم،
«كىرىپ جەڭ قىلادۇر» دېدى «گۇستەھەم.»
ئەمىر دېدىلەر: «ئەي خاجە ئۆمرى چاپىڭ،
قايان لەندەھۇر، ئانى يىلدام تاپىڭ.»
خاجە ئۆمرى قىلىپ لەندەھۇرغە خەبەر،
ئالىپ گۇرزەنى غاقىراپ ئۇشبۇ ئەر.
يالاڭباش، بېلى بوش شەھەردىن چىقىپ،
بۇ لەشكەرنى قوغلاپ بۇلۇڭغە تىقىپ.
قاچىپ بەئزەسى ھەر تەرەفكە رەۋان،
ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى بۇ لەشكەر ئاران.
بولۇپ لەشكەردىن جۇدا ئۇشبۇ دەم،
مەدايىنغە قاچتى، چىقىپ گۇستەھەم.
يانىپ لەندەھۇر فەتھى نۇسرەت تاپىپ،
ئەمىر قاشىغە كىردى مۇندىن چاپىپ.
ئەمىرنى كۆرۈپ، شاد ئولۇپ ئانچۇنان،
ئاياغىنى سۈرتۈپ كۆزىگە ھەمان.
ۋەلې ئولتۇرۇپ يىغلاشىپكىم بىروق،
ئەمىرنى قىلىپ لەندەھۇر بارمۇ - يوق.
ئۇشۇل دەم ئەمىر رەڭ بەرەڭ، قاتماقات،
كى بەردى سەرۇپاي بىلەن ياخشى ئات.

**گۇستەھەم ھەرامزادە ئەمىرنىڭ لەشكەرلەرى بىلەن جەڭ قىلىپ، گۇستەھەمنىڭ لەشكەرلەرى بەرھەم يەپ، گۇستەھەم مەدايىنغە قاچقانلارى، مەدايىنغە يالغان نامە پىتىپ، نۇشىرەۋانغە ئىبەرگەنلەرى**

قىلۇر راۋى سۆزنى بۇ يەكلىنغ خەبەر، قاچىپ گۇستەھەم كېچە، بولدى سەھەر.

يولۇقتى كېلىپ ئالدىغە كارۋان،
بۇ سەگ كەستى باشىنى بەرمەي ئەمان.
بۇ ئۈچ كارۋاننىڭ باشىنى كېسىپ،
مۇنى ئالدى ئۇل دەم خاداغە ئېسىپ.
كى بىر نامە يازدى بۇ يەگلىغ پۈتۈپ،
دېدىكىم: «خاجە ئۆمرى، ئەمىرنى تۇتۇپ.
كى ئۆلتۇردۇم ئانىڭ باشىنى كېسىپ،
بارۇرمەن خاداغە باشىنى ئېسىپ.
يەنە قويمادىم لەندۇھۇرنى تىرىك.»
بۇ يەگلىغ قىلىپ نامەنى ئىككى ئىلىك.
مۇنى ئاشكارا ئىبەردى رەۋان،
يەنە قىلدى بىر نامەنى شول زەمان.
پىتىپدۇر: «خاجە ئۆمرى، ئەمىر ھەم تىرىك،
ئالىپ لەندۇھۇرنى كېلەدۇر ئىتىك.
بارىپ تۇتغۇچە ئاندا ھالا ئۇرۇن،
مەلىكەمنى بىر يەرگە بەرسە بۇرۇن.»
ئوغۇرلۇق بېرىپ تىيرى ئەندازەگە،
ئىبەردى بۇ بەختەك ھەرامزادەگە.
مەدايىنغە ھەم يەتتى بۇ نامەسى،
خاداغە ئاسىغلىق بۇ ئۈچ كاللەسى.
بىرىنى دېمىش «لەندۇھۇرنىڭ باشى»
«بىرىسى ئەمىر ھەمزەنىڭ كاللاسى.»
بىرىنى قىلىپ خاجە ئۆمرىگە باش،
ئىبەرمىش ئىدى گۇستەھەم ئەرزى داش.
ئوقۇپ نامەسىنى بۇ نۇشىرەۋان،
كۆرۈپ ئاشلادىلار، بولۇپ شادىمان.
يىغىپ بۇ شەھەرگە قېرى ياشىنى،
چەھارسۇغە ئاستۇردى ئۈچ باشىنى.
چالىپ شادىيانە ۋەلې ئىككى كۈن،
بۇ ئاۋازدىن چىقتى يەردىن تۈتۈن.
كى بەختەككە ئاندىن بۇ ھەگكامەسى،
ئوغۇرلۇق ئاغا كەلدى بۇ نامەسى.
دېمىش: «سەنكى بەختەك، خەبەردار بول،
كېلەدۇر ئەمىر لەندۇھۇر بىرلە غول.
خاجە ئۆمرى، ئەمىر، لەندۇھۇر ھەم تىرىك،
ئاغا جەمئى بولدى تۈمەننىڭ چەرىك.»
بۇ ئىشلارغە سەن، بولماغىل بىخەبەر،
كى دەرھال مەلىكەمنى بىر ئەرگە بەر.»
كى بەختەك ئوقۇپ نامەنى شول زەمان،
كى بولدى كۆزىگە قاراڭغۇ جەھان.
بۇ سەگنىڭ يەنە ئۆزىگە بولدى ئىشى،
كى بىستى ھىسارغە بۇرۇپ بىر كىشى.
پىتىپ نامە نۇشىرەۋان ئاتىدا،
ئىبەردى ۋەلې ئۇشبۇ ھەيھاتىدا؛
ۋە: «ئەي مىرزەبان شاھىنىڭ ئوغلىسىز،
كى ئەۋلادى شاھى كېلىنىڭ مۇندا تىز.
قىزىمنى بېرۇرمەنكى، بولماڭ ھەيال.
ۋەلې سىزگە بەرمەكنى قىلدىم خەيال،»
قۇلاق ھەم تۇتادۇركى مېھرىنىگار،
قىلادۇركى بۇ سۆزنى ھەم ئىختىيار.»
بۇ سۆزگە بەغايەت بولۇپ شادىمان،
كى ئەۋلادى شاھ بولدى يولغە رەۋان.
مەدايىنغە كەلدى بۇ دەستەك بىلەن،
تاپىشتى كېلىپ مۇندا بەختەك بىلەن.
تولۇپ بۇ ھەرامزادەنىڭ باشىغە،
كىرىپ دېدى نۇشىرەۋان قاشىغە:
«مەلىكەمنى تا ئەرگە بەرمەي يىراق،
كى تىنماس، ساقايماس بۇ باشۇ قۇلاق.
بۇ ئەۋلادى شاھ خۇب مۇناسىب ئېرۇر،
قىزى بولسە شەھلەر ئاغا خۇب بېرۇر.
كېلىپدۇركى دەر ۋەقتى خۇب چاغىدا،
قويۇپ مۇندا كەلدىم چەھار باغىدا.
ئاغا بىر كىشىنى ئىبەرمەك كېرەك،
كى دەرھال مەلىكەمنى بەرمەك كېرەك.
قۇتۇلغايمىز ئۇل ماجەرادىن ھەمان،
كى تۇرغۇنچە غەلبە بولادۇر يامان.»
بۇ سۆز بولدى مەقبۇل ۋەلې شاھغە،
كى بەردى قىزىنى بۇ گۇمراھغە.
ۋە ئەمما خەبەر ئالدى مېھرىنىگار،
مەدايىندا بولدى بۇ سۆز ئاشكار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«ئۆلۈپدۇر ئەمىر ھىندىدە يەپ زەھەر»
بۇ يەگىلىغ مەلىكەمگە بولدى خەبەر.
دېدى ھەر كىشى «ئۇشبۇدۇر راستى ھەم،
ئانىڭ باشىنى چارسۇغە ئاستى ھەم.»
بۇ سۆزدىن مەلىكەم بولۇپ دەردناك،
قىلىپ ئول زەمان باش يالاڭ، سىينە چاك.
«كى ئەۋلادى شاھغە بېرىپدۇر مېنى.»
دېدىكىم: «تىرىك كۆرمەگەيمەن ئانى»
ئۇشۇل دەمدە زەھرى ھەلاھىل ئالىپ،
كى ئالدىدا قويدى ئاياقغە سالىپ.
كى يىغلاپ ئايىتتىكى ئول يارىدىن،
ۋەلې ئايرىلىپ ئول ۋەفادارىدىن.
«فىراقىمدا ئۆلسە مېنىڭ ئول كىشى،
ماڭا لازىم ئېرمەس تىرىكلىك ئىشى.
ئۇ ياتغاي يەر ئاستىندا جاندىن كېچىپ،
كى يادىمدا زەھرى ھەلاھىل ئىچىپ.
مېنى دەپ بۇ يەگىلىغ زەھەرنى يېگەي،
كى مەن بۇندا ئەۋلادى شاھغە تېگەي؟
نېچۈك كۆز سالۇرمەن قىيامەت كۈنى؟
خەلايىقغە يۈز مىڭ خىجالەت كۈنى.
بۇ سۆز بىرلە ئىچكەي زەھەرنى ئېلىپ،
دېدى خاجە جۇمھۇر ئۇشۇل دەم كېلىپ:
«ئەمىر بار تىرىك، سىز ئاڭا غەم يېمەڭ،
بۇ ئىشلارغە مۇنداغ ئۆلەرمەن دېمەڭ.
كى ئەۋلادى شاھنى قىلىڭ سىز قەبۇل،
ۋەلى بارغۇچە يۈرمەگىز بىللە يول.
ئاڭا دەڭ بۇ سۆزلەرنى سىز مۇتلەقىن،
مەكانىڭغە يەتكۈنچە كەلمە يەقىن.
گۇمان يوقكى تەھقىق قىلىڭ سىز مۇنى،
چىقىپ يولغە ئون سەككىزىنچى كۈنى.
كېلۇرلەر ئەمىر ئول تەرەفدىن رەۋان،
كۆرەشكەيلەر ئانىڭ بىلە بىگۇمان.»
بۇ سۆزگە مەلىكەم قىلىپ ئېئتىماد،
قىلمۇر ئېردى ھەم خاجەغە ئېئتىقاد.
مەلىكەم تاپىپ بۇ سىفەت ياخشى يول،
ۋەلې قىلدى ئەۋلادى شاھنى قەبۇل.
مەلىكەمنى ئاتلاندۇرۇپ شول زەمان،
ئالىپ يۈردى بىستى ھىسارى سويان.

* *

مەئەلقىسسە، ئەمما ئەمىر بىر كۈنى،
دېدى ئەقلەمۇن ھاكىمىغە مۇنى.
مەلىكەم فىراقى قىلىپ سەرنىگۇن،
بولۇرمەنكى كۈندىن بۇ كۈنگە زەبۇن.
مېنى تا ئالىپ بارماغۇنچە ئۇيان،
ساقايماسمەنۇ ھەجرى دەردى يامان.»
دېدى ئەقلەمۇن ھاكىمى: «ئەي ئەزىز،
يانىڭ يانساڭىز ھەم خېلى ياخشى سىز:»
ۋە ئەمما خاجە ئۇمرىغە دېدى ھەمان:
«چۇ كەلتۇرمەگىز ئاچچىغىنى يامان.
ئەمىرغە بېرىڭ سىز كىيىك ئوغلاقى،
ياراشماس يەنە گوش، بۇ ئۇنىڭ ئاقى.
ۋە لېكىن بۇ ھەريادىن ئۆتكەن زەمان،
كى بەرمەك كېرەك نۇشدارۇ ھەمان.
رەۋا كۆرمەگۈنچە سۆزىگە ئۇناڭ،
ئەمىرنى تولا ئورنىدىن قوزغاماڭ.»
بۇ سۆزلەر بىلەن كۆپ نەسىھەت قىلىپ،
مۇڭا شاھى چىنفۇر بەيئەت قىلىپ.
قىلىپ ئەقلەمۇن ھاكىمىغە مەدەد،
غەزىنە، دەفىنە بېرىپ بىئەدەد.
بولۇپ ئەقلەمۇنغە ئاتاۋۇ ئانا،
كى بىر شەھرگە قىلدى ھاكىم يانا.
قويۇپ شاھى چىنفۇر بو يولغە قەدەم،
ئەمىر بىرلە يۈردى كۆتەرتىپ ئەلەم.
يۈرۈپ نەچچە كۈن يول بۇ يەردىن كىتىپ،

ۋەلى كەلدى دەريا لەبىگە يېتىپ،
ئۇشۇل دەم بۇ دەرياغە سالدى كېمە،
كى ئۆتتى ئەمىر بىرلە لەشكەر ھەمە.
خاجە ئۇمرى بولۇپ نۇشدارۇغە رەۋان،
ئۆتتۈپ يوردى مۇندىن مەدايىن سويان.
خاجە ئۇمرى بۇ يولدا بارار ھەم بارا،
كى بىر يەردە كۆزلەكدىن ئالدى قارا.
چىقىپ بۇ قوغۇنلۇقغە كەلدى ھەمان،
كېلىپ كۆردى بىر ياخشى مەردى كەلان.
پەشىغلاپ يۇرۇپدۇر قوغۇننى ئۈزۈپ،
كى ئىلغاپ سالۇرلار تاغارغە سۈزۈپ.
خاجە ئۇمرى سەلام ئەيلىدىلەر بۇرۇن،
بابا كەلتۈرۈپ بەردى ئىككى قوغۇن.
خاجە ئۇمرى دېدى: «ئەي بابا ھەرقايان،»
قوغۇن پىشتىمۇ بۇ مەدايىن سويان؟»
بۇ مەردى كەلان دېدى: «ئەي نازەنىن،
پىشار خەلقىنىڭكى بىر ئاندىن كېيىن،
كى دەرلەر، بابايى سەئىدى مېنى،
كى بالدۇر سالۇرمەن قوغۇنغە سۇنى.
قاغۇنچى قوغۇنلارنى ئۈندۈرگۈچە،
سالادۇركى سويمە مېنىڭ، ئەي خوجە.
پىشادۇر بىر ئاي ئىلگەرى ھەرنە يىل،
كى نۇشىرەۋانغە بېرىپ ئۇشبۇخىل.
ياگىلىق تۇتۇپ يىلدا مەن بىر قېتىم،
مۇنىڭ بىرلە كەچمىش ئىدى ئەۋ قەتىم
ۋە ھالا شۇگا مەن بۈگۈن بىشۇمار،
قاغۇننى ئۈزۈپ قويدۇم ئىككى تاغار.
ئانى يۈكلەتىپ تاگلا ۋەقتى نەماز،
بارۇرمەن بۇ ئىشغە ئايا سەرۋى ناز.
خاجە ئۇمرى تۇتۇپ بەردىلەر ئىككى نان،
يېدى بۇ بابا بولدى بىھۇش ھەمان.
خاجە ئۇمرى بولۇپ سۇرەتىدە بابا،
كىرىپ خاتۇنى قاشىغە بىئىبا.
كى ئالدى ئۇلاغ راسلاتىپ، ئۇشبۇ ئەر،
قوپۇپ كەتتى يۈكلەپ قوغۇننى سەھەر،

كى يىلدام ئۇلاغنى بۇ يولغە سالىپ،
مەدايىنغە يەتتى قوغۇننى ئالىپ.
مەئەلقىسسەئى، كىسرىنىڭ ئالدىغە،
تۈشۈردى كېلىپ قەسرى ئابادىغە.
خەر قىلدى نۇشىرەۋانغە بۇرۇن،
دېدى: «كەلمىش ئىككى تاغاردا قوغۇن.»
ئالىپ شاھنىڭ ئالدىغە كىردى ھەم،
قاغۇننى كۆرۈپ قىلدى ئانداغ كەرەم.
كى تەقسىم قىلىپ خەلقغە ئۇشبۇ ھال،
بېرىپ قالغاننى، دېدى: «ئەمدى ئال.»
كى ئاندىن باقىپ بۇ خاجە ئۇمرى سويان،
دېدى: «ئەي بابا خۇپ كېلىپسىز بۇ يان.
پۇشۇرمىشسىزۇ ئۇشبۇ يەگىلىغ قاغۇن،
ھەمە خەلقدىن كەلتۈرۈپسىز بۇرۇن.
مېنىڭ بىر يامان دۈشمىنىم بار ئىدى،
قۇتۇلما قىلىقىم ئانچە دۇشۋار ئىدى.
ئۆلۈپدۇر ئۇشۇل دۈشمەنىم يەپ زەھەر،
تىلەڭ، ھەرنە نەگىلىغ تۇتارسىز ئەگەر.
بېرەي، سىز تىلەڭ ھەنە رەڭ بارھا،
ئەگەر ھاجەتىڭ بولسە، ئەيلەي رەۋا!»
دېدىكىم خاجە ئۇمرى چېكىپ دەردۇ ئاھ:
«كى ئەۋۋەل قىلاي مەن ساگا بىر دۇئا.»
كۆتەردى دۇئاغە قولىنى ھەمان،
بۇ يەگىلىغ دېدى: «تاپماغۇگىدۇر ئەمان.
باشىڭ سەبزە دارا ئىشەك ئوتلاسۇن،
بارىپ قورساقىڭ ئىچرە ئىت يىدلاسۇن.
يېتىپ تاشلاسۇن ھەر تەرەفلەرگە يەپ»
يۈرىنى سىلاپ قويدى بۇ سۆزنى دەپ.
كى ئاندىن قوپۇپ دېدى: «ئەي شەھرىيار،
مېنىڭ ھاجەتىم سىزگە، ئەي غەمگۇزار.
سېنىڭ دەۋلەتىڭدە تاپىپ بىر ئوغۇل،
باقىپ بۇ زەماندا چوگۇپ ئېردى ئۇل.
ئۈمىدىم بۇ ئېردىكى مەندىن كېيىن،
ئەگەر تاپسە فەرزەندنەرىگە يېقىن.
بولۇپ ئۇشبۇ خىزمەتلىرىدە مۇدام،

دەر ئېردىم بۇ كۆڭلۈمدە مەن سۇبھۇ شام،
ئېتەي، ئول قوغۇنلۇقدا ياتمىش ئىدى،
بۇ يەڭلىغ كېچەلەردە باقمىش ئىدى.
ۋە لېكىن چاقىپدۇر بەناگەھ يىلان،
ياتۇر تەبرەيەلمەي ئۇيانۇ بۇيان.
تەبىبلەر كۆرۈپ بۇيرۇدى بارھا،
دېدىلەر مۇڭا نۇشدارۇ رەۋا.
ئۇشۇل نۇشدارۇ دېدى سىزدە بار،
شۇڭا كەلدىمۇ مەن بولۇپ ئىنتىزار.»
بۇ سۆز بىرلە بەختەككە شاھى قاراپ،
خەزىنەسىنىڭ ئاچقۇسىنى سوراپ.
كى بەختەككە بەردى ئالىپ دەرمەھال،
دېدى: «نۇشدارۇ بېرىپ يولغە سال.»
قوپۇپ شاھغە دېدى بەختەك ھەمان:
«تانۇمايدۇ مەن، نۇشدارۇ قايان؟
خوجامدۇر دارۇنى ياساغان كىشى،
تانۇپ بەرمەسە، بۇ خاجەمنىڭ ئىشى.
بېرىپ ئاچقۇنى خاجە جۇمھۇرىغە،
قوپۇپ كىردىلەر خاجە نۇشدارۇغە.
خاجە ئۇمرى كىرىپ ئۆيگە ھەم بىللە تەڭ،
جەۋاھىر كۆرۈپ ئۆيدە بۇ رەڭ بەرەڭ.
خاجە ئەۋۋەلا قول سالىپ دارۇغە،
ئالىپ قىستۇرۇپ قويدى دەستارىغە.
خاجە ئۇمرىگە ئاندىن ئالىپ بەرگۈچە،
بۇ ئالدى ئوغۇرلاپ جەۋاھىر نەچە.
دېدى خاجە جۇمھۇر ھەم: «ئەي بابا،
نە قىلدىڭ ئوغۇرلۇقنى سەن بىئىبا؟
دېسەم شاھغە بۇ سېنىڭ قىلماشىڭ،
بۇ ئىشلارغە كەتمەسمۇ ھالا باشىڭ؟»
خاجە ئۇمرى دېدى: «مەن دېمەسمۇ ئىدىم؟
كى سىز قىلدىڭىزغۇ ئوغۇرلۇقنىكىم؟»
دېدى خاجە ھەم: «ئەي بابايى ئەزىز،
بار ئېردىكى بىر ياخشى فەرزەندىمىز.
بارىپ ئېردى ئول ھىندى شەھرى سويان،
كى بەرمىش ئاڭا ھەم زەھەرنى يامان.

چۇ بىر كۆنلىكۈ ئەرتەلىكدۇر مۇڭا،»
دېدى: «ئالدىمۇ نۇشدارۇ شۇڭا.
خاجە ئۇمرى تونۇتتى ئۆزىنى ھەمان،
تەمام قىلدى ۋاقىئەلارىنى بەيان.
خاجە ئالدى دەستارىدىن دارۇنى،
ئارىغ بەردىلەر خاجەغە بارىنى.
قوپۇپ ئىچكەرى خاجە كىرگەن زەمان،
دەپ ئېردىكى بەختەك قوپۇپ شول زەمان.
«مېنىڭ بار ساڭا، پادىشاھا، سۆزۈم،
ۋەلې نۇشدارۇ تونۇرمەن ئۆزۈم.
خاجە زادەگە ئېئتىقادىڭ تولا،
ئانىڭ بىرلە بولمىشسەنۇ مۇبتەلا.
بۇ كۆن خاھلادىم مەئلۇم ئولغاي ئىشى،
كى بىلگەيسىزۇ دوستىمكىن ئول كىشى.
ئانىڭكى خەيالى ئەمىردە ئېرۇر،
كى دەيدۇر تىرىك نۇشدارۇغە كېلۇر.
دارۇنى ئالۇر دەستارىغە تىقىپ،
ھەلى ئولتۇرۇر قاشىڭىزغە چىقىپ.
مۇھۇرۇم يوق ئولدى دەبان ئىستەڭىز،
بولالىڭ يالاڭاچ، ئەۋۋەل مۇندا سىز.
ئەگەر ئاقتارىپ باقساڭىز بارىدىن،
چىقار خاجەنىڭ دارۇ دەستارىدىن.
ئەگەر چىقماسە نۇشدارۇ بۇ رەڭ،
بولاي مەنكى رەسۋايى ئىت بىرلە تەڭ.
ۋەلې چىقسە شەرمەندە بولسۇن بۇ دەم،
ئەقىدە قىلاسىز ئاڭا ئانچە ھەم.»
بۇ سۆزلەرنى دەپ ئولتۇرۇپ ئېردىلەر،
ئۇشۇل دەم خاجە ھەم كىرىپ كەلدىلەر.
دېدى شاھ: «مۇھرۇم يوق ئولدى قايان؟»
قوپۇپ باقتىلار ھەر تەرەف ئانچۇنان.
يالاڭ بولدى بەختەك بېلىنى شىشىپ،
يەنە خەلقىنى باقتىلار ئىزدىشىپ.
بۇ يەڭلىغ قىلىپ ئېردىلەر بۇ مەرەز،
خاجە دېدىلەر: «مەندەدۇر بۇ غەرەز.
خەيالى ئەبۇل ئالىيغە بۇ يولى،

کی ئالغاندۇمەن دەیدۇ دارۇ ھەلی.»
چۇبۇپ سالدی دەستارلارىنى ھەمان،
سالىپ تاشلادی ئەگلىنى شول زەمان.
«ھەرەمزادەنىڭ سۆزى بىرلەن مېنى،
ئىزالار قىلۇرسىز ماڭا ھەر كۈنى.
مېنىڭ يوق ئىشىم ئەمدى مۇندا نېتەي،
كى رۇخسەت بېرىڭ كۇفەغە مەن كېتەي.»
خاجە قوپتىلار ئۇشبۇ سۆزلەرنى دەپ،
كى بەختەككە قىلدىكى شاھى غەزەب.
دېدى: «خاجەنىڭ ئالدىدا بۇ زەمان،
قىلۇرسەنكى شەرمەندە رەسۋا يامان.
كى ناپاك، شۇم، جاھىلۇ زەن تەلاق!»
دېدى، سوقتى ئاندىن بۇ سەگنى تاياق.
يانا خاجەنىڭ كۆڭلى بولماي سوقۇپ،
تىلەپ ئالدى نۇشىرەۋاندىن قوپۇپ.

* *

کی ئاندىن بۇ سۆزنى قىلۇر راۋىلەر،
خاجە ئۆمرى ئەمىر قاشىغە كەلدىلەر.
ۋە ھەر كۈن بېرىپ ئىككى مىسقال يېدى،
كى ئەۋۋەلقىدەك بولدى مەغرۇرلارى.
دېدى بىر كۈنى: «ئەي خاجە ئۆمرى چاپىك.
كېيىك ئوغلاقىدىن بىرىنى تاپىڭ.
مەلىكە نىگارىم ئۇچۇن بىقەرار،
زەبۇن بولدى ھالىم فىراقىدا زار.»
بۇ سۆزدىن خاجە ئۆمرى بولۇپ كامران،
رەۋان بولدى جەڭگال بەيابان سويان.
تۇتۇپ نەچچە ئوغلاقنى قىلدى ھەۋەس،
دېدىكىم: «بۇ لايىق، مۇناسىب ئەمەس»
يەنە ئارغادال بىر ئىگىزگە چىقىپ،
كى تۇتتى بىر ئوغلاق بۇلۇغغە تىقىپ.
مۇناسىب كۆرۈپ يۇرمىش ئېردى ئالىپ،
ئېگىزگە چىقىپ ھەر تەرەف كۆز سالىپ.
كۆرۈندىكى سەھرا لەبىدە ئېقىن،

کی جەڭگالغە لەشكە توشۇپدۇر يېقىن
خاجە ئۆمرى ئالاي دەپ مۇنىڭدىن خەبەر،
بۇ لەشكەر ئاراسىغە كەلدى بۇ ئەر.
كېلىپ كۆردى بۇ خەلقىنىڭ بەئىردىسى،
كى ماتەم تۇتۇپدۇركى بىر ھەسسەسى.
كى ھەسسەسى شادىمان ئانچە خۇش،
سالىپدۇر قازانلارغا قايناپدۇ گوش.
خاجە ئۆمرى كېلىپ ئولتۇرۇپ دالدىدا،
كى ماتەم ئىلىنىڭكى بۇ ئالدىدا.
ئىدى بىر قارالىغ چادىر ھەم بۆلەك،
كى مۇندىن سوغە چىقتى ئىككى دېدەك.
خاجە ئۆمرى كۆرۈپ بۇ قەلەمقاشىنى،
تونۇدى مەلىكەم كوكۇلداشىنى.
بىرى مېھرى ئېردى، بىرى ماھ بۇ،
خاجە ئۆمرى قاشىغە، سوغە چىقتى بۇ.
بۇ قىزلاردا ئالتۇن - كۈمۈش ئافتابا،
سوغا چىقمىش ئېردىكى فىشىن ھەۋا.
خاجە ئۆمرى بولۇپ بۇ باھارى سولۇس،
قىلىپ ئاغزىنى ھەم كۆزىنى پولۇس.
بۇرۇن بىرلە قىلدى ئىكەكنى قېيىق،
كى دۇم ياتتى ئەيلەپ بۇ يەكلىغ قىلىق.
بۇ قىزلار كۆرۈپ ئۇشبۇ يەكلىغ بارىپ،
كۆلۈشتى تەماشا قىلىپ كۆز سالىپ.
دېدىكىم، يۈرۈپ باشىدىن: «سەن نە جان؟
بۇ يەكلىغ ياتۇرسەن، مەكانىڭ قايان؟
تۇغۇلغاندا مۇنداغمىدى ھالىڭا؟
بۇ يەكلىغ تۆرەلگەنمۇ ئەھۋالىڭا؟»
خاجە ئۆمرى دېدى: «مەن مۇسافىر غەرىب،
بۇ سەھرادا ئۆتكۆنچە ياتسام ھېرىپ.
ئەسەر قىلمىش ئېردى كېچە ئىنسۇ جىن،
ياتۇرمەن بۇ سەھرادا تارتىپ قىيىن.»
دېدىكىم خاجە ئۆمرى يەنە: «ھاي ھۇي.
بۇ توشكەن چەرىك كىمنىڭ، ئەي ماھ روي؟
بۇ بىر پارە لەشكەر توشۇپدۇر بۆلەك،
كى خۇشھال ئولۇپدۇر ئاق ئۆي خەلقى بەك.

بۇ بىر پارە لەشكەر قىلۇر ماجەرا،
كى ماتەم تۇتۇپدۇر، لىباسى قارا.»
بۇ قىزلار دېدى: «شاھ ئەۋلادى شاھ،
ئانىڭ خەلقىدۇر شاد بولغان سىپاھ.
مەلىكەمنىڭ ئۆلمىش قارالىغ ھەمە،
كى ماتەم ئىشىدۇر يارالىغ ھەمە.
دەرىخا، مەلىكەمنىڭ ئول ئاشىقى،
بار ئېردى ئەبۇل ئالى دەپ مەئشۇقى.
زەھەر يەپ سەرەندىپدە ئۆلگەن ئىمىش،
خەبەر كەلدى، ئاندا كۆمۈلگەن ئىمىش.
مەلىكەم فىراقىدا ھەم قىشۇ ياز،
بېرىپ جاننى، ئۆلمەكلىكى قالدى ئاز.»
خاجە ئۇمرى يەنە دېدى: «ئەي نازەنىن،
مەلىكەم بۇلار بىرلە بولدى يەقىن؟
بولەپ بىرگە بىگاھ باقىپ ھاسىلى،
ئانىڭ بولدىمۇ ۋەسلىگە ۋاسىلى.»
بۇ قىزلار دېدى: «ئەي بابايى سەخى،
كى تۇتتۇرمادى قول ئۇچىنى تېخى.
دېمىش خاجە جۇمەۋۇر خوجام مۇتلەقىن،
چۇ كەلتۈرمەگىز يولدا ئانى يەقىن.
بۇ سۆز بىرلە ئون يەتتە كۈن بولدى يول،
مەلىكەمگە ئول سۇنمادى ئەسلى قول.»
يانا دېدى قىزلار: «ياتۇرسەنكى ئاچ،
ئۆزۈڭگە نېمە قىلمادىڭ بىر ئىلاج؟
بۇرۇن بىرلە ئاغزىڭ قىيمقدۇر ھەمە،
تاپىپ بىر دەۋا بولسە قىلساڭ نېمە؟»
خاجە ئۇمرى دېدى: «تەبرەيەلمەي ئاران،
ياتۇرمەن، دەۋاغە بارۇرمەن قايان؟
ماڭا بولسە ئالتۇن ـ كۈمۈش ئافتابا،
ئانىڭدا سۇ ئىچسەم، بولۇر شول دەۋا.»
بۇ قىزلار دېدى: «بولماغىل ئىنتىزار،
بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش ئافتابا بىزدە بار.
بېرەلىڭ» دېدى بىر ـ بىرىگە قاراپ،
«ساقايسا شۇبۇ، بىزگە بولغاي سەۋاب.»
بېرىپ ئېردى ئىلكىدىن ئالدى ھەمان،
ئالىپ قاچتى بىر ئارغا دال قۇم سويان.
خاجە ئۇمرى كېلىپ بىر يەرنى ئويۇپ،
كى بىر يەردە ئولتۇردى ئاندىن قويۇپ.
ئۇشۇل دەم قىلىپ سۇرەتىنى بۆلەك،
بولۇپ تۇردى رەممال بىر موللادەك.
بۇ قىزلار يۈرۈپ ئارقادىن قوغلاشىپ،
كېلىپ كۆردى بىر ئارغادالدىن ئاشىپ.
باقىپ ئولتۇرۇپدۇركى بىر موللا رەم،
بۇلار دېدى: «موللام، باقىڭ بىزگە ھەم.»
باقىپ دېدى: «ئەيياردىن چىققتى يول،
قاچىپدۇر ئالىپ بىر نېمەكلەرنى ئول.
كۆمۈپدۇر يىراقدا پاساردا ياپىپ،
بۇ يول بىرلە بارساڭ، ئالۇرسەن تاپىپ.
تاپىپ كەلدى ئاندىن بۇ قىزلار بارىپ،
يانىپ كەلدى بۇ ئىشغە ھەيران قالىپ.
مەلىكەم غەزەبدىن بولۇپ ئەقلى لال،
دېمىش ئېردى: «مۇنداغ بولۇرمۇ ھەيال.»
كىرىپ ئېردى قىزلارغە ئەيلەپ غەزەب،
دېدىلەر: «ھەيال بولدۇڭۇ سەن نە دەپ؟
كى ماتەم تۇتۇپ بولسە ھالىم زەبۇن،
كى خۇشھال ئولۇرسەن، قىلۇرسەن ئويۇن.»
بۇ قىزلار دېدى: «ئەي مەلىكەم كۆرۈڭ،
بۇ ئىشلارنى كۆردۈك، ئانى كەلتۈرۈڭ.
كۈلەرسىزمۇ ھەم بولسە ئانداغ ئويان.»
بۇ ۋاقېئەنى قىلدىكى قىزلار بەيان.
كۆرۈنگەچ ئەجايىپ ئۇلارنىڭ ئىشى،
مەلىكەم بۇيۇردى: «ئۇشۇل دەم كىشى؟»
خاجە ئۇمرى ئېتىپ سەللەنى باشىغە،
ئالىپ كەلدى مېھرىنىگار قاشىغە.
مەلىكەمنى كۆردى چىرايى زەبۇن،
بولۇپدۇر ئەمىر ئىشقىدا سەرنىگۇن.
كى يەر كۆرسەتىپ بەردى، ئولتۇردىلەر،
كى ئەۋۋەل مەھازەرنى كەلتۈردىلەر.
سوراپ ھالۇ ئەھۋال دۇئادىن كېيىن،
كېيىپدۇر مەلىكەم قارالىغ ئىگىن.

کی ئاندىن باقىپ دېدى: «ئەي موللاسىز،
قاياقدىن كېلۇرسىز چىقىپ مۇندا سىز؟
ئېدۇر ئاتىڭىز، بىزگە ئەيلەڭ بەيان،
ۋە قايسى شەھەردىن، بارۇرسىز قايان؟»
خاجە ئۇمەرى دېدى: «مەن گەدا خەلقىدىن،
ئاتىم موللا تۇفان، ئۆزۈم بەلخىدىن.»
دېدى: «سىز ماڭا، موللا، بىر رەم سالىڭ،
ئەگەر بىلسەڭىز پۇل بېرەيەن ئالىڭ.»
مەلىكەم ئالىپ قوللارىغە قەلەم،
قەلەمگە نىيەتنى قىلىپ بەردى ھەم.
خاجە ئۇمەرى قاراپ، خەتنى قىلماي ھەۋەس،
مەلىكەم دېدى: «رەم خەتى بۇ ئەمەس.»
كۆرۈپ خاجە جۇمھۇردىن خەتنى ھەم،
بىلۇر ئېردىلەر بارھا سالسە رەم.
دېدىلەركى: «ئەي موللا، قىلدىڭ نېمە؟
بۇ رەم ئوخشامايدۇ خەتىگە ھەمە.»
خاجە ئۇمەرى دېدى: «يوق ئىدى ئىلگەرى،
يېڭى بولدى پەيدا بۇ رەم، ئەي پەرى.
چۇ ئەمدى بۇ رەم ھۆكمىنى ئىشتىڭ،
سېنىڭ بار ئىكەن بىر سەفەردە كىشىڭ.
ئۇشۇل بولغايۇ ھىندى شەھەرى سويان،
كی ئاندىن چىقىپ، يۈزلەنىپدۇر بۇيان.
ئانى ئۆلدى دەپ سىزگە بولمىش خەبەر،
سەلامەت كېلەدۇر ئۇشۇل ياخشى ئەر.
ئىكەۋلەن يەنە ئولتۇرۇپ تەختىدە،
كۆرۈشكەيلەرۇ تاڭلا تۇس ۋەقتىدە.»
مەلىكەم ھېسابىن قىلىپ باقتى ھەم،
دېدى: «ئۇشبۇ تەھقىق راست چىقتى رەم.»
دېمىش ئېردى جۇمھۇر: «ئەي نازەنىن،
كۆرەرسىزكى ئون سەككىز كۈندىن كېيىن.»
مۇۋافىق كېلىپ سۆزلەرى ئۇشبۇ ھال،
مەلىكەم تەرەددۇددا ئەيلەپ خەيال.
دېدىلەر: «بۇ سۆزلەردە بولدى گۇمان،
كی ئەي موللا، راستىنى قىلغىل بەيان.»
تونۇتتى خاجە ئۇمەرى ئۆزىنى كېلىپ،
دېدىكىم: «ئەمىرلەندۇ ھۇرنى ئېلىپ.
كېلىپ تۇشتى ئول تاغنىڭ قاشىغە،
كی مۇندىن بارۇرمەن ئەمىر قاشىغە.»
ھېكايەت قىلىپ بارچەنى ئانچۇنان،
مەلىكەمگە ھەقدىن ئەتا بولدى جان.
فەلەككە يېتىپ شادىمانلىق ئىشى،
يەنە بولدى بۇ سۆزنى ئىشتىپ كىشى.
بولۇپ ئانچە خۇش شادىيانە چالىپ،
قوپۇپ بىر تەبەق ئىچرە ئالتۇن ئالىپ.
بارىپ باشىدىن چەۋرۇلۇپ نەچچە قات،
سەرۇ پاي بىلە بەردى ھەم ياخشى ئات.
خاجە ئۇمەرى ئالىپ مالنى بىشۇمار،
دېدىكىم قوپۇپ: «ئەي مەلىكە نىگار.
کی ئول پادىشاھنىڭ قاشىغە باراي،
ئاڭغدىنمۇ ئىنئامۇ ئېھسان ئالاي.»
مەلىكەم قاتىپ بىر كىشى ئۇشبۇ ھال،
ئىبەردى ئانىڭ قاشىغە دەرمەھال.
ئۇشۇل دەم ئاق ئۆينىڭ چىقىپ تاشىغە،
بۇلار كەلدى ئەۋلادى شاھ قاشىغە.
بۇلار چىرلاتىپ دېدى: «بۇ موللىنى،
ئىبەردى مەلىكەم قاتىپ بۇ مېنى.
بۇ ئەردەك كىشى ئەسلى بولماس ئىكەن،
کی رەم سالسە ھەم ھەر سۆزى راست ئىكەن
مەلىكەم ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ سالدى رەم،
ئاڭغدىن بۇ كۈن كەتتىلەر دەردۇ غەم.
مەلىكەم تەرەددۇددا ئېردى تولا،
ئىدى ئول ئەبۇل ئالىغە مۇبتەلا.
بۇلار قىلدى تەھقىق ئۆلگەن ئىمىش،
سەرەندىپ ئىچىدە كۆمۈلگەن ئىمىش.
بۇ ئىشغە مەلىكەم بولۇپ شادىمان،
کی رەم باقتۇرۇڭ دەپ ئىبەردى بۇيان.
بۇ موللامىغە تەرەككە ئالتۇنلارى،
کی قالماپ ئىكەن ئۆيدە ھەم پۇللارى.»
خاجە ئۇمەرى قىلىپ ھەم خۇشاھەندە سۆز،
بۇ ئەۋلادى شاھدىن بۇلار تەل - تۆكۈز.

دېدىلەركى: «بىلگىل سۆزۈم راستىنى،
كېلۇر ئۈچ كىشى تاڭلا ئىزدەپ سېنى.
بىرى دارىبازۇ بىرى گۈرزەبار،
بىرسى دۇبۇلباز قىلۇر كۆپ نەۋاز.
كى تىترەپ ئانىڭ ھەيبەتىدىن جەھان،
قىلۇر لەشكەرىڭدە ئەجايىپ ئويان.
كى دۇشمەن ئۆلۈپدۇركى بىغەم بولۇڭ،
يېتەر ئەمدى سۈنساڭ فەلەككە قولۇڭ.»
بۇ سۆزلەرگە ئەۋلادى شاھ خۇش بولۇپ،
ئىچىگە مۇنىڭ شادىمانلىق تولۇپ.
سەرۇپاي بېرىپ پادىشاھانەلەر،
تەبەقلەردە ھەم ئالتۇن ئالدى بۇلەر.
خاجە ئۇمرى چىقىپ يولغە بولدى رەۋان،
كىيىك ئوغلاقىنى ئالىپ شول زەمان.
ئەمىر قاشلارىغە كىرىپ ۋەقتى شام،
بېرىپ ئوغلاقىنى يېدىلەر تەمام.
كى ئاندىن خاجە ئۇمرى چىقىپ تاشقارى،
دېدى قىچقىرىپ لەندۇھۇرنى بېرى.
ئاڭا قىلدى ۋاقىئىنى بىر - بىر بەيان،
بېرىپ رەم پۇل ئالغانلارىنى ئويان
مەلىكەمنى كۆرگەنلەرىنى بارىپ،
دېدى موللا بولغانلارىن رەم سالىپ.
خاجە ئۇمرى دېدى: «ئانچە تەفتىش قىلىپ،
ئالالىڭ ئانى ئەمدى بىر ئىش قىلىپ.»
دېدى: «ئەيلەسەڭ سەن سۆزۈمنى قەبۇل،
كى مەئىدى كەرەبنى دۇبۇلباز بول.
ۋەلې لەندۇھۇر بولسە بىر گۈرزە باز،
بولاي ھەم ئۆزۈم دارىبازۇ گۇداز.»
ۋە لېكىن بۇ سۆزلەرگە مەئىدى كەرەب،
ئۇنۇماسقە تۇردى دۇبۇلنى كۆرەپ.
خاجە ئۇمرى ئىككەۋلەن كەرەبنى باسىپ،
كى زور بىرلە قويدى دۇبۇلنى ئاسىپ.
تويۇپ ئانچە گەر قورساقىدىن يىراق،
كى تۇتتۇردى ئاندىن قولىغە تاياق.
كۇلۇشتى بىرۇق بۇ خەلايىق كۆرۈپ،
بۇ تۇردىكى بارماسقە يەرگە ئۇرۇپ.
خاجە ئۇمرى دېدى: «بار تولا مەنسەفىڭ،
قىلىپ ئوشبۇ مەنسەفنى سىز پۇل تېپىڭ.
دۇبۇلنى ئاسۇرغە قىلۇرسەن نومۇس،
كى تاشلاپ بۇ مەنسەفنى قويساڭ دۇرۇس.
بېرەي زۇلخۇمارىغە سەندىن ئالىپ،
كى ئورنۇڭدا ئاندىن بۇ قىلسۇن بارىپ.»
كى ناچارەلىقدىن بۇ مەئىدى كەرەب،
دۇبۇلنى ئاسىپ، ئالدى بۇ يول تەرەف.
مۇنىڭ بەردىلەر قوللارىغە خادا،
بولۇپ سۇرەتىدە بەئەينى گەدا.
خاجە ئۇمرى دېدى شاھ مەنزەرگە ھەم:
«كى لەشكەر بىلە ئاتلانىپ سىز بۇ دەم.
كى جاڭگالدا تۇرغىل بولۇپ كامران،
بەھادۇر مۇبارىز ئولۇپ فەھلەۋان.
سەفىد مۇھرى ئاۋازى كەلسە بۇ رەڭ،
كى ئات سالغىلۇ تىزۇ تۇن ئەيلە جەڭ.»
بۇ سۆزنى خاجە ئۇمرى مۇڭا ئوقتۇرۇپ،
كى ئون مىڭ كىشى قويدىلار بۇقتۇرۇپ.
خاجە ئۇمرى قىلىپ مەكرلەرنى بەسى،
ئۈچەۋلەن چىقىپ كەلدىلەر ئەرتەسى.
بولۇپ گۈرزە بازۇ دوبۇلباز ھەم،
كى ئەۋلادى شاھ لەشكەرىگە بۇ دەم.
يېتىپ مەكر قىلماقدا ئېردى ئىشى،
خەبەر قىلدى ئەۋلادى شاھغە كىشى.
دېدى: «پادىشاھى ۋە ئەي سەرۋى ناز،
كېلىپدۇر دوبۇلباز ئىلە گۈرزەباز.
بىرى دارىبازۇ ئىكەن ئانچۇنان،
ئەجازەت ئىلەيدۇر قىلۇرغە ئويان.
ئۇشۇل دەم قويۇپ تەختىنى تاشقارى،
خەلايىق يىغىلدىكى ياشۇ قارى.
كى ئەۋلادى شاھ تەختىدە ئولتۇرۇپ،
كى ئالدىدا سەف - سەف خەلايىق تۇرۇپ.
خاجە ئۇمرى كايىپ باغلاتىپ دارنى،
چىقىپ ئويناباس قىلدى پۇر كارنى.

دۇبۇلبازلىق قىلدى مەئدى كەرەب،
مەقامى بۆلەك بۇ ئويۇننى كۆرەپ.
ئويۇنغە دۇبۇل ئەسلى كەلمەيدۇ قام،
دېدىلەر خەلايىق: «بۇ قايداغ مەقام؟»
دېدى خاجەئى: «بۇ دۇبۇل چالماغان،
چالۇر ئول كۆنۆپ، ئىلكىگە ئالماغان.
ئۆزى نەۋچە، توختاپ چالىشنى بىلمۇر،
كى بىلمەيدۇر هالا، كېيىن ئۆرگەنۇر.»
دۇبۇلنى ئالىپ تاشلادى يەرگە بۇ،
كېلىپ ئاچچىغى، بىر نېمە دەرگە بۇ.
خاجە ئۇمرى تاناپدىن چۆشۆپ شول زەمان،
كى ئەۋلادى شاه دېدى: «ئەي فەهلەۋان.
قىلمۇرسىز ئىكەنلەر ئەجايىپ ئويان،
ئىدۇر ئاتىڭىز، بىزگە ئەيلەڭ بەيان.»
خاجە ئۇمرى دېدى: «بۇ دۇبۇلبازىنىڭ،
كى قويماپ ئىكەندۇك ئاتىنى ئانىڭ.
مېنىڭكى ئاتىم ئۇستە چۇستەك ۋەلى،
يەنە كۆپ ئويانلار قىلمۇرمەن هەلى.
بۇ سەرۋەر ئېرۇرلاركى گۇرزى بەلەند،
بۇ قىلمىسە ئويۇن بولغۇسىدۇر پىسەند.»
دېدى لەندۇهۇرنى: «قوپۇڭ، ئەي ئەزىز،
بۇلارغە ئويۇن كۆرسەتىڭ ئەمدى سىز.»
ئالىپ لەندۇهۇر گۇرزەسىنى هەمان،
قىلىپ گۇرزەئى بازلىق ئانچۇنان.
تۇتۇپ گاهى ئوڭ، گاهى چەپ غاقىراپ،
مۇنىڭ هەيبەتىدىن جەهان فاقىراپ.
يەقىن كەلدى ئەۋلادى شاه قاشىغە،
كېلىپ سالدى ئانداغ ئانىڭ باشىغە.
كى ئەۋلادىنىڭ جىسمى بولدى تارىخ،
بىرۇق جەڭگە كىردى بۇ لەشكەر ئارىغ.
خاجە ئۇمرى سەفىد مۇهرە تارتىپ هەمان،
يېتىپ كەلدى جاڭگالدەقى فەهلەۋان.
بولۇپ جەڭكى، ئانداغ ئەزىمى بەلا،
ئاقىپ يۇردى قان يەرنى قويماي ئالا،
ئوغۇلغە ئاتا، قىزغە باقماي ئانا،-

بارۇرغە يوق ئېردى باشىغە پەنا.
خاجە ئۇمرى لەشكەرنى پارە قىلىپ،
مەلىكەمنى ئالدى سەۋارە قىلىپ.
بۇ ئىشلارنى قىلدى ئەمىرگە خەبەر،
ئەمىر شاد ئولۇپ ساچتىلار سۇرخى زەر.
خۇداغە قىلىپ شۇكرىلەر سەدهە زار،
ئەمىر قاشىغە كىردى مېهرىنىگار.
تانۇماي ئەمىرنى مەلىكەم ئۇ يان،
قاراپ يۈزىگە يۈزنى قىلدى بۇيان.
كى فەرياد ئېتىپ يىغلادىكىم بىرۇق،
دېدىكىم: «ئۆلۆپدۇر ئەمىر مۇندا يوق.
بىتەهقىق ئەبۇل ئالى ئۆلگەنلەرى،
ۋەلې راست ئىكەندۇك كۆمۈلگەنلەرى.»
كى مۇقبىل، خاجە ئۇمرى دېدىلەر: «شۇبۇ،
تانۇماي ئەمىرنى ئەمەس دېدى بۇ.
بۇلار ئەهد قىلدى مۇڭا سەد هەزار،
قەبۇل قىلمادى ئەسلى مېهرىنىگار.
قان ئاقتى مەلىكەم يۈزىنى ئۇزۇپ،
سالىپ غۇلغۇلە قوپتى ماتەم تۇزۇپ.
بۇ ئىشلارغە بولدى ئەمىر دەرغەزەب،
دېدىكىم: «بۇ گېيسۇيىنى سەن نە دەپ.
ئالىپ كەلدىڭغۇ تۇرماغىل سەن، ئۇزات،
كى ئۆز خەلقىغە يەتكۇرۇپ تاشلاپ ئات.
قويۇلغاچ غەزەب ئاتەشى باشىدىن،
ئالىپ چىقتى مۇقبىل ئەمىر قاشىدىن.
بۇلار خەلقىنىڭ ئارقاسىدىن يېتىپ،
مەلىكەمنى قويدى بۇلارغە قېتىپ.
مەدايىنغە يەتكۇردى خەلقى ئالىپ،
كۆرۈندىكى نۇشىرەۋانغە كېلىپ.
چىقىپ تەختىگە يانىدا ئولتۇرۇپ،
كى نۇشىرەۋان دېدى بىر دەم تۇرۇپ:
دېدى: «ئەي فەرزەند، قايدا قالدى چەرىك،
يەنە شول ئەبۇل ئالى بارمۇ تىرىك؟»
مەلىكەم دېدى: «شاه ئالىي هەۋەس،
ئۆلۆپدۇركى تەهقىق، بۇ يالغان ئەمەس.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېدى شاھ: «ئەمىر ئۆلسە گەر ئۇشبۇ رەڭ،
كىم ئەۋلادنى ئۆلتۈرۈپ قىلدى جەڭ؟
كى ئەۋلادى شاھنى قىلىپدۇر تارىخ،
كى خەلقنى ھەم ئۆلتۈرۈپدۇر ئارىخ.»
دېدىكىم: «بۇ ئىشلار ئەمىرنىڭ ئىشى،
قىلالماس يەنە ئاندىن ئۆزگە كىشى.

* *

بۇ سۆز بولدىيۇ قىسسەئى راۋىيان،
ئەمىردىن ھېكايەت قىلۇرمىز بەيان.
خاجە ئۇمرى بىلەن لەندۇھۇر ئۇشبۇ ھال،
ئەمىر قاشلارىغە كىرىپ دەرمەھال.
بۇ سۆزلەرنى قىلدى ئەمىرگە بەيان،
دېدىلەر: «مەلىكەمنى بەردۇك ئۇيان.
كى ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈپ بىز بۇ كۈن.»
دەپ ئېردى، ئەمىر قىلمادى ئەسلى ئۈن.
كىشى ئۆلتۈرۈپ بولدى ھالا كېچە،
خەلايىق قوپۇپ ـ ئۆلتۈرۈپ ھارغۇچە.
كى ئۆز بارگاھىغە چىقتى تەمام،
ئەمىر قالدى يالغۇز، چىقىپ خاسۇئام.
قويۇپ باشىنى سەجدەگە شول زەمان،
ئوقۇپ بۇ مۇناجاتنى ئانچۇنان.
دېدى: «ئەي خۇداۋەندى سىررى جەھان،
ئەمەسدۇر ساڭا ھېچ پۇشىدە نىھان.
كى سەنسەن بەلەندلەرنى پەست ئەتكۈچى،
شەھەنشاھنى تەڭگۇ دەست ئەتكۈچى.
ماڭا قىل ئەتايى بەلۇتفى كەرەم،
بۇ يەڭلىغ بولۇپدۇركى دەردۇ ئەلەم.
ۋە ئەي دىلنەۋازۇ رەھىمۇ پەنا،
مېنى قىلغىل ئەۋۋەلقىدەك سەن يانا.
تىلەرمەن بۇ ھاجاتنى زۇلجەلال،
سىھەت بەرگىلۇ ياكى جانىمنى ئال.
كى مۇندىن تولا قىلماغىل ئىنتىزار.»
بۇ سۆزلەرنى دەپ يىغلادى زار ـ زار.

ئىدى بۇ مۇناجات بىرلە ئۆزى،
بولۇپ سۇبھى ئۇيقۇغە باردى كۆزى.
نە كۆردى ئاچۇق ھەقتە گەردۇن فەلەك،
نە ئەرشى نە كۇرسى نە بارۇ مەلەك.
تۈشۈپ كەلدى ئاندىن خەلىلۇ نەبىي،
كى ئىلكىدە شەربەت فىيالە كەبى.
ئەمىر ئالدىغە كەلدى ئەيلەپ خىرام،
نىۋازۇ بىلەن قىلدى ئەيلەپ سەلام.
خەلىل ھەم جەۋاب ئەيلەدى تۈشەئى،
دېدىلەر: «كېلىڭ، ئەي جىگەر گۇشەئى.
كى ھېچ قىسسە يوقتۇر، يېمەڭ ئەسلى غەم،
مەشەققەت ۋە مېھنەت چېكىپ دەردۇ غەم.
بۇ مېھنەت خۇدانىڭ ئېرۇر گەۋھەرى،
يەقىن دوستلارغە، رەقىبغە نېرى،
كېلىپ تۇتتى شەربەتنى ئىچتى ھەمان،
ئەمىر قوپتى بىدار ئولۇپ شول زەمان.
تۇرار ئەمما سەجدە يېرىدە باشى،
ئۇزاپدۇر كۆرۈك زۇلفى بىرلە قاشى.
بولۇپدۇركى ئەۋۋەلقى دەۋرى يانا،
قىلىپ ھەق تەئالاغە شۇكرى سەنا،
قوپۇپ قىچقىرىپ نەئرەھايى ئەيۇپ،
كى «ئەللاھۇ ئەكبەر» دېدىلەر تويۇپ.
ئىشىتتى بۇ لەشكەر كىرىپ شول زەمان،
مۇبارەكلەدىلەر بولۇپ شادىمان.
ئوشۇل دەم ئەمىر كىيدىلەر تاقىنى،
ئالىپ قولىغە يايى ئىسھاقىنى.
قۇلاب دەر قۇلابدىنكى ئاندىن بۇ رەڭ،
دېدىلەر: «قىلىپ مەن يەنە سەختى جەڭ.
بارىپ مەن مەدايىننى ۋەيران ئېتىپ،
قىلىپ تۇز شەھەرنى ئالايىن چېپىپ.
يەسىرلەب خەلايىقنى ھەيران ئېتىپ،
كى مېھرىنىگارىنى ئاندىن تېپىپ.
تۇتۇپ ئىككى تال ساچىدىن مەن بارىپ،
ئانى بىر مەھافەگە يالغۇز سالىپ.
بۇ ئىشلارنى مەن قىلماسام بۇ قېتىم،

كى ئۆچكەي مېنىڭ پەھلەۋانلىق ئېتىم.»
دېدى لەندەھۇرغە ئەمىر ئۇشبۇ رەڭ:
«قىلىڭ ئىلگىرى سىز بارىپ ئاندا جەڭ.»
ئۇشۇل دەم بولۇپ لەندەھۇر كامران،
كى ئۆز لەشكەرى بىرلە يۈردى رەۋان.
مەدايىنغە يەتتى بۇلار دەر قەدەم،
كى قوشاپ تۇشۇپ، تىكتىلەر تۇغ - ئەلەم.
ياسال كۆرگۈزۈپ ئانچۇنان رەڭ بەرەڭ،
چالىپ ئېردى نەققارەئى تەبلى جەڭ.
ۋەلې تۇشتى نۇشىرەۋانغە خەبەر:
«كى زەھرى تەرىد بولدى سوقۇپ بىر ئەر.»
كى غەمىلەر تۇشۇپ، بولدى مۇشكىل ئىشى،
خاجەم قاشىغە بۇيرۇدى بىر كىشى.
كىرىپ كەلدى جۇمھۇر خاجە ئۇشبۇ ھال،
دېدى: «ئەي خاجەم سەن مېنى يولغە سال.
كى مەئلۇم ساڭا، مەندە يوقتۇر گۇناھ،
قىلۇر ھەرنە قىلسە بۇ بەختەك يانا.»
كى بەختەك ھەرامزادەنى باغلاتىپ،
چىقاردى بۇلارنى خاجەمغە قاتىپ.
خاجەمنى كۆرۈم لەندەھۇر ئۇشبۇ ھال،
كۆرۈشتى ئاتىدىن تۇشۇپ دەرمەھال.
كى ئەئزازۇ ئېتىپ ئانچۇنان،
دېدەلەر: «ئەمىر ھەمزە قالدى قايان؟»
يېتىپ كەلدى ئول دەم ئەمىرى ئەرەب،
كى تۇشتى ئاتىدىن خاجەمنى كۆرەپ.
كۆرۈشتى سوراپ ھالۇ ئەھۋال ھەم،
ۋە لېكىن ئارادىن كېتىپ دەردۇ غەم.
خاجەم دېدى: «بەختەك ئىبەرمىش كىشى،
ۋەلې شاھنىڭ يوق گۇناھلىغ ئىشى.»
دېدىلەركى: «بەختەك ھەرامزادە بۇ،
ئەگەر ھەرنە قىلدىكى، قىلدى شۇبۇ.»
بۇيۇردى ئۆلۈمگە غەزەبدىن قاراپ،
دېدى: «ئۆلتۈرۈڭلار، بۇ سەگنى تاراپ.»
كى بەختەكنى سۈردى خاجە ئۇمرى كېلىپ،
مۇنى قويدىلار، خۇن بەھاسى ئېلىپ.

ئەمىر دېدى: «ئۆلتۈرمەيىن قويمىشىڭ،
سېنىڭ، ئەي خاجە ئۇمرى، بۇ قايداغ ئىشىڭ؟»
خاجە ئۇمرى دېدى: «ئەي ئەمىرى جەھان،
كېيىن ئۆلتۈرۈمىز، بارادۇر قايان؟»
بۇ سۆزدىن ئەمىر سۆزلەمەي مۇتلەقىن،
تۇشۇپ شادكام كۆبرۈكىگە يەقىن.
ئەمىرنىڭ چىقىپ ئالدىغە ئەرتەسى،
ۋەزىرۇ ئەمىرۇ خەلايىق بەسى.
قىلىپ ئانچە ئەئزازۇ ئىكرامىلار،
ۋەھالا كۆرۈندى ئەمىرغە بۇلار.
ئەمىر ئاتلانىپ يۈردى مۇندىن قوپۇپ،
كى لەشكەردە بۇ لەندەھۇرنى قويۇپ.
كىرىپ شاھنىڭ قاشىغە دەر زەمان،
قىلىپ كۆپ نەۋازىشلەرۇ ئانچۇنان.
كۆرۈشتى ئەمىر بىرلە شاھى بۇرۇن،
ۋەلې كۆرسەتىپ بەردى ئاندىن ئورۇن.
ئەمىر ئولتۇرۇپ بارچەدىن يۇقارى،
دېدى شەھ: «خاجە ئۇمرى، كېلىڭ سىز بېرى.»
قوپۇپ ئورنىدىن شاھى ئول دەم رەۋان،
كى ئەئزاز بىرلە كۆرۈشتى ھەمان.
ئەمىر باشلىغىن ئولتۇرۇپ پىرۇ ياش،
سالىپ دەستۇخان، كەلتۈرۈپ ئابۇ ئاش.
كى بەئدەز تەئامۇ دۇئادىن كېيىن،
دېدى: «بۇ ھەرامزادە بەختەك لەئىن.
كى سىزلەر بارىپ، ياز ئۆتۈپ، بولدى قىش،
كى ئەنجامىغە يەتتىمۇ ئۇشبۇ ئىش؟»
ئەمىر دېدىلەر: «كەلدىمۇ مەن بارىپ،
ئۇشۇل لەندەھۇر دۇشمەنىڭنى ئالىپ.»
بۇيۇردى ئەمىر «ئانى كەلتۈر» دەبان،
قوپۇپ چىقتى ئول دەم خاجە ئۇمرى رەۋان.
دېدى لەندەھۇرغە خاجە ئۇمرى كېلىپ:
«بارۇرمەنكى سىزنى مەن ئاندا ئېلىپ.
بۇ كۈن بىر بەلادۇركى مېھنەت يېتەر.»
دېدى: «شاھدىن سىزگە بولغاي خەتەر.
ۋە ئەمما بىلىڭ مەنكى بولسام تىرىك،

كىشى سىزگە ھەرگىز سۇنالماس ئىلىك.»
قىلىپ مەسلەھەت بىرلە يۈزمىڭ خەيال،
ئالىپ كەلدى شەھ ئورداسىغە بۇ ھال.
بېرىپ لەندۇھۇرغە تالادا ئورۇن،
قوپۇپ كىردى مۇقبىل، خاجە ئۆمرى بۇرۇن.
ئىجازەت بىلەن لەندۇھۇرنى كېيىن،
ئالىپ كىردى شاھى قاشىغە بەرىن.
كۆرۈپ گۆرزەسىنى خەلايىق ھەمە،
ھوشى كەتتى قورقۇپ، دېدى: «بۇ نېمە»؟
كى زەھرى تەرىد ئولدى كۆزنى يۇمۇپ،
ياشۇندى باشىنى چاپاندا كۆمۈپ.
ھەرامزادە بەختەك دېدى بۇ تەرىق،
«قىلۇرسىز ئەبۇل ئالى قايداغ قىلىق.
گۇنەھكارنى بەند قىلماي بىكار،
مۇنى كەلتۈرۈپسىزمۇ ئۆز ئىختىيار.
ۋەيا كەلدىمۇ ئەيلەمەكلىككە جەڭ،
كۆرۈڭ، پادىشاھ قورقۇبان بولدى تەڭ.»
ئەمىر دېدىلەر: «ياراغى بار ۋەلې،
تۇرۇپ مەن، كىشىگە سۇنالماس قولى.»
ئىشارەت قىلىپ قولنى باغلاتتىلار،
ئالىپ گۆرزەسىن تاشلابان ئاتتىلار.
دېدى بۇ مەھەل: «شاھ لەندى نە ھەد
كى تاپتىڭ بۇ يەگىلىغ نە يەردىن مەدەد.
مېنىڭ قانچە شەھرىمنى ۋەيران ئېتىپ،
يەسىر ھەم قىلىپسەنكى ھەيران ئېتىپ.»
دەپ ئېردى: «مۇنى ئۆلتۈرۈڭلار بۇ كۈن.»
مۇڭا قىلمادى لەندۇھۇر ئەسلى ئۈن.
«كى جەللادنى قىچقىرىپ تاپ!» دېدى،
كى بەختەك ئىشارەت قىلىپ «چاپ!» دېدى.
ھەۋالە قىلىپ شەمشىرىنى ھەمان،
يېتىپ كەلدى چاپماقغە بەرمەي ئەمان.
باشىنى ئاچىپ تۇتتىلار بويىندىن،
كى ساچراپ خاجە ئۆمرى قوپۇپ ئورنىدىن.
دېدىتلەركى: «ئۆلتۈرگىل ئەۋۋەل مېنى،
مېنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆلتۈر مۇنى!»

بۇ ئىشلارغە بەختەك ھەرامزادە شۇم،
كى ئۆلتۈرگىلى قىلدى ئاندا ھۇجۇم.
ۋەلې قاشقارى چىقتى ئانى ئېلىپ،
ۋەلې لەندۇھۇر مۇندا يالغۇز قېلىپ.
قىلىپ ئېردى ئۆلتۈرگىلى ئىختىيار،
چىقىپ كەلدى مېھرى مەلىكە نىگار.
كى جەللادلارنى قاچۇردى كېيىن،
ئالىپ ئىچكەرى كىردى بۇ نازەنىن.
كى بەختەككە بولدى قاراڭغۇ جەھان،
مەلىكەم كۆرۈندى كۆزىگە يامان.
خىجالەتدە نۇشىرەۋان ئۇشبۇ دەم،
قوپۇپ بۇ ھەرەملەر سارى كىردى ھەم.
كى يىغلاپ مەلىكەم دېدى: «ھەي ئاتا،
بۇ شەرمەندەلىك مەندىن ئۆتتى خەتا.
قىلۇرلار بەسى لەندۇھۇرغە زۇلۇم،
ۋەلېكىن ئېرۇر ئول مېنىڭكى قۇلۇم.»
مەلىكەمنىڭ ئېردى بۇ يەگىلىغ ئىشى،
كى نۇشىرەۋانغە دېدى بىر كىشى.
«كى ئۆلتۈرمەگىل سەن ئانى بىزەرۇر،
ئەبۇل ئالى ھالا كۈيەۇغلۇڭ ئېرۇر.
ئانىڭ بۇ كىشىدۇر ۋە لېكىن قۇلى،
كى ئۆلتۈرسە دۇشمەن بولۇر بىر يولى.
كى ئۆلتۈرمەيىن ساقلاساڭ ئانى ھەم،
ساڭا ئەمدى دۇشمەن ئىشىدىن نە غەم.
رەقىب بولسە ئىككى تەرەفدە نېرى،
بىرىگە بولۇر رەد بىرىگە بىرى.»
بۇ سۆزنى قىلىپ ئېردى بىر-بىر بەيان.
كى شەھ چىرلاتىپ لەندۇھۇرنى بۇيان.
گۇناھدىن ئۆتۈپ، ئەيلەبان ئىلتىفات،
چىقاردى سەرۇ پاي بېرىپ ياخشى ئات.
ئەمىر باشلىغىن بارچە، لەشكەر تەمام،
كى شاد ئولدىلار چوڭ-كىچىك خاسۇ ئام.
يېتىپ توققۇز ئەفلاكغە شادلىق،
مۇبارەكلەدىلەر قىلىپ بادلىق.
فەرەكناك ئولۇپ مۇڭلۇغ كۆڭەل،

كى جەمىٔ خاتىر ئەيلەپ، بولۇپ مۇشكىل
هەل.
بۇ دۇنيا غەمىدىن كۆڭۈلنى ئۈزۈپ،
كىردي سۆزگە ئوبدان كۆڭۈلنى تۈزۈپ.

## ئەمىرهەمزەم مەلىكە مىھرىنىگاربىلەن توي ۋاقىئەسىدىن نۇشىرەۋانغا ئەلچى كىرگۈزۈپ، بەختەك هەرامزادە مەكرى قىلىپ، مىھرىنىگارنى ئۆلدى دەپ يوشۇرۇپ قالغانلارىنىڭ بەيانى

يانا بۇ ھېكايەتنىڭ ئولدى ئىشى،
ئىشىتمەك كېرەك بولسە دانا كىشى.
كى ۋەقتى زىمىستان ئۆتۈپ بولدى ياز،
گۇل ئاچىلدى بۇلبۇل قىلىپ نەغمە ساز.
ئەمىر توي ئۈچۈن سۆز قىلىپ شاھغە،
كىشىلەرنى كىرگۈزدى دەرگاھغە.
كى مەئقۇل ئولۇپ شاھغە ئۇشبۇ كوي،
كى ئايىنە باغلاتتى قىلماقغە توي.
بۇ ئىشغە قىلىپ شاھنىڭ خەلقى غوم،
كى بەختەككە قىلدى بۇ يەڭلىغ هۇجۇم:
«زەماندىن زەمانغە ئەرەبلەرغە بىز،
كى بەرمەپ ئىكەن جەمشىد ئەۋلادى قىز.
بۇ نامۇسلۇقنى قىلۇر پىرۇ ياش،
نە يەردىن كۆتەرگەيمىزۇ ئەمدى باش؟»
دېدىلەركى بەختەكنى: «سىز ئوخشاتىڭ،
مۇنى بىر ئىلاجى قىلىپ توختاتىڭ.»
كى بەختەك بۇ سۆز بىرلە قوپتى رەۋان،
دېدى بۇ كىرىپ شاھغە شول زەمان،
قىلىپ مەسلەھەت ئانچۇنان ھەممەسى،
دېدى شەھ: «مۇنىڭ بارمۇ ھېچ چارەسى؟»
كى بەختەك دېدى: «ئەي شەھى دەرمەند،
كى مەن بىر قىلاي مەكرىۋۇ ھىيلە فەند.
مەلىكەم يەمەننىڭ ئالىپ باجىنى،
ئەبۇل ئالىغە راستلامىش تاجىنى.
مېنىڭ كەلدى ئوبدان بۇ كۆڭلۈمگە ئىش،
كى لەئلىغە ئول ھەم باقىشلىغ ئىمىش.
دېسەڭ سەنكى، ‹بەختەكدە بىر لەئل بار›
كېلۇر ئاندا مېھرى مەلىكە نىگار.
مەلىكەمنى مەن بەككىنە ياشۇراي،
بولادۇركى مەكرى ئەجەب، هاي-هاي.
بۇ ئىشنى قىلىڭ تاڭلا توش ۋەقتىدە،
كى يىغلاپ چىقىپ ئولتۇرۇڭ تەختىدە.
دەيىن مەنكى ‹ئەي شاھى ئالىي جەھان،
قىلۇرسىز بۇ رەڭ نې سەبەبدىن فىغان؟›
دەگىز ‹ئاغرىمىشدۇركى مېھرىنىگار،
تەنەززۇل بەسى ئۆزگەچە هالى بار›،
كى ئاغرىغنى مەشھۇر ئېتىپ ئۆزگەچە،
كى ماتەم قىلالى ئونۇنچى كېچە.
يىغى زارلىق ئەيلەسەڭ ئانچۇنان،
مەلىكەمگە ئاشىق ئەمىر بىگۇمان.
كى ماتەمگە كەلگەي قاراڭغۇ كېچە،
كى بىز يولدا قويساق كىشى بىر نەچە.
ئۆتەر يولدا پىنھان يېرىنى تاپىپ،
كى شەمشەردە ئۆلتۈرگۈسىدۇر چاپىپ.
ئەبۇل ئالى ئۆلسە كېتەر دەردۇ غەم،
كى ئاندىن كېيىن بىزگە بولماس ئەلەم.»
كى بەختەك قىلىپ مەسلەھەت ئۇشبۇ ھال،
مەلىكەمنى شەھ چىرلاتىپ دەرمەھال.
ئىبەردى بۇ لەئلى ئۈچۈن شول زەمان،
بۇلار كەلدى بەختەك قاشىغە رەۋان.
ئۇشۇل دەم بۇ قىلدى مەلىكەمنى بەند،
كى بەختەككە بولدى بۇ ئىشلار پىسەند.
قىسىپ تاڭلاسى تاجنى باشىغە،
ئەمىر كىردى نۇشىرەۋان قاشىغە.
مەلىكەمنى «ئاغرىغ» دېدىلەر بۇرۇن،
كى ئىنزار ئېتىپ بەردى ئاندىن ئورۇن.

www.uyghurkitap.com

ئەمىر بىددىماغ بولدىلار ئانچۇنان،
قوپۇپ چىقتى شاھلار قاشىغە رەۋان.
مۇخالىف قىلىپ كۆزنى بىر نـەچچە كۈن،
كى «ئاغرىغ» ئىشىنى تۇتۇپ كېچە تۈن.
بولۇپ ئېردى ھالا ئونۇنچى كېچە،
كى بولدى خەلايىق ئىشى ئۆزگەچە.
بار ئېردىكى شەمشاد ئاتلىغ دەرەخت،
كىسىپدۇر ياغاچچى دەرەختنى بۇ ۋەقت.
ئەمىر قىلدى ئەفسۇس دەرەختنى كۆرەپ،
دېدىكىم: «مۇنـى ھەيف قىلدىڭ نەدەپ؟»
بۇلار دېدى: «چاپماقغە ساندۇقنى بىز،
ئەمەس شاھنىڭ بۇ قىزىدىن ئەزىز.
مەلىكەمنىڭ ئۆلمىشكى ھالى خەراب،
كېچە ئۆلسە، ئەرتە قويار يۇپ-تاراپ.»
ئەمىر يىغلادىلار بۇ سۆزنى دېگەچ،
كى ئالدىن كۈن ئولتۇردىيۇ بولدى كەچ.
بەناگەھ بولۇپ ئېردى تۈن ھەسسەسى،
كېتىپ ئۇيقۇغە خەلقنىڭ بەئزەسى.
شەھەردىن بىروق چىقتى بىر ماجەرا،
سۈرەن، غۇلغۇلە، كۆپ ئەزىمى بەلا.
خاجە ئۇمرى بۇ ئىشلار ئۈچۈن فەند قىلىپ،
قويۇپ ئېردى قىبتاسىنى بەند قىلىپ،
ئەمىر ئەيلەدى ئۆزنى پارە ھەمان،
قوپۇپ يۈردى يىغلاپ فىيادە رەۋان.
كېلىپ لەند ۋەھۇر تۇتتى بەك ئۇشبۇدەم،
كى تاشلاپ مۇنى، يولغە قويدى قەدەم.
خاجە ئۇمرى يېتىپ ئارقەدىن تىزۇتۇن،
تۇتۇپ بەردى ياغلىقنى قىلماي بۇ ئۈن.
ئەمىر ئۇشبۇ ياغلىقنى ئالغان زەمان،
يىقىلدى ھوشىدىن كېتىپ شول ھەمان.
ئەمىرنى ئالىپ ياندىلار ئۇشبۇ ھال،
خاجە ئۇمرى بىلە لەندۇھۇر دەرمەھال.
كى بەختەك ھەرامزادە قىلغان ئىشى،
كى بۇقتۇرمالاپ قويمىش ئېردى كىشى.
چەھارسۇ قاراڭغۇ ئىدى بۇ كېچە،
تۇتۇپ تۇرمىش ئېردىكى شەمشەر لەچە.
كى ئۆز خەلقنى بىلمەيدىن ئۇشبۇرەڭ،
بولۇپ مەغلەبە قىلدى بىر سەختى جەڭ.
ئەبۇل ئالى دەپدۇر تانۇمايدۇ كۆز،
ئۆلۈپدۇر كىشى ئالتە مىڭ ئىككى يۈز.
قىرىپ لەشكەرىنى قىلىپ گەردۇگەرد،
كى دەرد ئۈستىگە بولدى ھەم ئۇشبۇ دەرد.
بولۇپ سۇبھى سادىق، تاڭ ئاتتى ھەۋا،
خاجە ئۇمرى يېتىپ كەلدى بادى سەبا.
ياساپ سۈەرتىن سەرۋى خادىم بولۇپ،
بىروق يىغلادىكى مۇلازىم بولۇپ،
ۋەلې سەرۋى خادىم شۇ بۇتوي ئۈچـۈن،
بەدەخشانغە بارمىش ئىدى كوي ئۈچۈن.
ئانىڭ سۈرەتىدە بولۇپ ئۇشبـۇ ئەر،
كى يىغلاپ ئىدى شاھ ئالدى خەبەر.
چۈنىن كەلدى ھەم شاھلار قاشىغە،
ئۆزىن پارە قىلدى ئۇرۇپ باشىغە.
كى ئاگاھ بولۇپ شاھ مۇنداغ بىلىپ،
كى بەختەكـكە قويدى ئىشارەت قىلىپ.
كى بەختەك قويۇپ دېدى: «ئەي ۋالىدە،
مەلىكەم تىرىك، يىغلاماڭ بىھۇدە.»
قەبۇل قىلمايىن يىغلادى ئانچۇنان،
يانا كەلدى بەختەك قاشىغە رەۋان.
دېدىكىم: «يېمەيدۇر مەلىكەم تەئام،
ياتادۇركى ئاچ ئەرتەدىن سۇبھۇشام.
مەلىكەمگە قىلدۇرسە ھەركىم غىزا،
بېرىپ ئانى مىڭ تەڭگە قىلغۇم ئىزا.»
خاجە ئۇمرى دېدىكىم: «بارىپ قاشىغە،
مەلىكەمنى مەن كىرگۈزەي ئاشىغە.
مۇنى قىلماسام، سەرۋى خادىم ئېتىم
ئۆچۈپ، قالماسۇن دۇنيادا ھېچ خېتىم.
قىلىپمەن بۇ سۆزنى ۋەگەرنە بەريان،»
دېدىكىم «ۋە ھالا مەلىكەم قايان؟»
ھەرامزادە بەختەك دېدى «ئەي خەدىم،
مەلىكەمنى مۇنداغ يۇشۇرمىش ئىدىم.

كى پىنھان چىقىپ ئۇردانىڭ تاشىغە،
كى ئاھىستە بارغىل ئانىڭ قاشىغە.
كىشى تۇيماسۇن ئۇشبۇ ئەسرارىنى،
بۇ سۆزنى دېدىم ئۈچ بىلىپ مەن سېنى.»
بۇ سۆزدىن خاجە ئۇمرى بولۇپ كامران،
كېلىپ بۇ مەلىكە قاشىغە ھەمان.
ئۆزىنى تونۇتتى كۆزىنى قىسىپ،
تەئام ھەم يىدۇردى لەبىگە بېسىپ.
كى بەختەك ئاڭا پۇل بېرىپ دېدى ئال،
ئالىپ چىقتى ئەمىر قاشىغە دەرمەھال.
بۇلار كەلتۇرۇپ ھۇشىغە ئەمىرنى
بەيان قىلدىلار ئۇشبۇ تەقرىنى.
ئەمىر بىلمەدى، قىلدى سۆز ھەرنە رەڭ،
خاجە ئۇمرى دېدى: «كەلتۇرەي، سىز كۆرەڭ.
ئۆلۈكنى ئاچىپ كەلمەيىن تا ئۆزۈم،
قەبۇل بولمادى سىزگە قىلغان سۆزۈم.»
خاجە ئۇمرى قوپۇپ كەلمىش ئېردى كېچە،
ياتىپدۇر خەلايىق باشدا نەچە.
بولۇپ باشى قارۇن، تۇرۇپ بۇ تەرىق،
قىلۇر قىرق كىشى بىرلە ئول ساختالىق.
خاجە ئۇمرى ئۆزىنى ياساب پاش قىلىپ،
بولۇپ سەرۋى خادىم كەبى، ئاش قىلىپ،
كۆتەرتىپ ئالىپ كەلدىلەر قاشىغە،
بۇلار سالدى قوي ئۆلتۇرۇپ ئاشىغە
كى ئاندىن كېتىپ ئاش يېمەسدىن بۇرۇن،
يىقىلدى خەلايىق بولۇپ سەرنىگۇن.
خاجە ئۇمرى كىرىپ شامى گورغە ھەمان،
ئالىپ كەلدى ساندۇقنى ئاندىن بۇ يان.
كى ئاقتۇردى ساندۇتنى ھالا ئۆزى،
كى تۇشتى ئۆلۈككە ئەمىرنىڭ كۆزى.
خاجە ئۇمرى دېدى: «بولدى ئىش بەلگۈلۈك،
بۇ ئۆلگەنگە سىز بولدىڭىز ئۆلگۈلۈك.
ئۆلۈپ ئېردى سىزنىڭ بۇ «مەھبۇبىڭىز»،
ۋەلى بىزنى ھەم ئۆلتۇرۇر ئېردىڭىز.
قاراڭغۇ كېچە بارساڭىز سىز ئەگەر،
كى ئۆلتۇرمىش ئېردى چاپىپ بىخەبەر.»
دەپ ئېردى، ئەمىر بولدىلار دەرغەزەب،
«قىلاردۇر بۇ ئىشنى ماڭا ئول نە دەپ؟!»
غەزەبدىن دېدى: «تەبلۇ نەققارە چال،
مەداپىننى ۋەيران ئېتىپ ئەمدى ئال.»
ئۇشۇل دەم سەلاھلار كىيىپ رەڭ بەرەڭ،
تىكىپ توغ - ئەلەم، سوقتىلار تەبلى جەڭ.
ئويۇنلار قىلىپ ھەربىرىسى بۆلەك،
كۆچۈپ ھەيبەتىدىن زەمىنبۇ فەلەك.
بۇ ئىش بولدى نۇشىرەۋانغە خەبەر،
كى زەھرى تەرىد ئولدى قورقۇپ بۇ ئەر.
قىلىپ خاجە جۇمھۇرىغە زارلىق،
«كى بەختەكدىن ئولمىش» دېدى«بۇ قىلىق».
بۇ سۆزلەرنى شەھ خاجەغە ئاڭلاتىپ،
ئىبەردىكى بەختەكنى ھەم باغلاتىپ.
سالىپ غولۇ زەنجىر مۇنىڭ باشىغە،
ئالىپ چىقتى ئول دەم ئەمىر قاشىغە.
دېدىلەر خاجە: «شاھدا يوق گۇناھ،
قىلىپدۇر بۇ ئىشلارنى ھەم بۇ ياناھ.»
ئەمىر سوقتىلار بىنىھايەت باسىپ،
كى ئۆلتۇرگەلى بۇيرۇدىلار ئاسىپ.
خاجە ئۇمرى ئالىپ چىقتى باغلاپ ھەمان،
كى ئۆلتۇرگەلى تۇتتى بەرمەي ئەمان.
كى يىغلاپ يىقىلدىكى باشنى چالىپ،
يەنە قويدى بۇ خۇن بەھاسى ئالىپ.
بۇ سۆز بىرلە كەتتى كۆڭۈلدىن گۇمان،
ئەمىر ياندى ئۆز بارگاھى سويان.
يەنە باغلادى تويغە ئايىنە بەند،
مۇڭا خەلقى كۆپ بولدى ھەم دەردمەند.
يانا كەلدى بەختەك قاشىغە بۇلار،
چىكىپ ئاھ، كۆزىدىن ئاقىزىپ سۇلار.
دېدىلەر: «بۇ ئىشنى چىقارىپ بىلىڭ،
مۇڭا بولسە تەدبىر - ئىلاجى، قىلىڭ.
بۇ تويى بولماغاي بىزگە، بۇ خەندەلىك،
نە تويى ئېردىيۇ بەلكى شەرمەندەلىك.»

www.uyghurkitap.com



بۇ يەكۈنلۈغ بولۇپ ئۇشبۇ غەم ـ غۇسسەسى،
قىلىپ مەسلەھەت بولدى تۈن ھەسسەسى.
كى بەختەك دېدى: «ئەمدى بىر ئىش قىلاي،
ئۇزاق يازىنى ئۆتكۈزۈپ قىش قىلاي.»
تاپىپ بىر گادايى، دېدىكىم بۇ رەڭ،
كىرىپ ئەرتە سىز شاھدىن پۇل تىلەڭ.»
ۋەزىرۇ ئەمىر جەمئ ئولۇپ خاسۇ ئام،
كى شەھ ئالدىدا تۇردى ئەيلەپ خىرام.
كېلىپ ئول گەدايى چېكىپ دەردۇ ئاھ،
تىل ئاچتى گەدالىقغە قىلدى دۇئا.
بۇيۇردىكى مىڭ تەڭگە شاھى جەھان،
كى بەختەككە ئېردى تاپىپ بەر ھەمان.
ۋېرۇپ دېدى بەختەك بولۇپ لائىلاج،
«كى يوقتۇر خەزىنە ئىچىدە خىراج.
كى بىرنەچچە كۈن توختاسۇن ئۇشبۇ توي،
ۋەلې سەمرۇسۇن خۇب كەلا بىرلە قوي.
چېچەكلەپ دەرەخت سەبز ئولۇپ بولسۇ ياز،
ۋەلې قىلسۇ گۈلشەندە بولبۇل نەۋاز.
ئوشۇل ۋەقت بولغۇنچە قىلساق ئىلاج،
ئالىپ كەلسەلەر ھەر شەھەردىن خىراج.
قىلىپ خەرجىگە بىفەراغەت ۋەلې،
كى ئاندىن زىمىستان قىلايلىك بەلى».
بۇ سۆزنى قىلىپ ئېردى يۈز نەچچەلەپ،
كى شەھ سالدى سۆزنى ئەمىرگە قاراپ.
ئەمىر ھەم قەبۇل ئەيلەدى ئۇشبۇ سۆز،
بۇ توي تاپتى ئەنجامى بولماقغە كۆز.
كى شاھى دېدى قىچقىرىپ ئۇشبۇ ھال:
«كى بولغاي بەرابەر ئالىپ كەلسە مال.
بولۇپ يەتتە يىل، كەلگەنى يوق خىراج،
ئىبەرمەي قالىپدۇر شەھەرلەردە باج».
دېدى ئىككى نەۋبەت، دېدى ئۇشبۇ رەڭ،
كى ئۈن قىلمادى خەلقى، كۆپ بولدى تەڭ.
ئەمىر ھەم بۇ ئىشنى قىلىپ ئىختىيار،
كى دەرھال قوپۇپ دېدى: «ئەي شەھرىيار.
بەجا كەلتۈرەي مەن بۇ ئىشنى بارىپ،
كېلەي ئول شەھەرنىڭ خىراجىن ئالىپ.
قاتىپ بولسە ھەمراھ ماڭا بىر كىشى،
ئىبەرسۇنلەر، لازىمكى ئولغاي ئىشى».
كى چىرلاتتى قارۇننى بارماقغە ئول،
بۇ ھەم قىلدى ھەمراھلىقنى قەبۇل.
دېدىكىم ئەمىرگە بۇ قارۇن يانا:
«كى بەش ـ ئالتە مەن قىلماغۇنچە گۇناھ؛
كى ئۆلتۈرمەسە، بىر گۇناھ بىرلە ھەم،
قويۇرمەن سېنىڭ بىرلە يولغە قەدەم.
ئەمىر ھەم قەبۇل ئەيلەدىلەر بۇ ھال،
دېدىلەركى: «يول جابدۇغى ئەمدى ئال!»

## ئەمىر ھەمزە ساھىبقىراننىڭ شەھەرلەردىن باج ئالىپ كەلگەلى بارغانلارى، يولدا بارغۇنچە قارۇن ھەرامزادەنىڭ ھەزرەتى ئەمىرغە مەكرى قىلغانلارىنىڭ بەيانى

قىلۇر راۋى مۇنداق ھىكايەت يانا،
بۇ قارۇنغە بەختەك دېدىكىم يانا:
«كى بىر ئىش قىلۇرسەن ئاڭا ئۇشبۇ رەڭ،
زەھەر بەرگىلۇ يولدا يا ئەيلە جەڭ.
كى ئۆلتۈرگىلۇ سەن قىلىپ بىر نېمە،
ئەمىر ئۆلسە، مەن ھەم ئۆلەرمەن دېمە.
بېرەي پۇلۇ مالى بەغايەت ساڭا.»
بۇ سۆزلەرنى خىلۋەتدە قىلدى ئاڭا.
قىلىپ ھەرنە تۈرلۈكۈ يۈز مىڭ خەيال،
شەھەرلەرگە نامە ئىبەردى بۇ ھال.
دېدىكىم: «ئەمىرنى ئىبەردۈك تاپىپ،
بۇ بارغان زەمان ئۆلتۈرۈڭلار چاپىپ».
ئەمىر تۇش كۆرۈپ قوپتىلار بىر كېچە،
ۋەلې مەككەنى ياد ئېتىپ بىر نەچچە.

پېتىپ ھەم لىغافە قىلىپ نامەنى،
دېدى: «ئەي خاجە ئۇمرى، بۇ ھەڭگامەنى،
ئالىپ مەككە سارىغە ئەيلەك بەدەر،
نە ھادىسە بولمىش ئالىڭ بىر خەبەر».
خاجە ئۇمرى دېدىكىم: «ئەرەب زادەسىز،
كى يالغۇز بارىپ بولماغاي ئاندە سىز».
ئەمىر دېدى: «بولسام سېنىڭدىن جۇدا،
كى ئىنىشا قىلۇرمەن تەۋەككۇل خۇدا.
ئالىپ نامەنى سەن بۇ كۈن تېز چاپ،
مېنى ئىزدەسەڭ شەھرى يۇناندا تاپ».
كى ناچارلىقدىن خاجە ئۇمرى بۇ دەم،
ئالىپ نامەنى مەككەگە كەتتى ھەم.
ئەمىر بىرلە قارۇن بولۇپ كامران،
چىقىپ يۈردىلەر شەھرى يۇنان سويان.
كى مەنزىل مەراھىل چىكىپ تىزۇ تۈن،
يۈرۈپ ئىردىلەر بىر كېچە ئىككى كۈن.
چۇ ھالا كېلىپ ئىككى ئايرىلدى يول،
بىرى ئوڭ تەرەفكە، بىرى ئېردى سول.
كېلىپ تۇشتىلەر ئۇشبۇ يول باشىغە،
ۋە لېكىن ئاقىن بىر سۇنىڭ قاشىغە.
ئەمىر دېدى قارۇنغە: «ئەي پەھلەۋان،
بۇ يول ئىككى بولدى بارۇرمىز قايان؟»
بۇ قارۇن دېدى: «يا ئەمىرى ئەرەب،
كى يۇنانغە بارمىش ھەر ئىككى تەرەف.
بۇ چەپ قولدىكى يول بۇ يەكلىغ ۋەلې،
كى باردۇر مۇنىڭ ئىككى كۈنلۈك چۆلى.
چۇ ئاندىنكى ئۆتسە فەراۋان بولۇر،
كىشى كىرسە ئوڭ يولغە ھەيران بولۇر.
چۆلى يوق، سۈيى بار زەمىن بارچە تاش،
پاسار يوق، ئوتۇن ھەم پىشۇرماقغە ئاش.
چۇ ئوت يېق ئۆلاغغە بولۇرمىز ھەلاك،
كى يانماق خۇب ئېرمەس بولۇپ دەردناك.
خەتەردۇر كىشى بارسا ئوڭ قول بىلەن،
بارالىڭ بۇ چەپ قولداقى يول بىلەن».
ئەمىر دېدىلەر: «بولسە ئانداغ ۋەلې،
مۇنىڭ سەھل ئىكەن ئىككى كۈنلۈك چۆلى».
«ئېلىڭلار» دېدى «ئىككى كۈنلۈكچە سۇ»،
سۈيى بار ئىمىش ھەم بولا بولماسۇ».
ئەمىر لەشكەرى ئازغىنە ئالدىلار،
بۇ سۇ بىرلە بۇ يولغە ئاتلاندىلار.
بۇ قارۇننىڭ ئون مىڭ ئىدى لەشكەرى،
يىگىرمە ئالتە كۈنلۈك سۇ ئالدى بىرى.
ئەمىرنى بۇ سەگ فەند ئۇرۇپ ئۇشبۇ ھال،
دېدى: «قىلمە يۇك، ئىككى كۈنلۈك سۇ ئال.
كىرىپ يولغە يۈردى بۇلار تىزۇ تۈن،
سۈيى قالمادى، بولدى بەش-ئالتە كۈن.
بۇ قۇمدىن بۆلەك نەرسە يوق كەربەلا،
چىقىپ ئۇشبۇ لەشكەر ئارا ماجەرا.
ئەمىر دېدى قارۇنغە: «قايدا ئېقىن؟
كى يەتتۇكمۇ بىز ھالە سۇغە يېقىن؟»
بېقىپ بۇ ھەرامزادەئى سۇرمە ساز،
دېدىلەر: «ئەمىر، يەتكەلى قالدى ئاز»
ۋەلې قالدى ئون كۈن بۇلار ئاچۇ توق،
قىزىل قۇمدىن ئۆزگە بۆلەك نەرسە يوق.
ئۇشۇل دەم ئەمىر باقتى لەشكەر سويان،
قىلىپ زارلىق يىغلامىش ئانچۇنان.
بولۇپدۇر خەلايىق ھەمە سەرنىگۇن،
ئەمىر ھەم بولۇپ تەشنالىككە زەبۇن.
تۇشۇپ قۇمدا ئولتۇردىلار ئۇشبۇ ھال،
ئۆلۈپدۈركى لەشكەر بىلەن قانچە مال.
غەزەبدىن قوپۇپ ئىككى ئاتلىغ چاپىپ،
بۇ قارۇننى كەلتۈردى ئاندىن تاپىپ.
دېدىلەركى قارۇننى: «ئەي بەد گۇمان،
مېنى چۆلگە باشلاپ بارۇرسەن قايان؟
ۋە ئەي شۇم ھەرامزادەئى بىئەدەب،
ماڭا قىلدىڭمۇ سەن بۇ ئىشنى نە دەپ؟»
بۇ سەگ دېدى: «ئەي شاھى ئالىي جەناب،
قىلىپمەن غەلەت، يولنى بىلمەي قاراپ.
ئۇشۇل مەن دېگەن يول قالىپدۇر ئۇيان،
ئازىپ، يولنى تاشلاپ كېلىپمىز بۇيان».

www.uyghurkitap.com

قوپۇپ دېدى: «ئەي پادىشاھى پەناھ،
كى بولدى مېنىڭ بۇ ئىشىم بىر گۇناھ».
ئەمىر دېدى: «ئەي فاسىقى زۇلۇم خۇ،
تاپىلغايمۇ خەلقىڭدە بىر قەترە سۇ؟
زەبۇن قىلدى ھالىمنى ئەمدى بۇ چۆل،
قىلاي تامغاقىم قاتتى ئاغزىمنى ھۆل».
بۇ سەگ دېدى ھەم: «يوقتۇ سۇ تەشنە بىز،
باقاي، بولسە، مەن كەلتۈرەي، ئەي ئەزىز.»
بۇ مەلئۇن بارىپ، جامغە سۇ ئالىپ،
سۇغە ئىككى مىسقال ھەلاھىل سالىپ.
ئالىپ كەلمىش ئېردى بېرۈرگە ھەمان،
بۇ سۆز كەلدى ئەمدى خاجە ئۆمرى سويان.
بەناگەھ خاجە ئۆمرى دەۋاندىن ئاشىپ،
ئرۇر ئېردىلەر مەككەگە، پۆتلاشىپ؛
مىقلدى تېگىپ پۆتلارى تاشغە،
كى خىزرى چىقىپ، كەلدى تىز قاشىغە.
دېدى: «خاجە ئۆمرى، قوپۇڭ دەرمەھال،
ئەمىر بولدى قارۇن بىلە چۆلدە لال.
ۋەلې قەسد قىلدى بېرۈرگە زەھەر،
ئىچەر ئول زەھەرنى ئەمىر بىخەبەر.»
كى بىر ئافتابا سۇ بېرىپ خىزرى ھەم،
قولىدىن تۇتۇپ يولغە قويدى قەدەم.
دېدىلەركى: «يۇمغىل كۆزۈڭنى ھەمان»
كى «ئاچغىل» دېدىلەر يەنە شول زەمان.
خاجە ئۆمرى بۇ ھالەتدە ئاچتى كۆدىن،
بۇ دەشتى بەياباندا كۆردى ئۆزىن.
بۇ ئەسنادا ئەمما ئەمىرى ئەرەب،
ئىچەرگە قويۇپ ئېردى جامغە لەب.
قۇلاقىغە ئىشتىلدى ئاۋاز ئۈنى،
دېدى: «يا ئەمىر، ئىچمەگىل ئول سۇنى»
كى ھەيران بولۇپ ئۇشبۇ ئاۋازىغە،
ئەمىر ئالمادىلار سۇنى ئاغزىغە.
بۇ قارۇن دېدى: «بولماغىل مۇبتەلا،
بەياباندا جىنۇ شەياتىن تولا.
بۇ جىنىڭكى ئاۋازى، ئادەم ئەمەس،
ئىچىڭ، يا ئەمىر، ئەسلى قىلماي ھەۋەس.
ئەمىر قويغۇزۇپ ئېردى ئاغزىغە ساي،
كى ئاۋاز كەلدى دەبان: «ئىچمە، ھاي.
ئۇنۇتتۇڭمۇ سەن، يا ئەمىر، بارھا،
نېچۈك ئېردى ھىندۇدەكى كارھا؟»
ئەمىرنىڭكى ئەمما بۇ جامدا لەبى،
بۇ ئەسنادا كەلدى خاجە ئۆمرى كەبى.
كېلىپ: «ئەي ئەمىرى ئەرەب» دېدىكىم،
ۋە «ھالا ساڭا بۇ سۇنى بەردى كىم؟»
ئىشارەت قىلىپ بۇ ئەمىرى جەھان،
دېدىلەركى قارۇنى بەردى ھەمان.
دېدى: ئەي ھەرامزادەئى بىئەدەب،
بۇ يەڭلىغ قىلۇرسەن ئەمىرغە نە دەپ؟
ئەۋەل باشلادىڭ چۆلگە سەن ئۇشبۇ ھال،
ئۆلۈپدۈركى لەشكەر بىلەن قانچە مال.
تۇرارسەنكى بەرمەككە ئەمدى زەھەر؟»
بۇ قارۇن دېدى: «ئەي خوجام، بىخەبەر.
غەزەبلىك بولۇپمەن بۇ ئۆتكەن كېچە،
سوقۇپ ئېردىمۇ بىر كىشىمنى نەچە.
قىلىپ ئول خىيالدا ئىچەر دەپ مېنى،
زەھەرنى سالىپ ئول بېرىپدۇر سۇنى.»
بۇ سەگ بىر كىشىنى تاپىپ كەلتۈرۈپ،
كى دەرھال مۇنى تاشلادى ئۆلتۈرۈپ.
قۇتۇلدى بۇ قارۇن ئۆلۈمدىن يانا،
پىتىلدى بۇ مەلئۇنغە ئىككى گۇنا.
خاجە ئۆمرگە خىزرىكى بەرگەن سۇنى،
ئەمىر باشلىغىن ئىچتى لەشكەر مۇنى.
فەراۋان بولۇپ قىلدى شۇكرى سەنا،
قوپۇپ ئاتلانىپ كىردى يولغە يانا.
خەيال قىلدى قارۇن لەئىن كۆڭلىدە،
دېدى: «بۇيلە يول يۈرمەكىم بىھۇدە.
ئىشىم ئوخشاماس بۇ خاجە ئۆمرى تۇرۇپ،
مېنى ئاقىبەت ئۆلتۈرۈر باستۇرۇپ.»
قىلىپ مەسلىھەتنى بۇ قارۇن نەچە،
بۇ سەگ قىلدى شەيخۇن، قوپۇپ بىر كېچە.

كی تۆرت ملڭ كشنی بۇ سەگ ئۆلتۈرۈپ،
قاچىپ كەتتی، تۈن ھەسسەسدە تۇرۇپ.
ئەمىر ھەم كۆچۈپ ئەرتەسی ئالدی راھ،
كی بىر مەرغىزارىغە يەتتی سپاھ.
پىشىپدۇر قاغۇن بارچە رەڭگو بەرەڭ،
بۇ لەشكەر يېمەسدىن بۇرۇن بولدی تەڭ.
يەدی ئاغرىتىپ قورساقىنی ھەمان،
غىزايی ئۇقۇبەتكە قالدی يامان.
مۇنىڭ مەئلۇم ئولغاچ بۇ يەگلىغ ئىشی،
قاغۇننی يېمەس بولدی ئاندىن كىشی.
كی بىر تاغقە چىقتی خاجە ئۇمەری چاپىپ،
بىر ئادەمنی كەلتۈردی ئول دەم تاپىپ.
ئەمىر سوردی سۆز بائىسىنی ھەمە،
دېدىكىم بۇ ئادەم: «قاغۇننی يېمە.
كېلىپ ئالدىڭىزلاردا لەشكەر بۇيان،
قاغۇنغە زەھەر سالدی، كەتتی ئۇيان.»
دەپ ئېردی، ئەمىر ئاتلانىپ خاسۇ ئام،
يەرىگە يېتىپ تۈشتىلەر ۋەقتی شام.
كی ئەمما بۇ قارۇن چىقىپ تىزۇ تۇن،
بولۇپ ئېردی بەش كېچەۋۇ ئالتە كۈن.
نەمايان بولۇپ ئېردی ھالا شەھەر،
كی بولدی فەرىدۇن شەھىغە خەبەر.
چىقىپ ئالدىغە ئانچە ئەئزاز ئېتىپ،
ئالىپ كىردی شەھرىگە پەرۋاز ئېتىپ.
قىلىپ ئەرزی ھالىنی باشدىن ئاياغ،
كېچە بولدی، مەشئەل يورۇتتی چەراغ.
بېرىپ رەڭ بەرەڭ، قاتما قات جامەنی،
كی قارۇن ئالىپ تۇتتی بىر نامەنی.
پېتىپدۇر ئاچىپ كۆردىلەر ئۇشبۇ ھال:
«قىلىپ ئىش ئەمىرىڭىكی باشىنی ئال.
كی مەن مۈلكی ئادىل، بىلىڭ ئەي ئەزىز،
بۇ بارغان زەمان ئۆلتۈرۈڭ ئانی سىز.
ۋە خاھی ھەلاھىل بېرىپ ئۇشبۇ رەڭ،
ۋە باكی قىلىپ ئۆلتۈرۈڭ سەختی جەڭ.
كی مەقسۇدۇم ئېرمەس مېنىڭكی خىراج،
قىلۇر دەپ ئىبەردىم سېنی بىر ئىلاج.
قاتىپ مەن بۇ لەشكەرگە ھەم نەچچەنی،
ئىبەردىم شۇڭا مەن ئەرەب بەچچەنی.
ۋەلې بولماسا، قىز بېرۇرمەن ئاڭا،
بۇ ئىشلار بولادۇر ھەقارەت ماڭا.»
بۇ سۆزلەر بىلەن نامە بولدی تەمام،
سالىپ دەستۇرخان قويدىلاركىم تەئام.
كی ئاندىن تۇرۇپ مەجلىسی ئانچۇنان،
بۇ سۆز كەلدی ئەمدی ئەمىری سويان.
دېدىكىم ئەمىر ئولتۇرۇپ: «بىر خەبەر،
ئالىڭ، ئەي خاجە ئۇمەری، نېچۈك بۇ شەھەر؟»
ئەمىر قاشلارىدىن خاجە ئۇمەری ھەمان،
چىقىپ يۈردىلەر بۇ شەھەرگە رەۋان.
خاجە ئۇمەری بۇ يولدا كۆرۈپ بىر كىشی،
كۆرۈندی ئەجايىب ئانىڭكی ئىشی.
قوش ھەيدەپ يۈرەدۇر تاياقنی ئالىپ،
تۈزۈپ ھەيدەيەلمەيدۇر ئانی سالىپ.
خاجە ئۇمەری بۇ يولنىڭ چىقىپ تاشىغە،
دېدىكىم: «بۇ يەگلىغ كېلىپ قاشىغە:
«قېرىپسىز بۇ دېھقانچىلىق بىرلە ئۆز،
كی بىلمەيسىزۇ ئىش قىلۇرنی ھەنۇز.
بۇ مەردی كەلان دېدی: «ئەي نەۋجەۋان،
كی بۇزۇرگ كىشی ئېردىمۇ بىگۇمان.
كی زەرگەر ئىدىم، ئۇستە زىرەك ئېتىم،
ھۈنەرىدىن گۇناھ قىلدىمۇ بىر قېتىم.
تاپالماي گۇناھىمغە بىر ياخشىلىق،
قىلۇرمەن شۇڭا مۇندا دېھقانچىلىق.»
ئوشول دەم خاجە ئۇمەری كېيىپ خىلئەتىن،
كی زەرگە قىلىپ كارھا سۇرەتىن.
شەھەرگە كىرىپ ئېردی مۇندىن يۈرۈپ،
قىلۇر ئېردی تەئزىم خەلايىق كۆرۈپ.
كېلىپ بارگاھ ئىشكىگە ئۇشبۇ ھال،
قىلىپ تۇرمىش ئېردىكی يۈزمىڭ خەيال.
فەرىدۇن شەھىنىڭكی خەلقی چىقىپ،
مۇنی كۆردىلەر ئۇشبۇ سارى بېقىپ.

كى ئەئزازۇ ئىكرام ئېتىپ ئوردەغە،
ئالىپ كىردىلەر شاھنىڭ ئالدىغە.
دېدى پادىشاھ: «ئۇستە، ھالىڭ نەدۇر،
تېنىڭ ساقمۇ ھالا، مەلالىڭ نەدۇر؟»
خاجە ئۆمەرى دېدى: «شۈكرى، خۇب ساقمەن،
ۋە لېكىن جەمالىڭغە مۇشتاقمەن».
دېدى: «ئۇلتۇرۇڭ» كۆرسىتىپ ياخشى يەر،
كى ئولتۇردى كۆپ ناز ئىلە ئۇشبۇ ئەر.
سوراپ سۆز بۇ ئەسنادا باشدىن ئاياغ،
ياساۋۇل كىرىپ كەلدىلەر ئۇشبۇ چاغ.
دېدى پادىشاھا ئوشۇل باجنى،
كېلىپدۇر ئېتىپ ئۇستەلەر تاجنى».
فەرىدۇن شەھى ئولتۇرۇپ تەختىدە،
دېدى: «كەلتۇرۇپدۇر نە خۇش ۋەقتىدە.
كى باردۇر مىنە مۇندا ئۇستە زىرەك،
ئالىپ كۆرسەلەر ئەيبى بولسە دېمەك.
بۇ تاجنى تەئرىف قىلىپ بىر نەچە،
ئالىپ كىردى بىرنەچچە زەرگەر بەچە.
دېدى: «ئۇستە زىرەك، بولۇپدۇر نە رەڭ،
كى ياخشى بولۇر، سىز مۇنى بىر كۆرەڭ.
كى زەرگەرچىلىك بار سىز ياخشى ئەر،
بۇلارغە ھەمە ئۈرگەتىپسىز ھۇنەر».
كۆرۈشتى يەنە «ئۇشتەمىز» دەپ بۇلار،
سوراپ ھالۇ ئەھۋال ئولتۇردىلار.
«كۆرۈڭ» دەپ خاجە ئۆمەرگە بەرمىش ئىدى،
كۆرۈپ «تاجى ئۇبدان بولۇپدۇر» دېدى.
ياساپدۇر ئاڭا نەقشلەرنى ئويۇپ،
ۋەلې توقسان ئۈچ يەردە گەۋھەر قويۇپ.
كى بىر مەرۋايىدنى ئاسىپدۇر نېرى،
مۇنى بەركىتىپ بارچەدىن يۇقارى.
مۇنىڭ قەددى مۇرغى كاكاسچە بار،
كى بىلمىشلەرۇ گەۋھەرىدىن بەھار.
خاجە ئۆمەرى سالىپ كۆز ئۇيانۇ بۇيان،
دېدى: «بىر ئەيىب بار مۇنىڭدا ياماڭ.
دېدى شاھ: «ئەيىب قايسىدۇر، ئەي زىرەك،
ئەگەر بولسا ئەيىبى چۇ بۇزماق كېرەك».
خاجە ئۆمەرى دېدى: «ئەيىب ئۇشبۇ بىرى،
تۇرۇپدۇر كۆرۈڭ مەرۋەرىد يۇقارى.
بۇ كۆرمەككە خۇبدۇر، كاۋاكدۇر ئىچى،
مۇڭا تەگسە ناگەھ بۇلادۇر قىچى».
دېدى شاھ ئول دەم: «چاقسىڭلار مۇنى،
بۇ يالغانمۇ راستمۇ باقىڭلار مۇنى».
چاقىپ ئېردى، چىقتى دېگەندەككىنە،
كاۋاكدۇر ئىچى قۇرت بېگەندەككىنە.
بۇ ئىشنى كۆرۈپ شاھنىڭكى كۆزى،
دېدى: «راست ئىكەن ئۇستانىڭكى سۆزى».
قويۇپ ئافەرىنلەر، بولۇپ كۆڭلى خۇش،
دېدى: «سىلىقەدۇر بۇ جەۋاھىر تونۇش.
ئالىپ چىق جەۋھەرنى ئۆيدىن تەمام،
بۇلار كۆرسۇ قايسى بەلەند، قايسى كام».
جەۋاھىرنى سەندۇق بىلەن ئۇشبۇ رەڭ،
ئالىپ چىقتى ئانى، دېدىلەر كۆرەڭ:
«بۇ شاگىردلارىم ھەم كۆرۈپ ئۈرگۈنۇر،
كى ياخشى-يامانىنى چۇ ئاندىن بىلۇر».
خاجە ئۆمەرى دېدى: «تىيرە بولدى كۆزۈم،
چىقىپ مەن تالاغە تونۇرمەن ئۆزۈم».
سالىپ تاجنى ساندۇقغە ھەمان،
ئالىپ چىقتى چۇن تاشقارى بۇ رەۋان.
قالىپ خەلقنىڭ ئۆيدە بىر ھەسسەسى،
قويۇپ چىقتىلار بىللە بىر نەچچەسى.
خوجە ئۆمەرى ئەلنى دېدى: «ھايۇ ھۇي،
بۇ يەردە تانۇرمەن، ئۇ يەردە تانۇي».
بۇ سۆزلەرنى دەپكىم ئىشىكنى ئاچىپ،
يۈدۈپ بۇ جەۋاھىرنى كەتتى قاچىپ.
بۇ چىققان خەلايىق بىروق قوغلاشىپ،
يانىپ كىردى شاھ ئالدىغە يىغلاشىپ.
دېدى: «پادىشاھا، بۇ زىرەك چىقىپ،
كى تاجىڭنى ساندۇقغە سالدى تىقىپ.
ئالىپ قاچتى، بىز قوغلادۇق ئانچۇنان،
يېتەلمەي، نەدامەتدە يانىدۇق بۇيان».

www.uyghurkitap.com

قوپۇپ دېدى قارۇن: «قىلۇرمەن ھەۋەس،
مۇنى بىلكى ئەييار، زىرەك ئەمەس.
ئەبۇل ئالىنىڭ بولمىش ئەييارى بۇ،
بۇ زىرەك ئەمەسدۇر، خاجە ئۇمرى شۇبۇ».
بار ئېردى بۇ شەھ قاشىدا بىر كىشى،
مۇبارىز ئىدى، پەھلەۋانلىق ئىشى.
ئانى دەر ئىدىلەر بۇكە پەھلەۋان،
دىلاۋەر، بەھادۇر ئىدى ئانچۇنان.
قوپۇپ دېدى: «ئەي پادىشاھى كەرەم،
بارىپ مەن تۇتۇپ كەلتۇرەي مۇندا ھەم».
بۇ قارۇن دېدى: «بارمە، ئەي ئۇستەكار،
كى رەسۋا بولۇرسەن خەيالىڭ بىكار».
ۋەلې قىلمايىن ئۇشبۇ سۆزنى قەبۇل،
ياراغى جەڭ ئەسبابىنى قىلدى ئۇل.
سەلاھلار كىيىپ، ئاتلانىپ شول زەمان،
چىقىپ يۈردى قوغلاپ خاجە ئۇمرى سويان.
يېتىپ ئارقاسىدىن بۇ گۇيا قويۇن،
خاجە ئۇمرىگە بولدى بۇ ئوبدان ئويۇن.
بۇ سەگنى يېقىن كەلتۇرۇپ قاشىغە،
فەلەقماندا بىر ئۇردىلار باشىغە:
يىقىتتى ئالىبان جەڭ ئەسبابىنى،
باساپ ئويناتىپ، قىلدى تىرگۈز ئانى.
قىلىپ سۇرەتىن ئۆزگە يەرگە باسىپ،
كى زاڭ باغلادى پۇت قولىدىن ئاسىپ.
تەفەررۇج بولۇپ خەلقىغە ئۇشبۇ ئىش،
ئويۇن كۆرسەتىپ قىلدى ئاندىن يانىش.
قويۇپ بەردىلەر بىنىھايەت سوقۇپ،
بۇ شەھ ئالدىغە كەلدى مۇندىن قوپۇپ.
بىلىندۇردى ئۆزنى كېلىپ ئۇشبۇ ھال،
ئۆيىدە مۇنى ياتغۇزۇپ دەرمەھال.
خاجە ئۇمرى يانىپ ئارقاسىغە رەۋان،
كى ئۆلتۇردى تەبىب بولۇپ كامران.
بالا ـ بارقەسى ھەر تەرەفكە چاپىپ،
بۇلارنى ئالىپ باردى مۇندىن تاپىپ.
تومۇرنى تۇتۇپ دېدى قاندۇر يۈرەك،
كى ھەممام بولسا ئاپارماق كېرەك.
مۇنى ياتغۇزۇپ ئاندىن شاھى سەبا،
«قىلاي مەنكى ئوبدان مۇڭا بىر دەۋا».
ئالىپ كەلدى ھەممامغە تۈن كېچە،
دۇبۇل، داپۇ، دۇمباق ئالىپ بىر نەچە.
دېدىلەر: «تالادا چالىڭلار تۇرۇپ».
دەبان «بارەكەللاھ» قىيقاس ئۇرۇپ.
«ساقايىتاي دەۋالار قىلىپ دەرمەھال،
خاجە ئۇمرى ئىشىكنى ئېتىپ دېدى: «چال!»
چەھار مىخ قىلىپ، بولدى كۆپ نالەسى،
ئىشىتكەي تالادا بالا ـ بارقەسى.
دېدى: «بەك چالىڭلار، ساقايسۇن ھەلى،
كى ئاز قالدى ئاغرىغ چىقىپ بولغالى».
بىروق چالدى دۇمباقنى ئانداق قاقىپ،
خاجە ئۇمرىمۇ قىينادى ئوت ياقىپ.
كى ئاندىن مۇنىڭ فۇت ـ قولىنى كېسىپ،
قىلىپ سانما ـ سان قويدى ئۆيدە ئېسىپ،
چىقىپ دېدى: «ئوبدان ساقايدى ئۆزى،
ھەلى ئۇيقۇغە باردى ئانىڭ كۆزى.
باقىپمەن بۇ ئەۋۋەلقىدەك بولدى ساق،
ئىشىكنى ئېتەي، مۇندا ياتسۇن ئۇزاق.
كى ئەۋۋەل مېنى پۇل بېرىپ يولغە سال،
مۇنى ئويغاتىپ، قىلماغىل سەن مەلال».
بۇ سۆزلەر بىلەن ئالدى يۈز تەڭگە پۇل،
مۇنى ئۆلتۇرۇپ، خاتۇنى قالدى تۇل.
ئىشىكنى ئاچىپ كۆردىلەر، ئۆيدە قان،
ئاسىپدۇر مۇنى ئۆلتۇرۇپ سانما سان.
ياقا چاك ئېتىپ چىقتى بەر ئىختىيار،
كېلىپ شاھىغە يىغلادى زار ـ زار.
بۇ قارۇن دېدى نالە قىيقاس ئۇرۇپ:
«كى بولماس كىشى بۇ شەھەردە تۇرۇپ.
بۇ ئىشلار خاجە ئۇمرى دېگەنىنىڭ ئىشى،
قىلالماس مۇنى ئاندىن ئۆزگە كىشى.
كى مەن مۇندا تۇرماقدا يوقتۇر يۈرەك،
كى يوق چارە قاچماقدىن ئۆزگە بۆلەك.

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇشـۇل دەم چىقىپ لەشكەرى بىرلە غۇم،
قاچىپ كەتتى ئىسكەندەرىيىگە بۇ شۇم.
خاجە ئۇمرى ئەمىر قاشىغەدەر زەمان،
كېلىپ ئۇشبۇ سۆزلەرنى قىلدى ھەمان.
ئالىپ تاجى سەندۇق بىلەن مالى زەر،
ئەمىر ئالدىدا قويدىلار ئۇشبۇ ئەر.
ئەمىر لەندۇھۇرغە بېرىپ تاجىنى،
خەزىنەسىگە ئالدى بۇ باجىنى.
كى بولغاي ئەمىردىن بۇ لۇتفى ھەزار،
ئاتالماق ئىدى لەندۇھۇر تاجدار.
خاجە ئۇمرى دېدى: «ئەي ئەمىرى جەھان،
ئېرۇر قەسدىڭىزدە بۇ نۇشىرەۋان.
ئىبەرمىش بۇ قارۇننى سىزنىڭ ئۇچۇن،
نە ئىشلارنى قىلدى بۇ مەلئۇن ئۇ كۈن.
دېدى ئۆزگەلەر ‹پادىشاھدىن ئەمەس،
بۇ بەختەك ھەرامزادە قىلغان ھەۋەس›»
ئەمىر لاۋۇ لەشكەر بىلەن شول زەمان،
قوپۇپ يۈردىلەر شەھرى يۇنان سويان.
كى دەرياغە يەتمىش ئىدىكىم بۇلەر،
فەرىدۇنغە يەتتى ئەمىردىن خەبەر.
چىقىپ ئالدىغە ئول زەمان پىش باز،
كۆرۈشتى قىلىپ ئانچۇنان دىلنەۋاز.
دېدى: «ئەي شەھەنشاھ، ئەي تەختۇ تاج،
كى راستلاپ ئىدىم يەتتە يىللىق خىراج»
قوپۇپ، ياخشى سۆزلەرنى ئاغاز ئېتىپ،
كى تەكلىق قىلىپ يۈردى ئەئزاز ئېتىپ.
شەھەرگە تۈشۈردى ئەمىرنى كېلىپ،
كى نەققارە ھەم شادىيانە چېلىپ.
كى فانۇسۇ مەشئەل يارۇتتى نەچە،
قۇياش ئولتۇرۇپ بولدى چۇنكىم كېچە.
تۈزۈپ مەجلىس ئەسبابىنى سۈزدى مەي،
چېلىپ دافۇ دۇمباقۇ بەربەتۇ نەي.
ئىچىپ مەي كىچىكدىن بەلەند بولدى پەست،
بۆتۈپ كەيفلىغ ۋەقتدىن، بولدى مەست.
فەرىدۇن شەھىنىڭ بار ئېردى قىزى،
بەناگەھ تۈشۈپ بۇ ئەمىرگە كۆزى.
ئۇشۇل دەم بولۇپ ئاشىقى مۇبتەلا،
قىلىپ ھەجر ئوقى سىينەسىنى يارا.
كى مەجرۇھ قىلىپ ئىشـقىنىڭ ئافەتى،
بولۇپ بىقەرار قالمادى تاقەتى.
كۆزىدىن ياشى، ئاغزىدىن چىقتى ئاھ،
يىقىلدى ھوشىدىن كېتىپ گاھ ـ گاھ.
ئەمىر بولدى فارىغ مەكانى سويان.
قوپۇپ چىقتى ئۆز بارگاھى سويان.
مەلىكە بولۇپ ئانچۇنان بىقەرار،
فىراقىدا يىغلاپ كېچە زار ـ زار.
كى سەبرەك لىباسىن كىيىپ بۇ كېچە،
كەڭەشلەر قىلىپ ئولتۇرۇپ بىر نەچە.
ئۇشۇل دەم كىيىپ پەردەنى باشىغە،
چىقىپ كەلدى يىغلاپ ئەمىر قاشىغە.
ئەمىرگە بىلىندۇردى ھالىنى بۇ،
تەمام قىلدى ئەرزى مەلالىنى بۇ.
ئەمىرنىڭكى تۈشتى بۇ قىزغە كۆزى،
كى رەئنا لەتافەتدە ئايدەك يۈزى.
كۆرۈپ بۇ جەمالىنى سوردى ھەمىن،
ۋە: «كىمنىڭ قىزىدۇرسىز، ئەي نازەنىن؟»
بۇ قىز دېدى: «ئەي ماھ يۈزلۈك ئەزىز،
فەرىدۇن شەھىنىڭ قىزى مۇندا بىز.»
ئەمىر دېدىلەر: «سەبر قىل نەچچە كۈن،
كى مۇنداغ بۇ كۈنلەردە سەن قىلمە ئۈن.
مەن ئاشىقكى نۇشىرەۋاننىڭ قىزى،
ماڭا تۇتيادۇركى باسقان ئىزى».
كى يىغلاپ بۇ سۆزلەرگە دېدى قوپۇپ،
چېكىپ ئاھنى بۇ بەيتنى ئوقۇپ:
«بەناگەھ كۆرۈپ سىزنى، ئەي شەھرىيار،
مېنى قىلدى ھەجرىڭ ئوتى بىقەرار.
چىرايىم بولۇپ كەھرابادىن سېرىغ،
سېنىڭ ھەسرەتىڭدە بولۇپ ئىنتىزار.
كى ئىزدەپ سېنى مەن قاراڭغۇ كېچە،
ئۆزۈمنى بۇ يەڭلىغ قىلىپ خارۇ زار.

قەلەندەر لىباسىنى كەلدىم كىيىپ،
ئۆيىۇمدىن چىقىپ مۇندا، ئەي گۈلئۇزار.
ئېتەيكى، بۇ ئىشلارغە ھېچ چارە يوق،
ئىلاجىم ئېمە ئەمدى، ئەي غەمگۇزار.
زەبۇن بولدى ئىشقىڭدا بۇ ھالىمە،
قىلغۇر رەھىم دەپ يىغلادىم زار-زار.
ۋىسالىڭغە نەسىب بولالماي يانىپ،
كېلىپ مەن خىجالەت بىلەن سەد ھەزار.»
ئوقۇپ بۇ بەيىتنى يانىپ دەر زەمان،
يانا ئەرز ئېتىپ كەلدى تاپماي ئەمان.
يانا كەلدىيۇ كەتتىيۇ بۇ كېچە،
قەبۇل قىلمادى، يىغلادى بىرنەچە.
مەلىكە بۇ فۇرسەتدە كەتمىش ئىدى،
ئەمىر ھەم بەلاغەتكە يەتمىش ئىدى.
نۇشۇل دەم ئەمىر ئېھتىلام ئولدىلار،
كى پاك ئەتتى ياغلىقدا ئابى سۇلار.
ئەمىر تاجى بىرلە بۇ ياغلىقنى ھەم،
يىيۇپ چىقتى ھەممامغە دەر قەدەم.
يانا كەلدى ئىزدەپ بۇ قىز دەر زەمان،
ئەمىرنى تاپالماي بۇ ياتتى ھەمان.
بۇ ھەم مۇندا ئەنزال بولۇپ ئۇشبۇ ھال،
تاپىپ ئۇشبۇ ياغلىقنى بۇ دەرمەھال.
بۇ قىز ھەم بولۇپ ئۇشبۇ ياغلىقدا پاك،
ئەمىردىن يەنە ھەيز بولۇپ سىينە چاك.
ئالىپ تاجۇ ياغلىقنى ئەيلەپ خىرام،
بۇ قىز ئۆز مەكانىدا تاپتى ئارام.
ئەمىر كەلدىيۇ ئۇشبۇ ياندىقى،
كۆرۈنمەيدۇ تاجى بىلەن ياغلىقى.

ئەمىر ئەرتەسى بۇ شەھەردىن رەۋاج،
ئالىپ تۇردىلار يەتتە يىللىق خىراج.
بۇ پۇل-مالنى ئالدىلار بەك تىقىپ،
چۇ يۇردىكى ئىسكەندەرىيگە چىقىپ.
ئەمىر ئاندا كەتتى چېكىپ راھىلە،
بۇ قىز مۇندا قالدى بولۇپ ھامىلە.
بۇ ئىشدىن بولۇپ گاھى چەپ گاھى ئوڭ،
كى بارغانسارى قورساقى بولدى چوڭ.
ئاغاسى بار ئېردى مۇنىڭ ئىككى ئەر،
بۇلار ئۇشبۇ ئەھۋالدىن ئالدى خەبەر.
بۇ ئىشلار ئۇچۇن بولدىلار دەرغەزەب،
ئاتاسى فەرىدۇن شەھىغە بۇ دەپ.
بۇ شەھ چىرلاتىپ قاشىغە ئول زەمان،
دېدىكىم: «بولۇپدۇر بۇ يەڭلىغ گۇمان.»
بۇ قىز دېدى: «ئەي پادىشاھى پەناھ،
كى مەن كۆرگەنىم يوق كىشىنى يانا.
ۋە لېكىن ئەمىر مۇندا كەلگەن زەمان،
بولۇپ ئېردى بىر ئېھتىلامى گۇمان.
ئەمىرنىڭكى بىر ياغلىقىنى ئالىپ،
يانىپ ئېردىمۇ مەن بۇ ئىشقە قالىپ.
فەرىدۇن دېدى: «بۇ كەرامەت ئېرۇر،
كى ئېرمەس ئەجەب، ھەق تەئالا بىلۇر.
قىلغۇر بارنى يوق، يوقنى بار ئول ئۆزى.»
قەبۇل قىلدى قىلغان قىزىنىڭ سۆزى،
بولۇپ توققۇز ئاي-ئون كۈن ھەم بىر ئوغۇل.
تۇغۇلدى ۋەلې ياخشى سائەتدە ئول.
قىلىپ تەربىيەت، ئەيلەبان ئىلتىفات،
مۇڭا قويدىلار ھەمزە يۇنانى ئات.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# تەجەللى شەمسىددىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

يىل باشىدا قار شۇڭقارى قاقىپ بالۇ پەرى،
ۋەھمىدىن باغرى قارادەك ئۇچتى خۇشلۇق كەپتەرى.
بەھرى ئەخزەر مەۋج ئۇرۇپ ساھىلغە كەف تارقاتتى، يا،
نەستەرىن ساچمىش جەھانغە رەۋزەئى نىلۇفەرى.
باغى سەۋسەندىن ئەجەبدۇر ياسۇمەن ئاچىلماقى،
يوق ئەجەبكىم پىرگەردۇن شىۋەسىدۇر ساھەرى.
كۆر، تەماشا ئاچتى لادەن تەبلەسىن ئەتتارى دەھر،
لىك لادەن ئورنىدا كافۇر تۆكمىش ھەر سارى.
تۇشتى چۇن سىمابدەك ھەر نەخلە ئول كافۇر تەر،
شاخلار دەندان فىل ئولدى زىبى سەنئەتكەرى.
يەر يۈزىگە نىل خۇمىدىن سەفىد ئابى ساچىپ،
سىمياسىن كۆرسەتۇر بۇ پىر زالۇ چەنبەرى.
يا قەزا پىرى فەلەك باشىغە تۇشتى سەرتەراش،
كىم تۆكۈلدى يەرگە ئول پاغۇندە يەڭلىغ ساچلەرى.
تەزكى گەردۇن يا مەگەر كۆك بەزمىدە بەدمەست ئولۇپ،
رىش قازىنى يۇلۇپ خەس كەبى تاشلار تاشقارى.
يا بۇلۇت مازەندەرانىدىن چىقىپ دىۋى سەفىد،
سۇردىمۇ نەۋرۇز كاۋۇسىغە شەبخۇن لەشكەرى.
زەمھەرىر ئولدى جەھان ئەمدى كىبرەك دەفئى ئۇچۇن،
بىر قىزىق تەبئ ئاتەشىن تەلئەت نىگارى ئازەرى.
سەرۋ نازى خۇش خەرامى كىم چەمەنگە قىلسا مەيل،
قەددى ئالدىدا خىتا يەڭلىغ باش ئۇرغاي ئەر ئەرى.
ئولتۇرۇپ تەمكىن ئىلە مەبھۇت قىلغاي ئەقلىنى،
تەبرىسە ھەر ئۇزۇۋىدىن تامغاي ئەدايى دىلبەرى.
غەمزەئى خۇنخارىدا چىڭگىز زۇلمى تەئبىيە،
تۇررەئى تەررارەنىڭ تەرزىدە ۋەزئى كافەرى.
كۆزۈ قاشى ئىشۋە فەۋجىن گەرم جەۋلان ئەيلەگەچ،

زىرۇ بالى ئۇل سوزىدىن بولسا سەبرىم كىشۋەرى.
تابۇ تاقەت ئۆرتەمەكچۈن لالەگۈن رۇخسارى ئوت،
ئۇل ئوت ئۇزرە زۇلفى سۇنبۇلدەك بۇخورى ئەنبەرى.
نەرگەسى ھارۇت شىۋە لەئلى سەھباخاسىيەت،
بۇ بولۇپ تەقۋاغە رەھزەن ئۇل خىرەد غارەتگەرى.
خۇش نەۋائىكىم ئانىڭ رەشك ئوتىدا قەقنۇس كەباب،
خۇش ئەدايىكىم ئەدا بولغاي ئۇسۇلغە پەرى.
قازى ئەنجۇمى ئانىڭ رەقسغە كۆڭلىن ئۇتتۇرۇپ،
رۇھ پەرۋەر سەۋتىغە جان نەقدى بىرلە مۇشتەرى.
مەست ئولۇپ مەي كەيفىيەت ئاۋازىدىن رەققاس چەرخ،
ئاڭا پايئەنداز قىلغاي تۇشسە باشدىن مەھجەرى.
خىلۋەتىمنى ئەتسە رەنگىن تەلئەتى باغى بىھىشت،
خاتىرىمنى تىيبەتى مەسرۇر خەمرى كەۋسەرى.
تەشنە جانۇ تەلخ كامىم لەبلەرىدىن قىلسا نۇش،
گەھ شەرابى بابىلىيۇ گاھى شەھرى خىللەرى.
ھۇسنۇ ناز ئەھلىدە نا مەۋجۇد مىسلى ئۇل سىفەت،
كىم ئەبۇلفازىلغە جۇد ئەھلىدە يوقتۇر ھەمسەرى.
ئۇل گۇلىستانى مۇۋەددەتنىڭ بەھارى خۇررەمى،
ئۇل جەھان سىدقى ۋە سەفۋەتنىڭ سەباھى ئەنۋەرى.
رەخشى دەۋلەت فارىسى نۇرى سەئادەت قابىسى،
ئەۋجى ھىممەت كەۋكەبى مەۋجى ئەسالەت گەۋھەرى.
مىھرۇ ئىخلاسۇ ۋەفا ۋە مەكرۇمەتدىن ئۆزگە يوق،
پاك تىينەت پەيكەرىنىڭ تۆرت بولسا ئۇنسۇرى.
نىلۇ جەيھۇنۇ فىراتۇ قۇلزەمۇ ئۇممان ئىبرۇر،
بەش ئىلىك قولىدا سۆز ئىغراقۇ شەبھەتدىن نەرى.
ئەبرى گەۋھەر بادى ئاساكىم ياغار گۇلزار ئۆزە،
ئىلمۇ ھىكمەت ئەھلىگە ئەيلەر ئىنايەت گۇستەرى.
زاتىدۇر ئانىڭ شەھامەت ئىلكىدە بىر تىغكىم،
غەيرەتى ئاڭا ئىتىلىك بىسدۇر نەجابەت جەۋھەرى.
كۆڭلىدىن گۇيا فەراسەت پەرتەۋىدىن جامى جەم،
سىينەئى بى كىنەسى ئايىنەئى ئىسكەندەرى.
ئەقلىدىن سوردۇم گىرامى زاتى مىقدارىن، دىدى-
سەئدۇ رىفئەت ئاسمانى ئۆزرە ئولدۇر مۇشتەرى.
جەمئ ئەئيان بەھجەتىدۇر بارچە ئەقران ئىززەتى،
ھەم ئۇلارنىڭ ئىفتىخارى ھەم بولار سەر دەفتەرى.

شەئنىغە مەدھۇ سەنا شايەستەدۇر ئۇل نەۋئىكىم،
بولسا كۆز ياقۇتدىن بولغاي ئۇزۇك باغى زەرى.
ئوخشاماس ئەغيار ئاڭا ھەرگىز سەماھەت بابىدا،
ئۇيلەكىم شۇنقارغە بايقۇش، سىمغزخان، دۇغدۇرى.
ئەي، مەكارىم باغىنىڭ تۇبى مەسەللىك دەۋھەسى،
ئەي، مۇھەببەت ئىلكدە بەيزا نىگىن ئەنگۇشتەرى.
قارلىق تۇركى قەسىدە مىدھەتىڭدە يازمىشام،
رەشك ئاھەنگى ھىجازى غەيرەتىدۇر دەر دەرى.
نۇكتەرەسدۇر سەن ئەمەس مەقسۇد ئىزھارى زەرۇر،
راز ئەھلىنىڭ تىلى خۇش ئۇلكى بولغاي زەرگەرى.
سەن بىلۇرسەنكىم تەجەللى خۇللەتىڭ مەنزۇرىدۇر،
ئۇل بىلۇركىم سەن ئىبرۇرسەن لۇتفى ھەقنىڭ مەزھەرى.
مەن بەدەل قىلمام ساڭا بۇ ناھىيەت ئەربابىنى،
گەرچە بولغايلار تەمەۋۋۇل ئالەمنىڭ مىھتەرى.
ھەنزەلۇ زەققۇمغە تۇبىنى بەرمەس باغبان،
شىشەۋۇ بىللۇرنى ئالماسە ئالماس جەۋھەرى.
سەۋسەن ئاسا يۈز زەبان بىرلە دۇئا قىلماسام ساڭا،
رىفئەتىڭنىڭ يۈز ھوقۇقىدىن ئادا بولماس بىرى.
ھاسىدىڭ جانۇ دىلىن مەجرۇھۇ ئەفكار ئەيلەسۇن،
مىھنەتۇ غەم ئوقلارى تەشۇىشۇ ماتەم خەنجەرى.
دوستۇڭ ئاغۇشىۋۇ ئىلكىدە بولغاي سۇبھۇشام،
جانفەزا ئىشرەت ئەرۇسى ۋە مەسەررەت ساغەرى.
بولغاسەن ئەيۋانى دەۋلەت ئىچرە ئىززەت سەدرىدە،
ئۇيلەكىم بۇرجى شەرەف تەختىدە مىھرۇ خاۋەرى.
ئەمن ھازىر، خەۋف غايىب، سەئد نازىر، نەھس كور،
غەم نىھان، فەرھەت ئەيان، دەۋلەت يەقىن نەكبەت نەرى.

شۇئلەدۇر ئۇل قۇياش كەبى بىدار، دەر قىزنىغ رەندە دەۋزەخى ۋائىز،
بۇ گۈلى ھۇسنى گۈلشەنى بىخار، كۆپ جەنىنكلىك قىلىپ ئاڭا ئىزھار،
تەبئ ئۇل شۇئلە ئۆزرە پەرۋانە، ئىرتىۇر ئوت بىرلە كۆك مۇزنى،
ناتىقە ئۇشبۇ گۈلغە بەستى ھەزار، ساۋۇق ئەيغاسىغە كىرەكدۇر نار،
زەۋق ئىشق ئۇل نەقد جەننەت ئىرۇر، تەئمۇ تەبئۇ ئىمكسىنىڭ مەئلۇم،
قىشتا مەيخانە، ئەرتەياز گۈلزار، كىم ئىرۇر ئىشق جەمرۇ زوھد خەيار.

دەردى مەي زەۋقىنى بىلۇر ئاشىق،
چاي سەد تەڭلىكىنى ئەھل بىخار.
چىقما مەيخانەدىن شىكار ئىستەپ،
بەتتە مەيدىن ئوقوپ بولۇرمۇ شىكار.
قۇتولۇرمۇ سۇرۇر سەيدى قاچىپ،
بولغاچ ئىلكىڭدە جامى مەي شۇڭقار.
بارماغىل خانىقەھ خەرابەسىغە،
تىگىدە باغىدىن چىقىپ زىنھار.
گەنجى مەقسۇد ئول خەرابەدە يوق،
قورقام ئانداكىم چاقار سېنى مار.
بوم ئاۋازىدۇر رىيائى زىكىر،
دىلنى چۇن قىلغۇسى ئول ئاخىركار.
دەير ئىچىدە نەۋا چېكەر ئۇششاق،
خۇش هۇمايۇن نىچۇككى مۇسىقار.
هەر ئىككىسى هەرام غەفلەت ئىلە،
نەغمەئى چەڭۇ سەيھەئى ئەزكار.
سەيد ئۇچۇن سۇبھەدامى قۇرماقدىن،
فەرز ئېرۇر تەۋبە ۋاجىب ئىستىغفار.
بىلە يۈز دانە سۇبھە گەردىشدىن،
ياخشىراق جام گەردىشى يۈز بار.
دەر، «يامان» ئىشقبازلىقنى فەقىھ،
ياخشىمۇ كىبرۇ نەخۋەتى دىندار.
مەي ـ گۇلرەڭۇ تەئمى بولسا ئاچىغ،
جىففەئى غەيبەت ئولدىمۇ خۇشخار.
شاھىدا دېمەك يامان قىلىغ بولسا،
هەسەد ئولغايمۇ خىسلەتى دىندار.
بولسارىند ئېئتىقاد ئىچرە خۇتۇر،
ئىفتىرادۇرمۇ ئەۋلىياغە شىئار.
ۋۇسئەتى رەھمەتى سەلاسى بۇدۇر،
كىم ئەمەسدۇر كەرىم دەرگەھى تار.
تەڭرىنىڭ رەھمەتىمۇدۇر مەھسۇر،
كەرەمىغە رەۋامۇدۇر ئىنكار.
بارچە سىيراب ئولۇر ياغىن ياغسا،
گۇلۇ رەيھان قەتارىدە خەسۇخار.
پارسا شەيخ دەرەند تەردامەن،
نېئمەتىدىن ئەمەسمۇ بەر خوردار.
بىر توقان بەندەلىك جەنابىدەدۇر،

ئامى ئىلە فەقىھۇ باز ئىلە سار.
ئوخشە خەۋفۇ رىجا مەقامىدە،
رىند سەرمەستۇ شەيخ شەب بىدار.
بولسا ئائات رىزاغە فارىق ئېرۇر،
مەئسىيەت مەغفىرەتىغە ئائىنەدار.
مەستلەر زىللەتىن كەچۇرسە نېتالىڭ،
شەيخ سالىھ رىياسىلە غەففار.
مەۋج ئۇرغاندا بەھر غۇفرانى،
غەرق ئولۇر بارچە زاھىدۇ مەيخار.
ئول جەمالۇ جەلالى مەزھەرىدۇر،
جەننەتۇ دەۋزەخ ئىچرە نۇر ئىلە نار.
ئەدلىغە مۇنتەزىر ئېرۇر ئابىد،
كۆز تىكىپ فەزلىغە ئۇلۇل ـ ئەبسار.
هەق دېسەم شاھىدۇ هەقىقەتىغە،
ئىشق كەلمىش غەيۇرۇ ئەقل ئەغيار.
ئەقلۇ شەككاكۇ فەيلەسوف ئەھۋەل،
بولدى ـ ھەيرەت يېڭانە بىنغە دۇچار.
ئىشقسىز بۇ ھىجابۇ ئەھۋەللىك،
مۇرتەفىئ بولماقى ئېرۇر دىشۋار.
رەھبەرىڭ ئىشق سارى پىرى مۇغان،
كىم ئۆپەرلەر ئاياغىنى ئەھرار.
بول مەيى ئىشق بەھرى ئىچرەسىغە،
بولما زاھىدغە ئوخشە بۇ تىمار.
بولماسا ئىشق زەۋقى مەدرىسەدىن،
ياخشى مەيدانكىم ئاندا بار ئەسرار.
ئىشق ئىلمىدا لالدۇرلار لال،
رازىيۇ بۇ ئەلى ۋە بەھنيار.
ئىشقدىن خاتىر ئىچرە تۇشسە تۇگۇنە
ئەقل تىرناغى ئانداۇر بىكار.
ئانى ئاچارغە ناخىن ئولسا كەردىك،
ئەگمە قاش خەنجەرىيۇ زەخمەئى تار.
بەھسۇ دەئۋاغە ئەرسەگاھ ئېرۇر،
مەدرىسە سەھنى قىلما ئاندا گۇزار.
ئىشق دەرسىنى ئەيىۇھوت ـ تالىب،
مەيكەدە گۇشەسىدە قىل تەكرار.
خۇبلار تەلئەتىن تەۋالىئ بىل،
كىم مەتالىئ ئېرۇر ئاڭا بازار.
كۆز سەنەملەر نەزارەسىغە ئاچىپ،

كۆر ھەياكىلىنى ھەيرەتى ئەنزار،
دىلىۇ جانىڭغە ئىشق ئولىۇر مىسباھ،
مۇنى مىشكات ئەيلە ئانى مەنار.
بولسا ھىممەت كەرەك ساڭا سۇللەم،
كىم مۇۋافىقدۇر ئاستانەئى يار.
يۈزى شەمسىيە بىرلە بەيزاۋى،
بادە جامى مەشارىقۇل ئەنۋار.
قارا باغى يۈزىدىكى قاراخال،
كىم خەيالىدا داغ ئولىۇر دىلزار.
قاشى ئىشارات كۆرسەتۇر ئانداغ،
كىم بىشارات كەلتۇرۇر دىيدار.
مۇختەسەر ئاغزىيۇ مۇتەۋۋەل ساچ،
يۈز مەئانى بەيان قىلىۇر ھەر تار.
ھىكمەتۇلئەين رەمزۇ - نۇكتەلەرىن،
بىلدۇرۇر بىر نىگاھى بىرلە نىگار.
كافىيە دىلرەبا كەلامى ئېرۇر،
شافىيە خەستە جانىغە بۇ سۇ كەنار.
بىلگەسەن جامىئۇررۇمۇز نېدۇر،
ئىشۋە گەر قىلىسا قاشىن ئول دىلدار.
ساق سەھبا ۋە يانە تىشلارىدۇر،
بەھرى رائىق بىلە دۇرى مۇختار.
ئۆزلۈكۈك غەللىغ غەشىدىن قۇتۇلۇپ،
زۇبدە بىرلەن خۇلاسە بول يەكبار.
ئوقۇسۇن خەلق ئىشق كەششافىن،
بۇ سۆزۈمدۇر مەدارىس ئەھلىغە جار.
ئەي، تەجەللى، سەن ئۇرما تەئنە ماڭا،
كىم بولۇپمەن سەلاھى ئەھلىدە خار.
خار كۆرسە سەلاھى ئەھلى نىغەم،
كىم خەرابات ئىچىدە قەددىم يار.
تۇتماسام پىرى دەيرنىڭ ئېتەكىن،
يوق مەلامەت لىباسىدىن ماڭا ئار.
سىقانىدا ئۆزۈمنى بادە ئۇچۇن،
جامى ئەسىر ئېرۇر ماڭا خەممار.
بىلىۇ رام راھى نەكمەتىن نەفەھات،
قەترەلەرىنى سۇبھەتۇل — ئەبرار.

مەندە يوق دام سۇبھەۋۇ دەفتەر،
مەندە يوق رەلك خىرقەۋۇ دەستار.
ئەھلى دەئۋا چالىپ نەقارەلەرىن،
مەن خەمۇش ئىلە قىلىۇر نەققار.
ئاندا ئازادەمەن سۆزۈم مەيى ناب،
غەرەز ئالۇدەۋۇ غەتىدىن بىزار.
قۇم سەدايى كەبى مەسىھادىن،
سەمئىمە ئاڭلانۇر تەرەننۇم تار.
گاھى فەرزانەلىك ماڭا ئائىن،
گاھى دىۋانەلىك ماڭا ھەنجار.
ھەزرەتى مەۋلەۋى مۇھەببەتىدۇر،
مىنى مەست ئەيلەگەن مەيى ھۇشيار.
ئول ئەبۇلفەيز مەۋلەۋى يولداش،
ئەسمەئى مەنتىقۇ فەزىل ئەتۋار.
ئىلىم كوھى ئېرۇر ۋەلى راسىغ،
جۇد بەھرىدۇرۇر ۋەلى زەخخار.
فەھمى ئالىدە يوق ھەكىمغە سۆز،
تۇيغۇن ئالىدەدۇر ھەقىر ھەققار.
بولسا ئېردى بۇگۇن غەزالى ئاڭا،
ئارسلان دەپ قىلىۇر ئىدى ئىقرار.
كىلكى نەخلى كەلىم ئېرۇركى تۇشەر،
كۆرسە ئانى زەمەخشەرىغە شەرار.
خىزرى مۇسا كەبى مۇسەللەم ئاڭا،
ئىلمۇ ئىرفان جەھانى ئىچرە فەخار.
مۇشتەرى كۆكدە تەيلىسان سىزدۇر،
كىم ئانى قىلغان ئېرمىش ئاڭا نىسار.
يوق ئەجەب ئېھتىسابى ۋەھمىدىن،
مۇترىبى چەرخ چالسا بىرگە سەتار.
مەدھەتى نەغمەسى ئەدا تاپماس،
سوز بولۇپ مەسنەۋى قىلەم مىزمار.
يانىپ ئاخىر دۇئا تەرانەسىغە،
يۆتكەدىم پەردە يۆركەدىم تۇمار.
دامە نەجمۇلمۇ دايۇ شەمسۇ ئۇلە،
مەنسەرەت زۇلمەتۇن بىزەۋئى نەھار.

تەجەللىنىڭ ئۆز دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

# رۇداكى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاببار ئەھمەت

مۇھەررىردىن: ئەبۇل ھەسەن رۇداكى (مىلادى 884 - تەخمىنەن 954 - يىللىرىچە) پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر پېشۋاسى. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ۋە مۇزىكىدىكى ئەجداشىمىز ئىستېداتى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتە داڭقى چىقارغان. پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدا ئۇنىڭ نامى «شېئىرىيەت پادىشاھى»، «شائىرلارنىڭ پىر - ئۇستازى» سۈپىتىدە ئەسىرلەردىن بېرى زىكىر قىلىنىپ كەلمەكتە. رۇداكى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ رۇشەن تەسىرى بار. ژۇرنىلىمىزنىڭ ئومۇمىي 19 - سانىدا رۇداكىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغانىدى. بۇ قېتىم رۇداكى شېئىرلىرىدىن ئايرىم پارچىلارنى تونۇشتۇردۇق.

## قەسىدىلەر، قىتئەلەر ۋە پارچىلار

ھۆسنىڭدىن زىننەت ئالغاندۇر دۇنيا،
سەندىكى ئىپار يوقتۇر سۇمبۇلدا.
يۈزىڭ قەسەمكى، تاش بىلەن تۆمۈر،
تەڭ كېلەلمەيدۇ سەندەك دىلىڭغا.
سەندىن مۇرۇۋۋەت كۈتۈپ، بولۇرمۇ،
تاش دىلدا مېھىر بولمايدۇ ئەسلا.
ئاللانى مىڭ رەت ئارىغا سالدىم،
ئەمما نە پايدا، ساڭا يات ئاللا.
چاكىرىڭ بولسا ئەگەر رۇداكى،
ئاڭا ھەۋەستە ئۆتەر مىڭ دارا.*

*

جاھان شۇنداق ئىدى ئەزەلدىن بېرى،
يەنە ئاخىرغىچە شۇنداق قالىدۇ.
گاھ تاجۇ تەخت بېرىپ، كۆتۈرەر شۇنچە،
كۆپلەر سېنى كۆرۈپ، ئەقلى تالىدۇ.
كېيىن زەئىپ جېنىڭ سوقا ئاستىغا
تاشلاپ، بېشىڭغا ھەر بالا سالدۇ.

*

كەلدى ئاجايىپ، چىرايلىق باھار،
قانچە گۈزەللىك دېسەڭ ئۇندا بار.
ئەجەبمەس، قېرى ياشارسا بۇندىن،
جاھان ئۆزىگە تاپتى ياش نىگار.
پەلەك ئۆزىگە لەشكەر تۈزۈپتۇ،
بۇلۇتى ئەسكەر، شامىلى سەردار.
جەڭ دۇمبىقى ھەم پارتلىشى چاقماق،
بۇنداق ھەيۋەتلىك لەشكەر قايدا بار؟
ھازىدارلارچە يىغلايدۇ بۇلۇت،
دىۋانە ئاشىقتەك نەرە تارتىشار.
گۇياش كۆرۈنەر بەزى - بەزىدە،
مارىغان كەبى قورغاندىن نىگار.
جاھان نەچچە كۈن كېسەلمەن ئىدى،
قىلدى گۈل ھىدى دورىنى تەييار.

---

*دارا — ئىراننىڭ مەشھۇر پادىشاھلىرىدىن بىرى.

www.uyghurkitap.com

چاچماقتا يامغۇر خۇش بۇي تامچىلار،
ئاق تىنىنى يەشتى يەر يۈزىدىن قار.
قارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى گۈل،
قاغىجىر ئېرىقتا تولۇپ سۇ ئاقار.
يىراقتىن لالە تەبەسسۇم قىلار،
گويا قىپقىزىل خېنا قويغان يار.
بەس-بەستە ھەردەم كۈي كۈيلىشىدۇ،
گۈل ئۈزرە بۇلبۇل، سەرۋ ئۈستىدە سار.
سەرۋ ئۈزرە پاختەك سايرار ئاجايىپ،
گۈل ئۈزرە بۇلبۇل كۈيلەر يار-يار.

* *

سەدبەرگى گۈلىيۇ ئىپارۇ ئەنبەر،
ئاپئاق ياسۇمەنۇ نىتا، مەجنۇنتال.
بارچە سېنى كۆرۈپ شۈمشىيىپ قالدى،
ئەي نەيرەڭ مۈلكىنىڭ بۇتى، نەۋنىھال.
ئاشىقتا باشلىنار قەدىر كېچىسى،
تۈندە يۈز كۆرسەتسەڭ، ئەي ساھىبجامال.
لالىدەك يۈزۈڭدىن پەردىنى ئالساڭ،
قۇياش پەردە ئارا بېكىنەر دەرھال.
مەڭزىڭ ئوخشايدۇ خۇشبۇي ئالمىغا،
ئەگەر ئالمىدىمۇ بولسا مۇشكىن خال.

* *

قولۇڭدىكى تىغ بولسىمۇ ئالماس،
ئادەمگە ناھەق ئۇرماققا بولماس.
يارىتىلغان ئەمەس تىغ زۇلۇم ئۈچۈن،
ئۈزۈمدىن مەقسەت ئەمەس مۇسەللەس.
ئۆلتۈرۈلگەن جانسىز بەدەننى كۆرۈپ،
ئەيسا بارماق چىشلەپ قالدى بىر نەپەس.
دېدى: «سەندىن كىمنىڭ خۇننى ئالدى،
خۇنۇڭدىن قۇتۇلماس قاتىلىڭمۇ بەس».
سېنىڭ ئىشىكىڭگە مۇشت ئۇرۇشىدۇ،
بىراۋ ئىشىكنى مۇشتلاش ياخشى ئەمەس.

* *

بۆرى ياكى قاپلان تېرەسى كەبى،
چېمەن سەھنى قىشنىڭ نەپەسىدىن تەڭ،
ئەمدى باھار مەۋسۇمىنىڭ سەنئەتكارى،
ئۇڭا ئاتا قىلدى تۈرلۈك نەقىش-رەڭ.
ئۆمۈر كېچەسىگە كۆپ تايىنىپ كەتمە،
چۈنكى بۇ دەريادا كۆپ ئېرۇر لەھەڭ.

*

چىشىم بارى تۆكۈلۈپ كەتتى، دۇررى غەلتان ئىدى،
تولارنى چىش دېمە، بەلكى چىراغى تاپان ئىدى.
ئاقىش كۈمۈش ئىدىيۇ، خۇددى دۇررى مارجان ئىدى،
بۇلاقنىڭ قەترەسى، يەنى تاڭدىكى چولپان ئىدى.
بىرىمۇ قالمىدى كۆتەكلىنىپ تۆكۈلدى بارى،
بۇ قايسى نەھس ئىدى، بولغانىدى كەيۋان ئىدى؟
مېنىڭچە نەھسىدىنمۇ يا ئۇزاق ئۆمۈردىن ئەمەس،
نە بولدى، مەن ئەتە قويسام، قەزايى ئاسمان ئىدى؟
كۆزۈڭنىڭ ئالمىسىدەك ئايلىنىپ تۇرغۇچى جاھان،
ھېمىشە ئايلىنىدۇ، ھەممە ۋاقىت گەردان ئىدى.
قاچانكى دارىيۇ دەرمانى ئاغرىق ئورنىدادۇر،
گېزىدە ئاغرىقى ھەم دارى بىرلە دەرمان ئىدى.
كۆز ئاچقۇچە توزۇتار ئۇ قەيەردە يېگى بولسا،

دەم ئۇتمەيمن تۇزۇتەر ئۇ قايدەكى ۋەيران ئىدى.
تالايلغان باغلارنىڭ ئورنىنى چۆل قىلدى،
تالاي باغلارنىڭ ئورنى بۇرۇن باياۋان ئىدى.
سەن، ئەي يۇزى تولۇن ئايدەك گۇزەل، نە بىلگەيسەن،
بەش - تۆت كۇن ئىلگىرى ھالىم نە چاغلىق شادان ئىدى؟
كۆپىنچە چاچلىرىڭ بىلەن سەن ماڭا ماختىنىسەن،
ئۆرۇم - ئۆرۇم قارا چېچىم مىسالى چەۋگان ئىدى.
يۇزۇمنىڭ رەڭلىرى ئەتلەس كەبى زامان ئۆتتى،
مېنىڭ ساچىم ئۇ زاماندا قارايۇ قەتران ئىدى.
گوياكى شۇنچە گۇزەللىك ئەزىز بىر مېھمان ئىكەن،
قايتماغاي يەنە، بەش - ئالتە كۇنگە مېھمان ئىدى.
ئىككى كۆزۇمگە تالاي نازىنىن ئىدى ھەيران،
مېنىڭ كۆزۇم ھەم ئۇلارنىڭ يۇزىگە ھەيران ئىدى.
ئۆتۇپتۇر، ئەمدى زامانلار قايغۇسىز ئىدىم خۇررەم،
قايۇ شەھەرگە كى بارسام، بىر ئۆزگە جانان ئىدى.
سەرىپ ئېتىپ كېتەر ئىدىم بىساناق ئالتۇن، دەرھەم،
قاي جايدا كۆكرەكلەرى ئانارەدەك جانان ئىدى.
تالاي تاتلىق كەنىزەكلەر مېنىڭ دىلىم ئاۋلاپ،
تاڭ ئاتقۇنچە يوشۇرۇن، ئۆيۇمدە مېھمان ئىدى.
نېچۇككى، كۇندۇزى كۆرمەك، قاۋۇشماق ئىمكانىسىز،
سېزىپ قالسا ئىگەسى، ئىككىمىزگە زىندان ئىدى.
ئېنىق چىرايۇ گۇزەل چېھرىلەرنى كۆرمەكلىك،
پالانچىلەرگە قىيىن بولسا، ماڭا ئاسان ئىدى.
دىلىم خەزىنىسى سۆز گەۋھەرىلە لىپمۇ لىپ،
قايانغا خەتكى يازىپمەن شېئىر مېھرى ئۇنۋان ئىدى.
ھەمىشە شاد ئىدىمۇ، قايغۇ - غەمنى بىلمەس ئىدىم،
دىلىم قۇۋانچ، ئويۇن - كۇلكەلەرگە مەيدان ئىدى.
قايناق نەفەسىم بىلەن دىباغە ئايلاندۇردۇم،
بولماس كۆپ يۇرەكلەر تاش ئىدى، سەندان ئىدى.
كۆزۇم ئۇزۇلمەس ئىدى ئويناقى ئۆرۇم چاچدىن،
يېقىملىق سۆز بىلەن تولغان قولاقلارىم قان ئىدى.
خاتۇن، بالا، يەنە روزغار بۇ ھەقدە تەشۋىش كەم،
تونۇم ياقاسىدا كىر يوق، قىلغۇلۇقلار ئاسان ئىدى.
كۆرۇپ تۇرۇپسەن ئەمدى رۇداكىنى، ئاي يۇزلۇك،
كۆرەلمىدىڭ ئۇنى، ئەتتەڭگى، ئۇ باي ئىنسان ئىدى.

ئەگەردە كۆرسەڭ ئىدى ئول چەمەنگە بارغاننى،
باشىدا مىڭلارچە بۇلبۇل، ھەزار داستان ئىدى.
يىگىتلەر ئىچرە يىگىتلەر ئۇڭا بولۇپ ئۇلپەت،
ئەمىرلەر ئۇزرە يىگىت ئاغالىقدە پالۋان ئىدى.
بۇكۈن شېئىرلىرى مەزۇرۇ تىڭلامىش ئالەم،
ھەمىشە شېئىرلىرىم ئۆز مۇلكى دىۋان ئىدى.
ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تىڭلاغان جاھان ئۆتتى،
كېچىپ زامانەكى، ئول شائىرى خۇراسان ئىدى.
قەيەردە بولساكى مەشھۇر دېھقان ياكى ئەمىرلەر،
ئۇلار ئۆيىدە ماڭا ئاتالغان ھەميان ئىدى.
بۇ مولچىلىقۇ ئۇلۇغلۇق سەۋەبلىرىن سورساڭ،
بۇ نېمەتۇ بۇ ئۇلۇغ مەنبە ئالي سامان ئىدى.
خۇراسان ئەمىرىدىن تەگدى قىرق مىڭ ساف دەرھەم،
ئۇنى بەش مىڭ ئارتتۇرغان كىشى مىرى ماكان ئىدى.
يەنە باشقىلاردىن ھەم يىغىلدى سەككىز مىڭى،
شېئىرىم بارچىغا مەقبۇل، قوشىقىم ياققان ئىدى.
كۆرۈپ شاھ ئىلتىپاتىن بىركىنە شېئىرىم ئۈچۈن،
ماڭا خەزىنىنى تۆككەن ئەكبەرۇ ئەئيان ئىدى.
زامانە ئايىندى، مەن ھەم تامامەن ئۆزگەردىم،
ھاسامنى قولغا بەر ئەمدى، ئۇ باشقا دەۋران ئىدى.

*

ئايرىلىش بورانىدىن، ئەي سەرۋى قەد،
ئاخىر ئۆمرۈم تومۇرىدىن كەتتى مەدەد.
بولمىسا زۇلپۇڭ ئەگەر سىرتماق؛ كەمەند،
تۇشتى نېچۈك دامىغە جانۇ جەسەد؟
بىر جانىم بىرلە سېنىڭ ياقۇت لېۋىڭ،
قىلسام ئارزۇ مەندە بولغايمۇ خىرەد.
خۇلقۇ ھۆسنىڭدىن مېنى ئەيلەپ جۇدا،
تاشلىدىڭ جانىمغا چوغلار بىسەدەد.

*

ئۇنىڭ ساخاۋىتى ياشناتتى مېنى،
گوياكى بۇلۇت، مەن بىر ئېكىنزار.
ئۆز ئىشىگا ئۆزۈڭ يىراقتىن قارا،
ئويلاپ باققىن ئەقىل كۆزىن ئاچ يەكبار.

*

ساخاۋىتىڭ چاقماق، گۈلدۈرمامادۇر،
تاغلاردا چاقماقنىڭ گۈلدۈرلىشى بار...
سەنمۇ ئايىمايسەن پەلەك ئايىماس،
بىرى ساڭا غۇلام، بىرى جان نىسار.
ئوغلىمۇ ئەمەسسەن خۇراسان شاھىنىڭ،
ئول كۈتۈپ ئولتۇرار نە بەرسە جەببار.

*

سازىڭ ئاۋازىچە بولالماس، دوستۇم،
ماڭا تەكرار-تەكرار ئوقۇلسا تەكبىر.
مۇڭلۇق ئاۋازىدىن، ئەجەب ئەمەسكىم
چۆل ھايۋانلىرى ھەم رام بولسا بىر-بىر.
جىسمى كامانۇ تىيرگە ئوخشاماس،
ئەمما يۈرەكلەرگە ئاتالايدۇ تىير.

گاھی گىريان يىغلار، گاھ تىلىۋر ناله، ئاشىقلار ئەھۋالىن قىلىدۇ تەپسىر.
سەھەردىن شامغىچە ئۆكسۈپ تىنمايدۇر، گاھی دىۋانەنى ھوشقا كەلتۈرەر،
تىلى بولمىسىمۇ بىرەر تىل بىلەن گاھىدا ھۇشيارغا سالىدۇ زەنجىر.

* *

تولۇن ئايدەك نىگار بىرلەن ئەقىق مەي، چالغۇ بولسا، ۋاھ،
فەرىشتەمۇ چۈشەر كۆكتىن، چۈشەر جاي بولسىمۇ گەر چاھ.
نىچۈك ئۈزگۈم نەزەر ئاندىن، زەرەر تاپسا ئىمانىم گەر،
مازارىمدىن چىقار ھەتتاكى نەرگىس قاغجىراپ ھەر گاھ.
ئۇنىڭ ئىشق لەززىتى جەننەتتىمۇ ئەسلا تېپىلماس شەھد،
كېچە ئۈز ھالىدىن كىمكى ئەگەر بىر رەت بولۇر ئاگاھ.
كۆزۈڭدە كۆپمۇ كۈندۈز گەر خىرە بولسا كۆرەلمەيسەن،
كۆرۈرسەن قاپقارا تۈن ئۆزگە كۆزى ئىچرە چۈپ ناگاھ.

* *

چاچ بىلەن ساقىلىمنى قارا رەڭدە بويىسام، ماتەمدە، مۇسىبەتتە كىيىلەر قارا كىيىم،
«قايتا باشتىن ياشىرىپ، گۇناھ قىلماقچى» دېمەڭ. قىرىلىق ماتىمىدە مەنمۇ ئالدىم قارا رەڭ.

* *

دانا سۆزىن ماختار ئەقىللىق كىشى، ماختاش بىلەن ئەچكۇ قويدەك سەمرۇمەس،
ئەخمەقنى ماختىماس دانىشمەن ئادەم. پىقىسقىنى ماقتىسىمۇ بولمىغاي ھاتەم.

* *

ئەقىل چىمەننى خازان قىلساڭمۇ، ئىشق ئالەمىنىڭ پەيغەمبىرىسەن،
مۇھەببەت گۈلشىنىنىڭ سەنسەن باھارى. ھۆسن ئالەمىنىڭ پەرۋەردىگارى.

* *

ئىلاننى ھەرقانچە قىلساڭ تەربىيەت، ناكەس تەبىئىتى ئىلانغا ئوخشار،
ئاخىر زەھرىن چېچىپ يەتكۈزەر زەخمەت. يۈزىن كۆرمەسلىككە قىلغىن ھەرىكەت.

* *

ھەر شامال بۇخارادىن ماڭا لۇتفەن كېلۇر،
ئۇنىڭ بىلەن گۈل ھىدى، بۇيى سۇمەن كېلۇر.
ئەركەكۇ ئايال دەركى: «خوتەن ھىدىنى ئېلىپ،
بۇ مەيىن شامالدا بۇيى چەمەن كېلۇر.
ياق، ياق خوتەندىنمۇ چىقماس بۇ شامال،
بۇ مېنىڭ مەشۇقەمدىن بۇيى خوتەن كېلۇر.
ئەي كەمەر بەستە گۈزەل، ھەجرىڭدە بولدۇم قىل،

uyghurkitap.com



سېنىڭ كەمزۇلىڭ ماڭا ماس پىرەھەن كېلۇر.
ھەر شام سېنى كۈتمەن، كېلۇرمۇ سەن-يېنىپ،
گويا مىسالى سۇھەيل سۈيى يەمەن كېلۇر.
خەلقدىن نامىڭنى يوشۇردۇم، ئەي مېنىڭ گۈزىلىم،
ھارامۇ-ھېرىس ئاغمزغە چۈشسە تۆۋەن كېلۇر.
ۋە لېكىن مېنىڭ ئۆزۈم نېمىدىن سۆز ئاچسام،
تىلىمگە سېنىڭ نامىڭ كۆپ دەفئەتەن كېلۇر.

* *

دۇنيادا ئىككى سۆزدىن دىلىم قىلۇر دادۇ ئار،
ئۇنى خالايىق ئىچرە ھەر كىمسە قىلۇر تەكرار.
بىرى بۇ كىم ھەر كىمنى دېيىشەر كۆركىلىك، گۈزەل،
ئىككىنچىسى — ھەر كىمسە گويا ئاشىق-بىقارار.
مېنىڭ نەزەرىمدە ئەسلا سەندىن باشقا گۈزەل يوق،
قېنى ئېيتچۇ قاياقتا مېنىڭ كەبى ئاشىق بار؟!

## رۇبائىيلار

سېنى ھەلاك قىلدى بىھايا تەقدىر،
قىلمىشىدىن زەررە بولمىدى دىلگىر.
شۇنداق گۈزەللىكنىڭ جانىنى ئالاركەن،
ناھات جامالىدىن بولمىسا بىسىر.

* *

يۈزۈڭسىز بولمىسۇن كۆكتىكى ئاپتاپ،
سەنسىز نېمە لازىم ماھى ئالەمتاب.
ۋەسلىڭگە يەتمىسۇن مەندەك بىئەدەب،
سەنسىز كۆڭلىنىڭ ئۆزى بولمىسۇن ساۋاپ.

* *

نامىڭنى ئاڭلىسام بولۇرمەن شادمان،
بەختىڭدىن مېنىڭمۇ دىلىم شاد، خەندان.
سۆھبەتتە گەر ئىسمىڭ زىكىر قىلىنسا،
پىكرىم چىگىشىمدە ھالىم پەرىشان.

* *

يار ئىستەپ، جاھاننى ئەيلىدۇك دىلتەڭ،
تاپقان يار دىلىدا ئاداۋەتۇ جەڭ.
ئەفسۇستىن قولىمىز ئۇرۇلدى باشقا،
ئاياقنى مىڭ پارە ئەيلىدى خەرسەڭ.

* *

كۆن بايراق تىكەركەن، نامىڭغا ئوخشار،
تۈلۈن ئاي قولدىكى جامىڭغا ئوخشار.
تەقدىر قەدىمىڭگە، غېمىڭگە ئوخشار،
كۆن ئىنئامى سېنىڭ كامىڭغا ئوخشار.

* *

چاچلىرىنى يايسا، چۆكەر قارا تۈن،
چاڭگىلىدىن لاچىن يايار قانتىن.
تۇتام-تۇتام چاچىنى ئاجراتساڭ ئەگەر،
تىراز مۇشكى باسۇر دۇنيانىڭ قېتىن.

* *

ئىشقىڭدا نە سەبرىم قالدىيۇ نە دىل،
يۈزۈڭسىز نە ئەقلىم قالدىيۇ نە دىل
مەندىكى غەم ئەمەس قاف تېغىدۇر بۇ،
سەن تاش دىلدا نە ئىلىم قالدىيۇ نە دىل.

* *

يۇسۇپتەك يۈزۈڭدىن دىلىمدا پىغان،
مىسىر گۈزەللىرى تىرنىقىدەك قان.
ئەۋۋەل دىلىم تارتتى بۇسەڭ، مېھرىبان،
ئەمدى پەيدا بولدى غېمىڭدىن نىشان.

* *

بارچىمىزدە بىردەك ئەمەس سەخاۋەت،
ئەمما سېخىيلەرگە ئېيتايلۇق رەھمەت.
ۋاجىب بولماغاندا جازا بىگۇناھ،
ۋاجىب ئىشنى قىلماي چېكەيمۇ ھەسرەت؟

* *

دىيدارىڭغا ساتتىم، قىممەت كەتتى شان،
بۇ سەۋەبىن جېنىمغا ئالدىم، بۇ ئەرزان.
ئەگەر ئۇ تولۇن ئاي ساتماقچى بولسا،
دىيدارىڭغا دىلنۇ بۇسەسىگە جان.

* *

غەم مەنزىلىدىن ئۆزگە ماكان ئەتكەن — بىز،
كۆز ياش تۆكۈپ يۈرەكنى قان ئەتكەن — بىز.
ئالەم جاپاسىغا بىز جاپاكەشلەرمىز،
زۇلۇم ئاستىدا ئۆزنى ناتىۋان ئەتكەن — بىز.

* *

يۈزۈڭ زۇلفىڭنى كۆرۈپ قىزىلگۈل،
رەڭ، پۇراقنى قولدىن بېرىپتۇ پۈتكۈل.
سۇ گۈلرەڭ بولدۇ يۈز يۇغىنىڭدا،
ئەنبەر تارقىلدۇ تارىساڭ كاكۇل.

* *

ئىشقىدا ئالدىمدا ئاچسام گەر دەفتەر،
لىباسىمغا كۆز ياش تامار ھەر سەپەر.
مەكتۇپكە يۈرىكىم ئورنىغۇم كېلۇر،
ساڭا مەكتۇپ يازا باشلىسام ئەگەر.

* *

بارىڭغا قانائەت قىل، ئازاد ياشا،
ئەي رۇداكى، ئادىل ۋە ئاباد ياشا!
ئۆزۈڭدىن ئارتۇقنى كۆرۈب غەم يېمە،
سەندىن ئاجىزلار بار، كۆرۈب، شاد ياشا!

* *

ئىشقتا رۇداكىدەك ھەلقۇمىمدە جان،
قان يېشىم تىزىلدى كىرپىكىدە مارجان.
ئەلقىسسە، ئايرىلىش ئازابى بىلەن،
رەشك ئوتىدا قالدىم دوزىخى سىمان.

* *

ئۆز نەفسىنى مەغلۇپ ئېتەلىگەن مەرد،
غەيۋەتلەردىن ئۇزاق كېتەلىگەن مەرد.
نامەرد تېپىپ ئۆتەر يىقىلغانلارنى،
ئاجىزلار قولىنى تۇتالىغان مەرد.

---

(بېشى 202 - بەتتە)

«جەسەتنى مىڭلىغان جامائەتنىڭ ئېغىر قايغۇ دەرياسىدا ئۈزۈپ، ئۇرۇمچى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى.

نەپەستىن قالدى پىر - ئۇستاز، ئەقلىنىڭ مەشئىلى ئۆچتى،
بۇرچتىن سىرغىدى يۇلتۇز، قەۋستىن يەرگە ياش چۈشتى.
«بىلىك» داستانىغا دەۋران تىلىدىن نەزم نەقىش ئەيلەپ،
يۈسۈپنىڭ قەبرە قەسرىگە زىيائى يار بولۇپ كۆچتى.

(ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن)

ئەھمەد زىيائى خۇددى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئادىل باھا بەرگەنىدەك: ھالال ياشىدى! ئۇ ئابروي - ئاتاق، نوپۇز - شۆھرەت قوغلاشمىدى. ئۇنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ئۇ ئېرىشەلەيدىغان نەتىجىلىرىدىن ئاز بولدى.

# سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ دەسلەپكى نامايەندىسى سەنائى

شېرىن قۇربان

— سەنائىنىڭ ئېپىك داستانى — «سەفرۇل - ئىجاد ئىلەل - مەئاب» (ئاللا بەندىسىنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپىرى) بۈيۈك ئىتالىيە شائىرى ئالگېر. دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيەسى» نىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

— ئې. ئە. بېرتېلىس

ئەبۇلمەجىد سەنائىي (مىلادى 1141 — 1045 - يىللار) بۈيۈك ئايال تەسەۋۋۇپ شائىرى رابىيە (مىلادى 713 — 801 - يىللار)، مۇتەپەككۇر شائىر مەنسۇر ھەللاجى (مىلادى 858 — 922 - يىللار) دىن كېيىن سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ سىستېمىسىنى ياراتقان نامايەندە.

سەنائىي دەسلەپتە غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (مىلادى 962 - يىلدىن 1186 - يىلغىچە) نىڭ ئوردا شائىرى بولغان. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ شاھ قەسىدىلىرى بىلەن ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا داڭقى چىقارغانىدى. كېيىن ئۇ نىشاپۇر، خۇراسان، ھىرات، بەلخ، مەككە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ساياھەتتە بولغان. كۆپلىگەن دانىشمەن ۋە ئەدىبلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان. خۇراساندا ئۇ كۆپ قېتىم تەسەۋۋۇپ پېشىۋالىرىنى زىيارەت قىلغان. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدا چوڭ بۇرۇلۇشنى ھاسىل قىلغان. ئۇ ساياھەتنى تۈگىتىپ غەزنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوردا شائىرلىقىدىن ۋاز كېچىپ، ھېچقانداق كىشى بىلەن ئالاقە قىلماي ئۆيدە ئولتۇرۇپ مەخسۇس يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىغا ئائىت نوپۇزلۇق ئەسەرلەردە كۆرسىتىلىشىچە، سەنائىنىڭ «ھەدىقەتۇل - ھەقايىق» (ھەقىقەت بېغى) ناملىق داڭلىق ئەسىرى مۇشۇ چاغدا يېزىلغانىكەن.

شائىرنىڭ سوفىزم پەلسەپىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان شېئىرلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ، غەزنە چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، شائىرنىڭ شۆھرىتىمۇ كۈنسېرى ئۆسكەن. بۇ چاغدا غەزنەۋىلەر شاھى بەھرام تەكلىپنامە كىرگۈزۈپ، شائىرنى ئۆز ئوردىسىغا تەكلىپ قىلغان. ئەمما، سەنائىي بۇ تەكلىپنى رەد قىلغان. شائىرنىڭ كېيىنكى ئۆمرىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا تەزكىرىلەردە تۈزۈكرەك مەلۇمات يوق.

سەنائىي ھەرخىل ئۇسلۇبتا ناھايىتى كۆپ شېئىر يازغانلىقى ھەققىدە تارىخىي كىتابلاردا مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ھەدىقەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەت بېغى)، «سەيرۇل - ئىجاد ئىلەل - مەئاب» (ئاللا بەندىسىنىڭ ئۇ دۇنياغا سەپىرى)، «بەلخ خاتىرىلىرى»، «ئەقىل ئۇنچىلىرى» قاتارلىقلار بار. بۇ ئەسەرلەردە شائىر

مەسەل خاراكتېرلىك ھېكايىلارنى سۆزلەش ئارقىلىق سوفىستىك ئەقىدىلىرىنى تەشۋىق قىلغان. جەمئىيەتنىڭ يىركىنچلىك تەرەپلىرىنى پاش قىلىپ، تۆۋەن قاتلام خەلقلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە غايىسىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن، شائىرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كۆپىيىپ، تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ سېپى كېڭەيگەن. پەرىدىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمى قاتارلىقلار شائىرنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇستاز تۇتقان.

شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ بىرەر كىچىك ھېكايىنى نەقىل كەلتۈرۈش يولى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى بىرەر قائىدە ياكى كۆز قارىشىنى ئىپادىلەشكە ماھىر. ئۇ «ئەخمەق بىلەن تۆگە» دېگەن شېئىرىي مەسەلدە تۆگىنىڭ ئەخمەققە بەرگەن رەددىيىسىنى نەقىل كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئىنساننىڭ قىممىتى ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا، دېگەن قاراشنى يورۇتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ سوفىزمچىلار ئەڭ كۆپ تەرغىپ قىلغان ئىدىيىلەرنىڭ بىرى. ھېكايىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئەخمەقتىن بىرسى دەپتۇ تۆگىگە،
«نېمانچە كېلەڭسىز، ئىسكەت يوق سەندە؟»
«سەن» دەپتۇ تۆگىمۇ رەددىيە بېرىپ:
«بىلىپ قوي، بۇ سۆزۈڭ نۇقسان تەگرىگە.
نې كارىڭ، كېلەڭسىز شۇ بويۇم بىلەن.
خۇشالمەن ماڭغان تۈز ھەق يولۇم بىلەن①»

شائىرنىڭ «بىر كەمپىرنىڭ نالە-زارى» دېگەن شېئىرىي مەسەلدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈرەك ساداسى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا بىر سەرگەردان موماي ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسى موماينىڭ ئۆز تىلى بىلەن بايان قىلىنغان:

بىر كۈنى ئاچ ھەم يالىڭاچ بىر موماي باغ ئىگىسىگە ئىشلىگەن بىر ئايلىق ئىش ھەققى ئۈچۈن ئالغان بىر سېۋەت ئۈزۈمنى ئېلىپ قايتىۋاتقاندا، بەش نۆكەر تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈزۈمىنى بۇلايدۇ. موماي تازا نالە-زار قىلىۋاتقاندا نۆكەرلەردىن بىرى كېلىپ ئۇنىڭغا: «ئۈن چىقارما، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن!» دەپ قامچىسىنى تەڭلەيدۇ ھەمدە يەنە: «مەن مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ نۆكىرى، ئەگەر جېنىڭدىن تويمىغان بولساڭ، ئۈنۈڭنى چىقارغۇچى بولما!» دەيدۇ. موماي يەنە نالە-پەرياد قىلغاندا، نۆكەرلەردىن يەنە بىرى كېلىپ ئۇنىڭغا: «بىزگە ھال ئېيتىپ پايدا ئالالمايسەن، سەن بېرىپ، كۆز يېشىڭ بىلەن مەھمۇد سۇلتاننى تەسىرلەندۈر.» دەيدۇ. موماي: «مەھمۇد سۇلتان قەيەردە؟» دەپ سورىغاندا، نۆكەرلەر: «ھەزرىتى سۇلتان شىكارغا چىققان، سەن

① «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتى، 1982-يىل نەشرى، 88-، 89-بەتلەر.

ئۇنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈپ ئۇنى ساقلا» دەيدۇ. كەمپىر نۆكەرلەرنىڭ دېگىنى بويىچە يولدا ئۆلتۈرۈپ مەھمۇد غەزنەۋىنى ساقلايدۇ. قاش قارايغان چاغدا، مەھمۇد سۇلتان شىكاردىن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ قارىسا يولدا بىر مومای يىغا-زارى قىلىپ ئولتۇرغۇدەك. سۇلتان مەھمۇد موماىدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا، موماي يىغلاپ تۇرۇپ ئۆز ئەھۋالىنى ۋە يولدا بولغان ئىشلارنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىدۇ. مەھمۇد سۇلتان: «ئەگەر مەن ھەل قىلىپ بەرمىسەم قانداق قىلىسەن؟» دەپ سورىغاندا، موماي: «مەن ھەممىگە قادىر ئىگەمگە بېرىپ شىكايەت قىلىمەن» دەيدۇ. مەھمۇد يەنە: «نېمە دەپ شىكايەت قىلىسەن؟» دەپ سورىغاندا، موماي: «مەن بۈگۈنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ، شاھ بەك ئادالەتسىز بولۇپ كەتتى دەپ شىكايەت قىلىمەن» دەيدۇ. موماينىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ، مەھمۇد غەزنەۋى كۆڭلىدىن: «سۇنىڭ بېشى لاي بولسا، ئايىغىمۇ لاي بولىدۇ» دېگەن خەلق ھېكمىتىنى ئۆتكۈزىدۇ.

سەنائىنىڭ ئەدەب-ئەخلاق، پەندى-نەسىھەت، مۇھەببەت-نەپرەت، ئەقىل-ئىدراك توغرىسىدىكى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى گۈزەل بولۇپ، كىشىگە بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ.

«گەر سولاقتا چۈشسە شىر خارۇ-زار دەپ ئويلىما،
ئىت سارايدا تۇرسا ھاۋشۇپ، ئەتىۋار دەپ ئويلىما.»

«بەك روشەن بولسىمۇ قۇياشنىڭ نۇرى،
يوشۇرار گاھىدا بىر بۇلۇت ئۇنى.»
«كۆپ ئۇزۇن پىل ئۆمرى كىچىك پاشىدىن،
ۋە لېكىن قانخورراق پاشا ئۇنىڭدىن.»
«سەمرىسە ئاشىدۇ كالا شۆھرىتى،
ئىلىم ۋە ھۈنەردۇر ئادەم زىننىتى.»
«يارسىز يول ماڭغاندا، يول بولماس راۋان،
سۇسىز دەريالار ئاققانتى قاچان؟
ھەركىمنىڭ بولمىسا بىلىمدىن يارى،
ئادەم دەپ سانىما زىنھار سەن ئۇنى.»

سەنائىنىڭ تۆھپىسى، ئالدى بىلەن سوفىزم شېئىرىيىتىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئەندىزىلىك ئىزغا سالغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. سەنائىدىن ئىلگىرى تەسەۋۋۇپ شائىرلىرى گەرچە ئاممىۋى سورۇنلاردا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ، سوفىستىك ئەقىدىلەرنى تەرغىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا خاس ئۇسلۇب يوق ئىدى. سەنائى بىرىنچى بولۇپ بۇ ۋەزىيەتكە خاتىمە بەردى. شۇڭا، سوفىستىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى مەزكۇر ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە قانۇنىيىتىگە باھا بەرگەندە سەنائىنى سوفىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى بولغان سوفىزم ئەدەبىياتىنى سەنائى باشلاپ بەرگەن، ئەتتار تەرەققىي قىلدۇرغان، جالالىدىن رۇمى ۋايىغا يەتكۈزگەن دەپ قارايدۇ. سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ كېيىنكى ۋەكىللىرى ياكى بۇ ئەدەبىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان شائىرلاردىن ئەنسارى، پەرىدىددىن ئەتتار، جالالىدىن رۇمى، شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى، ئابدۇراخمان جامىلار ئەبۇلمەجىد سەنائىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان. جالالىدىن رۇمى ئۆز-

نىڭ ئۇسۇپ يېتىلىش جەريانىنى يەكۈنلىگەندە، سەنائىغا يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق شېئىر يازغانىدى:

روھ دېسەم، بۇ روھۇم — روھى ئەتتارى،
كۆز دېسەم، بۇ كۆزۈم — چەشمى سەنائى.

سەنائى شېئىرلىرى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، غەرب كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. فرانسىيىلىك شەرق تەتقىقاتچىسى نىكىلسانمۇ خۇددى شەرقشۇناس ئې. ئە. بېرتېلىسقا ئوخشاش: «سەنائىنىڭ ‹سەيرول-ئىباد ئىلەل مەئاب›، ناملىق ئېپىك داستانى ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ پېشىۋاسى دانتېنىڭ مەشھۇر داستانى — ‹ئىلاھ كومېدىيىسى› نىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئالاھىدە تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتكەنىدى» دەپ ئېيتقانىدى.

سەنائىنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا ۋە جەنۇبىي ئاسىيادىكى ھەر مىللەت يازغۇچى-شائىرلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى خۇددى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدەك دوست-يارانلارنىڭ يىغىلىشلىرىدا ئوقۇيدىغان شېئىرلارغا ئايلانغان.

سەنائى ئىجادىيىتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. سەنائى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئارىسىدا نەچچە ئەسىردىن بېرى ئوقۇلۇپ، تەتقىق قىلىنىپ كەلدى. شائىرنىڭ بىر قىسىم ھېكمەتلىك شېئىرلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدىمۇ ئېلان قىلىنىپ، ھەرمىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا تارقالدى.

ماقالىمىزنى ئاتاقلىق تاجىك تارىخچىسى، ئاكادېمىك غوپۇروۋنىڭ ئەبۇلمەجىد سەنائىغا بەرگەن باھاسى بىلەن ئاياغلاشتۇرىمىز:

سەنائى تەكتىدىن بىر سوفىستىك شائىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نۇرغۇن سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ھېسسىياتى بىلەن دىن چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇ نۇرغۇن زىددىيەتلىك شېئىرلىرىدا ئالاھىدە ۋاسىتە بىلەن سالماق جەھەتتە يەنىلا خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن①.

① غوپۇروۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلار تارىخى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985-يىل نەشرى، 259-بەت.

uyghurkitap.com

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم قارىشى ۋە ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى

پروفېسسور ئەزىز نارىنبايېۋ (قىرغىزىستان)

X ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئوتتۇرا ئاسىيادا فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىلىم بىلەن مەدەنىيەتنىڭ، ئەدەبىيات بىلەن سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەنى شەرق ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. پەلسەپە - ئىجتىمائىي ئىدىيە ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتى «شەرق مىللەتلىرى قالاق، ئۇلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشالمايدۇ» دەيدىغان «ياۋروپانى مەركەز قىلىش تەلىماتى» غا نىسبەتەن كۈچلۈك رەددىيە بولدى.

مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ زامانىدىشى مەھمۇد قەشقەرىگە ئوخشاشلا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا مۆلچەرلىگۈسىز كاتتا رول ئوينىغان مۇتەپەككۇر.

تارىخىي داستان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بارلىققا كېلىشى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەھمىيەتلىك ۋەقە. «قۇتادغۇبىلىك» مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىگە ئوخشاش مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىچىدىكى كېڭگانت ئەسەرلەرنىڭ بىرى. بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى دىداكتىك داستان بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە تەبىئىي پەن، ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى جۈملىدىن پەلسەپە قاتارلىق كۆپ ساھە، كۆپ مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنغان بۈيۈك ئەسەر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىر، ئالىم ۋە پەيلاسوپ. شېئىرىيەت ۋە پەلسەپە بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ تەتقىقاتىدا بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ۋە بىر - بىرىنى بېيىتقان. «قۇتادغۇبىلىك» تە پەلسەپە، ئىجتىمائىيەت، ئەدەب - ئەخلاق ۋە ئېستېتىكا مەسىلىلىرى تەتقىق قىلىنغان. «قۇتادغۇبىلىك» دىداكتىك داستان، پەلسەپىۋى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا دۇنيا قاراش مەسىلىسى، ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى، رولى قاتارلىقلار تەھلىل قىلىنغان. بىز بۇ ماقالىمىزدە يۈسۈپ خاس

هاجىپنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پەلسەپە مەسىلىسىنى قىسقىچە تەھلىل قىلمىش ئارقىلىق مەرھۇم مۇتەپەككۇرنىڭ ئالەم قارىشى ۋە ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام ئىدىيە سىستېمىسىدا ئاللا تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتتىن مۇتلەق يۇقىرى تۇرىدىغان روھ، تەبىئەتتىن تاشقىرى مەۋجۇدات، دۇنيادىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەر ئاللانىڭ ئىجازىتىدىن بارلىققا كېلىدۇ دەپ قارىلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پان ئىلاھىزمچىلار ئاللانىڭ ئىلاھچىلىق قارىشىغا زىت هالدا «خاسلىققا ئىگە بولمىغان مۇئەللەق ئىلاھ زاماندىن هالقىغان هالدا تەبىئەت ۋە ئالەمنى ياراتقان» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا: ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىلاھقا باغلىق، ئاللا «ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن ئاسمان – زېمىننى ياراتقان»، «ئۇ، سامانى ياراتقان، قاراڭ ئۇ توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدۇ①» دەيدۇ. شائىر شەرقتىكى كۆرەشتىن ئۆزىنى قاچۇرغۇچىلار ئېقىمى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان دېمىزمنىڭ ياقىلىغۇچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. بۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەينى دەۋردە تەبىئىي پەن قولغا كەلتۈرەلىگەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، دۇنيا ئاللانىڭ ئارزۇسى بىلەن يارىتىلغان، ئەمما دۇنيا ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە راۋاجلىنىدۇ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

ياراتتى پەلەك، كۆر دائىم ئايلىنۇر، يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك
هايات هەم ئۇ بىرلە تىنىماي چۆرگىلۇر.② (128)
(126) بەزىسى ئېگىزدە، بەزىسى تۆۋەن،
كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بىزەك غۇۋادۇر بەزىسى، بەزىسى روشەن.(130)

يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئىدىيىسى فارابى ۋە ئىبنى سىنالارنىڭ كۆزقارىشى بىلەن بىردەك. فارابىنىڭ قارىشىچە: دۇنيا ئاللا ياراتقان پارلاق شەيئى، ئۇنىڭدىكى شەكىل ۋە ماددىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، مۇقەررەرلىكنىڭ تەرتىپى بويىچە بىر قاتار باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكەندىن كېيىن ئىشقا ئاشىدۇ.③ ئىبنى سىنا ئاللانىڭ مۇقەررەر مەۋجۇتلۇقىنى، بارلىق شەيئىلەرنىڭ رېئاللىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ: ئالەمنىڭ مۇقەررەرلىك تەرتىپى ئوبيېكتىپچانلىققا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن هەرىكەت قىلىدۇ»④ دەپ قارايدۇ، بۇ ئىككى مۇتەپەككۇرنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، ئىلاھ بىلەن تەبىئەت ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە، ئىلاھ بىلەن تەبىئەت بىردەكلىككە ئىگە، ئىلاھ تەبىئەتتە گەۋدىلىنىدۇ. ئۇلار: ئىلاھسىز ماددىي دۇنيا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ماددىي دۇنياسىز ئىلاھمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئىلاھ بىلەن دۇنيا بىر – بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق دەپ قارايدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ تۈپكى قارىشى ئىدېئالىزىمغا مەنسۇپ. ئەمما، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىدىيىسىدە بىر قاتار مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا يەنە ماتېرىيالىزملىق خاھىشنى ئىپادىلەنگەن. ئالايلۇق، بۇ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى قارىشىدا دەل مۇشۇ خىل خاھىش گەۋدىلەنگەن. يەنى، داستاننىڭ 5 ـ ۋە 7 ـ بابلىرىدا دۇنيا ماس ھالدا تەرەققىي قىلىدىغان مۇكەممەل سىستېما دەپ قارالغان. مۇتەپەككۇر ئالىم ھەرقايسى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، ھەرقايسى پلانېتلارنى يېقىنلىق تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىپ چىققان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئاسترونومىيىسى ۋېنېرا، مارس، يەر شارى، يۇپىتېر، ساتۇرىن قاتارلىق بەش سەييارىنىلا بايقىغان. ئەينى دەۋردە قۇياش بىلەن ئايمۇ سەييارە دەپ قارالغانلىقتىن، سەييارە جەمئىي يەتتە ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ سەييارىلەرنىڭ تاشقى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئەگەر قۇياشنىڭ نۇرى ۋە ئىسسىقلىقى بولمىغان بولسا، يەر شارىدا ھاياتلىق بولمايتتى، يەنى قۇياش سىستېمىسىنىڭ كۈن ـ تۈن ھاسىل قىلىش ھەرىكىتىگە ۋە يەر شارىنى چۆرىدەپ ئايلىنىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ دېگەن مۇھىم ئىلمىي يەكۈننى چىقارغان. ئۇ يەنە، ئاي فازىسىنىڭ ئالمىشىش ھەرىكىتى جەھەتتىمۇ توختالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇلتۇزلۇق ئاسماننى تەتقىق قىلىپ، ئېكلىپتىكىدىكى 12 سارايىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن (138 — 146 بېيتىگىچە قاراڭ) ئۇ: يۇلتۇزلار تۈركۈمى مەلۇم نىسبەتتە ئايرىلىق قالدۇرۇلۇپ جايلاشقان. ئۇلارنىڭ ئورنى پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەلۇم يۇلتۇزلار تۈركۈمى بىلەن بىر يىلنىڭ كونكرېت ۋاقىتلىرى ئۆزئارا ماس كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

«ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر» (142)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەمنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى قارىشى بىلەن ئارىستوتېل، تولېمىنىڭ «بىر مەركەز تەلىماتى» قارىشىنىڭ نۇرغۇن ئوخشاشلىقى بار. ئۇ ئارىستوتېل، تولېمىدىن ئىبارەت ئىككى قەدىمكى يۇنان ئالىمىنىڭ نۇرغۇن قاراشلىرىغا قوشۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تولېمىنىڭ ئاسمان جىسىملىرى بىر تەكشىلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ دېگەن نەزەرىيىگە گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىغان. شائىر ئۆز ئەسىرىنىڭ 126 ـ 128 ـ 130 ـ بېيتلىرىدا: يەر شارى بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىش ئارىلىقى ئوخشاش ئەمەس، شۇڭا بەزى يۇلتۇزلار يورۇق، بەزى يۇلتۇزلار قاراڭغۇ دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە: يەر شارى شار شەكلىدە بولۇپ، ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، دەپ قارىغان.

جۇڭگودا شاڭ ۋە جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ساددا ماتېرىيالىستىك ۋە دىئالېكتىك قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قەدىمكى جۇڭگودا «بەش ماددا تەلىماتى» مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭدا: سۇ، ئوت، ياغاچ، مېتال، تۇپراق قاتارلىقلار ماددىنىڭ ئاساسى. ئالەمنى تەشكىل قىلغۇچى ئىپتىدائىي ماددا دەپ قارالغان. «ئەدەب دەستۇرى، رەسىم ـ قائىدىنىڭ

توققۇزىنچىسى»[5] بەش ماددىنىڭ ئۆزئارا بىرىنى بىرى تۇغدۇرىدىغان ۋە بىرىنى بىرىنى يوقىتىدىغان ئىككى تەرىپىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا توختىلىپ، ساددا ماتېرىيالىزىم ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەلۇم تارىخچى: بەش ماددا بىرلەشكەنلىكتىن تۈمەنلىگەن يېڭى شەيئىلەر بارلىققا كېلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، بەش ماددا بىرلەشكەندىلا ئاندىن خاراكتېرى ئوخشاشمايدىغان ھەر خىل ماددىلار ئۆزئارا بىرىكەلەيدۇ دېگەن[6].

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ ساددا ماتېرىيالىزمچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەتراپتىكى رېئاللىق — سۇ، تۇپراق، ھاۋا ۋە ئوتتىن ئىبارەت تۆت ئېلېمېنتتىن ھاسىل بولغان. پۈتۈن ئېلېمېنت ئالەم ۋە يەر شارىدىكى ھاياتلىقنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ. بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا: ئوت باھارغا، سۇ يازغا، ھاۋا كۈزگە، تۇپراق قىشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

> «ئۇچى سۇ، ئۇچى يەل، ئۇچى بولدى ئوت،
> ئۇچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت» (143)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىچە بولغاندا، دۇنيانىڭ ماددىي ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان تۆت خىل تەبىئىي ئامىل ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرى بويىچە ئۆزئارا پەرقلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار يەنە ئۆزئارا بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئۇ يەر شارىنىڭ مەركىزى ئامىللىق ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تۆت ئېلېمېنتنىڭ تولۇق ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ساددا ماتېرىيالىزم ئىدىيىسى ئۇنىڭ ستىخىيىلىك دىئالېكتىك قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇتەپەككۇر ئالەم بارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، كونا شەيئىلەر ئۆلۈپ، يېڭى شەيئىلەرگە ئورۇن بېرىشتەك قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ستىخىيىلىك دىئالېكتىك ئىدىيىسى پاك ئىسلاھىيەتچىلىك قارىشى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش نۇقتىئىنەزەرى بىلەن قاراپ ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىشىدەك دىئالېكتىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى نۇرغۇن ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىش، راۋاجلىنىش ۋە يوقىلىشىنىڭ تۈپكى سەۋەبىنى تېپىشقا تىرىشقان.

مۇتەپەككۇر ئالىم ئۆزىنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك ئىدىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەبىئىي ھادىسىلەرگە تەتبىقلاپلا قالماستىن، يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىگىمۇ تەتبىقلىغان. ئۇنىڭ باراۋەر جەمئىيەت ۋە ئادىل دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە ئوتوپىزم ئىدىيىسى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تەرەققىيات

www.uyghurkitap.com



قانۇنىيىتىنى چوقۇم تېپىپ چىقىش لازىم دەپ قارايدۇ. ئۇ تۆت ئېلېمېنت (تۇپراق، سۇ، ھاۋا ۋە ئوت) تەبىئەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولسا، ھەققانىيەت، بەخت، ئەقىل (بىلىم) ۋە قانائەتتىن ئىبارەت تۆت خىل ئەخلاقىي پەزىلەت ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىيات قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى بولىدۇ دەپ قارىغان.

بىلىش ساھەسىدە ئاڭنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئاڭنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە، ئىدراك بىلەن بىلىمنىڭ كىشىلەر تۇرمۇشىدىكى رولى ھەققىدە ئىلغار قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شائىرنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە ماتېرىيالىستىك خاھىش بار ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شەرقتىكى كۇرەشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلار بىلەن تونۇش جەھەتتىن ئوخشاشلىقى بولغاچقا، ئۇمۇ بىر راتسىئونالىست ئىدى. مۇتەپەككۇر ئەقىلنى بىر خىل ئىجادىي كۈچ ۋە ماددىي دۇنيانى بىلىشتىكى كۆپ خىل ماددىلاردىن بىرىككەن قورال دەپ قارىغان. ئۇ، ئەقىل كىشىلەرنى ھەممىدىن خەۋەردار قىلىدۇ دەپ قارىغان. شۇنداقلا ئۇ، ھەققىي بىلىشتىكى ھېسسىي بىلىشنىڭ رولىنىمۇ ئىنكار قىلمىغان. ئالاھىدە كۆرسىتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇ مېڭىنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىدىكى رولىنى قائىدىگە مۇۋاپىق ھالدا تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان:

ئەقىل نۇرنى ئۈستۈن مېڭىدە تۇرۇر،
قىممەتلىكىدىن نۇرنى باشتا بولۇر. (1836)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياپما شەكىل ئارقىلىق دىنىي ھوقۇققا قارشى ئىدىيىسىنى ئىپادىلەپ: ئادەم ھەقىقەتنى بىلىش جەريانىدا ئەركىن بولۇشى كېرەك. ئەركىنلىكنى ئاللاھ ئالدىنئالا ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈپ قويغان ئەمەس دەيدۇ. ئاپتور «قۇتادغۇبىلىك» تە: جەمئىيەتتىكى ئىلغار شەخسلەرنىڭ پانىي دۇنيانى تەتقىق قىلىش ۋە ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈشتەك كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ زامانداشلىرىغا بىلىم بولمىسا بىلىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ، دۇنيانى بىلىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئۆز بىلىشى ۋە مەدەنىيىتىنى سىستېمىلىق ھالدا ئۆستۈرۈشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرغان. ئۇ بىلىمنى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىدىكى ساغلاملىق، قەلب نۇرى، ئىدراك، بەخت ...... دەپ قارىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا بىلىملىك بولمايدۇ، بىلىم ئىرسىيەت ئارقىلىق قولغا كەلمەيدۇ. دېگەندىن ئىبارەت بىلىش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مۇتەپەككۇر ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا دانا، بىلىملىك بولمايدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپلا سۆزلىيەلەيدىغان بولماستىن بەلكى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سۆزلەشنى ئۆگىنىدۇ؛ بىلىم — تىرىشىپ ئۆگىنىش، تەربىيە ۋە كۈندىلىك ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا تەدرىجىي جۇغلىنىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئاتادىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،
بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ تۆرگە چىقار.
(1681)

بىلىملىك تۇغۇلماس كىشى، ئۆگىنۇر،
تۇغۇپ سۆزلىمەس تىل، تۇرۇپ سۆز قىلۇر.
(4021)

پەيلاسوپ دۇنيانى بىلىش ئىمكانىيىتىنى ئىنكار قىلىدىغان «بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى» گە قارشى تۇرغان. ئۇ، ئادەمنىڭ تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىشكە ھەم تەبىئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ پايدىلىنىشىغا پۈتۈنلەي قۇربىتى يېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان. ئۇ بىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ۋە شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىشىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىسپاتلىغان.

بۇ پەيلاسوپ كىشىلەرنىڭ ئەقىل، بىلىم، ئىدراك، پاراسەت قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ قىممەت ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر خىل خىسلەتلەر ئارقىلىق ھايۋانلار بىلەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكىدەك تەكىتلىگەن:

بىلىم مەنىسىن بىل، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.
(156)
ئەقىلدۇر چىراقتەك قاراڭغۇ تۈنى،

بىلىم — ئۇ يورۇقلۇق، يورۇتقاي سېنى.
(288)
ئەقىلدىن بۆلەككە ھۆرمەت بولمىغاي،
ئەقىلسىز ئادەم ئۇ بىر ئۇچۇملا لاي. (297

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم — بايلىق، بىلىمسىز كىشىنىڭ سۆزى قۇرۇق، ھەتتاكى ئۇنىڭ ئىدراكى ئاجىز بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

مۇتەپەككۇر ئالىم ئەتراپتىكى رېئاللىقنى بىلىشنىڭ ھەم چەكسىز ھەم نىسپىي بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئالىم بىزگە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر ئۆزلىرى يەتكەن نۇقتىدا توختاپ قالمايدۇ. ئۇلار قانچىلىك بىلىملىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنە داۋاملىق ئۆز بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. چۈنكى، بىلىم چەكسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ. شائىر يۇقىرىقى قارىشىنى مۇنۇ مىسرالاردا ئېنىق كۆرسەتكەن:

بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.
(6605)
نېچە بىلگەن بولساڭ، يەنە ھەم تىلە،

بىلىملىك يېتەر، كور، تىلەككە، سورا.
(6607)
بىلىم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۈۋى،
نېچەلىك سۇمۇرگەي سۇ سۇندۇك شورا.
(6609)

يىغىنچاقلىغاندا، گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدە پان

ئىلاھشۇناسلىق دۇنيا قاراش ئاساسى ئورنىدا تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىرقاتار مەسىلىلەرگە بولغان بىلىشىدە ماتېرىيالىزملىق ۋە دىئالېكتىكىلىق خاھىش مەۋجۇت. بۇ مۇتەپەككۇر ئالىم ئالەمنىڭ شەكلى قۇرۇلمىسىغا قارىتا ئۆزگىچە قاراشنى، بىلىشنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ماھىيىتىنى بىلىش ھەققىدىكى نەزەرىيىنى، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنىڭ ئەقلى قۇۋۋەت ئەزاسى بولۇش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتى جەريانىدا ئىدراك ۋە بىلىشنىڭ رولى قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىزاھلار:

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى 20 - بەت.

② كىچىك ئىرناق ئىچىدىكى سانلار «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بېيىتلارنىڭ تەرتىپ نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

③ فارابى: «پەلسەپە ئەسەرلىرى»، رۇسچە نەشرى، 232 — 235 - بەتلەر، 1972 - يىل ئالمۇتا نەشرى.

④ «ئىبىن سىنا ۋە ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى» رۇسچە نەشرى، 116 - بەت، 1981 - يىلى دۇشەنبە نەشرى.

⑤ «قەدىمكى جۇڭگو پەلسەپىسى» ئىككى توملۇق رۇسچە نەشرى 106 -، 107 - بەتلەر، 1973 - يىل موسكۋا نەشرى.

⑥ «جۇڭگو پەلسەپە تارىخى» رۇسچە نەشرى 30 -، 40 - بەتلەر، 1989 - يىل موسكۋا نەشرى.

تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىرجان مۇھەممەت

قوشۇمچە:

## پروفېسسور ئەزىز نارىنبايوۋنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى



ئەزىز ئەيساجان ئوغلى نارىنبايوۋ 1924 - يىلى قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھىرىدە ناۋاي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. (نارىنبايوۋنىڭ بوۋا ۋە مومىسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا قەشقەردىن قاراقولغا كۆچۈپ بارغانىكەن). ئۇ سەككىز يىللىق ئۆزبېك مەكتىپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قاراقولدىكى قىرغىزچە پېداگوگىكا تېخنىكۇمىغا كىرگەن. 1941 - يىلى فرۇنزى(بىشكەك) شەھىرىدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى

پارتىلىغاندىن كېيىن، شۇ يىلى پىدائىيلار سېپىگە كىرىپ تاكى 45 - يىلىنىڭ فېۋرالغىچە ئالدىنقى سەپتە تانكىغا قارشى زەمبىرەكچىلەر پولكىدا تۇرۇپ جەڭگە قاتناشقان. تۆت يىللىق شەرەپلىك ھاياتتا كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرگەن. بىرنەچچە قېتىم ئالىي ئوردېن ۋە مېداللار ئالغان. 1945 - يىلى مىنىسكىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا ئېغىر يارىلانغاندىن كېيىن، ئارقا سەپ قىرغىزىستانغا قايتىپ كېلىپ بىر تەرەپتىن داۋالانغان، يەنە بىر تەرەپتىن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر ئۇ مەكتەپنى 1947 - يىلى ئەلا باھا بىلەن تاماملىغان. شۇ يىلى ئۆزى پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسىغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدۇرۇلغان. 1950 - يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپىرانتورىيىسىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا بارغان. 1953 - يىلى «قىرغىز سوتسىيالىستىك مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە سوۋېت دۆلىتىنىڭ رولى» ناملىق دىسسېرتاتسىيىسىنى ياقلاپ پەلسەپە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى ئۇنۋانى ئالغان. موسكۋادىكى ئوقۇشنى تاماملاپ قىرغىزىستانغا قايتقاندىن كېيىن، جۇمھۇرىيەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، پەلسەپە كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، ئىشتىن سىرت ئوقۇيدىغان پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى قاتارلىق كۆپ خىل ۋەزىپىلەردە بولغان. 1968 - يىلدىن باشلاپ قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە ئىنستىتۇتىدا بۆلۈم باشلىقى، كافېدرا مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرغان. 1970 - يىلى فرونزىدا «سوتسىيالىستىك مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى» دېگەن ماۋزۇدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلىغان. 1977 - يىلى پەلسەپە پەنلىرىنىڭ پروفېسسورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئالىمنىڭ 250 پارچىدەك ئىلمىي ماقالىسى، 15 پارچە كىتابى رۇس، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز تىلىدا نەشر قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە: «سوتسىيالىستىك مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ بەزىبىر مەسىلىلىرى»، «لېنىن سوتسىيالىستىك مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا»، «دىئالېكتىكا ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرى»، «XX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى تەپەككۇرى» ۋەھاكازالار بار. ئالىم ستودېنت ۋە ئاسپىرانتلارغا پەلسەپىگە ئائىت كۆپ خىل پايدىلىنىش كىتابلىرىنى تۈزگەن. ئوندىن ئارتۇق پەلسەپە پەنلىرى كاندىداتىنى ۋە ئىككى نەپەر پەلسەپە پەنلىرى دوكتورىنى تەييارلىغان. نارىنباييۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ساھەدىكى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، 1989 - يىلى قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. ئالىمنىڭ كۆپ يىللىق خىزمىتى ئۈچۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇنىڭغا «ھۆرمەت ئوردېنى» نى بەرگەن. قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى «ھۆرمەت گۇۋاھنامىسى»، «مۇنەۋۋەر خەلق مائارىپچىسى» دېگەن مېدال بىلەن مۇكاپاتلىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تاھىر ۋە زوھرە

(داستان)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسراپىل يۇسۇپ

مۇھەررىردىن: «تاھىر – زوھرە» داستانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فولكلور خەزىنىسىدىكى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان قىممەتلىك مىراسلاردىن بىرى. بۇ داستان خەلقىمىز ئىچىدە نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئۈزۈلمەي ئېيتىلىپ كەلگەن، قەلەمگە ئېلىنغان ۋە كەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ۋەقەلىكى، پېرسوناژلىرى تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمىي خانلىقلار، تارىخىي شەخسلەر ۋە يەر نامىلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ داستان ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈي – ئاھاڭلار ۋە شېئىر – قوشاقلار خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ياراتقان مۇزىكا ۋە لىرىكا بايلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ ھال «تاھىر – زوھرە» داستانىغا كۈچلۈك مىللىي خاراكتېر ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى بەخش ئەتكەن. خەلقىمىز ئىچىدە «تاھىر – زوھرە»نىڭ خىلمۇ خىل نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنى يىغىپ، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ھازىرقى فولكلورشۇناسلىرىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. يەنە شۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇشىمىز زۆرۈركى، «تاھىر – زوھرە» داستانى يالغۇز ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقىلىپ، ئىزچىل ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان داستانلاردىن بىرى. شۇڭا بۇ داستاننىڭ قېرىنداش مىللەتلەردىكى ۋارىيانتلىرىغىمۇ دىققەت قىلىشىمىزغا، ئۇنىڭ بىزدىكى نۇسخىلار بىلەن بولغان ئورتاقلىقلىرى ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ قېتىم كىتابخانلىرىمىزغا تونۇشتۇرۇۋاتقان بۇ نۇسخا «تاھىر – زوھرە»نىڭ تاتارچە ۋارىيانتى بولۇپ، بۇ ئەسەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنت غۇلامىيە مەتبەئەسىدە چاپ قىلىنغان. بۇ چاپ نۇسخىمۇ خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ تارقالغان. بۇ نۇسخا ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرلار روشەن ھالدا خاسلىققا ئىگە. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ بىرمۇنچە ئۆزگىچىلىكلەر بار. بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئۇنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان ھالدا، تىل جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قىسمەن ماسلاشتۇرۇلدى.

*

رىۋايەت قىلغۇچىلار، ئىشق - مۇھەببەت ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەر قەدىمىي داستانلار بوستانلىقىدىن دۇردانىلەر تېرىپ، مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

تاتار دېگەن بىر ۋىلايەت بار بولۇپ، ناھايىتى كاتتا ۋىلايەت ئىدى. ئۇنىڭ بىر پادىشاھى بولۇپ، ئىسمى باباخان شاھ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ناھايىتى ئۇلۇغ پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ باھىر ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنىڭ ئوغلى ياكى قىزى يوق بولغاچقا، پەرزەنتسىزلىكىدىن بەكمۇ غەمكىن بولۇپ، سەلتەنەت بىلەن كارى قالمىغانىدى. بىر كۈنى، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئۆزلىرىنى خىلۋەتكە ئېلىپ بىر مەسلىھەت قىلىشتى. پادىشاھ: «ئەي باھىر ۋەزىر، مېنىڭ ۋە سېنىڭ ئوغلىمىز ياكى قىزىمىز يوق. پەرزەنتى يوق ئادەمگە بۇ مەملىكەت ھارامدۇر. كەل، ئىككىمىز بېشىمىزنى ئېلىپ بىر ياققا كېتەيلى» دېدى. ۋەزىر بۇ مەسلىھەتنى ياخشى كۆرۈپ قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئەتىسى تاڭ سەھەردە، نامازدىن بۇرۇن يولغا ئاتلاندى ۋە ھېچكىمگە تۇيدۇرماي چۆل - باياۋان تەرەپكە قاراپ كېتىشتى. ئۇلار ناماز ۋاقتىدا بىر قەبرىستانلىققا يېتىپ باردى. ئۇ كونا قەبرىستانلىق ئىدى. ئۇلار ئىككىسى ئىركىشىپ يۈرۈپ، كونا پاتقاندا قەبرىستانلىقنىڭ ئىچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار: «قەبرىستان دېگەن ئادەمزاتنىڭ بولىدۇ، شۇنىڭ ئىچىدە ياتايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، بىر كونا قەبرە ئىچىگە كىرىپ يېتىشتى. ئۇلار ئىككىسى ئاللاتائالاغا مۇناجات ئوقۇدى. پادىشاھ سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

دەرگاھىڭا يۈزۈم تۇتتۇم ياراتقان،
سەن مېنىڭ دەردىمگە دەلالەت ئەيلە.
سەنسەن مېنى ئەۋەل يوقتىن بار ئەتكەن،
بۇزۇلغان شەھرىمنى ئىمارەت ئەيلە.
شۈكرىم كۆپتۇر تانىماق بولماس يولىڭدىن،
ئەل كۆتەردىم مەملىكەتتىن مالىڭدىن،
كەرەملىك زاتىڭدىن، قۇدرەت قولۇڭدىن،
بىر پەرزەند سىلەرنى سەخاۋەت ئەيلە.
زەھەر ئىچەرمەن شەربەتىم يوق، بالىم يوق،
جۇدا تۇشتۇم ۋەتەنىم يوق، ئېلىم يوق،
ئورنۇم تۇتقان ئەۋلادىم يوق، ئوغلۇم يوق،
ھالىمغا ھامىي بول، ھىمايەت ئەيلە.
سېنىڭ تۇفەيلىڭدىن جاھان مۇنەۋۋەر،
پەخرى جاھان سەنسەن ئالەمگە سەرۋەر،
ھەقنىڭ دوستى سەن، سەن رەسۇل پەيغەمبەر،
ئىككى دۇنيا ماڭا شەفائەت ئەيلە.
يۇرتنىڭ شاھى مەنەم، باباخان ئاتىم،
باھىر ۋەزىرىمدۇر كۆڭلۈمدە شادىم،
ئولمادى ئورنۇمدا ئوغۇل زۇررىيادىم،
ئىككىمىزگە پەرزەند ئىنايەت ئەيلە.

.. ئەلقىسسە، باباخان سۆزىنى تامام قىلدى. ئۇلار بۇ كېچە بۇ كونا قەبرە ئىچىدە بولدى. پىراق كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. سەھەر ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلدى. باھىر ۋەزىر ئۇخلاۋېتىپ، چۈشىدە پادىشاھ بىر بالىنى قويىنىغا سالغانلىقىنى كۆردى ۋە شۇ ھامان ئويغىنىپ كەتتى. قەبرىدىن: «پادىشاھقا قىز، باھىر ۋەزىرگە ئوغۇل بېرىلدى!» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ ئاۋازدىن پادىشاھ ئويغاندى ۋە: «ئەي ۋەزىر، نېمە ئەھۋال كۆردۈڭ؟» دەپ سورىدى. باھىر ۋەزىر: «ئەي پادىشاھىم، بەختىڭ ئېچىلدى. مەن بىر ئەھۋال كۆردۈم» دېدى ۋە مۇنداق بايان قىلدى:

ئەي شاھىم، ياتاردىم بىر ئەھۋال كۆردۇم،
رەھمەت مەيى مېنى مەستان ئەيلەدى.
مەقسەدنىڭ ھەق بەردى تەبىرىدىن ئۆردىم،
بارچە مۇشكىللارنىڭ ئاسان ئەيلەدى.
ھەفتەتەن، چىھىل تەن سېپەتەن بارچە جەمئىي بولدى
قولىن ئاچىپ ھەقغە مۇناجات قىلدى.
تىلەدى مۇرادنىڭ خۇدادىن ئالدى،
ھەركىمگە بىر زۇرىيات ئەيان ئەيلەدى.
دەۋلەت قۇشى بۇگۈن قوندى باشىڭا،
رەھىم ئەيلەدى كۆزدىن ئاققان ياشىڭا.
ئىككى ئەنۋەر تۇغۇپ كەلدى قاشىڭا،
نۇرىدىن جەھاننى بوستان ئەيلەدى.
ئىككى ئەنۋەر بىر بىرىدىن زىيادە،
لەبلەرىدە شەراب قولىدە بادە.
ئۇ ھالىم بەرھەقدۇر يەتدىڭ مۇرادە،
مېنىڭ كۆڭلۈم بۇيلە گۇمان ئەيلەدى.
باھىر دېيەر بۇدۇر كۆرگەن ئەھۋالىم،
سىزلەرگە نامەلۇم، ئۆزىمگە مەئلۇم.
بىر كۈن چىقار ئىككى سەرۋى نىھالىم،
بىزنىڭ بىرلە ئەھدۇ ئەمان ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەزىرنىڭ يۈزىگە سۈيدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئەي ۋەزىر، ئەگەر سەن ئېيتقان ئەھۋال راست بولۇپ، ئاللاتائالا ئىككىمىزگە ئوغۇل بەرسە، ئىككىسى ئاكا ـ ئۇكا بولسۇن؛ قىز بەرسە، ئىككىسى ئىگەچە ـ سىڭىل بولسۇن؛ ئەگەر بىر ئوغۇل، بىر قىز بەرسە، ئۇلار بىرى بىرى بىلەن جۈپ بولسۇن.» ۋەزىر مۇنداق دېدى: «پادىشاھىي ئالەم، دۆلىتىڭ مۇستەھكەم بولسۇن. بۇ ئەھدىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سەن بىر پادىشاھ، مەن چاكار ـ خىزمەتكارىڭمەن.» پادىشاھ: «بۇ ئەھدىگە ئەھدىنامە يېزىپ بېرەي» دېدى، ئاندىن قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ ئەھدىنامە يازدى ۋە ۋەللاھۇلئەزىم دەپ قەسەم قىلىپ مۆھۈر بېسىپ، ئەھدىنامىنى ۋەزىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ۋەزىرنىڭ بۇ ئىشتىن كۆڭلى خۇش بولدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى شەھەرگە قايتىپ كەلدى. پادىشاھنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە شاھىجاھان ئاتلىق بىر ئايالى بار ئىدى. ۋەزىرنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى شاھىخوبان دەپ ئاتىلاتتى. شۇ كېچىسى پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئۆز خوتۇنلىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشتى. پادىشاھ ۋە ۋەزىرنىڭ خوتۇنلىرى ھامىلدار بولدى. توققۇز ئاي، (توققۇز كۈن) *، توققۇز سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئايالىنىڭ ھامىلدارلىق مۇددىتى توشۇپ، پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار بولدى. ئۇ قىز قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق، يۈزلىرى جەننەت گۈلىدەك، ئۇنى جەننەت بۇلبۇلىنىڭ سايرىشىدەك، چىرايى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بولۇپ، يۈزلىرىدە ئىشق نۇرى ئاشكارا بولدى. پادىشاھنىڭ سۆيۈنچى ئاتلىق بىر كېنىزىكى بولۇپ، پادىشاھقا: «ئەي پادىشاھىي ئالەم، دۆلىتىڭنىڭ چىرىغى يېنىپ، شاھىجاھاندىن بىر ئاپتاپ تۇغۇلدى.» دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن ئۇ كېنىزىكىگە نۇرغۇن ئىنئام بەردى ۋە ئۇنى ئازاد قىلىۋەتتى. پادىشاھ يەنە شەھەرگە كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقى چىقىرىپ، نۇرغۇن تۇتقۇنلارنى ئازاد قىلدى، پۇقرالارغا خەيرى ـ ئېھسانلار قىلىپ، توققۇز كېچە ـ كۈندۈز توي بەردى. ئۇ، شەھەرنىڭ ئىلمى نۇجۇمىدىن خەۋەردار ئۆلىما ـ ھۆكۈمالىرىنى يىغدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە لايىق ئىنئام ـ ئېھسانلار بېرىپ، ئۆزىنىڭ نۇرلۇق ئېيىغا

* ئەسلى تېكىستتە «توققۇز ئاي، توققۇز سائەت...» دەپ يېزىلغان.

بىر ئات قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھۆكۈمالار پەلەك يۇلتۇزلىرىنى ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھېسابلاپ، يۇلتۇزلىرى ئون ئىككى بولغاندا، «يۈزى زوھرىنىڭ ئىسمىمۇ زوھرە بولسۇن» دېدى. ھەممە كىشىلەر مۇبارەكلەشتى، ھۆكۈمالارغا كۆپ ئىنئام بېرىلدى. شۇ چاغلاردا، شەھەردە موللانەفس ئاتلىق مەڭلىك بىر كىشى بار ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭ خوتۇنىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، قىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۇ ئايالمۇ مەڭلىك كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ زوھرەگە تەربىيەچى بولۇپ، ئۇنى پەرۋىش قىلىشقا باشلىدى. زوھرە قىزنىڭ يۈرىكىدە ئىشق ئىستىكى بولغانلىقتىن، ھەمىشە يىغلاشتىن باشقا ئىشى يوق ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ھۆسنى كۈندىن-كۈنگە زىيادە بولدى. كۆرگەن ئادەم ئەقلىنى يوقىتىپ ئۇنىڭغا مايىل بولاتتى. ئۇنىڭ ھۆسنىنىڭ تەرىپى جاھانغا پۇر كەتتى. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە شەيتان ۋەسۋەسىسى قوزغالدى. ئۇ: «مەن بىر پادىشاھ، باھىر بولسا بىر غۇلام. مۇبادا باھىرنىڭ ئوغلى بولسا، جەننەت گۈلىنى نېمىشقا بىر دوزىگە ھەمسۆھبەت قىلغۇدەكمەن. بۇ ئىشلارنى ئويلانماي، ئەقلىمنى شامالغا بېرىپ، نېمىشقىمۇ بۇنداق ئەھدىنامە يازغان بولغىيتتىم.» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ، كۆپ پۇشايمان قىلدى. ئاخىرىدا، كۆڭلىگە پەيلى شەيتاننى كەلتۈرۈپ، «مېنىڭ بىلەن باھىرنىڭ ئەھدىنى كىم كۆرۈپتۇ. ئۇ گەرچە ۋەزىرنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، قىزىمغا ئۇنى لايىق كۆرمەيمەن» دېگەن پىكىرگە كەلدى.

بىر كۈنى باھىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇنىڭ ھۆسنى ئاي ۋە كۈندىنمۇ زىيادە بولۇپ، يۈزىدە نۇر جىلۋە قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈزىنى شاھلار كۆرسە، باشلىرىدىكى تاجىنى ئۇنىڭغا لايىق كۆرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن زوھرە ئىككىسى گويا بىر ئالمىنى ئىككىگە بۆلۈپ قويغاندەك ئىدى. ۋەزىر ئوغلى ئۈچۈن توي بېرىپ، ئۇنىڭغا مىرزا تاھىر دەپ ئات قويدى. تاھىرغىمۇ تەربىيەچى بەلگىلىدى. تەربىيەچىلەر تاھىر، زوھرە ئىككىسىنى كىشىلەرنىڭ كۆز ۋە تىلىنى تەگكۈزمەي ئاسراپ باققىلى يەتتە يىل بولدى، ئۇلار يەتتە ياشقا كىردى. بىراق پەلەكنىڭ كاجلىقى تۈپەيلىدىن باھىر ۋەزىرگە كېسەل تېگىپ، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. «بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز»① ۋەزىرنىڭ ئورنىدا دۈشمەن ئولتۇردى. دەۋران تاھىرلاردىن يۈز ئۆرۈدى.

ئەمدى سۆزنى باباخان شاھ تەرەپتىن ئاڭلايلى. شاھ قىزى يەتتە ياشقا كىرگەندىن كېيىن، موللا نەفس ئاخۇننى ئۇستاز قىلىپ، زوھرە جاننى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. زوھرە بىلەن تاھىر مەكتەپ ئىچىدە بولغان زامان، موللا ۋە بارلىق بالىلاردا، گويا ئۇلار جەننەت ئىچىدە ئولتۇرغاندەك بىر خىل شادلىق پەيدا بولاتتى. زوھرە بىلەن تاھىر بالىلار ئىچىدە گويا ئاي بىلەن كۈندەك، ئۇلارنىڭ سىرتىدا يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ زېھنىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئۇستازى بىر قېتىملا سۆزلەپ بەرسە، ساۋاقلىرىنى بىلىۋالاتتى. ئىككىسى بىر-بىرىگە قاراشقاندا، ئىشق ئوقى ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن ئۆتۈپ

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986-يىل نەشرى، 24-بەت، سۈرە بەقەرە 156-ئايەت.

www.uyghurkitap.com



كېتەتتى. ئۇلار بىر-بىرىنى بىر سائەت كۆرمىسە، دىۋانە بولاتتى. ئۇلار مەكتەپكە كېلىدىغان چاغدا بىللە كېلەتتى، قايتىدىغان چاغدىمۇ بىللە ياناتتى. كۈنلەر شۇ تەرزدە ئۆتۈۋاتاتتى. بىر كۈنى، تاھىربېك زوھرە بىلەن ئۇچرىشىدىغان يەرگە كەلدى، بىراق زوھرە قىز كەلمىدى. تاھىربېكنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشۈپ، زوھرەم بىر ھادىسىگە ئۇچراپ كەلمىدى بولغاي دەپ ئىنتىزار بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ يېنىدىن مەكتەپتە بىللە ئوقۇيدىغان گۈلقەمەر ئاتلىق قىز ئۆتتى. تاھىر: «ئەي گۈلقەمەرجان، بىرئاز توختاڭ» دېدى. گۈلقەمەر توختىدى. تاھىرجان زوھرەجاندىن خەۋەر سوراپ، مۇنداق بېيىت ئوقۇدى.

سوئال:
گۈلقەمەرجان خەبەر بەرگىن بىزلەرگە،
ھەمسىرداشىڭ زوھرەجاننى كۆردىڭمۇ؟
قۇربان ئولسام شەھدۇ شەكەر سۆزلەرگە،
كۆڭلۈم ئالغان دىلرەبانى كۆردىڭمۇ؟

جاۋاب:
ياردىن كەلمەس دەبان گۇمان ئەيلەمە،
كېلۈر زوھرەجانىم غەمكىن ئولماغىل.
تىيى كۈنلەرنىڭ ئاخىر زەمان ئەيلەمە،
كېلۈر زوھرەجانىم غەمكىن ئولماغىل.

سوئال:
تۈن بىلەن ئايرىلدىم ئەئلا سويەدىن،
يا مەنىڭ ئەتدى بىر سۆز يەتدى ئانادىن،
نە ئۇچۇن يۈز ئۆرۈمىش مەكتەپ خانەدىن،
تازە چىققان تەر غۇنچەنى كۆردىڭمۇ؟

جاۋاب:
راست قامەتى ئەلۋانى ياشلار ئىچىندە،
خەلقنىڭ نەزەرگاھى تويلار ئىچىندە،
تەختىن قۇرمىش ئۆزى ئويلار ئىچىندە،
كېلۈر زوھرەجانىم غەمكىن بولماغىل.

سوئال:
ئالا كۆز ئاق ھەيران ئەقلىمنى ئالدى،
ئىنگىلەندى كەلمەدى نەچۈك سىر بولدى،
سېبەقلەر پىشمايىپ بەندۋان قالدى،
شاھىنىڭ قىزى شەھزادەنى كۆردىڭمۇ؟

جاۋاب:
تويىغە سەيران ئەتدى قىزلارنىڭ خانى،
يانىدە قىرق كەنىز چوغ نەۋجەۋانى،
ياندۇرۇپ-كۆيدۇرۇپ جۈملە جەھانى،
كېلۈر زوھرەجانىم غەمكىن بولماغىل.

سوئال:
نەچۈك تويدۇر ئۈشبۇ كۈنلەر تۇتۇلغان،
ئېھسانىنىڭ ئورنىغە ئىسيان ياقىلغان،
زوھرە بەندى بولۇپ قەمەر تۇتۇلغان،
جاندىن ئەزىز ئول جانانىنى كۆردىڭمۇ؟

جاۋاب:
مەن ساڭا سۆزلەرمەن سەر زەبانىم،
ساڭا يالغان دېمەن تۆكۈلسە قانىم،
يېتۈشۈر دەمبەدەم سەبرىڭلە جانىم،
كېلۈر زوھرەجانىم غەمكىن ئولماغىل.

سوئال:
تاھىر دېيەر باشىم مېھنەت تاشىندە،
يىغلاپ ئۆتەر بولدۇم يەھيا ياشىندە،
بۆزىم مۇندە كۆڭلۈم يارنىڭ قاشىندە،
كۆڭۈل ئاتلىغ سەرگەردانىنى كۆردىڭمۇ؟

جاۋاب:
گۈلقەمەردەر: باشىم سىزلەرگە بەندە،
كۆردۈم كۆڭۈللەرنى ھىجران شەبىندە،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ياردە، يار كۆڭلى سەندە،
كېلۈر زوھرەجانىم غەمكىن ئولماغىل.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزلەرنى تامام ئەتكەندىن كېيىن، گۈلقەمەر قىز مەكتەپكە كەتتى. تاھىربېك ئىككى سائەت كۈتتى، زوھرە كەلمىدى. ئاخىرى تاھىرنىڭ تاقىتى قالماي، زوھرە قىزنىڭ بىر بېغىغا راۋان بولدى. ئۇ باغقا كىرىپ، بىر ئېگىز دەرەختكە چىقىپ، باغ يولىغا قاراپ، زوھرە قىزنىڭ كېنىزەكلىرى بىلەن جاھاننى نۇرغا تولدۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تاھىربېكنىڭ چىرايى زەپىرانىدەك سارغىيىپ كەتتى. زوھرەنىڭ كېلىشىگە، تاھىر ئۇنىڭ كىيگەن ئېسىل كىيىملىرىنى كۆرۈپ، ئەقلى ھەيران بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلدى. زوھرە قىز ئەتراپىغا يۈز كېنىزەكنى ئېلىپ، ھەر قولدا بىردىن قىزىل ئالما تۇتقان، بويىنىغا قىزىل تىللادىن ئىشلەنگەن ھەپتىيەك سومكىسىنى ئاسقان ھالدا مەستانە يۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. زوھرەجاننىڭ كېلىشىگە تاھىر مۇنداق دېدى:

ھۆسنى مىڭ تۈمەن بەھالى،
دىلبەرىم - دىلدارىم كەلدى.
سورماغە كەلمىش بۇ ھالى،
غەم دەفئى غەمخارىم كەلدى.

قوۋاندىم رەڭگى ئالىنە،
ئالداندىم' بىكرى ئالىنە،
قولىن دالدالاپ ئالىنە،
زۇلفلارى شۇمارىم كەلدى.

لەبىڭدىن نېئمەت ساچىلە،
مېھرىبان بولۇپ ئاچىلە.
سۇنبۇل بەھس ئەتمەس ساچ ئىلە،
جان رىشتەسى تارىم كەلدى.

جىلۋەسى ئالەم نارىدۇر،
ئەلفازى بىزدىن نارىدۇر،
ئالىندە ئالمە نارىدۇر،
كۆزلەرى خۇنخارىم كەلدى.

قوي يارىداشىڭ ئالمەنى،
بەزم ئۈچۈن باز ئالمەنى،
ئاق يۈزى ئىككى ئالمەنى،
ئالمە بىلەن نارىم كەلدى.

جەمالى ئالەم يارىدۇر،
ھەر زۇلفى ئالەم يارىدۇر،
كۆرگەن دەر كىمنىڭ يارىدۇر،
ئۇل فەسلى بەھارىم كەلدى.

يەل تەگسە يارىم داغىدۇر،
سىينەمدە زۇلفۇڭ داغىدۇر،
يەتمەسمەن يارىم داغى دۇر،
كۆزى ۋەفادارىم كەلدى.

ئاق يۈزدە نۇقەت نىھالى،
تاھىرنىڭ كېچەر نە ھالى،
سەرۋى ئاتى قەد نىھالى،
ساقى گۈل رۇخسارىم كەلدى.

ئەلقىسسە، تاھىربېك بۇ سۆزلىرىنى تامام قىلدى. شۇ چاغدا زوھرە قىز يېتىپ كەلدى. ئاشىق تاھىر دەرەختىن چۈشتى. ئىككىسى سۆيۈشۈپ، قۇچاقلىشىپ، بىر سائەت خۇشال ئولتۇرۇشتى. ئاندىن تاھىر زوھرە بىلەن مەخپىي جايدا ئېپىشقىنىغا خۇشال بولۇپ ۋە زوھرەنىڭ كەچ كەلگىنىگە ئاتاپ بىر بېيىت ئوقۇدى:

ئول شەمس ئەنۋەر يۈزلىكىم كۆرمەگەي ئېردىم كاشكى،
ئەۋۋەلدە كۆڭلۈم مەن ساڭا بەرمەگەي ئېردىم كاشكى.
ئەي بۇلبۇلى باغى ئىرەم، ئەي مېھرىبان زېبا سەنەم،
لەئلىڭ زەكاتىن دەمبەدەم سورماغاي ئېردىم كاشكى.
ئىشقىڭدە مەن، ئەي بىخەبەر، يىغلاپ كېزىپ شامۇ سەھەر،
ھىجران چېكىپ خۇنى جىگەر تىلمەگەي ئېردىم كاشكى.
سەن جىلۋە ئەيلەپ جان ئارا، دىۋانە مەن ئىنسان ئارا،
باشىم سالىپ مەيدان ئارا كىرمەگەي ئېردىم كاشكى.
ئىزلەپ ۋىسالىڭ مەن گەدا، قىلدىم ئەزىز جانىم فىدا،
ھەمدەت ئىتەكىن بىلمەي چالماغاي ئېردىم كاشكى.
تاھىر دېيەر، ئەي باكەرەم، بولدى سويىئى لاجەرەم،
مەردانەۋار ئىشققە قەدەم قويماغاي ئېردىم كاشكى.

تاھىر سۆزىنى تامام قىلدى. زوھرە قىزنىڭ ئىشقى جۇش ئۇرۇپ: «ئەي تاھىرجان، جېنىم يولۇڭغا تەسەددۇق. يۈر مەكتەپكە بارايلى» دەپ، تاھىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ مەكتەپكە قاراپ راۋان بولدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئاشىق - مەشۇقلۇقى جاھانغا مەشھۇر بولدى. بىراق، پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ ئەھد - پەيمانلىرىدىن ئەلنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. بىر كۈنى، ئۇلار بۇرۇنقىدەك بىللە مەكتەپكە ماڭدى. يول ئۈستىدە بىر قېرى كەمپىرنىڭ يىكى بولۇپ، تاھىر ئېتىپ، تۇتۇپ ئويناپ كېتىۋاتقان قىزىل ھوشۇق ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ يىكىنىڭ يىپىنى ئۈزۈۋەتتى. قېرى كەمپىر چىقىپ: «ھەي قوزىلىرىم، مەن بىر غېرىبىمەن، سىزلەر بەگزادە. سىزلەرگە يامان گەپ قىلىشتىن قورقىمەن. ئەمما، سىزلەرگە ئىككى كەلىمە ئەرزىم بار» دەپ مۇنداق بېيىت ئوقۇدى:

تاھىرجان، ھەزىل ئەيلەمە ماڭا، ھەزىل ئەيلە زوھرەجان بىلە،
ئويناپ كۈلۈشمەك ياراشماس بىر كەمپىر جۇۋان بىلە.
ھەركىم ئوينار ئۆز تەڭىنە، ياش ئۇرمە دۇنيا چەڭىنە،
غەفلەتتە قالىپ سوڭىنە، ئۆتمەگەي ئەرمان بىلە.
ئاراڭىزدە بىر سۆز باردۇر، شاھ ۋەزىرگە ئاشكارەدۇر،
شەھەر ئېلى خەبەرداردۇر ئەيان ئېرمەس گۇمان بىلە.
يامان يولدۇر ئىشقىڭ يولى، بولارسەن دىۋانە دالى،
تەھقىقىنى سورغىل دەرمەن ئاناڭ شاھخېبان بىلە.
يۈزلەرىدۇر جەننەت گۈلى، زۇلفلارى سەۋسەن، سۇنبۇلى،
تاۋۇشى ئىرەم بۇلبۇلى، ئۆرتەرسىز فىغان بىلە.
قارىلەرىنىڭ پەندىن ئالساڭ، غەرىبلەرغە رەھم قىلساڭ،
زوھرەجانە ھەمدەم بولساڭ، ئۆتەر ئۆمرىڭ دەۋران بىلە.

قارى ئايتۇر: بۇدۇر سۆزىم كۆپ مەھنەتلەر كۆردى كۆزۈم،
سەن ئوغلۇم، زوھرەجان قىزىم، ئەھدىڭىز بار ئەمان بىلە.

ئەلقىسسە، تاھىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، يۈرىكىگە ئوت چۈشتى. ئويۇندىن بىزار بولۇپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا باردى ۋە «ئانا، كىشىلەر دالا سەيلىسىگە كېتىۋاتىدۇ. ماڭا قوماچ قورۇپ بەرسەڭ مەنمۇ بارسام» دېدى، ئانىسى بىچارە قوماچ قورۇپ، «ئال قوزام» دېدى. تاھىر: «ئەي ئانا، ئۆز قولۇڭ بىلەن بەرگەن بولساڭ، ماڭا ئاش بولاتتى» دېدى. ئانىسى بىچارە قوماچنى قولى بىلەن بەرمەكچى بولغاندا، تاھىر ئانىسىنىڭ قولىنى قوماچ بىلەن قوشۇپ چىڭ تۇتۇۋالدى. ئانىسى: «ئاھ! قولۇم كۆيدى، قويۇۋەتكىن» دېدى. تاھىر: «ئەي ئانا، بىر ئەرزىم بار، راستىنى ئېيتساڭ، قولۇڭنى قويۇۋېتىمەن» دېدى. ئانىسى ماقۇل بولدى. تاھىر ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى. ئانىسى: «نېمە ئەرزىڭ بار؟» دېدى. تاھىربېك: «ئاتام بىلەن پادىشاھنىڭ قانداق ئەھدى بار ئىدى؟» دەپ سورىدى. ئانىسى بىچارە زار-زار يىغلاپ: «ئەي ئوغلۇم — يۈرىكىمنىڭ قوۋۋىتى، سەن پۇقراسەن، ئۇ بولسا پادىشاھ. سەن ئۇ ئەھدىنى كۆزلىمىگىن. چۈنكى پاشا پىلغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئاتاڭ ھايات بولغان بولسا، ياخشى بولاتتى. ھازىر دۆلەت بىزنىڭ قولىمىزدىن كەتتى. شاھ ئەھدىسىنى بۇزدى» دېدى. تاھىر: «ئەي ئانا، بۇ ئەھۋالدىن بالدۇرراق خەۋەرلەندۈرگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى. ھازىرمۇ جېنىمنى زوھرە قىز ئۈچۈن پىدا قىلىمەن» دېدى ۋە ئىشق مېنىڭ ئىختىيارىمنى ئالدى دەپ، مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

زوھرەجاننىڭ ئاق يۈزىندە خالىنە،
كۆڭلۇم ھەۋەس، كۆزۈم ئىنتىزار ئەمدى.
ئىشقىڭ يولى ئۆرتەر تەنى زارىمنى،
بۇلبۇلمەن سەير ئەتكۈم گۈلئۇزارىمنى،
بىر زەمان كۆرمەسەم سەۋەر يارىمنى،
تەلبە كۆڭلۇم بولۇر بىقەرار ئەمدى.
كويۇندە قۇيۇندەك ئاۋارە بولسام،
چارەسىن تاپمايىن بىچارە بولسام،
زوھرامنى قاشىندە يۈز پارە بولسام،
مۇرادىم - مەقسەدىم ئاندە بار ئەمدى.
يالغۇز ئۆزۈم، يۈز دۈشمەندۇر شانىمەن،
ئاخىر بىر كۈن ناھەق قالۇر قانىمەن،
شەھنىڭ رەھمى كەلمەس شىرىن جانىمە،
ئاشىقلارگە ھەقدۇر مەدەدكار ئەمدى.
ئىشقىڭ ئوتى تۈشسە جەھاننى ئۆرتەر،
ئاتام ئۆلسە تەقدىر بىر يانە تارتار،
ئالتۇن يەردە ياتسە شۇئلەسى ئارتار،
گەۋھەر كۆلدە بولسە بولماس خار ئەمدى.
ھەق ئاشىقمەن ئىشق يولىندە ئۆتەرمەن،
يا رەب! مۇرادىمە قاچان يېتەرمەن،
زوھرە بىلە سەيلە باغە كېتەرمەن،
ئاچىلىپتۇر باغدە گۈلئۇزار ئەمدى.
ھېچبىر خەبەر ئالماس ھالىمدىن،
نامەردتۇرمەن ئەگەر قايتسام يولىمدىن،
تاھىردۇرمەن قورقمىغايمەن ئۆلۈمدىن،
تۇرسەلەر قاشىمدە يۈزمىڭ دار ئەمدى.

ئەلقىسسە تاھىر سۆزىنى تامام قىلدى ۋە يانچۇقىغا ئازراق قوماچ سېلىپ، مەكتەپكە راۋان بولدى. مەكتەپتە زوھرەجان بارلىق باللارنىڭ خەلىپىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ موللىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئىسمى موللا نەفس مەرۋى شاھىجاھان بولۇپ، ئۇمۇ ئىشق يولىدا كۆپ جاپالار چەككەن كىشى ئىدى. مۇللىسى، تاھىر بىلەن زوھرە ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاشىقلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. بىر كۈنى، مۇللىسى: «ھەي زوھرەجان، تاھىرنىڭ دەرسىدىن بىخەۋەر قالمىغىن» دەپ تاپىلاپ، ئۆزى بىر ياققا كەتتى. ئىككى ئاشىق بىر ـ بىرىگە ساۋاقلىرىدىكى خاتالىقلىرىنى كۆرسەتكەچ، كۆز تاشلىشىپ، ئىشقلىرى ئون ھەسسە كۈچەيدى. زوھرە ھەربىر ناز قىلغاندا، تاھىرنى، ھەتتا ئالەمنى كۆيدۈرەتتى، تاھىر بىچارە ئۇنىڭغا پەرۋاندەك ئۆزىنى ئۇرۇپ، پەلەك بۇ ئىشىمىزنى ئازابلىق قىلمىسۇن دەپ يىغلىغان ھالدا: «ھەي زوھرەجان، ئاللا بىزگە جۇدالىق سالمىسۇن! ئىشقنىڭ يولى ئۇزاق ۋە تۈگىمەس چۆلدۇر. بۇ يولدا، جاپا ـ مۇشەققەت كۆپ كۆرۈلسە كېرەك. بىر مۇنچە ئاشىقلار ئىشق ئېلكىدە كۆپ ئازابلار تارتىپتۇ. ئىشق يولى تاغدىن ئېغىردۇر، ئىشق ئوتى دوزاخ ئوتىدىن يامانىدۇر. ئاللاتائالا ئىككىمىزنىڭ بېشىمىزغا ئۇنى سېلىپتۇ. شۇڭا مەردانە بولۇش كېرەك» دېدى. زوھرەجان: «مەن مەردانىدۇرمەن!» دەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تاھىرجان، بۇ يەردە مەردانە بولغىل،
بۈگۈن ئىشقنىڭ سەۋداسىغا تۈشمىشەم.
جانىم قۇربان ساڭا، مەردانە بولغىل،
بۈگۈن ئىشقنىڭ سەۋداسىنە تۈشمىشەم.
رەقىب بولسە بىزنى قىلۇر ئاشكارە،
مەلامەت كۆپ بولۇر، تاغ تۈشەر ئارە،
مەن قايتمايمەن ئەگەر قىلسە يۈز پارە،
بۈگۈن ئىشقنىڭ سەۋداسىنە تۈشمىشەم.
نە ئۈچۈن بۇ ھالدە كۆپ ئەيلەدىڭ زار،
كەتۈرسەن كۆڭلۈڭگە بىر ئايرىلىق بار،
ئاشنا بولماق ئاسان، ئايرىلماق دىشۋار،
بۈگۈن ئىشقنىڭ سەۋداسىنە تۈشمىشەم.
ئىشقنىڭ خەنجەرىندىن سىنەم جەراھەت،
ئۆيلەكىم ساغلىقنىڭ بولغىل سەلامەت،
ئەمدى مەندە نە سەبىر بار، نە تاقەت،
بۈگۈن ئىشقنىڭ سەۋداسىنە تۈشمىشەم.
بىر ئاجىزمەن كىم ئېشىتۈر بۇ دادىم،
مەگەر مەدەد بەرسۇن پىرىم ـ ئۇستادىم،
زوھرەجان بۇدۇر مەقسەد ـ مۇرادىم،
بۈگۈن ئىشقنىڭ سەۋداسىنە تۈشمىشەم.

ئەلقىسسە، زوھرەجان بۇ سۆزلىرىنى تامام قىلدى. يەنە: ئەي تاھىرجان، سەنمۇ بىر ۋاقىتلاردا بېشىڭغا ئۆلۈم ياكى زۇلۇم چۈشسە ئاتامدەك ئەھدىڭدىن يېنىۋالمىغىن. ئەگەر ئاۋات مەزگىلدە ئاشىقمەن دەپ، قىينالغان مەزگىلدە تېنىۋالساڭ، مېنى ۋە ئۆزۈڭنى مەسخىرە قىلغان بولىسەن» دېدى. تاھىر: «ئەي زوھرەجان، مېنىڭ ساڭا ئاشىقلىقىم مەڭگۈلۈكتۇر» دەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بىر ئاشىق مەستانىڭمەن، قورقمام جەللاد دارىڭدىن،
ئۆلسەم سېنىڭ قۇربانىڭمەن، ۋەھم ئەتمەگىل دىلدارىڭدىن.
سەن بىر گۈلسەن مەن خارىڭمەن، چىن ئاشىقى دىلدارىڭمەن،
مەستانە بۇلبۇل زارىڭمەن، قوغلاماساڭ گۈلزارىڭدىن.
ئىشق ئىچرە سېنى داغلىيام، فارھادۇ مەجنۇن چاغلىيام،

ئاتنڭ مەن بوينى باغلىيام، بەند ئولمشەم بىر تارىڭدىن.
كويۇڭدە تەلبە نادانەم، جان بێرىپ ئارزۇ دىيدارەم،
هۇسنىڭ باغىندە باغبانەم، تىزارمەن ئالمە، نارىڭدىن.
هەق نەزەر سالمىش ئۆزىڭە، قاشىڭا نەرگس كۆزىڭە،
دەۋامەت باقسام يۈزىڭغە، كۆزىم تويماس دىيدارىڭدىن.
لەيلى، شىرىن سەنچە باردۇر دێسەلەر، ئول سۆز بێكاردۇر،
تەلبە كۆڭلۈم ۋەهمداردۇر يۈزدە ئىككى شامارىڭدىن.
ئىشىق ئوتىنە پەرۋانە مەن، تاهىر دەر كۆندە يانەمەن،
ساغۇ كەلام دىۋانەمەن كەچمىشەم ناموس - ئارىمدىن.

ئەلقىسسە، تاهىر سۆزىنى تامام قىلدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن رازى بولۇشۇپ، سۆيۈشۈپ، قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى. تاهىر: «ئەي زوهرەجان، بۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق. يۈرۈڭ، باغ سەيلىسىگە بارايلى» دێدى. زوهرىنىڭ «هەياتۇننۇفۇس (گۈزەل هايات)» ئاتلىق بىر بێغى بار ئىدى. هەرقانداق غەمكىن كىشى بۇ باغقا كىرسە، شاد بولۇپ چىقاتتى. تاهىربێك زوهرەجاننىڭ مۇبارەك ئاپئاق قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ بىر غەزەل ئوقۇدى. تاهىربێكنىڭ غەزىلى:

بۇلبۇللارمەستئولمش،شەبنەم ساچىلمش،
يۈر، زوهرەجان، باغ سەيلىنە كێتەلى.
سىرىڭ مەئلۇم ئولۇر ياخشى - يامانە،
چاۋىڭ توشار ئون سەككىزىڭ مەكانە،
رەقىپ تۈيسە بىزنى قويماز دەۋرانە،
يۈر زوهرە قىز، باغ سەيلىنە كێتەلى.
ئەلغەدەي بويىڭنى ئوخشاتمە دالە،
قۇربان ئولاي سەرۋ قەددى نىهالە،
جانىم فىدا بولسۇن ئاق يۈزدە خالە،
تۇر، زوهرە قىز، باغ سەيلىنە كێتەلى.
بۇلبۇل سەيران ئێتەر گۈلدە، چەمەندە،
ئايرىلىق دەردىن كۆڭلۈم فىغانىدە،
تاهىر دێيەر ئەرمان قالماسۇن جاندە،
تۇر، زوهرە جان، باغ سەيلىنە كێتەلى.

ئەلقىسسە، زوهرە قىز: «كىمىكى ۋەدە بێرىپ بولۇپ، ۋەدىسىنى بۇزسا، ئىمانسىز - دۇر. ئاتام ئەهدىدىن يانسىمۇ مەن يانمايمەن. يۈر تاهىر، باغقا بارايلى» دێدى ۋە ئىككىسى باغقا مێڭىشتى. ئۇلار خۇددى لەيلى - مەجنۇندەك باغدا سەيلە قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى قىزىل، بىرى زەڭگەر رەڭلىك ئىگىن كىيگەن بولۇپ، گويا ئاسماندىكى هەسەن - هۈسەن باغدا سەيلە قىلىپ يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. گاه زوهرەنىڭ قوللىرى تاهىرنىڭ بوينىدا بولسا، گاه تاهىرنىڭ قوللىرى زوهرەنىڭ كۆكسىدە ئىدى. بۇ باغنىڭ باغۋەنىنىڭ ئىسمى هەسەن بولۇپ، چۈش ۋاقتىدا باغقا كىردى ۋە باغ ئىچىدە بىر ئاۋاز ئاڭلىدى. بىراق، ئۇ ئاۋازنىڭ قۇش ئۈنى، ئادەم ئاۋازى ياكى جىنلار تائىپىسىدىكىلەرنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، باغدىن تاشقىرىغا چىقتى. بۇ ئاۋازنىڭ نێمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ تێگىگە يەتمىسەم بولمايدۇ، ئەگەر قاراقچى

www.uyghurkitap.com

تۆپۆقسىز باغقا زىيان يەتكۈزۈپ قويسا، پادىشاھىمغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن دەپ ئويلاپ، يەنە باغ ئىچىگە كىرىپ، ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ بىلىنىدۇرمەي ئاۋاز چىققان جايغا يېقىن كەلدى. باغۋەن قارىسا، ئۇ يەردە تاھىر بىلەن زوھرە قىز تۇرغۇدەك. زوھرە قىز ئاشىقانە ئاۋاز بىلەن ئىنتايىن يېقىملىق بېيىت ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنى ئىنسى ـ جىن، يىرتقۇچ هايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارنىمۇ هەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە يېقىملىق ئىكەن. باغۋەنمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىدىن خۇددى يوقاتتى ۋە بىر سائەتتىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ، بۇلارغا زەرەر يەتكۈزمەي دەپ، ئۇلارغا كۆرۈنمەي باغدىن چىقىپ كەتتى. باغۋەن كېتىۋېتىپ، كۆڭلىگە يەنە شەيتان ۋەسۋەسىسى چۈشتى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە: «سەن ئۆمرۈڭدە گەپ ـ سۆز تېشۇماقتىن باشقا ئىش قىلمىدىڭ. بۇلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرغىنىڭ بىلەنمۇ جەننەتكە كىرەلمەيسەن. يەنىلا ئاۋالقى بەرىكەت تاپقان كەسپىڭدىن قول ئۈزمىگىن» دەپ، باباخاننىڭ هۇزۇرىغا كىرىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ: «كېرەملىك شاهىم، مەن خىزمەتكار قۇللىرىنىڭ جانابىي ئالىيلىرىغا ئەرزىم بار. ئەگەر توغرا كۆرسىلە، هۇزۇرى شەرىپلىرىدە ئەرزىمنى ئېيتقايمەن» دېدى ۋە بىر بېيىت ئوقۇدى. چېقىمچىنىڭ غەزىلى:

گۈل بىلە گۈلگۈن كىيىپ، باغ ئىچرە سەيران كەلدى گۈل،
گۈل تەماشاسىن قىلىپ، ئۆز بەرگىنى قان قىلدى گۈل.
گۈل بۇلار هالىغە گۈللەر، گۈلغە سەيران قىلدى گۈل،
رەشكىدىن رەم ئەيلەيۈپ ئەزمى بەيابان قىلدى گۈل.
مەن دېدىم: «يارەب! نەگۈلسەن، گۈلنى هەيران ئەيلەدىڭ؟»
سەرۋ قەددى بىرلە بۇ گۈللەرنى هەيران قىلدى گۈل.
گۈل كەلە سەرۋ خىرامان قەددىنى ئەيلەپ خىرام،
سەرۋنى ئەيلەپكى خۇررەم، گۈلنى خىرامان قىلدى گۈل.
گۈل يۈزىغە گۈلنى ئوخشاتسام گۈلە نې ئەيب ئېرۇر،
گۈلدىن ئۆزگە ئۆزىنە تەشبىهنى يەكسان قىلدى گۈل.
گۈل گۈلى گۈلگەشت ئۈزار، گۈللەر گۈلە هەيران بولۇپ،
شەبنەم ئېرمەس گۈل ئارا ۋەسل ئىچرە يەكسان قىلدى گۈل.
گۈل گۈلە بەهس ئەيلەسە، گۈل ـ گۈل مۇناسىپ گۈل گۈلە،
گۈلغە بۇلبۇل مەست ئېتەر، ئالەمنى مەستان قىلدى گۈل.
گۈل شىتابى سۇرئەتىدىن مۇزتەرىب كۆللى تەرەف،
گۈل ئۆتەردىن ۋەهم ئېتىپ، ئورنۇندە لەرزان قىلدى گۈل.
سۇنبۇلدۇر ياكى سارغارمىش يۈزى گۈل تابىدىن،
بۇلبۇلە يانۇر ئاچىپ زۇلفىن زەرەفشان قىلدى گۈل.
ئىسمى گۈل رۇخسارى، گۈل دېسەم خەتادۇر ئول گۈلە،
ۋەه ئەجەب دانالارى ۋەسفىندە نادان قىلدى گۈل.

باغبانلىمەن سۇخەنچىن كۆردى شەيدا بۇلبۇلى،
بۇلبۇلنىڭ سەۋتىن كۆرۈپ چاكى گىرىبان قىلدى گۇل.

ئەلقىسسە، پادىشاھ باغۋەن يەتكۈزگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان زامان دەرغەزەپكە كەلدى ۋە قىزىل تەختىگە چىقىپ، ياساۋۇللارغا: «دەرھال بېرىپ تاھىرنى كەلتۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ياساۋۇللار بېرىپ، تاھىرنى بەخىرامان ئولتۇرغان يېرىدىن تۇتۇپ، پادىشاھ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بىر ساندۇقمۇ كەلتۈردى. پادىشاھ بىچارە تاھىرنى سۆزلەتمەي، سوراقمۇ قىلماي: «ئۇنى ساندۇققا سولاپ دەرياغا تاشلاڭلار!» دەپ ھۆكۈم قىلدى. تاھىرنىڭ ئەھۋالىغا شەھەردىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان بارلىق كىشىلەر يىغلىشىپ: «ئىلاھا: تاھىرغا نىجاتلىق بەرگەيسەن!» دەپ، ئاللاغا يالۋۇردى. شۇ چاغدا، تاھىر ياساۋۇللارغا: «ساندۇقنىڭ ئاغزىنى بىر سائەت ئەتمەي تۇرساڭلار، زوھرە قىز بىلەن ۋىدالىشىۋالاي» دەپ ئۆتۈندى. شۇ پەيتتە، زوھرە يىغلىغان ھالدا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ھىجران ئوتى چۈشكەندى. ئۇ كۆزىدىن ياش قۇيۇلغان، يۈرىكىدە جۇدالىق ئوتى لاۋۇلدىغان ھالدا، كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، تاھىرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ: «ئەي جېنىم تاھىرجان! مەردانە بولغىن، ئۆمرۈم ئاخىرلاشقىچە سەندىن ھەرگىز كەچمەيمەن!» دېدى. تاھىر زوھرەنىڭ ھالىغا قاراپ زار - زار يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

زوھرەجان ئاڭلاغىل ئايرىلىق كۈنى،
كېتەر بولدۇم، ئەللاھ يارىڭ، خۇش ئەمدى.
خەزان ئۇرۇپ، سولدى ئۆمرۈم گۈلشەنى،
كېتەر بولدۇم، ئەللاھ يارىڭ، خۇش ئەمدى.

سەن بىر گۈلشەن، قونغان زاغۇزەغەندۇر،
گۈلدىن ئۈچتى بۇلبۇل ئىشى قىغاندۇر،
تېنەمەز ئايرىلىق ئاخىر زەخماندۇر،
كېتەر بولدۇم، ئەللاھ يارىڭ، خۇش ئەمدى.

كەلدىم نامە كۆردۈم دۇنيا ئىچىندە،
غەرىب باشىم يۈز مىڭ غەۋغا ئىچىندە،
سەندۇقدۇر ھەمدەمىم دەريا ئىچىندە
كېتەر بولدۇم، زوھرەجانىم، خۇش ئەمدى.

ئانام كېلىپ مېنى ئارقامنى تۇتماس،
گەدالارنىڭ ئىشى شەھلەردىن بىتمەس،
ئول سەبەبدىن ئاشىق مۇرادە يەتمەس،
كېتەر بولدۇم، ئەللاھ يارىڭ، خۇش ئەمدى.

فەلەكنى ئىشىغە ھەيران بولۇپ مەن،
ھەجر ئىلكىندە زارۇ گىريان ئولۇپ مەن،
كۆزنىڭ ياشلارىغە قۇربان ئولۇپ مەن،
كېتەر بولدۇم، ئەللاھ يارىڭ، خۇش ئەمدى.

بۇ نەچۈك مەكاندۇر، نەچۈك زەماندۇر،
دەريادىن سۇ تاپمان ئىچدۈكىم قاندۇر،
غەرىب ئانام ئاتى شاھىخۇباندۇر،
كېتەر بولدۇم، ئەللاھ يارىڭ، خۇش ئەمدى.

تاھىر دېيەر: مەندىن يۈزىڭ قايتۇرما،
ئول ئوت كۆيگەن چاغى يەنە ياندۇرما،
باغلارىمە زاغۇ - زەغەنلەر قوندۇرما،
كېتەر بولدۇم، ئەللاھ يارىڭ، خۇش ئەمدى.

ئەلقىسسە، تاھىربېك سۆزىنى تامام قىلدى. زوھرە قىز مۇنداق دېدى «ئەي تاھىربېك، غەلىتە مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، تاكى قىيامەت مەھشەرگاھىغا بارغانغا قەدەر، مېنى ھەر كۈنى جەرجىس ئۆزىنىڭ ئىتائەتمەن مالايلىرىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرۈپ، يەنە تىرىلدۈرسىمۇ، بېشىمنى ھەزرىتى زىكرىيائەلەيھىسسالامنىڭكىدەك ھەرىدىسىمۇ، پارە - پارە قىلىۋەتسىمۇ، مېنىڭ قەلبىمنى سەندىن ئۆزگە دوست، دۈشمەن ھەرگىز ئىگىلىيەلمەيدۇ.» ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

زاغى سەرلەر قونار دەپ ئاغلامە،
سىنىڭ ئۈچۈن بىلادىكىم باغلارە.
سەن بولماسەڭ مۇندە تۇرار ئاڭلامە،
خەزان تۆكسۇن بۇ بوستانلى باغلارە.

يىراقدىن ئىشىتسۇن ئاھۇ زارىمنى،
ھەر نەگە تاپشۇرىشام ھەرنە يارىمنى،
نېردىكىڭ تەرگۈلىڭ ئالمە نارىڭنى،
رەۋا كۆرمەن ھەر قارغاغە، زاغلارە.

يەنە بۇ جايلارە گۈزەر سالماسەڭ،
يارىڭ بىلەن بەش كۈن ئويناپ كۈلمەسەڭ،

مۇندىن كېتىپ، كېلمۇر چاغدە كەلمەسەڭ،
يىغلاپ كەزگۈم دەريالارە، تاغلارە.

قادىر ئەللاھ بىزنى بار ئەتدى يوقدىن،
ئوتدىن، سۇدىن، يەلدىن خاكى تۇپراقدىن،
كۆپ ئۈمىدىم دېسەڭ يەنە يىراقدىن،
تۇشمەگەيسەن جەللاد قۇرغان داغلارە.

شەرتىم بۇدۇر: يەنە بۇ جايغە كەلسەڭ،
ھەسرەتلى ناچارى كۆڭلىنى ئالسەڭ،
باباخان ئۆلتورسە، زوھرە دەپ ئۆلسەڭ،
مەنەم تۇتام ئەزىز تەنىم تىغلارە.

زوھرە قىز سۆزىنى تامام قىلدى. تاھىرنىڭ ئانىسى شاھىخۇبان بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ: «ئىلاھا، بۇ نېمە سىر بولدى؟» دەپ ساندۇق بېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «ئىككى - كىمزلەر كۆزۈمنىڭ نۇرى، مېنىڭ ھاياتىم سىزلەر. سىرلەرنى بۇنداق ئەھۋالدا كۆرگەنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشىراق. ئەي خالايىق! ئامىن دەڭلار! بۇلارنى بۇنداق زۇلۇم ئىچىدە كۆرگۈچە، مېنىڭ جېنىم بىر سائەتمۇ تۇرماي راۋان بولسۇن!» ئاندىن، ئۇ يەنە باباخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئەي پادىشاھ، بىچارىلەرگە باشپاناھ سەن ئۆزۈڭسەن.» دېدى، بىچارە ئانا يىغلاپ تۇرۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

پادىشاھىم ئەرزىم ساڭا سۆيلەيىن،
كەل مېنىڭ تاھىرىم ئازاد ئەيلەگىل.
سىنى ياراتقانغە قۇربان بولايىن،
كەل مېنىڭ تاھىرىم ئازاد ئەيلەگىل.

باھىر ۋەزىر بىلەن ئەيلەدىڭ پەيمان،
تانىماغىل ئەھدىڭدىن گەر بولسە ئىمان،
ئاشىقلارە مۇنچە قويماغىل ئەرمان،
شەھ مېنىڭ تاھىرىم ئازاد ئەيلەگىل.

ئازاد ئەيلە بىر ئەللاھنىڭ ھەققىچۈن،
ھەق رەسۇلى مۇستەفانىڭ ھەققىچۈن،
زوھرە قىزنىڭ سەۋەر قوزىڭ ھەققىچۈن،
مېنىڭ تاھىرجانىم ئازاد ئەيلەگىل.

تاھىرجانىم بۈگۈن ئون تۆرت ياشىندە،
سەن سەبەبلى دۈشمەنلەرى داشىندە،
ئۆمىر سۈرسۇن زوھرەجاننىڭ قاشىندە،
سەن مېنىڭ تاھىرىم ئازاد ئەيلەگىل.

بۇگۇن ئۆلتۇر قالسۇن ئاتىڭ تۇزىندە، دۇنيا بىپايانىدۇر بولماس پاياني،
ئاقىدۇرسپ قويىبەرمە دەريا يۈزىندە، يۇتەر هەرلەھزدە خانى ـ سۇلتانى،
زوهرە قزىڭ جان بىرەر ئانىڭ ئزىندە، خۇشنۇد ئېتىپ قويىبەر شاهىخۇبانى
شاه مېنىڭ ئوغلۇمنى ئازاد ئەيلەگىل. شاه مېنىڭ قوزىمنى ئازاد ئەيلەگىل.

شاه مۇنداق دېدى: «ئەي شاهىخوبان، ئوغلۇڭغا بېرىلىدىغان جازا ئۆلۈمدۇر.» ئۇ يەنە ياساۋۇللىرىغا: «يەنە نېمىگە ساقلاپ تۇرۇسىلەر؟! ساندۇقىنى تېز دەرياغا تاشلاڭلار!» دەپ هۆكۈم قىلىدى. ياساۋۇللار ساندۇقنى كۆتۈرۈپ دەرياغا تاشلىماقچى بولغاندا، شەهەر خەلقى ــ چوڭ ـ كېچىك هەممە كىشى شاهقا تاهىرنى دەرياغا تاشلىماسلىق هەققىدە ئەرز ئېيتتى. شاه ئۇلارنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلمىدى. ياساۋۇللار ساندۇقنى كۆتۈرۈپ، دەريا تەرەپكە ماڭدى، كىشىلەرمۇ ساندۇقنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. شۇ چاغدا، زوهرە قىزمۇ ساندۇققا يېتىشتى، ياساۋۇللار ساندۇقنى دەرياغا تاشلىدى. زوهرە قىز ياهۇ (ئاه خۇدا!) دەپ ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. كېنىزەك ۋە خالايىقتىن ئوتچىۋۇز يىگىرمە بىر كىشى ئۆزىنى دەرياغا تاشلىدى. زوهرە قىز دەريادا گاه سۇغا چۆكۈپ، گاه سۇ ئۈستىگە چىقىپ يۈرۈپ، ساندۇققا يېتىشىپ ئۈستىگە ئېسىلدى. شۇ چاغدا، گويا هەزرىتى نوه ئەلەيهىسسالام زامانىدىكىدەك توپان پەيدا بولۇپ، دەريا ئىچى ۋە قىرغىقىدا نۇرغۇن كىشىلەر هالاك بولدى. بىراق، زوهرە قىز ساندۇققا چىڭ يېپىشقىنىچە، سۇ بىلەن تەڭ ئاقتى. ئەلەر ـ خالايىقلار زوهرىجانمۇ ئېقىپ كەتتى دەپ يىغلىشىپ، ساندۇقنىڭ كەينىدىن دەريا ياقىلاپ مېڭىشتى. شۇ چاغدا، شاهىخۇبان يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى دەرياغا ئوقتەك ئېتىپ، ساندۇققا يېتىشتى ۋە زوهرە قىز بىلەن ساندۇقنى تارتىپ دەريا قىرغىقىغا چىقاردى، ئۆزلىرى هالىدىن كەتكەچكە بىهوش بولۇپ يىقىلدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىلىرىگە تون يېپىپ قويدى. ياساۋۇللار كېلىپ، ساندۇقنى يەنە دەرياغا تاشلىدى. شۇ زامان ساندۇقتىن: «زوهرە، ئاللا يارىڭ بولسۇن!» دېگەن ئاۋاز چىقتى. زوهرەجان كۆزىنى ئېچىپ، ساندۇقنىڭ دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە ئۆزىنى دەرياغا ئاتماقچى بولغىنىدا، كېنىزەكلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى. ئۇلار: «ئەي زوهرەجان، ئاشىق جاپا چەكمەي مۇرادىغا يەتمەس، هىجران چۆلىگە چۈشمىگەن ئاشىق، ئاشىق هېسابلانماس. تاهىر دەريا ئىچىدە ئاقسا، بىز دەريا سىرتىدا ماڭايلى. بىر يەردە دەريادىن چىقىرىۋالارمىز» دېدى. زوهرە قىز قىرق كېنىزىكى بىلەن دەريا قىرغىقىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. زوهرە خالايىق بىلەن خوشلىشىپ، بىر بېيىت ئوقۇدى:

خۇش قال ئەمدى ئەل ـ كۈنىم، چوغ سەۋداغە سالدى باشىم،
بۇ مەنزىلدە تۇراردىم يوق. تىنىماي ئاقار كۆزدە ياشىم،
دەرياغە تۈشتى مەخزەنىم، بايەتىم ئايىم، قۇياشىم،
تۇرماققا ئىختىيارىم يوق. چىقماغۇنچە قەراردىم يوق.

uyghurkitap.com

قەندە بارسە مەن بارماسەم،
يار بىلە دەۋران سۈرمەسەم،
تاھىرنىڭ يۈزىن كۆرمەسەم،
ھېچ سۆھبەتدە تۇرارىم يوق.

يار كەتدى سەرگەردان مەنەم،
ھىجران ئوتۇندە ئۆرتەنەم،
مېنى باقدى ئاتام، ئانام،
ئەل - كۆن سىزدىن ئازارىم يوق.

مەن ھەم دەرياده كېزەرمەن،
گاھى بويلاپ، گاھ ئۈزەرمەن،
ئەل - كۆن سېزدىن ئەل ئۈزەرمەن،
تەرك ئەتتىم نامۇس - ئارىم يوق.

كەتمەككە بېلىم باغلارمە،
قانلىغ جىگەرىم داغلارمە،
سۆيەر يار ئۈچۈن يىغلارمە،
غەيرى بىر كەسب - كارىم يوق.

زوھرە دەر: بەختىم قارەدۇر،
يۈرەكىم يۈزمىڭ يارەدۇر،
سىنەلەرىم سەد پارەدۇر،
.يۈرەي دېسەم مەدارىم يوق.

ئەلقىسسە، زوھرە قىز يۈرىكىدە ئوت كۆيگەن، ئۆزى تۆت تەرەپكە تەلمۈرگەن ھالدا يۈرۈپ كەتتى. بۇ خەۋەر شەھەرگە يەتتى، پادىشاھ ئىشىتتى. پادىشاھ دۆلەت ئەر-كانلىرى بىلەن شەھەردىن چىقتى. ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ئەي زوھرەجان! سەن مېنىڭ غۇلام بەچچەمگە (بالا خىزمەتكارىمغا) مۇنچىۋالا كۆڭلۈڭنى - قەلبىڭنى بېرىدىپ، مېنىڭ ئار - نومۇسىمنى يەرگە ئۇردۇڭ. ئىنشائاللا! سېنى ئۆزەڭگە مۇناسىپ كېلىدىغان كىشىگە قوشۇپ، مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن» دېدى. زوھرە قىز قۇلاق سالماي كېتىۋەردى. شاھ ۋەزىر ۋەكىلى بىلەن ئۇنىڭغا شۇنچە نەسىھەت قىلىپ يالۋۇرسىمۇ نەتىجىسى بولمىدى. ئاخىرى شاھ رۇكنۇددەۋلە ئاتلىق ۋەزىرىگە: «بۇنى تەربىيىلىگەنلەر موللا نەفس بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئالەتىدۇر. ئەگەر ئۇلار كېلىپ يالۋۇرسا، ئۇلارنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلىپ قالار» دەپ، ئۇنىڭدىن موللىغا: «ئايالىڭ بىلەن بېرىپ، زوھرە قىزنى قايتۇرۇپ كەلگىن» دېگەن خەۋەرنى بەرگۈزدى. موللا پادىشاھنىڭ ھۆكمىنى رەد قىلالماي، ئايالى ئالەتىنى ئېلىپ، زوھرە قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئەي قوزام، ئاتاڭنى مۇنچىلىك خىجا-لەتكە سالمىغىن» دەپ يالۋۇردى. زوھرە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي كېتىۋەردى. موللا ئايالىغا: «ئەي ئالەتى، سەن زوھرەگە ئېسىلىپ ئۇنى توختاتقىن، مەن يەنە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ باقاي.» دېدى. ئالەتى بېرىپ زوھرەنى قۇچاقلاپ تۇتتى. زوھرە ئالەتىنى سۆرەپ ۋە مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ كېتىۋەردى. ئالەتى: دېيىقىر كېنىزەكىڭىزگە ياردەم قىلىڭ» دەپ ئۇنىڭغا يەنە يېپىشتى. ئاخىرى ئۇ زوھرەنى كۈچ بىلەن تۇتۇپ تۇردى. موللا نەفس ئالدىغا ئۆتۈپ: «ئەي زوھرەجان، مەنمۇ مۇشۇ ئالەتى ئۈچۈن، ئىشىق يولىنى كۆپ كەزدىم. ئىشق ئازابىغا دۇچ كەلگەندە، سەۋرى قىلىش كېرەك» دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، بىر بېيىت ئوقۇدى:

ئىنشائەللاھ، مەقسەدىڭغە يېتەرسەن، ئاتاڭ قىلغان ئىشى ئالەمغە تاڭدۇر،
يىغلاماغىل زوھرە قىزىم قايىت ئەمدى. ھازىر ساڭا شەھدۇر، مەھشەر گەداڭدۇر،

ئالەتى بىر ئاناڭدۇر، موللا ئاتاڭدۇر،
سەۋەر قىزىم زوھرە جانىم قايت ئەمدى.

كافىر ئاتاڭ نەچۇك ئىشلار قايىردى،
تاھىرنى غەرق ئېتىپ دەريا بۇيۇردى،
بۇگۇن سىنى گۇزەل ياردىن ئايردى،
ئەرتە كېلۇر زوھرە بالام قايت ئەمدى.

كۆپ ئەنبىيا، ئەۋلىيالار ھەقى چۇن.
مىڭ بىر ئاتلى بىر ئەللاھنىڭ ھەقى چۇن،
تەئىلىم ئالغان ئول قۇرئاننىڭ ھەقى چۇن،
ئال تەۋەللام، سەۋەر قىزىم قايت ئەمدى.

ئىشقىڭ ئوتى تۇشسە يالان جەھانە،
ياقار ياندىر كۆيەر ئۇشبۇ زامانە،
سەنسەن ئىشقىڭ يۇكىن چەككەن مەردانە،
سەۋەر قوزىم، زوھرە قوزىم قايت ئەمدى.

لەيلى چەكدى ئول مەجنۇننىڭ جەفاسىن،
سەۋەر بىلمەي ئۆتتى، زەۋقى جەفاسىن،
كىم كۆرۇپدۇر بۇ دۇنيانىڭ ۋەفاسىن،
مېھرىبانىم زوھرە قىزىم قايت ئەمدى.

نەفس دېيەر دۇنيا كەلدىم كېچىپ مەن،
بەھرى ئىشقدىن يەتتى دەريا ئىچىپ مەن،
نېچە دەفتەرلەردىن كىتاب ئاچىپ مەن،
تەھقىق كېلۇر زوھرەجانىم، قايت ئەمدى.

زوھرە قىز ئاخۇننىڭ (موللىسىنىڭ) نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇردى. بىراق، قانخور دەريا مەۋج ئۇرۇپ، ھەر مەۋجى ئاسمانغا كۆتۇرۇلۇپ، ساندۇقنى ئېقىتىپ كېتىۋەردى. شۇ يەردە بىر قايىنام بار بولۇپ، گىردابى مەريەم (مەريەم قايىنىمى) دەپ ئاتىلاتتى. ساندۇق شۇ قايىنامغا چۇشكەندە، قايىنام ساندۇقنى ئايلاندۇرۇپ، گاھ بۇ قىرغاققا، گاھ ئۇ قىرغاققا ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا، شامال ساندۇق تەرەپتىن كەلگەن يۆنىلىشتە بولۇپ، ساندۇقتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، كىشىلەر ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىشتى. بىچارە تاھىر زار - زار يىغلاپ، بىر بېيىت ئوقۇۋاتاتتى:

زوھرەجان، ھەجرىڭدە كۆيدۇم يانە سەندىن ئايرىلىپ،
چۇن بولۇپ دىيدەلەلىم گىريان سەندىن ئايرىلىپ،
بۇزۇلۇپ كۆڭلۇم ئۆيى ۋەيران سەندىن ئايرىلىپ،
قالمادى تاقەت ماڭا فەرمان سەندىن ئايرىلىپ،
تاپمادىم بۇ دەردىمە دەرمان سەندىن ئايرىلىپ.

گەر غەزەب قىل، گەر كەرەم قىل مېھرىبانىم سەن مېنىڭ،
جانىم ئال ياجان بەرەم، جانۇجەھانىم سەن مېنىڭ،
قەددى زىبا باغ ئارا سەرۋى رەۋانىم سەن مېنىڭ،
كۆڭلۇم ئالغان بىر پەرىۋەش دىلىستانىم سەن مېنىڭ،
يۇز ئېلەم، يۇز نالەئى ئەفغان سەندىن ئايرىلىپ.

كۆڭلىمىڭ خۇشھالى سەنسەن كۆزلەلىمنى رەۋشەنى،
بارچە خۇبلار سەرۋەرى، ئىشق ئەھلىنى تاجىسەرى،

www.uyghurkitap.com

بارمۇدۇر ئۇشبۇ جەھاندە سەن كەبى زىبا پەرى،
زىينەتى رويى زەمىن ئاسمانىنىڭ ئەنۋەرى،
بولمادى بۇ مۇشكىلىم ئاسان سەندىن ئايرىلىپ.

ناۋەكى مىژگانلارىنىڭ باغرىمدە پەيكاندۇر بۇگۈن،
ئايرالىق ئاخىر زەمانى رۇزى ھىجراندۇر بۇگۈن،
يېگەنىمدۇر زەھرى قاتىل، ئىچكەنىم قاندۇر بۇگۈن،
بۇ تىرىكلىكدىن ماڭا ئۆلمەكلىك ئاساندۇر بۇگۈن،
ئاقمىشەم دەريا بىلەن، ئەرمان سەندىن ئايرىلىپ.

تاھىرى دەر: زوھرەجان سورماغە كەلمەس ھالىمنى،
باشقە سەندىن كىم بىلۇر باشدىن كېچەن ئەھۋالىمنى،
نەيلەيىن كەج ئەيلەدى چەرخى فەلەك ئىقبالىمنى،
كاشكى كۆرسەم يۈزىن، قىلسام تەسەددۇق مالىمنى،
ئۆتتى بىزدىن دەۋلەتۇ دەۋرانى سەندىن ئايرىلىپ.

تاھىر غەزىلىنى تامام قىلدى. بۇ دەريا بىر قەسرىنىڭ تۈۋىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. ساندۇق ئۇنىڭغا سوقۇلدى، دەريا يەنە بىر دولقۇنلىنىپ ساندۇقنى توغرا يولغا سېلىپ ئېقىتىپ كەتتى. زوھرە قىز ساندۇقنى كۆرۈپ، ئالەتگە يالۋۇرسىمۇ، ئۇنى قويۇپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئامالسىزلىقتىن، زوھرە زار- زار يىغلاپ، دىلبىرىمدىن ئايرىلدىم دەپ پەلەكتىن شىكايەت قىلىپ، بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

نازلى يار، ئەي گۈلئۇزار، چوخ بىقەرار ئەتتىڭ مېنى،
يىغلاتىپ سەن زار ئىلە كۆپ خارۇزار ئەتتىڭ مېنى،
دائىما ھۇسنۇڭغە زار دىۋانەۋار ئەتتىڭ مېنى،
بىشۇمار دەردكە گرىفتار خەلقە زار ئەتتىڭ مېنى.
زەرنىگار، ئەي شاھ يار، سەن شەرمسار ئەتتىڭ مېنى.

ديانىبان بىر يانەئى فەرۋانەئى بولدىم بۇگۈن،
تەلمۈرۈپ ھۇسنۇڭ كۆرۈپ، چوخ سارغايىپ سولدۇم بۇگۈن،
دەرد بىلە، ھەسرەت بىلە، فۇرقەت بىلە ئۆلدىم بۇگۈن،
يارسەن، دىلدارسەن، غەمخارسەن بىلدىم بۇگۈن،
ساڭا بار جانىم نىسار، چوخ ئىنتىزار ئەتتىڭ مېنى.

ھەر زەمان زۇلم ئەتسە گەر قەھرى يامان بولغاي ماڭا،
بىگۇمان بىھەد سالى ئاخىر زەمان بولغاي ماڭا،

بىلمەدىم ئىشق ئىلكىدىن سۇدۇ زىيان بولغاي ماڭا،
ئۆرتەنەم ھەجرىڭدە ۋەسلىڭنى بەيان بولغاي ماڭا،
ئايرىلىپ، ئەقلىم ئالىپ، چوخ بىمەدار ئەتتىڭ مېنى.

خۇش سۆزىڭ، خۇشروي يۈزىڭ، نەرگىس كۆزىڭ جانىمدەدۇر،
قاش قاقىپ، ئەگرى باقىپ، بۇ شۇم رەقىب شانىمدەدۇر،
مەن سېنىڭ تەرسەم گۆلۈڭ بار ئىستەكىڭ قانىمدەدۇر،
شۇم رەقىبنى خۇشلۇقى بۇزار گىريانىمدەدۇر.
زوھرە دەر: كۆپ يىغلاتىپ، ئىتلەرگە زار ئەتتىڭ مېنى.



زوھرە قىز سۆزىنى تامام قىلدى. ساندۇقنى دەريا دولقۇنى ھەردەم ئۇرۇپ تۇراتتى. دەريادا بىر كېنا كۆۋرۈك بار بولۇپ، ساندۇق ئۇنىڭغا ئۇرۇلدى. ساندۇق ھەر بىر ئۇرۇلغاندا، زوھرە قىزنىڭ جېنى چۆچۈپ كېتەتتى. ئاخىرى، ساندۇق كۆۋرۈك بار يەردىن توغرا يولغا چۈشۈپ ئېقىپ، چاقماق تېزلىكىدە كۆزدىن غايىب بولدى. زوھرە قىزنىڭ بىر قولىنى ئالەتى، يەنە بىر قولىنى كېنىزىكى تۇتۇپ تۇراتتى. زوھرەجان ساندۇقنىڭ كۆزدىن غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ زار - زار يىغلاپ، مېنى قويۇۋېتىڭلار دەپ مولدىسىغا يالۋۇرۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يارىم كەتتى دەريا بىلەن ئايلانىپ،
قويىبەر، ئاخۇن، يارىم بىلەن كېتەيىن.
ئەل - كۈنىمىز بىر سەندۇقدە جا بولۇپ،
قويىبەر مەۋلام يارىم بىلەن كېتەيىن.

يارىم كەتتى، جان رىشتەسى ئۈزۈلدى،
باغرىم كەباب بولۇپ ئوتغە توزۇلدى،
ئاجىز بولدىم باشىم شۇمە يازىلدى،
قويىبەر مەۋلام يارىم بىلەن كېتەيىن.

www.uyghurkitap.com



دەريا ئاتى دۇررۇلغۇراتنىڭ قاشىنى،
قايسى بالىغ يۇتتى ئەزىز لاشىنى،
چارەم يوقدۇر ئاتام قىلغان ئىشىنى،
قويسبەر ئاخۇن، يارىم بىلەن كېتەيىن.

يا بۇ مەيدان ئىچرە ئۆلتۈرگىل مېنى،
باشىمغا سالماغىل ئايرىلىق كۈنى،
قىيامەتلىق ئاتام دېمىشەم سېنى،
قويسبەر موللام، يارىم بىلەن كېتەيىن.

زوھرە دېيەر: گۈل يۈزىمدە ھىجابدۇر،
ئىشق رەسۋاسى بولۇپ باغرىم كەبابدۇر،
بۇ ئايرىلىق ئۆلمەكىمغە سەبەبدۇر،
قويسبەر موللام يارىم بىلەن كېتەيىن.

ئەلقىسسە، زوھرە قىز سۆزىنى تامام قىلدى. موللىدىن سادا چىقمىدى. زوھرە قىزنىڭ موللىسىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلدى. ئۇ ئالەتىنىڭ يۈزىگە قاراپ: «ئەي ئالەتى، سەن مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىيامەتلىك ئانامسەن. مېنىڭ بۇ ئىشىمغا بىر ئامال قىلغىن، ماڭا رۇخسەت ئېلىپ بەرگىن» دەپ، ئالەتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، بىر بېيىت ئوقۇدى:

سۈت بېرىگە شەكەر بەرگەر ئانامسەن،
ئاخۇنۇمغە ئەرز ھالىم ئەرز ئەيلە.
خاپا بولسام، ھالىم سورغان ئانام سەن،
رۇخسەت بەرسۇن كېتەر يولىم ئەرز ئەيلە.

تاھىرىم دەپ قانلار ئاقسە كۆزىمدىن،
ياۋىز كۈنىم، بۇ ئەھۋالىم ئەرز ئەيلە.

ئەلىفبەدىن ئىلىم ئوقۇدۇم ئەبجەددىن،
ئاشىق بولدۇم قايتارىم يوق بۇ سەددىن،
تاقەتىم يوق جانىم چىقار جەسەددىن،
ناھەق قانىم، پەرۋ بالىم ئەرز ئەيلە.

سىينەم ئۆزرە دەۋر - دەۋر يارەدۇر،
ئايرىلىق دەردىدىن باغرىم پارەدۇر،
ھۇمايى بەختىم ئۆز فېئلىمدىن قارادۇر،
فەلەك بۇزان كەج ئەھۋالىم ئەرز ئەيلە.

ئەل تەئن ئېتەر ئەفغانىمدىن، سۆزىمدىن،
سورمە دەردىم، فەھم ئەيلەگىل يۈزىمدىن،

سەيياد ئەجەلى دوزاخ قۇردى داشىمە،
قەھبە فەلەك ئاغۇسالدى ئاشىمە،
زوھرە قىز دەر: بىر رەھم ئەت كۆزدە ياشىمە،
يىغلاپ ئۆتكەن ماھۇ سالىم ئەرز ئەيلە.

زوھرە سۆزىنى تامام قىلدى. ئالەتى: «ئەي زوھرەجان، مەن سېنىڭ نالەڭگە چىدىيالمىدىم» دېدى. ئۇ يەنە: «ئاخۇن سەنمۇ مېنىڭ سەۋەبىمدىن تارتقان خارلىقىڭنى يادىڭغا ئالغىن. ئاشىقلىق بەكمۇ قىيىندۇر، ئۇتى دوزاخنىڭكىدىن ياماندۇر، ئاشىقلارغا ياردەم بېرىش پەرھىزدۇر» دەپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

موللا ساڭا ئەرز ئەيلەيۇر زوھرەجان،
قويسبەر، موللام، زوھرەم كەتسۇن يولىنە.
تاھىر ئۈچۈن جانىن ئەيلەمىش قۇربان
قويسبەر، ئاخۇند، زوھرەم كەتسۇن يولىنە.

زوھرەجانىم قالمىش ئىزىندە ھەيران،
قويسبەر، موللام، كەتسۇن زوھرەم يولىنە.

تاھىرجان بىر سەندۇق ئىچىدە زىنىدان،
غەرق گىرداب ئۇلمىش كۆزلەرى گىريان،

گۈلدەك يۈزى زەئفەراندەك سولۇپدۇر،
جانى كېتىپ، جەسەد مۇندە قالىپدۇر،
ئىرىك گۇمان ئەتمە، زوھرەم ئۆلۈپدۇر،
قويسبەر، موللام، زوھرەم كەتسۇن يولىنە.

تەرك ھۇش ئېتىپ ئۆزىنىڭ ئۆرتە سالۇرسەن،
بارچە ئىشنى مەندىن ياخشى بىلۇرسەن،
ئاشىقلارنىڭ ۋەبالىنە قالۇرسەن،
قويىبەر موللام زوھرەم كەتسۇن يولىنە.

يارى غەيرى يۇرتتە بولۇپتۇر مۇمتاز،
قولدىن ئۇچتى، دەريا تۇشدى ئاخۇرباز،
ھۇرىندىن ئايرىلغان قىلمايۇر پەرۋاز،
قويىبەر، موللام، زوھرەم كەتسۇن يولىنە.

ئاتاسى رەھم ئەتمەس يەككە قىزىنە،
زوھرەدم سىغىنمىشدۇر ھەقنىڭ ئۆزىنە،
قۇلاق سالغىل بوستان تاجىنىڭ سۆزىنە،
قويىبەر ئاخۇن زوھرەم كەتسۇن يولىنە.

ئەلقىسسە، ئالەتى سۆزىنى تامام قىلدى. زوھرە قىز شۇنداق بىر نالە قىلدىكى، بۇ-نىڭدىن ئىنسى - جىن، ۋەھشي قۇشلارمۇ نالىگە كېلىپ، پەلەكتىكى مالائىكلەر دەرگاھىغا ئەرز قىلىپ: «ئىلاھا، پاك پەرۋەردىگارا! بۇ ئىككى ئاشىققا ئۆزۈڭ رەھىم قىلغىن.» دېدى. شۇ چاغدا، موللا نەفس ئاخۇنمۇ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، قىبلىگە يۈز تۇتۇپ: «ئىلاھا، ئۆزۈڭ ئالەمنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى بىلگۈچىسەن. بۇ ئاشىقلارغا رەھىم قىلما-دىغان رەھىمدىللىك فەزىلىتىڭنىڭ مەرھەمەتىنى يەتكۈزگىن» دەپ، زار - زار يىغلاپ، بىر مۇخەممەس ئوقۇدى:

يا ئىلاھا، بارچەئى قۇللارنى كۆڭلىن شاد قىل،
ئۆزىڭگە دوست ئەيلەيۇپ، دوستىڭ ئۆيىن ئاباد قىل،
دايىما ياد ئەيلەيىن، سەن ھەم قۇلۇڭنى ياد قىل،
رەھىم ئېتىپ ئاجىزلارە زالىملارى بەرباد قىل.
يا كەرىم، سەن زوھرە جانىم قايغۇدىن ئازاد قىل.

كۈللى ئالەمنى ياراتقان پادىشاھى باكەرەم،
كېچە - كۈندۈز ھاجەتىم سەندىن دەۋامەت ئىستەرەم،
لال ئولۇپدۇر خار ئىچىندە بۇلبۇلى باغى ئىرەم،
زوھرەجان سورارئىسە ئانىڭ جەۋابىن نە بېرەم،
يارەھىم، سەن زوھرە جانىم قايغۇدىن ئازاد قىل.

كېچە - كۈندۈز ياد ئېتىبان ئىستەيۇپ جەببارنى،
فۇرقەت ئوتى كۆيدۈرۈپدۇر ھۆسنىنى گۈلزارىنى،
شۇم رەقىبلەر قەسد ئېتىپ ياردىن ئايىردى يارنى،
رەھم ئېتىپ ئاجىزلارە ھەردەم ئېشىتكىل زارىنى،
يا رەھىم، سەن زوھرە جانىم قايغۇدىن ئازاد قىل.

كەتتى يارى قاشدىن دەريا بىلەن مەجلىس قۇرۇپ،
كۆزلەرى ئىزىندە گىريان چار تەرەفغە تېلمۇرۇپ،
گويا بىر پەرۋانەدۇر ئاتەش ئارا ئۆزىن ئۇرۇپ،

تاھىردىن ئايرىلىپ بېلىن پۈكۈپ، بويىنىن بۇرۇپ،
يا كەرىم، سەن زوھرە جانىم قايغۇدىن ئازاد قىل.

بارچە خۇبلارنى ئىچىدە خۇش لىقا ساھىب تەمىز،
ئايرىلىق ئوتى قارا باغرىن قىلىپدۇر رىز - رىز،
كۈندە يۈز ۋەقت تەلمۈرۈپ ھالىن سورارلار يۈز كەنىز،
يىغلايۇپ دەريا لەبىندە يارىن ئىستەر زوھرە قىز،
يا كەرىم، سەن زوھرە جانىم قايغۇدىن ئازاد قىل.

ئەلقىسسە، موللا سۆزىنى تامام قىلدى. پەرىشتىلەرنىڭ تىلىكى شۇ زامان ئاللا دەرگاھى تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلۈپ، بىر ئاۋاز پەيدا بولدى. ئۇلار ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ئاشىقلار پادىشاھلىرى پەرھاد بىلەن شىرىن ۋە لەيلى - مەجنۇنلارنىڭ ھەر تەرىپىگە يۈزدىن كېنىزەكنى ئېلىپ يەرگە چۈشكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار: «ئەي موللا، كەل بۇ شارابنى (ھەقىقىي شارابنى) ئېلىپ، ئۆزۈڭ زوھرە قىز بىلەن ئىچكىن» دېدى. موللا ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر قىزىل لىگەن ئىچىدە توققۇز پىيالە شاراب تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنى ئېلىپ كېلىپ، تۆت پىيالىسىنى ئۆزى ئىچتى، بەش پىيالىسىنى زوھرە قىزغا بەردى. ئۇلار شارابنى ئىچىپ، خۇدىنى يوقىتىپ يىقىلدى. ئالتى موللىنى، كېنىزەك گۆھەر زوھرىنى كۆتۈرۈپ، ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى تاھىردىن ئاڭلايلى. ساندۇق بىرمۇنچە يەردە قايناملىغا چۈشۈپ، يەنە قايناملىدىن چىقىپ، ئېقىپ كېتىۋەردى. بىچارە تاھىر يىغلاپ، بىر بېيىت ئوقۇدى:

شۇم فەلەكنىڭ گەردىشىدىن،
ئىچىدە چوخ ئەرمانىم قالدى.
ئايرىلدىم يارنىڭ قاشىدىن،
قاشلارى كەمانىم قالدى.

يار مەكانى ئۆزگە بولدى،
ۋىسال يولىن رەقىب ئالدى،
قۇرۇق جەسەد مەندە قالدى،
يار قاشىدە جانىم قالدى.

فەلەك ماڭا سىتەم قىلدى،
گۈزەل ياردىن ئايرە سالدى،
دەردلەر مېنىڭ بىلەن بولدى،
تەبىبىم ئەرمانىم قالدى.

ئاسمان باشىنە يىقىلىپ،
كۆزىمدىن ياشلار تۆكۈلۈپ،
قامەتى نۇندەي پۈكۈلۈپ،
ئول سەرۋى رەۋانىم قالدى.

سەفالى مەنزىل مەكانىم،
يارىم كەتتى ياندى جانىم،
قان تۆكتى چەشمە گىريانىم،
گۈلۈم گۈلىستانىم قالدى.

ئايرە تۈشۈپ ئەقلىم چاشىپ،
رەقىبلەر بىلە باش قوشىپ،
يار ئۇزاتىپ يوللار ئاشىپ،
ماھى مېھرىبانىم قالدى.

تاش قالدى مېھنەتىم سەرايىم،
دەريادۇر مەنزىلىم، جايىم،
ئەمدى قايتماس كۈنىم، ئايىم،
ئول بەختى جەھانىم قالدى.

مۇدام خىزمەتتە تۇرىدىغان،
ساز بىلەن سۆھبەت قۇردىغان،
جانىمدىن ئەزىز كۆرىدىغان،
ئىززەتلى مېھمانىم قالدى.

تاھىر دېيەر: دۇنيا يالغان،
سەنسەن سىنەمغە ئوت سالغان،
تاشىندە قىرق كەنىز غۇلمان،
يىغلاپ زوھرە جانىم قالدى.

ئەلقىسسە، تاھىربېك شۇ سۆزلەرنى دېدى. ساندۇق ئۆز يولى بىلەن سۇدا ئېقىپ كېتىۋېتىپ، ئادەم ئابى (سۇ ئادەملىرى) مەنزىلىنىڭ ئۈستىگە كەلدى. ئادەم ئابى پادىشاھى ئادەمزاتنىڭ ھىدى كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، لەشكەرلىرىنى يىغىشقا باشلىدى. بىر سائەتتە ئۈچيۈزمىڭ لەشكەر جەم بولدى، ساندۇق ئېقىپ ئۆتكىچە، سىرتقا قاراۋۇل قويۇپ تۇردى. ساندۇق ئۆتۈپ كەتتى. تاھىربېكنىڭ ئۇزۇقى بولسىمۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولۇپ كېتەتتى. ئەمما ئۇ ساندۇق نەملىشىپ ھاسىل بولغان سۇ تامچىلىرى بىلەن جان ساقلاپ كېتىۋەردى. ساندۇق ئېقىپ، قۇشلارنىڭ مەنزىلىگە يەتتى. ئىككى قۇش ساندۇقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى ۋە ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ، ئۇنى ئېگىز بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە قويدى. دەريا سۈيىدىن ساندۇققا نەم ئۆتكەچكە، تاھىر ھايات ئىدى. ساندۇق قۇرۇدى. تاھىربېكنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشتى. ئۇ: «ئىلاھا، سېنىڭ بىر ئىسمىڭ ئەرھەمۇرراھىمىن (ئەڭ رەھىمدىل ۋە شەپقەتلىك) دۇر. سېنىڭ دەرگاھىڭدىن نائۇمىد بولۇش شەيتانغا لايىقتۇر» دەپ بىر مۇخەممەس ئوقۇدى:

ئەي ساھىبى مەخلۇقات، قالدىم بۇ چاھ ئىچىندە،
بۇ ھالىمغە رەھىم ئەتكىل، ئۇشبۇ مەئۋا ئىچىندە،
بىر سەندۇق ئىچرە زىندان، تىلىم سەنا ئىچىندە،
ئىشقىڭ يۈكى ئارقامدە، قامەتىم يا ئىچىندە،
لاشىم ھەريانە تارتار قۇشلار ئەشيا ئىچىندە.

سەيفۇلمەلىك بەدىئ دەپ، دېڭىزدە سۇزدى ھەريان،
بىلقىس دەپ سۇلەيمان سەير ئەتدى سۈيى ئاسمان،
يۇسۇفجان دەپ زىلەيخا، دەۋامەت چەكدى ئەفغان،
ۋەرەقەدۇر گۇلشاھنىڭ ئىشقى دەردىغە دەرمان،
مۇراد ھاسىل بولمادى، ئۆتدى ئەرمان ئىچىندە.

ئاشىق فەرھاد شىرىن دەپ يىغلاپ يۈگۈردى ھەريان،
تاشلارنى لەئل ئېتەردى كۆزلەرىدىن ئاقغان قان،
قارا تاغەكەز ئۇرۇپ ياساندى كۇشك ئەيۋان،

uyghurkitap.com

ۋىسال دەپ ئاغلار يېتۇشدى رۇزى ھىجران،
شىرىن دەپ جان بەردى فەرھاد قىيا ئىچىندە.

مەجنۇن ھالى دىۋانە ئەيلەيىپ لەيلى يارىن،
لەيلى قىزنىڭ يۈزىندە كۆرەردى ھەق دىدارىن،
مۇدام يىغلاپ كېزەردى چاغىرىپ بىرۇبارىن،
بىر كۈن خۇدا دۇش ئەتدى ئېشتىن ئاھۇ زارىن،
ئۇشۇل ۋەقتدە جان بەردى مەجنۇن قەبا ئىچىندە.

ۋامىق ئۇزرا ئىشقىندە شىرىن جاندىن كېچەردى،
يۈزىن كۆرمەگەن چاغدە ئاغزىندىن ئوت ساچاردى.
ۋامىقىنە رەھم ئېتىپ گاھايۈزىن ئاچاردى،
ئۇزرا ئەرزى جان دەپ گاھا يانىپ ئۇچەردى،
كۆر، تاھىر ئاقدى زوھرەجان دەپ دەريا ئىچىدە.

ئەلقىسسە، خۇدايىتائالا تاھىرنىڭ نالىسىنى ئىشىتىپ، نورۇز شامىلى چىقاردى. بىر مەزگىل قاتتىق شامال چىقىپ، دەرەخ شاخلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ، تاھىرنى سۇغا چۇشۇرۇۋەتتى. بىچارە تاھىرنىڭ پەلەكنىڭ كاجلىقىغا، بەختىنىڭ قارىلىقىغا ئىچى ئۆرتەندى. ئۇ يەنە كۆڭلىگە ئارامىلىق بېرىپ: «ئەي كۆڭلۇم، كىشىلەر خۇشاللىقىنىڭ ئاچقۇچى سەۋرىدۇر دېيىشىدۇ» دەپ يىغلىغان ھالدا بىر بېيىت ئوقۇدى:

قەفەس ئىچرە لاچىن كەبى ھەۋالاپ، تاكى بارىپ تەرمەي تاتار گۈلىگىدىن،
شۇكىر ئەيلە ياراتقان سۇبھانىغا كۆڭلۇم. جامى جەم سۇنماسە ئەلتاف قولۇڭدىن،
زوھرەنى دىدارىن ئەللاھدىن تىلەپ، باشىم كەتسە ھەرگىز قايتماي يولىڭدىن،
شۇكىر ئەيلە ياراتقان سۇبھانىغا كۆڭلۇم. بۇگۈن بولسە ئاخىر زامانە كۆڭلۇم.

ئاتەش جۇدا بولماغاي ئىشىق ئىچرە ھەزىن، تۇزمىشەم بۇ جانىم ھىجران زەھرىنە،
ئىشىق ئىچرە ئۆلگەن ئىشقىسىز ناكەسدىن، مۇدام ئىنتىزاردىم ۋىسال بەھرىنە،
يارىڭ ئارزۇندە چىقسۇن قەفەسدىن، كېتىڭ تېز يېتەرسەن بەغداد شەھرىنە،
خەلا خۇت سالماغىل بۇ جانغا كۆڭلۇم. ماھىم ئاتلى سەۋەر جانانە كۆڭلۇم.

كۆڭلۇم مەردانە بول، مەردلىكىڭ سۆيلە، تاھىر دېيەر: رەقىب دەربەدەر ئولسۇن،
چىقارسۇن دەريادىن ئاقارسۇن لويلە، خاكى زەمىن بىلەن سەربەسەر ئولسۇن،
ئىنجىمە، دارىلمە، بىردەم سەبىرلى ئەيلە، بۇ يولدە خەيىر ئولسۇن، خاھى شەر ئولسۇن،
يېتەرسەن مەقسەدلى مەكانىغا كۆڭلۇم. دىلكىرگىل مېنىڭ بىرلەن مەيدانە كۆڭلۇم.

شۇنداق قىلىپ، تاھىر ئۆز - ئۆزىگە: «ئەي، تاھىرجان، سەۋر خۇشاللىق ۋاقتىنى كەلتۈرىدۇ» دەپ كۆڭلىنى ئاللاتائالانىڭ ئەرھەمۇر - راھىمىن دېگەن نامىغا باغلاپ، سۇدا ئېقىۋەردى. دەريا قىرغىقىدا بىر چوڭ تاش بار ئىدى. تۇيۇقسىزدىن ساندۇق سۇ زەربى بىلەن ئۇ تاشقا ئۇرۇلۇپ، مىخلىرى ئاجرىغان بولسىمۇ، ئۆزى سۇنمىدى. بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، تاھىر سۇدا ئۈچ ئاي ئاققان. تاھىر ئاققان بۇ دەريامۇ فۇرات دەرياسىغا قوشۇلاتتى، فۇرات دەرياسى بولسا، باغداد شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى، شەھەرنىڭ يېرىمى دەريانىڭ ئوڭ تەرىپىدە، يېرىمى سول تەرىپىگە جايلاشقانىدى. كىشىلەر باغداد شەھىرىنىڭ پادىشاھىنى ئادىل شاھ دېيىشەتتى. ئۇ شاھنى ئادالەت بابىدا ئىككىنچى نوشىرۋان ئادىل، سېخىيلىق بابىدا ئىككىنچى ھاتەمتەي دېيىشكە بولاتتى. ئۇ شاھنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، چوڭى جاھانگەرد (جاھاننى ئايلانغۇچى)، ئوتتۇرانچىسى شەھىرجان، كەنجىسى ماھىمجان دەپ ئاتىلاتتى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن قەسىر، قىرىقتىن كېنىزەك بەرگەن بولۇپ، پادىشاھ قىزلىرىنى ئۆزىنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى ھېسابلايتتى. بىر كېچىسى، ماھىمجان ئۇخلاۋېتىپ، بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە، بىر يىگىت كۈن چىقىش تەرەپتىن كەلدى. ماھىم قىز ئۇنى كۆرۈپ، جان - دىلى بىلەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى ۋە: «ئەي يىگىت، قايسى باغنىڭ گۈلىسەن؟ قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسەن؟ قەيەردىن پەرۋاز قىلىپ كەلدىڭ؟ قايسى ماكانغا چۈشمەكچىسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ يىگىتنىڭ كۆزى ياشلىق، يۈرىكى تاشتەك قاتقان بولۇپ، شەرق تەرەپكە قاراپ جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋەردى. بىراق، ئۇنىڭ ھۆسنىن لاتاپىتىگە ئەسىر بولغان ماھىم قىز: «ئەي يىگىت، بىر رەھىم قىلىپ، ماڭا قارىغىن» دەپ يىغلاپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. ئۇ يىگىت: «جېنىم، مەن بىر ئاللاغا بەندىمەن، مۇھەممەد مۇستاپاغا ئۈممەت بولىمەن. ئۆزۈم تاتار ۋىلايىتىدىنمەن. نېسىۋەم رىسقىم تۇپەيلىدىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. مەن بىر گۈلگە ئاشىقمەن. ئىنشائاللا (خۇدا بۇيرۇسا). يەنە ئۇ گۈلنىڭ ۋىسالىنى ئىزدەپ بۇ يەردىن كېتىمەن» دېدى. شۇئان، ماھىم قىز بىر ئاھ ئۇرۇپ ئويغىنىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئانىكىسىنى چاقىرىپ: «مەن بىر چۈش كۆردۈم. سەن ئۇنىڭغا تەبىر ئېيتىپ بەرگىن» دەپ بىر بېيىت ئوقۇدى:

ئۇشبۇ دەريا ئىچرە كۆردۈم بىر غەرىب زىبا يىگىت،
سۆزلەگەندە خۇش سۇخەندۇر بۇلبۇلى شەيدا يىگىت.
ناگەھان كۆردۈم يۈزىن مۇلداغ ئەجەب خۇشرۇي يىگىت،
مەن كەنىزنى ياقماغە كەلمىشكى بۇ دۇنيا يىگىت،
ئالدى جانىم يۈزى ئەنۋەر، قامەتى زىبا يىگىت.

بىر زەمان كۆردۈم جەمالىن ئەقلىمى ھەيران ئېتەر،
فۇرقەت ئەييامىدە دايىم كۆزلەرىم گىريان ئېتەر،
يارىم ئول سەندۇق ئىچىندە، سۇ ئارا سەيران ئېتەر،

كۆرمەگەن گۇلدەك يۈزىن كۆرسەم دەبان ئەرمان ئىتەر،
مەن كۆيەرمەن، ئۇلدۇرۇر بىزدىن كى بەپەرۋا يىگىت.

ئىگىنىندە ياخشى لىباسى بەگمۇدۇر، سۇلتانمۇدۇر،
ياكى بىر ئىشقە كۆيەن سەرگەشتەئى ھەيرانمۇدۇر،
بىلمەدىم بىر جادۇمۇ يا يۇسۇفى كەنئانمۇدۇر،
يار دەپ ۋەسفىن ئوقىيدۇر دۇرمۇدۇر داستانمۇدۇر،
ھەر پەرى تۈشىغە كىرمەس، بويلە بىر مىرزا يىگىت.

نەيلەيىن ئاشىقلىغىك سەۋداسى تۈشتى باشىمە،
قارەدۇر بەختىم مىنى، رەھم ئەتمەدى كۆز ياشىمە،
دىيە بىلمەن بۇ سىرىم گۇكلاردەك تەك - تۈشىمە،
كۈندە يۈز كۆرسەم يۈزىن، كەلسە، ئوتۇرسە قاشىمە،
شام چىراغدىن، ئابگۇندىن كۆركى بىر تەرا يىگىت.

قوللارىندە بەھرى لاچىن ھەم ئوتالكى بەھرى باز،
ئولماغى سۇخسى سۇنا كۆللەردە كەزگەن قۇببە قاز،
سۆزلەسە بۇلبۇل سەدا كەلدى قۇلاغە تۇرفە ساز،
ماھىمى دەر كۆزلەرەم مەن تاغۇ تاشى سەرفەراز،
دۇنيادە ئۆزى كەبى ھىچ بولمامىش پەيدا يىگىت.

ماھىم قىز سۆزىنى تامام قىلدى. ئانىسى: «ئەي ماھىمجان، بۇ سەۋدادىن قولۇڭ-نى تارتقىن. ئۇنىڭدىن ساڭا جاپا كىلىدۇ، ۋاپا كەلمەيدۇ. بولمىسا، ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىسەن» دەپ بىر بىيىت ئوقۇدى:

ئەي ماھىمجانىم بۇ تۈشىنىك،
ساڭا زەررە ۋەفاسى يوق.
يىغلاپ كۆزدىن تۆكمە ياشىڭ،
بىر زەررە ئىنتىفاسى يوق.

جانان دەپ جان ياقارسەن،
كۆزلەرىڭدىن ياش تۆكەرسەن،
بۇ كۈن مىھنەت كۆپ چىكەرسەن،
ئەرتە كەلەچەك جەزاسى يوق.

بىر بۇلبۇل قونمىش گۇلىگە،
بەش كۈن سەير ئىتەر ئىلىگە،
ناگەھانى تۈشسە قولۇڭا،
بىر گەۋھەردۇر بەھاسى يوق.

ئىشق دەرياسىنە تۈشۈپسەن،
شەھزادەغە يولغۇشىپسەن،
مىڭ تۈرلى دەردكە تۇشىپسەن،
بۇ دەردىڭنى دەۋاسى يوق.

ۋەفاسى يوقدۇر بۇ سۆزىڭ
باتىل ئوغرە تۇتمە يۈزىڭ،
ئىشرەت يۈزىن كۆرمەس كۆزىڭ،
سۇرەچەك زەۋق ۋەفاسى يوق.

ئاچار يىگىتلىك چىراغى،
سىنەڭدىن ئايرىلماس داغى،
ساڭا يېتەر جەفا تىغى،
ئەدا بولاجاق، جەفاسى يوق.

دەۋامەن ئىشقە يانارسەن،
يانارسەن قاچان سۆنەرسەن،
ھىجران مۇندىن قانارسەن،
ۋىسالىغە ئىبتىداسى يوق.

ئاناڭ ئۆردى ئۇشبۇ تۇشلۇك،
ئۆرتەنۇرسەن يازۇ قىشلىك،
كەلگىل ۋەفالى يولداشلىك،
كۆيمەكلىكنىڭ رەۋاسى يوق.

ئەلقىسسە، ئانىسى يەنە: «ئەي ماھىمجان، بۇ چۇشۇڭدە كۆرگىنىڭنىڭ جاپاسى بار، ۋاپاسى يوق. ئۇنىڭدىن ساڭا جاپا كېلىدۇ، ۋاپا كەلمەيدۇ، ئۇ قاتتىق تاشقا چىشنى ئۇرغاندەك پايدىسى يوق ئىش» دەپ سۆزىنى تامام قىلدى. ماھىم قىزنىڭ ئىشقى ئۆزلۈكسىز كۆچەيدى. ئۇ تاقەت قىلالماي، كېنىزەكلىرىگە كۆرگەن چۇشنى بايان قىلدى ۋە «ئانام چۇشۇمنىڭ تەبىرىنى بېرەلمىدى» دەپ، بىر بېيىت ئوقۇدى:

تۇشۇمدە بىر بۇلبۇل كۆردۇم،
ئۇركۇپ كەلمىش گۈلزارىدىن.
قايسى باغنىڭ بۇلبۇلىدۇر،
قايسى باغچەنىڭ باغىنىدىن.

كۆرمىشەم سەھەر چاغلارى،
سىنەمغە سالمىش داغلارى،
باشىدە قارە قالپاغلارى،
ئىنچىكەدۇر زۇلفى تارىڭدىن.

قۇربان بولايمەن ئۆزىنە،
شەكەر ئېزىلمىش سۆزىنە،
دەۋامەت باقسام يۈزىنە،
كۆزۈم تويماس دىيدارىڭدىن.

يۈزى ئايدەك شۇئلە سالۇر،
ھۆسنى فەلەكدىن باج ئالۇر،
يا رەب، يارىم قاچان كېلۇر،
بارسەم دەريا كەنارىڭدىن.

ياقدى مېنى بىر نازەنىن،
فىدا بولسۇن روىي زەمىن،
ھېچبىر كىمسە مېنىڭ كەمىن،
ئايرىلماسۇن نىگارىڭدىن.

كۆڭلۈمدە ئاھى زارىدۇر،
يۈزلەرى مەشرىق سارىدۇر،
بىلمەنمەن كىمنىڭ يارىدۇر،
خەبەر كېلمەس دىلدارىمدىن.

ھېچ كىمسە سىرىن بىلمەسە،
ماھىمنىڭ ھالىن سورماسە،
ئاشىق بىر زۇلم كۆرمەسە،
ئايرە تۇشەرمۇ يارىندىن.

ئەلقىسسە، ماھىمجان سۆزىنى تامام قىلدى. ئۇنىڭ قىرىق كېنىزىكىنىڭ تۆت باشچىسى بار ئىدى. بىرىنچىسىنىڭ ئېتى جاھانىنەما بولۇپ، ئۇ: «ئەي يارانلار، بۇ بىر ئۇلۇغ ۋەقەدۇر، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىڭلار» دېدى. شۇ چاغدا، گۈلرەنا دېگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئەي مەلىكەم، سىزگە ئاللا ئۆزۈن ئۆمۈر بەرسۇن! بۇ چۇشىڭىزنىڭ تەبىرىنى مەن ناھايىتى ياخشى دەپ بېرەي» دەپ بىر بېيىت ئوقۇدى:

بىر شەھزادە كەلمىش مەشرىق شەھرىندىن،
گەشت ئەيلە يۈر گۈل-غۇنچەلى جايلارى.
ياردىن جۇدا بولمىش شەھنىڭ قەھرىندىن،
كۆپدۇر يۈراكىندە ئاھۇ ۋايلارى.

نەزەر ئەيلە ساغ بىلەن سولىغا،
يارىڭ كېلۇر رەھم ئەيلەيۈر ھالىڭا،
سەۋەرسەن سۆيدۈكىڭ تۇشەر قولىڭا،
خۇش كېچەرسەن بۇ كۈنلەرى، ئايلارى.

باغرىنە سانجىلمىش بىر گۈلنىڭ خارى،
مەگەر سەندىن ئۆزگە يارى بار يارى.
نە ئۈچۈن كۆزلەمىش ئول مەشرىق سارى،
سېنىڭ سارى تولغانمامىش رايلارى.

مەن تەئبىر ئەيلەدىم كۆرگەن تۈشىڭە،
تاغلارىڭ تەيرلەرى قونار باشىڭە.
دەمبەدەمدىن كېلۇر يارىڭ قاشىڭە،
ئول كۈن تۈتار تەماشالى تويلارى.

گۈل رەئنا دەر: ئىچدىم قولۇمدە بادە،
سۆزۈم يوقدۇر ئەمدى مۇندىن زىيادە،
ئەللاھ يەتۈر بارچە قۇلنى مۇرادە،
ھەق سالىپ ساڭا ئۇشبۇ كويلارى.

گۈلرەنا سۆزىنى تامام قىلدى. ماھىم قىز گۈلرەناغا بېشىدىن ئايىغىچە شاھانە كىيىم - كېچەك ئىنئام قىلىپ، كېنىزەكلەردىن ئايال تۇغقانلىرىغا (ئاچىلىرىغا): «باھار پەسلى كېلىپ، سەيلە ۋاقتى بولۇپ قالدى. باغى رىزۋانىغا، فۇرات دەرياسىغا بېرىپ تاماشا قىلساق» دەپ، بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. تۇغقانلىرى خەتنى ئوقۇپ، سەيلىگە چىقىش مەسلىھەتىنى قىلىشتى. ئۇلار باغ ئىچىگە بىر چېدىر تىكتۈردى، ئاندىن ئاتىسىنىڭ ئىبسىل شاھانە قېيىقىنى باغنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ كېلىشتى. ماھىم قىز ئاچىلىرى بىلەن ئالەمگە نۇر چېچىپ، باغ سەيلىسىگە كېتىشتى. ئۇلار باغ ئىچىگە كىرىپ تاماشا قىلىپ، ئاندىن فۇرات دەرياسىغا سەيلىگە باردى. ماھىم قىزنىڭ كۆزى دەريانىڭ شىمالىدا ئىدى. ئۇنىڭغا يىراقتىن ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر قارا نەرسە كۆرۈندى. ئۇنى ياخشى كۆزىتىپ باقسا، ساندۇققا ئوخشاش نەرسە ئىكەن. ئۇ تۇغقانلىرىغا: «يۇقىرىدىن بىر نەرسە ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ ساندۇق بولۇپ قالسا، ئىچى مېنىڭكى، تېشى سىلەرنىڭكى» دېدى. تۇغقانلىرى ماقۇل بولدى. ئۇلار قارىسا، ئېقىپ كېلىۋاتقان نەرسە ساندۇق ئىكەن. ئۇلار دەرھال قېيىق بىلەن بېرىپ، ساندۇقنى تۇتۇپ، قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. قارىسا، ساندۇق قارامان بىلەن ھىملىنىپ، سىرتىدىن سىلىقلاپ پارقىرىتىلغان ئىكەن. ماھىم قىز ئاچىلىرىغا: «ئەگەر ۋەدىگە ۋاپا قىلساڭلار ساندۇقنى ئاچمەن» دېدى. ئاچىلىرى: «ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئالەمگە تەڭ كەلگۈدەك نەرسە بولسىمۇ، سېنىڭ بولسۇن» دېيىشتى. ماھىم قىز چەبدەسلىك بىلەن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا ئىچىدە ئاي يۈزلۈك بىر يىگىت ئولتۇرغۇدەك. ماھىم ئۇنى كۆرۈپلا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. كېنىزەكلىرى يۈزىگە سۇ سېپىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى. شەھرىجان ئۇنىڭدىن: «ئەي ماھىمجان، ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىۋىدى. ئۇ زار-زار يىغلاپ: «بۇ يىگىتنى مەن چۈشۈمدە كۆرگەن. شۇندىن تارتىپ، مەن سەۋرى-تاقىتىمنى يوقاتتىم. ئۇ مېنى تۈگىمەس ھىجرانغا سالغان يىگىت شۇ» دېدى. كېنىزەكلىرى:

جاۋاب:
گۈل ئەمەسمەن، بۇلبۇلمەن بىر باغنىڭ،
گۈلدىن گۈلە سەيران ئېتىپ كېلەمەن.
ھەم ئۇل گۈلنىڭ داغى، سەن گۈلنىڭ داغى،
ئەقلۇ ھوشۇم ھەيران ئېتىپ كېلەمەن.
سوئال:
نە چەمەندىن ئېسىپ كەلگەن شەمالسەن؟
قايسى ئايدىن ئايرە تۈشكەن ھىلالسەن؟
نە شەكەردىن تامغان ئابى زۇلالسەن؟
سۆزلە جانىم، قايسى باغنىڭ گۈلىسەن؟
جاۋاب:
ئۆزۈم تاھىر مەنەم، ئاتامدۇر-باھىر،
ئاغىر بار زەكاتىم، كۆپدۇر جەۋاھىر،
پىنھان سىرىم ساڭا ئەيلەيىن زاھىر،
ئۇل مۇلكىمنى ۋەيران ئېتىپ كېلەمەن.
سوئال:
بۇلبۇل بولسەڭ، گۈلئۇزارىڭ نە يەردە؟
گەۋھەر بولساڭ، خەرىدارىڭ نە يەردە؟
ئاشىق بولسەڭ، سەۋەر يارىڭ نە يەردە؟
سۆزلە جانىم، قايسى باغنىڭ گۈلىسەن؟
جاۋاب:
ئاتام پادىشاھدۇر رويى زەمىنە،
چىقاردىم تەختىمە زىننە بەزىنە،
بۇگۈن جۇدا تۈشتۈم مەنى كەمىنە،
كۆز ياشىمنى رەۋان ئېتىپ كېلەمەن.
سوئال:
يا مۇجەررەدمۇسەن، كەد خۇدامۇسەن؟
يابىر پەرى بىرلەن جان فىدامۇسەن؟
يا قەلەندەرمۇ سەن يا گەدامۇسەن؟
سۆزلە جانىم، قايسى باغنىڭ گۈلىسەن؟
جاۋاب:
بىر غەرىبمەن مەدەدكارىم يوق مېنىڭ،
قەۋمۇ قارداش خانە دارىم يوق مېنىڭ،
سەندىن باشقە سەۋەر يارىم يوق مېنىڭ،
ھىجران كۈنىم دەۋران ئېتىپ كېلەمەن.



ماھىمجان، بۇ يىگىتنى بەزلىگىن، ھالاك بول-
مىسۇن» دەپ دەرھال تاھىر يېكىنىڭ يۈز-
گە گۈل سۈيى سېپىپ، ئۇنى ھوشىغا كەل
تۈردى. ماھىمجان تاھىرغا قاراپ، ئۇنىڭدىن
سوئال سوراپ بېيىت ئوقۇدى. ئۇمۇ جاۋاب
بەردى.
سوئال:
خەبەر بەر، نە يەردىن تۈشدىڭ بۇ يانە؟
سۆزلە جانىم، قايسى باغنى گۈلىسەن؟
ساندۇق بىلە نېچۈن كىردىڭ دەرياغە؟
سۆزلە جانىم، قايسى باغنى گۈلىسەن؟

www.uyghurkitap.com



سوئال:
ماھىم دېيەر: قارا بەختىم ئويانىدى،
دەۋلەتىمنىڭ چىراغى قولۇمدە ياندى،
خۇدا بەخش ئەيلەدى دەۋران دولاندى،
مەگەر ئەمدى ماھىم قىزنىڭ گۈلىسەن.

جاۋاب:
ماھىمجان ئېشىتكىل توغرى سۆزىمنى،
مۇدام مەشرىق سارى تىكىپ يۈزىمنى،
تاھىر دېيەر مۇسافىرمەن ئۆزىمنى،
بەش كۈن ساڭا مېھمان بولۇپ كېلەرمەن.

ئەلقىسسە ئىككىسى سۆزلىرىنى تامام قىلدى. ماھىمجان گاھ خۇدىنى يوقىتىپ، گاھ ئۆزىگە كېلىپ، «بىر ئەر كىشى ئون ئىككى ئايالغا ئەر بولسا بولارمىش. ئۇنىڭ باشقا ئاشىقى بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ مەشۇقىنىڭ كېنىزىكى قاتارىدا ئۆتسەممۇ مەيلى» دەپ، ساندۇقنى قەسىرگە ئېلىپ باردى. ماھىم ئاتىسىنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلماقچى بولۇپ، بىر ئەرزنامە يېزىپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىردى ۋە: «غەمگۇزارىم شاھى جاھان ئاتا! جانابىڭىزغا بىر ئەرزىم بار» دەپ، بىر بېيىت ئوقۇدى:

بابامغە بىر سوئالىم بار، رەھىم ئەيلەسۇن بابام ماڭا،
بىر نېچە ئەرزى ھالىم بار، رەھىم ئەيلەسۇن بابام ماڭا.
ھەدىيە كېلىپدۇر ئەللاھدىن، تىلەكىمدۇر گۈزەل شاھدىن،
بىر ساندۇق كەلدى دەريادىن، بەخش ئەيلەسۇن بابام ماڭا.
بىر سەندۇقدۇر خانغە لايىق، بەگ بىلەن سۇلتانغە لايىق،
بەرسە ماھىم قىزە لايىق، بەخش ئەيلەسۇن بابام ماڭا.
ماھىم دېيەر: قىلدىم ئىزھار، بابامغە مۇنداغ ئەرزىم بار،
دۇنيانىڭ ماڭا نە دەركار، بەخش ئەيلەسۇن بابام ماڭا.

ئەلقىسسە، ماھىمجان ئەرزنامىسىنى ئاتىسىغا تاپشۇردى. ئاتىسى ئۇنى ئوقۇپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا خەت ئارقىلىق مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئۇ ساندۇق ئىچىدە قانداق نەرسە بولسا، ھەتتا ئالەم-جاھانغە تەڭ تۇرىدىغان نەرسە بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزۈڭگە بېغىشلىدىم». ماھىمجان ئاتىسىنىڭ جاۋابىنى ئوقۇپ ئىنتايىن شادلىنىپ، كۆپ ماللارنى سەدىقە قىلدى. ئۇ ئاتىسى تەرەپكە قاراپ، ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى، خۇداغا ھەمدۇ سانالار ئوقۇدى. ماھىمجان تاھىرجانغا قىممەت باھالىق كىيىم-كېچەكلەرنى كىيدۈردى. يەنە ئۇنىڭ بېشىغا تاج كىيدۈرۈپ، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلاپ، ئۇنى قالتىس ياساندۇرۇۋەتتى. بىراق، تاھىرنىڭ بۇ بېزەكلەر بىلەن خۇشى بولماي، كېچە-كۈندۈز يىغلايتتى. ماھىم قىز ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن جاۋاب بەرمەيتتى. شۇنداق ئەھۋال بىلەن، ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتتى. بىر كۈنى، ماھىم قىز زىبۇ زىننەتلەر بىلەن ياسىنىپ-تارىنىپ تاھىرنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى ۋە باش ئېگىپ تۇرۇپ: «ئەي مېنىڭ تىرىكلىكىمنىڭ سەرمايىسى (ھاياتىمنىڭ مەنبەسى)، بېشىمدىكى تاجىم، كۆزۈمنىڭ نۇرى! شۇنچە يىلدىن بېرى

سەۋرى - تاقەت قىلىپ، جاپايىڭنى چېكىپ كەلدىم. ئەمدى سەۋرى - تاقىتىم قالمىدى، ئەمدى ماڭا رەھىم قىلىپ، رەھىمىلىك نەزەرىڭنى بىر سالساڭ» دېدى. تاھىر ئۇنىڭغا يەنىلا جاۋاب بەرمىدى. كېنىزەكلەر تاھىرنىڭ سۈكۈت قىلغانلىقىنى رازىلىق ئالامىتى دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنى شەربەتكە مۇۋاپىق ھالدا نىكاھلاپ، تاھىر بىلەن ماھىم قىزنى خىلۋەتتە قويۇپ، قايتىپ چىقىشتى. ماھىم قىز مەقسىتىم ھاسىل بولدى دەپ، بىر بېيىت ئوقۇدى:

شۈكرىللاھ، يەتدىم مەقسەد - مۇرادە،
غەرىب كۆڭلۈم بىر ۋىسالە يېتۇشدى.
ھىجران ئىچرە ھىلال بولغان قامەتىم،
رەئنا بولۇپ نەۋ نىھالە يېتۇشدى.

يۈزىم ئايغا تۇشدى، كۆزلەرىم كۈنە،
ئايرىلىق كۈنلەرىن سالماسۇن يەنە،
مۇدام چۆلدە كەزگەن تەشنەلەب سۇنە،
بۇگۈن مۇرغىزارلى كۆلە يېتۇشدى.

يۈرەكلەر قان بولۇپ، كۆزلەر ياش بولۇپ،
كىزلەگەن سىرلارىم خەلقە فاش بولۇپ،
ئىككى ئاشىق بىر بىرىگە دۇش بولۇپ،
گۈل بۇلبۇلە، بۇلبۇل گۈلە يېتۇشدى.

ئىككى ئاشىق بىر بىرىنە جەم بولۇپ،
سازكەمەن تارتىلىپ زايىل نام بولۇپ،
شۇم رەقىبە سەبا ۋەقتى شام بولۇپ،
كۆز ياشى رەڭ تاپىپ ئالە يېتۇشتى.

تاۋۇس جىلۋە ئەيلەپ قۇببە قاز بىلەن،
قۇمرىلار دەم تارتىپ خۇش ئاۋاز بىلەن،
بۇلبۇل نەغمە تۈزدى يۈزمىڭ ساز بىلەن،
تۈتى گۇفتار ئەيلەپ بالە يېتۇشدى.

ئاشىقلىك بارچەنى ھەيران ئەيلەيۇر،
بەلىيەت تاغىنى سەيران ئەيلەيۇر،
بىلىن دەۋۋار قۇلفىن ۋەيران ئەيلەيۇر
ئىشقىڭ يۈكى رۇستەم، زالە يېتۇشدى،

ماھىم دېيەر سۇھبەت تۇتدىم يار بىلەن
بۇلبۇل ھەمراھ بولدى لالەزار بىلەن،
نەزەرىم يوق قارداش، خانەدار بىلەن
ئاچ كۆزلەرىم ئول دىدارە يېتۇشدى.

ئەمما، تاھىربېكنىڭ كۆڭلى زوھرە قىزدا ئىدى. ماھىم قىز ئۆزىگە شۇ قەدەر جۇلا بېرىپ، چىمىلدىق ئىچىدە توزدەك پارقىراپ ئولتۇرۇپ، شۇنچە ئىما - ئىشارەتلەر قىلىپ، تاھىرنى ئۆزىگە مايىل قىلماقچى بولدى، تاھىر يەنىلا ئۇنىڭغا مايىل بولمىدى. ماھىمنىڭ ئىشقى شۇ قەدەر غالىب كېلىپ، سەۋرى - تاقىتى قالمىغانىدى. ئۇ: «ئەي تاھىرجان، ئىلگىرى مەن باشلامچىلىق قىلىپ، سېنى دەريادىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ساڭا قايتىدىن ھايات بەخش ئەتتىم. سېنى دەپ ئار - نومۇستىن كېچىشنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆردۈم. ھەر - ھەر شاھزادىلەردىن ئەلچى كەلسە، ئۆزۈمنى پەقەتلا سېنىڭ دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارغا ماقۇل بولمىدىم. مەن شاھىنشاھلىقىم بىلەن ئۆزۈمنى ساڭا مۇناسىپ كۆرگىنىمدە، سەن ۋەتىنىدىن ئايرىلغان غېرىب - مۇساپىر تۇرۇقلۇق، نېمە سەۋەبتىن ئۆزۈڭنى ماڭا مۇناسىپ كۆرمەيسەن؟» دېدى. تاھىر بىچارە ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئىشىتىپ مۇنداق دېدى: «ئەي ماھىمجانىم، بېشىم سەن ئۈچۈن سەدىقە بولسۇن. بىراق مېنىڭ

بىر كۆھىرىم — تۈننى يورۇتقۇچى چىرىغىم بارىدى. ئۇ كۆھىرىمدىن ئايرىلىپ، تەركىي دۇنيا بولدۇم. تاكى ئۇ كۆھىرىمنى كۆرمىگىچە، دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى ئۆزۈمگە ھالال ھېسابلىماي، ھارام دەپ بىلىمەن». ئۇ زار-زار يىغلاپ تۇرۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ماھىمجان ئەرزىمنى بەيان ئەيلەيىن،
بىر گەۋھەر، شام چىراغدىن ئايرىلدىم.
باغى مەيدان ئۇزرە سەيران ئەيلەيىن،
يار يولىندە شەھر ئوتاغدىن ئايرىلدىم.

بەھار بولسا، تازە گۈللەر ئاچىلۇر،
مۇشكۇ ئەنبەر چار تەرەفكە ساچىلۇر،
مەيخانەدە گۈلگۈن شەراب ئىچىلۇر،
مەي مەست ئولغان ئول دىلداردىن ئايرىلدىم.

چارۋەلەرى سەھرالەردە كېزەرلەر،
قىز-كېلىن قارشىپ نەغمە تۈزەرلەر،
يىگىتلەرى ئالمە نارىن ئۈزەرلەر
ئەنجىرلى، ئەنگۈرلى باغدىن ئايرىلدىم.

داغلارىنە پۈركەر ئەبرى سىياھلار،
ھۆلگە سەندە كۆكەر تۈرلى گىياھلار،
كەبۇتەرلەر يايلاغى بەرگلەر، قىيالار*،
تەرلاك** مەسكەن تۇتقان تاغدىن ئايرىلدىم.

تاھىر دەر: سېغىنىدىم پىرە ئۇستادە،
رەقىبىڭ ئالىندىن كەلمىشەم دادە،
مەجلىسى مۇھەببەت قولۇندە بادە،
پىيالەلەر سۇنغان ساغدىن ئايرىلدىم.

تاھىربېك بېيىتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەنە: «ئەي ماھىمجان، مېنىڭ دەردىم بېشىمدىن ئېشىپ چۈشكەن. مېنىڭ ئەھدى-پەيمانىم بىر گۈزەل پەرىگە باغلانغان. ئەگەر مۇندىن كېيىن مېنى ئارتۇق ئازابقا سالساڭ، ئۆزۈمنى ھالاك قىلىمەن. چۈنكى، ھەدىس شەرىفتە «ئەلۋەئدەتۇن دىنۇن»، يەنى ۋەدە بەرگەنلىك قەرزدار بولغانلىقتۇر» دېيىلگەن» دېدى. ئۇلار ئارىلىرىغا بىر قىلىچ قويۇپ ياتتى. ماھىم قىز ئۇ قىلىچقا قاراپ: «زەرەرنىڭ يېرىمىدىن قايتىش پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭغا مۇنىڭدىن زىيادە كۆڭۈل بەرسەم، ئەل ئالدىدا يامان ئاتاققا قالىمەن» دەپ ئويلاپ، بىر بېيىت ئوقۇدى:

كۆڭلۈم ساڭا ئەرزى ھالىم سۆيلەيىن،
كۆڭلى باشقە بىۋەفادىن ئەل كۆتەر.
تالىئىمنى تەرسلىكىنە يىغلايىن،
ئېلى باشقە بىۋەفادىن ئەل كۆتەر.

يەتتى يىلدۇر ئىشق ئوتىنە كۆيەرمەن،
بىۋەفا يار ئۈچۈن غەملەر ئەيلەرمەن،
نىمە كۈندۇر كۆپ جەفالار چېكەرمەن،
يولى باشقا بىۋەفادىن ئەل كۆتەر.

بىگانە جاھىلنى نەچۈن سۆيەرسەن،
كۆزلەرىڭنىڭ قانلى ياشلار تۆكەرسەن،
ئەغيارى يار بىلىپ جانىڭ ياقارسەن،
سەبر ئەيلەگىل، بىۋەفادىن ئەل كۆتەر.

ئاشىقمەن دەپ دەردىم تولا ھەر جايدە،
مەگەر بىر دەردى بار مەندىن زىيادە،
نامەھرەم دەپ قىلىچ قويدى ئارادە،
ئەھدى يالغان بىۋەفادىن ئەل كۆتەر.

* قىيالار: ئەسلى تېكستتە «غيالار» دەپ يېزىلغان.

** تەرلاك: توغرىسى «تەرلان»، بىر خىل قارچىغا — قۇرغۇينىڭ نامى.

ماھىم دېيەر: يار دەپ ياندىم دەۋامەت، سەبر پېشە قىلغىل ئەيلەپ قەنائەت،
يار ئولدۇر جانىڭا بىر كەلگەن ئافەت، يارى باشقە بىۋەفادىن ئەل كۆتەر.

ماھىم قىز سۆزىنى تامام قىلدى. ۋەزىرزادە: «ئەي ماھىمجان، مېنىڭ كۆڭلۈمدە يۈز مىڭ غەم بار. بۇلار مەندىن باشقا كىشىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بولسا، ئۇنى يەقىتىپ قويانتى. مېنىڭ بۇ يەرگە كەلمىكىم، ئەزەلدىن بىزگە پۈتۈلگەن قىسمەت ئىكەن. ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئاللاتائالا قايتۇرسۇن» دەپ، بىر بېيىت ئوقۇدى:

لەيلەيەن، ۋاھەسرەتا، دىلداردىن ئايرىلمىشەم،
ئىككى نەرگىس كۆزلەرى خۇنخاردىن ئايرىلمىشەم،
قامەتى سەرۋى، گۈلى گۈلزاردىن ئايرىلمىشەم،
خەزنەئى ھۇسنۇڭدە ئىككى ماردىن ئايرىلمىشەم،
قامەتى تۇبى گۈلى رۇخساردىن ئايرىلمىشەم.

ھۇسنى ھۇرى لەئلى قىردەۋسىڭ شەرابى كەۋسەرى،
يۈزى ئون تۆرت ئايدۇر، ھەر خالى ئەنجۇم لەشكەرى،
نەيلەيىن ئاجىز باشىم سەۋداغە سالدى بىر پەرى،
فىكىر ئېتىپ كۆڭلۈم لەقىب ئىشىق ئوتى سالدى بىر شەرى،
ئول قەدى تۇبى گۈلى روخساردىن ئايرىلمىشەم.

ئاتەشى ئىشىق ئىچرە كۆيگەن مەن كەبى ئاۋارە يوق،
سۆزلەسەم دەردىمنى مەن بىر ئاشىقى بىچارە يوق،
مەھۋەشىمدەي فانى ئالەم ئىچرە بىر مەھ يارە يوق،
دەردىمى ئىزھار ئېتەرگە سۆزلەسەم غەمخارە يوق،
ئول قەدى توبى، گۈلى رۇخسارىن ئايرىلمىشەم.

تاھىرەم جانىم بېرىپ كۆرسەم ئوشۇل جانانەمى،
يار قاشىندە رەقىب يەرلەرگە تۆكسۇن قانىمى،
يەتتى يىلدۇر ئارزۇ ئەيلەرمەن ئەزىز مېھمانىنى،
ئۇمرىمىڭ بارىن كېزىپ سەرف ئەيلەدىم بۇ جانىمى،
ئول قەدى تۇبى پەرى زۇخساردىن ئايرىلمىشەم.

تاھىر سۆزىنى تامام قىلىپ، بىرئاز ۋاقىت ئارام ئالدى. بىراق، ماھىم قىزدا سەۋرى ـ تاقەت قالمىدى. ئۇنىڭ دەردى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، يۈزلىرى زەپىرانىدەك سارغىيىپ كەتتى. ئۇ تاھىرغا يەنە سۆز ئېچىشتىن نومۇس قىلىپ، كۈنىنى يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. تاھىرنىڭ دائىم تاتار ۋىلايىتىنىڭ يولىغا قاراپ يىغلاپ، ناماز ئوقۇپ

كۈن ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى سەھەر ۋاقتى شامال چىققاندا، تاھىربېك ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، شامالغا: «مېنىڭ ئەرزىمنى زوھرەگە يەتكۈز» دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

ئەي سەبا، ئەرزىم مېنىڭ ئەرز ئەيلە جانانىمغە ئايت،
قانده كۆرسەڭ يالبارىپ، جىسمىن ياقان خانىمغە ئايت،
شامى ئەۋقاتىم سىفاتىن ماھى تابانىمغە ئايت،
قامەتىمنى خەملىغىن سەرۋى خىراماىمغە ئايت،
لەبلەرىمنى تەشنەلىكىن ئابىھەيۋانىمغە ئايت.

زوھرە جانىمغە خەبەر بەر، قەددىمى نۇن بولغانىن،
ئايرالىق ئەقلىن ئالىپ، دىۋانە مەجنۇن بولغانىن
چەشمى گىرىيان، باغرى بىريان، كۆڭلى غەمگىن بولغانىن،
كامى تەلخۇ، بادە زەھرۇ، ئەشكى رەڭگىن بولغانىن،
لەئلى رەڭگىن، لەفزى شىرىن شۇخى مەستانىمغە ئايت.

تەلمۇرۇپ ھەر يانە كۆزلەپ، تەلمۇرۇپ يار ئولماسۇن،
زوھرە جانىمغە سەلام، ئەغيارە دىلدار ئولماسۇن،
يەقدرىپ مېھرىڭ بىناسىن، بۇيلە بىدار ئولماسۇن،
دايىما يىغلاپ كېزىپ يارىم دەبان يار ئولماسۇن،
ئوتى ئىشقىڭ كۆيدۇرەن ئول چەشمى گىريانىمغە ئايت.

قاسىدا، بەرگىل خەبەر، كۆز ياشى گىريانىدۇر دەپ،
سەن پەرىنى ھەجرىدىن ھالى پەرىشاندۇر دەپ،
دەردلىمەن، سۆرگىل دەۋامەت نامە دەرماندۇر دەپ،
تاھىرىم مەي ئورنىگە ئىچىدى قىزىل قاندۇر دەپ،
زوھرە ئاتلىق ماھ پەيكەر ئەھدى يالغانىمغە ئايت.

تاھىر سۆزىنى تامام قىلدى. شامال بىر سائەتتە باغدادتىن تاتارغا بېرىپ، دەرەخلەرگە ئورۇلدى ئۇ دەرەخلەردىن بىر خىل زارلانغان ئاۋاز چىقتى. زوھرە قىز ئۆي-قورۇدىن سەسكىنىپ ئويغاندى ۋە «خۇدايا، بۇ ئاۋازدىن تاھىرىمنىڭ ھىدى كەلگەندەك قىلىدۇ. تاھىرىمنىڭ خەۋىرى ياكى ئۆزى كېلىپ قالغانمۇ نېمە؟» دەپ كېنىزەكلىرىنى چاقىرىپ، زار-زار يىغلاپ، مۇنداق بېيىت ئوقۇدى:

قىزلار قۇلاق قويۇڭ ئۇشبۇ سۆزىمە،
بىر ئاۋاز ئىشىتتىم سەھەر چاغىندە،
يا تاھىرىم كەلمىش ئىلماس كۆزىمە،
يا سەبا سۆزلەمىش سەرۋ باغىندە.

ئۈمىد ئېتىپ كەزدىم گۈزەل ئەللاھدىن،
ئىستەدىم تاپمادىم گەدادىن، شاھدىن،
خەبەرىن گۆندەرمىش بادى سەبادىن،
ئۆزى سەيران ئەتمىش ھىجران باغىندە.

يارىم مۇندە كەلمىش ئەۋرىلمەس دەۋران
يار مەلدىن ئايرىلىپ يۇر قايدە مېھمان،
يار ئاندە، مەن مۇندە قالدىم سەرگەردان،
كۆزىم ياشدە، لەبىم زەھر ئاياغىندە.

مېۋە ئالمە، نارىم كەلمىش كەمالە،
يارىم كېلىپ تەرسۇن گۇل پۇتاغىندە،

رەئنا قەددىم دۆندى بىر نەۋنىھالە،
نەجەۋاپ بېرۇرمەن كەلگەن شەمالە،

زوھرە دېيەر: ئاقار كۆزىمدىن ياشىم،
ئاتا - ئانام يوقدۇر، غەمدۇر يولداشىم،
بىر زەمان سۆزلەشسەم كەلسە سىرداشىم،
ئەرمانىم يوق ئۆلسەم يار قۇچاغىندە.

زوھرە قىز سۆزىنى تامام قىلدى. دەرەخلەردىن يەنە ئاچچىق ئاۋاز چىقتى. كېنىزەكلەر سۈكۈت قىلىپ تىڭشاپ، ئۇنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلەلمەدى. كېنىزەك گۇل قەمەر: «ئەي زوھرە جان، بىز ئۇنىڭ بوۋاق بالىنىڭ ئاۋازى ياكى بىرىگە خىيالىمىزدا ئاڭلانغاندەك قىلغان ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، بۇ ئاۋازنى ئېنىقلاپ باقىلى» دېدى. تاڭ ئاتارغا يېقىن، گاھ ئولتۇرۇپ، گاھ ئورنىدىن تۇرۇپ دېگەندەك، تىنچلىنالماي قالدى. گۇل قەمەر: «زوھرەجان يۈرۈڭ، باغ سەيلىسىگە چىقايلى. بەلكىم بۇ ئاۋازنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالارمىز» دەپ، زوھرە قىزنى قولتۇقىدىن يۆلەپ، بىر بېيىت ئوقۇدى:

. نېچە ۋەقتلەر سەبا سۇبھىدەم بولدى.
كەل زوھرەجان باغ سەيلىنە كېتەلى.
قايغۇلى كۆڭلۈمە يۈز ئەلەم بولدى،
كەل، زوھرەجان، باغ سەيلىنە كېتەلى.

شەمالغە ساز ئۇلمىش سەۋرى پۇتاغى
قىزلارنىڭ جانىنە قويدى بۇ باغى،
بارىپ ئاختارالى باغ چار باغى،
يۈر، زوھرەجان، باغ سەيلىنە كېتەلى.

باغ ئىچىندە نە سەدادۇر، نە سازدۇر،
بىلە - بىلمەن ساڭا قىشدۇر نە يازدۇر،
نە مەجھۇلدۇر پەيغام نەچۈك بەيازدۇر،
يۈر، زوھرەجان، باغ سەيلىنە كېتەلى.

سەير ئېتەلى تاھىر گەزگەن جايىنى،
نەققاش مەنزەرلەر گۇل سەرايىنى،
قايتارماغىل گۇلزادەنى رايىنى،
كەل، زوھرەجان، باغ سەيلىنە كېتەلى.

گۇل قەمەرنىڭ سۆزى بىلەن زوھرە قىز كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا باغقا بېرىپ، ئاۋازنىڭ قەيەردىن چىقىۋاتقانلىقىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىدى. ئاخىرى زوھرە قىز بىر بېيىت ئوقۇدى:

ھەۋەسىم يوق، سەۋەر يارىم بولماسە،
نەچۈك تاقەت قىلام ئۇلۇغ ئەللەردە.
باغ ئىگىسى بۇلبۇل زارىم بولماسە،
كۆڭلۈم تاقەت بەرمەس تازە گۇللەردە.

كەتمەكىغە ئاجىزمەن كۆپ بىقەرار مەن،
كۆڭلۈم ئارزۇيىندە، كۆزۈم يوللاردە.

ئىلدام گۇل يۈزىن كۆرمەككە زارمەن،
ياخشىدىن ئايرىلىپ يامانغە يارمەن،

زوھرە دېيەر: يارىم كۆچدى يۇرتىمىدىن،
كۆزلەرىمغە سۇرتسەم پايى گەردىنىدىن،
سىتەم چەكدىم باباخانىنى دەردىنىدىن،
تاھىرنىم كەلمەدى ئايدە - يىللاردە.

زوھرە قىز سۆزىنى تامام قىلدى، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. كېنىزەكلىرى ئۇنى كۆتۈرۈپ، كارىۋىتىغا ياتقۇزدى. ئۇ بىر كېچە كۈندۈزدە ھوشىغا كېلىپ، شۇنچىلىك يىغلىدىكى، ئىنس - جىن، يىرتقۇچ قۇشلارمۇ ئۇنىڭدىن لەرزىگە كەلدى. كېنىزەكلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ يالۋۇرۇپ: «ئەي زوھرە جان، دۇنيادا سەۋر قىلىش بىلەن ئۆتۈش كېرەك. بۇنداق تاقەتسىزلىك قىلساڭ بىزمۇ بىتاقەت بولۇپ كېتىدىكەنمىز» دەپ، كۆپ نەسىھەت قىلدى. بىراق، زوھرە قىز ئاتا - ئانىسىنى ۋە دۇنيانى تەرك ئەتتى. چىرايى كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ زەپىراندەك بولۇپ، ئۆلەر ئەھۋالغا يەتتى. ئانىسى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ قارىسا، زوھرە ئۆلەر ھالەتتە ياتقۇدەك. ئۇنى كۆرگەن ئانا چاچلىرىنى چۇۋۇپ، يىغلاپ: «ئىلاھا، ئۆزۈڭ ئالەمنىڭ بارلىق مەخپىي سىرلىرىنى بىلگۈچىسەن. دەرمانىدىن كەتكەنلەرگە يول كۆرسەتكۈچىسەن. بۇ يالغۇز قىزىمغا ئۆزۈڭ رەھىم قىلغىن» دېدى. ئۇ كۆپ يىغلىدى، شۇ چاغدا، كېنىزەك گۈلزادە كىرىپ، زوھرەنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ، يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ: «ئەي ئانا، قىزىڭ ئۆلۈشكە ئاز قالدى. ئەمدى قانداق ئامالىڭ بولسا، شۇنى قىلغىن» دېدى. ئانىسى بىچارە شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، قىزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. پادىشاھ قىزىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، ئەنسىرەپ: «قىزىمنى ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنى بىر كۆرەي. ئەگەر تىبابەتچىلىكتە داۋا بولسا، داۋالىتاي» دېدى. ئانىسى زوھرەنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئەي قىزىم، سېنى ئاتاڭ چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى. زوھرە قىز ئۇنىڭغا: «ئەي ئانا، مېنىڭ ئاتا - ئانام قۇۋۇم - قېرىندىشىم يوق. مېنى ئاللاتائالا يالغۇز ياراتقان، يالغۇز پېتى بۇ دۇنيادىن ئۆتىمەن. ئەگەر مېھرىبانىم تاھىرجان ھايات بولسا، ئاللاتائالا ئۇنى ماڭا مۇيەسسەر قىلغان بولسا، غېرىبلىق بېشىمدىن كەتكەن بولاتتى. بولمىسا، غېرىبلىق ئىچىدە ئۆلىمەن. مەنمۇ ئاللاتائالانىڭ غەزىپى تۇتقان بەندىسىمەن. مەن تاھىر بىلەن دوزاخ ئىچىدە بىللە بولۇشنى، بۇ ئايۋان ساراي ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرۇشتىن ياخشى كۆرىمەن. ئەي ئانا، شاھقا ئېيتقىن. ئەگەر ئۇنىڭ ئاللادىن ئۈمىدى بولسا، مېنى ئۆلتۈرسۇن. ئۇ مېنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياخشى ئىش پۈتۈلىدۇ» دەپ، زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن ھەرگىز بارمايمەن ئاتام يانىغا،
بارساڭ ئاتامغە دە، ئۆلتۈرسۇن مېنى.
ئوتلار سالدى ئاشىقلارنىڭ جانىغا،
بارساڭ ئاتامغە ئېيت، ئۆلتۈرسۇن مېنى.

بارا بىلمەن ئاتام قاندە، مەن قاندە،
نە ئاتام بار، نە ئانام بار جەھاندە،
يەقىن قارداش، نە خانەدار بار مەندە،
بارساڭ ئاتامغە دە، ئۆلتۈرسۇن مېنى.

كېچىپ بارىندىن بولدۇم بىگانە،
ئەزەل كۈندە نەچۈن كەلدىم جەھانە،
بۇ ئىشقىڭ دەردىندىن بولدۇم دىۋانە،
بارساڭ ئاتامغە ئېيت، ئۆلتۈرسۇن مېنى.

تۇتقۇم ياقاسىندىن يەۋمۇلجەزا مەن،
ئايرىدى تاھىردىن كۆپ نارىزا مەن،
بۇ دەردىدىن قۇتۇلسام رىزا مەن،
بارساڭ ئاتامغە دە، ئۆلتۈرسۇن مېنى.

ئىشقىدىن يۈكىن چېكەرگە ئىختىيارىم يوق،
چىقماي مەلامەتدىن نامۇس - ئارىم يوق،
يىغلاماقدىن غەيرى كەسبۇ كارىم يوق،
بارساڭ ئاتامغە دە، ئۆلتۈرسۈن مېنى.

زوھرە دەر: ئاھىرسىز ئۆمۈر سۈرمەسمەن،
ئۆتەرمەن دۇنيادىن بىر دەم تۇرماسمەن،
ئۆلگۈنچە ئاتامنىڭ يۈزىن كۆرمەسمەن،
بارساڭ ئاتامغە دە، ئۆلتۈرسۈن مېنى.

زوھرە قىز سۆزىنى تامام قىلدى. ئانىسى قىزىنىڭ سۆزىنى شاھقا يەتكۈزدى. پادى-
شاھ: «قىزىم ۋايىغا يېتىپتۇ» دەپ، قىزىغا مۇناسىپ ئادەم بارمىدۇ دەپ خىيال دەريا-
سىغا غەرق بولدى. پادىشاھنىڭ شاھزادە ئەرمانۇس ئاتلىق بىر تۇغقىنى بولۇپ، ئۇنىڭ
قارا باھادىر ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ مەنسىپى باش قوماندان بولۇپ،
بارلىق لەشكەرنىڭ ئىختىيارى قارا باھادىردا ئىدى. قارا باھادىر شىجائەت بابىدا مىسلى
ئادەمگە باراۋەر كېلەتتى. ئەمما ھۆسن بابىدا، ھىندۇ - ھەبەشنۇ ئۇنىڭدىن چىرايلىق
ئىدى. ئاخىرى پادىشاھ قىزىنى قارا باھادىرغا بەرمەكچى بولۇپ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى،
دۆلەت ئەركانلىرىنى چاقىرىپ، يەنە قارا باھادىرنىمۇ چاقىرىپ، ئۇلارغا: «مېنىڭ بىر تال
گۈلۈم ۋايىغا يېتىپتۇ. مەن ئۇنى تۇغقىنىمنىڭ ئوغلى قارا باھادىرغا بەرمەكچىمەن.» دې-
دى. شۇئان، ۋەزىرلەر، دۆلەت ئەركانلىرى قارا باھادىرنى مۇبارەكلەشتى. ئاندىن، پادى-
شاھ خەزىنىسىدىن كۆيئوغۇلغا ئاتالغان كىيىم - كېچەكلەرنى ئالدۇرۇپ، قارا باھادىرغا
كىيگۈزۈپ، قازىنى چاقىرتىپ، گۇۋاھچىلارنى ھازىر قىلىپ، زوھرەجاننى قارا باھادىرغا
نىكاھلاپ بەردى. قارا باھادىرمۇ ئۆزىنىڭ خەزىنىسىدە بار بايلىقىنى چىقىرىپ، شەھەر-
نى رەڭدار چىراغلار بىلەن بېزىدى، دۆلەت ئەركانلىرىغا تون كىيگۈزدى، يوقسۇللارغا
ۋە پۇقرالارغا تىللا چاچتى، ئون بەش كېچە - كۈندۈز توي تاماشاسى ئۆتكۈزدى. ئۇ
كەچتە زوھرە قىزنىڭ قەسرىگە بېرىپ، قول قوشتۇرۇپ زوھرە قىزغا سالام بېرىپ، شاھ
ئاتىسىنىڭ زوھرە قىزنى ئۆزىگە بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزىدىن زوھرە قىزنىڭ
باغرى كۆيدى ۋە غەزەپ بىلەن قارا باھادىرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: «ئەي قارا
باھادىر! گۆھەرنى ئىتنىڭ بويىنىغا ئاسسا، گۆھەرمۇ، ئىتمۇ يىغلايدۇ. سەن كىم؟! مەن
كىم؟! گويا ئېشەكنىڭ ئالدىغا زەپران تاشلاپ بەرگەندەك، ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدا سۆلھ
قىلىپ، نىكاھ ئوقۇتقانلىق نېمىدېگەن ئەخمەقلىق! كەت! يوقال! كۆزۈمگە كۆرۈنمە!
بۇ خىيالىڭدىن يان!» ئاندىن، زوھرە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كەتكىل مۇندىن، قارە باتۇر، مېنىڭ ئاشىقلىغىم ھەقدۇر،
مەن سېنىڭ يارىڭ ئەمەسمەن، دەخل ئەيلەگەن ئەھمەقدۇر،
ساڭا بەردىم دېگەن شاھدۇر، مەندە بىر مەقسەدىڭ يوقدۇر،
مەن سېنىڭ يارىڭ ئەمەسمەن. ھېچ قىلۇر كارىڭ ئەمەسمەن.

بىر قارغە سەن خار ئىچىندە، چۈن ئاشىق بىچارە بولساڭ،
ئاشىق بولغان زار ئىچىندە، مېنى دەپ ئاۋارە بولساڭ،
سەير ئىچىندە، گۈلزار ئىچىندە، ئەگەر گەۋھەر پارە بولساڭ،
...ەۋەر گۈلزارىڭ ئەمەسمەن. مەن سېنىڭ يارىڭ ئەمەسمەن.

بۈگۈن ئاتامغە ئەغيارمەن،
ھەر زۇلمىڭ ئىچىندە بارمەن،
تاھىر دەپ خەستە بىمارمەن،
سىنىڭ بىمارلىڭ ئەمەسمەن.

ئاتام زۇلم ئەتتى باشىمە،
رەھم ئەتمەدى كۆز ياشىمە،
دىلبەرىم كەلسە قاشىمە،
سىنىڭ دىلدارلىڭ ئەمەسمەن.

فىدا بولمان فىدالىڭغە،
ھەۋەسىم كۆپ جۇدالىڭغە،
زوھرە دەر: كەد جۇدالىغىڭە،
مەن سەبەبكارلىڭ ئەمەسمەن.

ئەلقىسسە، زوھرەجان سۆزىنى تامام قىلدى. قارا باھادىر شەرمەندە بولۇپ چىقىپ كەتتى. زوھرە قىز ياقىسىنى يىرتىپ: «ئەي خۇدا! يا بۇ ئامانىتىڭنى ئالغىن، يا تاھىرنىمدىن دېرەك بەرگىن» دەپ، ھۆكرەپ يىغلاپ، بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، كېنىزىكى گۈلزادىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ھەي گۈلزادە، ماڭا زىبۇ-زىننەت، مال-دۇنيا كېرەك ئەمەس، سەن بۇ مال-دۇنيا ۋە زىبۇ-زىننەتلەرنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ، نامرات پۇقرالارغا تارقىتىپ بەرگىن» دەپ، خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭغا بەردى. كېنىزەك گۈلزادە زوھرەنىڭ خەزىنىدىكى ھەممە نەرسىسىنى كىشىلەرگە تارقىتىپ بەردى. زوھرە قىز گويا مەجنۇندەك يىغلاشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. ئۇ: «ئەي تاھىرجان ئۆلدۈڭمۇ؟ ياكى باشقا بىر يارغا كۆڭۈل بەردىڭمۇ؟ بۇ قەسىرلەر، بۇ باغ، سارايلار سەنسىز كۆزۈمگە دوزاختىن يامان كۆرۈنىدۇ. مۇبادا سەن بىلەن دوزاختا بىللە بولسام، ئۆزۈمنى گويا جەننەتتە يۈرگەندەك ھېسابلايمەن. ئەمدى ماڭا سىنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا نېسىپ بولارمۇ؟!» دەپ زار-زار يىغلىدى. ئۇ يەنە: «غەيرىيلەر كۆپىيىپ كەتتى، دوستلار كېتىشتى، دوستۇمدىن جۇدا بولدۇم» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سەندىن ئايرى مەن ئەسىرى دەردى ھىجران قالمىشەم،
ئۆلمەيىن قالدىم بۈگۈن ھالىمغە ھەيران قالمىشەم.
بارچەلەر ئىشرەت تۈنىندە كەزدىلەر سەيران ئارا،
نەيلەيىن زۇلمەت ئارا مەن زارگىريان قالمىشەم.
يار ئىلە ئەغيار بەزم ئەيلەركى دەۋران باغىدە،
مەن بۈگۈن خارى مۇغىلان ئىچرە سەيران قالمىشەم.
تەلبەكۆڭلۈم تەلۋىس ئەيلەر ئىستەيۇپ دىلدارنى،
دالى سەرگەردان بولۇپ، سەرگەشتە ئىنسان قالمىشەم.
پادىشاھى ھۇسن ئىدىم، تەختىم ئارا سۇلتان ئىدىم،
تەختۇ تاجىم سەيل ئاقاردى، مۇندە مېھمان قالمىشەم.
بۇلبۇلۇم ئۇچدى بۈگۈن، ئەزم ئەتتى ھىجران باغىنە،
مەن خەزانلىغ گۈلشەن ئىچرە بەيتۇلئەھزان قالمىشەم.
يەر ئەغيار ئىلە يار ئولدىكى يارىن تەرك ئېتىپ،

مەنكى تەرك ئەيلەي دېسەم، نەيلەيكى بىجان قالمىشەم.
زوھرە دەر: يار بۇلبۇلۇم ئۇچدى خەزانغە باغدىن،
ئاتەشى ھىجران ئالىندە ئەيلەپ ئەفغان قالمىشەم.

ئەلقىسسە، زوھرە قىز سۆزىنى تامام قىلدى. كېنىزەكلەرى ئۇنىڭ يىغىسىغا چىدىماي: «بىر ساز بەزمىسى ئۇيۇشتۇرايلى، زوھرە قىزنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالار» دەپ مەسلىھەتلەشتى. زۆھرەنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ساز بەزمىسى باشلىساق، نالە قىلىشىڭىزنى توختىتىپ، ماقۇل بولسىڭىز» دەپ ياۋۇردى. زوھرە ماقۇل بولدى. كېنىزەكلەر ساز چېلىپ، بەزمىنى ئاجايىپ قىزىتىۋەتتى. زوھرەنىڭ مەستلىكى غالىپ كېلىپ، ئۇخلاپ قالدى. شۇ چاغدا، كېنىزەكلەر ئولتۇرۇپ مەسلىھەت قىلىشتى. ئۇلار: «زوھرە ياخشى تۇرغان ۋاقىتىدا، ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە ئىنئاملىرىنى ئېلىپ، بېشىغا شۇنچە ئىش كەلگەندە، ئۇنىڭ دەردىگە داۋا قىلمىساق، تۇز كورلۇق قىلغان بولۇپ قالىمىز» دېيىشتى. شۇ چاغدا، كېنىزەك گۈلزادە: «زوھرەگە تاھىرنى تېپىپ ئەكەلمەكتىن باشقا داۋا يوق» دېدى. كېنىزەكلەر: «سەن ھەممىمىزنىڭ باشچىمىزسەن. بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن.» دېدى. گۈلزادە: «بۇنىڭ ئامالىنى مەن تاپىمەن. مەن ئەتە تۇرۇپ، زوھرەنىڭ خەزىنىسىدىن تىللا ئېلىپ، قەلەندەر قىياپىتىدە ياسىنىپ، شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ، تاھىرنى ئىزدەپ تېپىپ ئەكېلىمەن، ئەگەر ئۇنى تاپالمىسام، ئۆزۈممۇ قايتىپ كەلمەيمەن. ئىنشائاللا، ئۇنى تاپىمەن» دېدى. گۈلزادە گۆھەر گۈزەللىكتە ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئىدى. كېنىزەكلەر ئۇنىڭغا: «ھەي گۈلزادە گۆھەر، بۇ چارىنى لايىق كۆرگەن بولساڭ، زۆھرەنى ئويغىتايلى» دېدى. گۆھەر: «مەن بېشىمنى زۆھرە ئۈچۈن سەدىقە قىلىمەن» دەپ زوھرەنى ئويغاتتى. زوھرە يىغلاشقا باشلىدى. كېنىزەك قىزلار ئۆزلىرى قىلىشقان مەسلىھەتنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. زوھرە ھېلى ئولتۇرۇپ ھېلى تۇرۇپ، گۆھەرنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا: «سەپىرىڭ ساڭا ياراشقاي! تاھىرجاننى كۆرۈپ قالساڭ، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىر بىرلەپ بايان قىلغىن. ئەگەر ئۇ تىرىك بولسا، ھايات ئىكەنلىكىدىن، ئۆلگەن بولسا، تېنىدىن بىر نىشانە كەلتۈرگىن. يەنە ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتقىنكى، شاھ زۇلمى ئاشىق بولغانلىقىمىزدىن بولدى. باغ ئىچىدە ئالما، ئانار پىشىپ ۋايىغا يەتتى. قارا چوماق ھەر كۈنى ئالما، ئانارىدىن ئۈزمەكچى بولۇپ كېلىپ، مېنى يۈزىمىڭ غەم - قايغۇغا سېلىۋاتىدۇ. ئۇ باغ دەرۋازىسىغا قاراۋۇل قويدى. مەن ئېھتىيات قىلىۋاتىمەن ھەم قورقۇۋاتىمەن. ئەگەر شاھ زۇلمى ئېغىرلىشىپ، قارا چوماق ماڭا زۇلۇم قولىنى تەگكۈزمەكچى بولىدىكەن، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن. تاھىر بىلەن دىدارلىششىمىز قىيامەتكە قالمىسۇن» دەپ يىغلىدى. گۆھەر قىز ئۇنىڭغا: «ئەگەر تاھىرنى تېپىپ ئېلىپ كېلەلمىسەم، نامەرد بولۇپ كېتەي» دەپ قەسەم ئىچتى. زوھرە گۆھەرنى يولغا سالماقچى بولدى، ئۇلار سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشتى. گۆھەرگە قەلەندەر كىيىمىنى كىيدۈردى، بىر خۇرجۇن قىزىل تىللا تەييارلاپ، يۈگۈرۈك ھىنگانىغا مىندۈردى. زوھرە كېنىزەكلىرى بىلەن گۆھەرنى يولغا سالغاچ، چىرايى بەكمۇ سارغايغان ھالدا، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

www.uyghurkitap.com



گەۋھەرجان كەتتىڭ سەن يار سوراغىنىڭ،
يارىڭ ئېسەن - ئامان باردى دېگەيسەن.
ئەمما سەندىن يىراقىنا تاش ئۇرۇپ،
باغرىن يېرىپ، كۆكسىن ياردى دېگەيسەن.

يار دەپ يىغلاپ نېچچە - نېچچە ئەييامى،
تىلىدە يار بىلەن ئوقان كەلامى،
قاسىدىن گۆندەرى ساڭا سالامى،
ئۆزىن تاغە - تاشقە ئۇردى دېگەيسەن.

گاھى تەلبە كەمىنلەردەك تەلمۈرۈپ،
گاھى يېتىملاردەك گەردەنىن بۇرىپ،
گاھى خەستەلەردەك رەڭگى سارغىرىپ،
ئۆزاتىپ يانىمدە تۇردى دېگەيسەن.

رەقىب ئوتلار سالدى شىرىن جانىنە،
دۈشمەن خۇش ۋەقت بولۇپ سىغماس تونىنە،
ۋىسال ئىستەپ زوھرەجانىنىڭ يانىنە،
چوماق مايىل بولۇپ بادى دېگەيسەن.

ئاشىق بولغان شىرىن جاندىن كەچمەسمۇ،
جانان سۆيگەن يار لەبىدىن ئىچمەسمۇ،
قورقارمۇ ئۆلۈمدىن يارىن قۇچماسمۇ،
زارلانىپ، زىنھارلاپ ساردى دېگەيسەن.

دېگەنىم ئايت، باۋەر قىلسۇن سۆزىمە،
قارە بولسۇن باباخانىنىڭ يۈزىنە،
شاھ ئەزاب ئەيلەيۈپ يەككە قىزىنە،
قارە بەھادىرگە بەردى دېگەيسەن.

بارسەڭ تاھىرگە دە، تېزدىن تېز كەلسۇن،
ۋەقتىمنىڭ تەگلىغىن سۆزۈمدىن بىلسۇن،
تالئى تەرس كەلسە، زوھرە نە قىلسۇن،
فەلەك ئانىڭ بەختىن بۇزدى دېگەيسەن.

زوھرە قىز سۆزىنى تامام قىلىپ، گۆھەرنى ھىنگانىغا مىندۈردى. ئۇ تىزگىنىنى قولغا ئېلىپ، باغدىن تاشقىرىغا چىقتى. زوھرە گۆھەرگە ئۆچيۈز دانە سوۋغات بەردى. ئۇلارنىڭ قىممىتى يەتتە ئىقلىمنىڭ بىر يىللىق خىراجىگە توغرا كېلەتتى. زوھرە: «ئەي گۆھەر، شەھەردە مىسكىن - نامراتلارغا كۆپرەك خەيرى-ساخاۋەت قىلغىن، سەدىقە بالاقازانى نېرى قىلىدۇ. سەدىقىنىڭ شاراپىتى بىلەن تاھىرىم تېپىلىپ قالار» دەپ يىغلىدى، يەنە: «ھەربىر شەھەرگە بارغاندا، شۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بىلەن تونۇشقىن. چۈنكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەممە يەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولىدۇ. شۇنداقلا بېشىڭغا كەلگەن ئىش ئاسان ھەل بولىدۇ» دەپ، گۆھەرنى شەھەردىن يېرىم مەنزىل ئۇزىتىپ قويۇپ، قايتىپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە، ۋاھىد ئاتلىق بىر قەلەندەر، شەھىرجان ئاتلىق قىزغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ ئۇنى سوراپ - ئىستەپ يۈرەتتى. شۇ قەلەندەر زوھرە قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، «ئەي زوھرە قىز بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كەلدىڭىز؟» دېۋىدى، زوھرە قىز ئۈندىمىدى. ئاندىن، ۋاھىد روھرە قىزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، باش ئېگىپ سالام قىلىپ، «ئەي ئاشىقلارنىڭ پادىشاھى، سىرىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز» دەپ، كۆپ يىغلىدى. زوھرە قىز: «ھەي قەلەندەر، بۇ يەتتە يىل مابەينىدە، ساڭا ئوخشاش ماڭا بۇ تەرىقىدە ھېسداشلىق قىلغان رەھىمدىل ئادەمنى كۆرمىگەنىدىم. سەن مېنىڭ

هالىمدىن خەۋەر ئالدىغان، ئېمىدىگەن رەھىمدىل شاپائەتلىك ئادەمسەن» دېدى. ۋاھىد ئۇنىڭغا: «ئالتۇنىنىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ. مەن زەرشۇناسمەن. ئەگەر ئەھۋالىڭ-دىن خەۋەر بەرمىسەڭ، ئۆزۈمنى ھالاك قىلىمەن» دېدى. زوھرە قىز زار - زار يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كاشكى ياردىن خەبەر بىلسەڭ،
دىلدار ئۈچۈن سەرگەردانمەن.
سارغارىپ سولدى گۈل يۈزۈم،
زەھەر بولدى شېرىن سۆزۈم،
تاھىر كەتتى قالدىم ئۆزۈم،
ئازار ئۈچۈن سەرگەردانمەن.
كۆرسەم يارنىڭ قەددى - بويىن،
ھەق مۇيەسسەر قىلسە رويىن،
غەم ئالىپدۇر قەلبىم ئۆيىن،
غەمخار ئۈچۈن سەرگەردانمەن.
باغلاردە سەۋسەن سۈنبۈلەم،
تەرغۇنچە دەي تازە گۈلەم.
گۈلدىن ئايرىلان بۇلبۇلەم،
گۈلزار ئۈچۈن سەرگەردانمەن.
ئول يەتتە يىل دەريادىن ئاققان،
شۇم تالىئ ئايرە چەككەن ،
زوھرە دېيۈپ باغرىن ياققان،
ئول نار ئۈچۈن سەرگەردانمەن.
كەلدى ئايرالىق لەشكەرى،
مەن نەيلەيىن سىيمۇ زەرى،
يارغە گۆندۇرەم گەۋھەرى،
بىمار ئۈچۈن سەرگەردانمەن.
سەن ئەيب ئەيلەمە زوھرەنى،
كۆزلەيۈرمەن تاھىرجاننى،
نەيلەرەم ياخشى جەھاننى،
دىدار ئۈچۈن سەرگەردانمەن.

زوھرە سۆزىنى تامام قىلدى. ۋاھىد ئۇنىڭغا: «ئەي زوھرەجان، ساڭا بىر ئەرزىم بار، ماقۇل دېسەڭ ئېيتىمەن» دېدى. زوھرە ئېيتقىن دېدى. ۋاھىد: «گۆھەر قىممەت باھالىق نەرسەدۇر. مەيلى پادىشاھ، مەيلى گاداي ھەممىسى ئۇنىڭغا ئاشىقتۇر، سېنىڭ كېنىزىڭ گۆھەرم ئېچىلمىغان بىر گۈلدۇر. سەن ئۇنى قەلەندەر سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ ئەۋەتسەڭ غېرىبچىلىقتا، ئۇنىڭ نارەسىدە گۈللۈكى ۋە گۆھەرلىكى ئاشكارا بولۇپ قالسا، بىرەر يەردە خەقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئۇ كىمنىڭ قولىغا چۈشسە، شۇ ئۇنى بوينىغا تۇمار قىلىپ تاقىۋالىدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇنىڭدىن ساڭا جاپا كېلىدۇ، ياخشىلىق كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئەگەر ماقۇل بولساڭ، گۆھەرنىڭ خىزمىتىنى مەن ئورۇندايى. چۈنكى مەن بىر قەلەن-دەر ئىت ئەمەس، بەلكى ئەركەك ئادەممەن. ماڭا ھېچكىم قول ۋە تىل تەگكۈزەلمەيدۇ» دېدى. زوھرە قىز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، «ئەي ۋاھىد، مەن بىر تەلەيسىز ئادەممەن. سەنمۇ ماڭا ۋەدە بېرىپ قويۇپ كېتىپ، بىرەر شەھەردە شەھەرى قىز بىلەن ئېپىشىپ قال-ساڭ، مېنى يادىڭدىن چىقىرىۋېتەمسەنكىن دەپ قورقىمەن» دېدى. ۋاھىد: «ئەي زوھرە-جان، ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدا خۇدايىتائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تاھىرنى تېپىپ ساڭا كۆرسەتمىگۈچە، بىر سائەتمۇ ئارام ئالمايمەن.» دېدى. زوھرە قىز ۋاھىدقا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا بىھېساب زەرلەر بېرىپ ھەم يۈگۈرۈك ھىنگان بېرىپ، ئەي ۋاھىد، قاراچوماقنىڭ شەرتىدە، شەرم - ھايا يوق، بېغىمنىڭ ئالما، ئانارى پىشىپ ۋايىغا يەت-تى. قارا چوماق ھەر كۈنى خەبەردار بولغىلى كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ ساقلاي-مەن. چۈنكى، مېۋە پىشىپ ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنى تۆلكە، چىلبۆرە زايا قىلىۋې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىدۇ» دەپ، ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ پاتىھە بېرىپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويىدى. ۋاھىد ھەمراھىغا قوشۇلۇپ يولغا راۋان بولدى. زوھرەجان ئۇنى ئۇزىتىپ، تاھىرنى تېپىپ كەلتۈرگىن دەپ زار-زار يىغلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۇتۇم زىيادە كۈن-كۈندىن،
شىرىن جانىم چىقار تەندىن،
ئۇمىد ئەيلەر مەن سەندىن،
سەن ھەم ئەل كۆتەرمە مەندىن،
ماڭا دوست بولماس ھەر قەندىن،
كېلۇر ۋەقتىڭ ئۆتسە چەندىن،
ئەل كۆتەرمەن بۇل ۋەتەندىن،
ئۆلدۇم ئايرالىق دەردىندىن،
دەردىمگە دەرمان كەلتۈر.

سەدەقەدۇر دۇنيانىڭ بارى،
بۇگۇن يەتتى يىلدىن بارى،
ئۇل چەشمى گىريانىنى كەلتۈر.

غەم دەرياسىندە غەرق ئۇلغان،
شاھ جانىغە غەزەب قىلغان،
سۆيەر يارىندىن ئايرىلغان،
لەيلى دەپ دىۋانە بولغان،
مەجنۇن كەبى باغرىن تىلغان،
ئىشقىڭ تىغىن جانغە چالغان،
گۇل رەڭگى سارغارىپ سۇلغان،
دەرەكىن بىلمەس ھېچ كەلگەن،
بىزنىڭ بىلەن ۋەئدە قىلغان،
ئۇل ئەھدى يالغانىنى كەلتۈر.

مېنىڭ ئۇچۇن يانىپ كۆيگەن،
قۇلغاغىن ھەر يانە يايغان،
چىن ھەقىقەت دوستمەن دېگەن،
ھەر كىمگە بىر سىرىن دېگەن،
يۈرەكىمدە داغلار قويغان،
قاشىمدە زەر زەرباب كىيگەن،
رەقىب دىيدارىغا، تويغان،
ئويغان قارە بەختىم ئويغان،
تۈگەنمەسدۇر ئانى كەلتۈر.

يارى مۇندە ئەقلى ھەيران،
كۆزلەرىم يولىندە گىريان،
فەلەكدىن چاك گىرىبان،
يۈرەكىم قان، باغرىم بىر يان،
باغلارىم قالدى بىسەيران،
يارىم قاندە چېكەر ئەرمان،
ئاشىقلاردىن ئۇتتى دەۋران،
ياقدى مېنى رۇزى ھىجران،
زوھرە دەپ مەست سەرگەردان،
بىئەقل نادانىنى كەلتۈر.

كۆڭلۈم تەلۋاس ئېتەر يارى،
مەۋج ئۇرار ئىشقىڭ بازارى،
كى مال تاپمىش ئالمە، نارى،
بۇلبۇلۇم يوق قىلسە زارى،
كۆرۈنسە يارىڭ دىيدارى،
دىيدارىمنى خەرىدارى،

زوھرە قىز سۆزىنى تامام قىلدى. ۋاھىد يولغا راۋان بولدى. بىرقانچە ۋاقىت يول يۈرۈپ، بىر كاتتا شەھەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ شەھەر باغداد شەھىرى دەپ ئاتالاتتى. ۋاھىد قەلەندەر بۇ شەھەرنىڭ ھەربىر كوچىسىدا، «بۇ شەھەردە ماڭا ئوخشاش ئىشق ئوتىدا كۆيگەن ئادەم بارمۇ؟!» دەپ ۋارقىراپ، ئۆزىگە ھەمراھ تاپالمىغاندىن كېيىن، سەھراغا چىقىپ، بىر كاتتا باغنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، «ئەي خالايىقلار! ئىشق

يولدا ماڭا ئوخشاش ئاۋارە بولغان ئادەم بارمۇ؟!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. چار باغنىڭ ئىچىدىن بىرقانچە ئەسكەر چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر بەگزادە يىگىتمۇ بار ئىدى، ئۇ ۋاھىد قەلەندەرنى كۆرۈپ، بىر ئاھ ئۇرۇپ يىقىلدى ۋە بىر چاغلاردىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، «ئەي قەلەندەر، بىرئاز توختاپ تۇر» دەپ، بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

دىلبەرا، يادىڭ بىلەن سىنەمدە غەمكىن ئولدى، كەل،
ھەسرەتىڭدىن بۇزۇلۇپ ھالىم پەرىشان ئولدى، كەل،
جەمى ئولۇپ غەم لەشكەرى، دىل ئىچرە مېھمان ئولدى، كەل،
سەن سەبەبلى، زار كۆڭلۈم شەھرى ۋەيران ئولدى، كەل،
لەختە ـ لەختە تىغى ھەجرىڭدىن جىگەر قان ئولدى، كەل.

بىر گۇلە سەير ئەيلەبان، رۇخسارى باغىڭ بولماسە،
شەب ئىبرۇر كۇندۇزلەر، ھۇسن چىراغىڭ بولماسە،
ئىستەبان قەندۇ ئەسەل، شىرىن دۇداغىڭ بولماسە،
كىم ئىبرۇر ھەمدەم ماڭا، ھىجران داغىڭ بولماسە،
لەززەتى كۆڭلۈم باغى نەزد بىئىھسان ئولدى، كەل.

قىيا باقىشىڭ كىرفىكىڭ ئوق، مۇزتەرىب جانىمغە ئادات،
گەر مېنى قەتل ئەيلەسە، ئولدۇر بۇ جانىمغە كەرات،
لەبلەرىڭنى شەربەتىن تاتغان تاپار دايىم ھەيات،
ئاشىقىن مەئشۇق ئەگەر ئۆلتۇرسە بولغاي رۇھى شاد.
رەھم قىل يەتكۇر ماڭا سۇرەتى بىجان ئولدى كەل.

سەرۋ قەد، رۇخسارى خۇش، سيمىن بەدەن، گۇل يۈزلى يار،
ئىستەيىپ بەزمى ۋىسالىڭ، دەردە قالدىم بىشۇمار،
ئاسمانىنىڭ ئەنۋەرى سەن، يەر يۈزىدە لالەزار،
دايىما ۋەسلىڭ تىلەپ، كۆپ دەردە قالدىم خارۇ زار،
يار دەپ ئەغيارىدىن مەھرۇم دەۋران ئولدى، كەل.

تاھىرا، ياد ئەيلەرەم شامۇ سەھەر ئول مەھۋەشى،
ئايرە سالدى زوھرە جانىمدىن فەلەكنى گەردىشى،
ئىستەرەم دىلدارىدىن مۇژدە كېتۇرسە بىر كىشى،
ھەجرىدىن قەقنۇس كەبى سىنەمغە سالىپ ئاتەشى،
ئۇشبۇ ھالىمنى كۆرۈپ، كافىر مۇسۇلمان ئولدى، كەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاھىر سۆزىنى تامام قىلدى. قەلەندەر تاھىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن غەرق مەست بولۇپ، خۇددى مەست ئادەمدەك تاھىرنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دوستلار، روزى ئەزەل كۆڭلۈم ئارا جا قىلدى ئىشق،
كۆندە يۈز مېھنەت بىلەن باشىمنى غەۋغا قىلدى ئىشق،
تەلبە ئىتلەر دەي كېزەرمەن، چار تەرەففە چەرخ ئۇرۇپ،
نەقدى ئۆمرىم ھاسىلىم بىردەمدە يەغما قىلدى ئىشق.
قانلىق باغرىمنى كەباب ئەتتى، سالىپ، سىنەمغە داغ،
لەبلەرىمنى تەشنە، كۆز ياشىمنى دەريا قىلدى ئىشق.
كۆندە يۈز قەتلە ئۆلەرمەنكىم يەنە يۈز تىرىلىپ،
مەھرەمى مەن ئولىشام، مەھرۇمى دۇنيا قىلدى ئىشق.
ھەجر ۋادىسىدە سەرگەردان كېزەرمەن تىفللار،
باشىمە تاش ياغدۇرۇپ، ئالەمغە رەسۋا قىلدى ئىشق.
ياردىن چەكدىم ئاياق، بىردەم فەراغەت بولغالى،
كۆڭلۈم ئىچرە جا بولۇپ، يارىن تەمەننا قىلدى ئىشق.
چۈن خەرابى ئىشق ئولۇپمەن، يار ـ ھەمدەم ئىستەرەم،
دەرتى چوخ ھەمدەردى يوق، يۈز دەردە ھەمراھ قىلدى ئىشق.
بىر پەرىگە بەگ بولۇپ، كەلدىم تاتارى شەھرىدىن،
يار كويىندە ئانى مەجنۇنى شەيدا قىلدى ئىشق.
ۋاھىد ئايتار: ۋاھىدەم ئىشق يولىدە مەردانە بول،
ئىشرەت ئۆيىن بەند ئېتىپ، مېھنەت دەرىن ۋا قىلدى ئىشق.

ۋاھىد سۆزىنى تامام قىلدى ۋە «ئاللا! ئۆزۈڭ بارسەن!» دەپ، ھىنگانىنىڭ ساغرىسىغا ئۇرۇپ، تاھىرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى، تاھىر مەھرەملىرىگە: «بىر ئات كەلتۈرۈڭلار، بۇ قەلەندەردىن دوستلۇق ئالامىتى كۆرۈلۈۋاتىدۇ.» دېدى. مەھرەملەر ئاتنى ھازىر قىلدى. تاھىر ئاتقا مىنىپ، دىۋانىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى. تاھىر ئاتنى تېز چاپتۇرۇپ، دىۋانىگە يېتىشتى ۋە ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، «ئەي قەلەندەر، سەندىن مۇھەببەتنىڭ بۇيى كېلىۋاتىدۇ. سېنىڭ خەۋەر يەتكۈزۈشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. قەلەندەر: «ھەي تاھىر، مېنىڭ يولۇم ئۇزاق. ھەر يانغا كېزىپ يۈرىدىغانلىقىم ئۈچۈن، ساڭا خەۋەر بېرەلمەيمەن» دېدى. تاھىر ئۇنى قويۇۋەتمىدى. قەلەندەر مېنى قويۇۋەت دەپ، تاھىرنى ئىككى قامچا سالدى. تاھىر يەنە ئۇنى قويۇۋەتمىدى، ئاخىرى، قەلەندەر: «ھەي يىگىت، ئىخلاسمەنلىكىڭنى بىلدىم، ئېيتقىن، ھەرقانداق سوئاللىڭغا جاۋاب بېرىمەن» دېدى.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

# دىيانەتلك باي ۋە چېچەن كېلن

ئۆتكەن زاماندا ناھايتى سېخي بر باي ئۆتكەنكەن. ئۇ مال دۇنياسنى كۆۋرۈك سېلش، كۆل چاپتۇرۇش ھەم يېتم - يېسرلارغا خەيرى - ساخاۋەت قلش قاتارلق ئشلارغا سەرپ قلدكەن. بۇ باينڭ ئەقلسز ھەم ئەدەبسز بر ئوغلى بارئكەن. باينڭ بۇنڭغا بەكمۇ ئچى پۇشدكەن. كېچە - كۈندۈز ئوغلغا ئەقللق، چېچەن بر كېلننڭ نېسپ بولۇشنى ئارزۇ قلدكەن ۋە نامزدا خۇدادن تلەيدكەن. ئۇ دائم «مېنڭدن كېيىن قالسمۇ ئائلەمنى باشقۇرالغدەك ئەقللق بر كېلن بولسا ئاندن خاترجەم كۆز يۇماتتم» دەيدكەن.

بر كۈنى باي ئوغلنى بر سناپ بېقش مەقستدە يۈز تۈياق قوينى ئوغلغا تاپشۇرۇپتۇ ۋە «بۇ قويلارنى ئۈچ قېتم سېتپ كەل» دەپ بۇيرۇپتۇ. باينڭ ئوغلى قويلارنى ھەيدەپ شەھەرگە ئاپىرىپ بر قاسساپقا سېتپتۇ. بۇ بالا قاسساپتن پۇلنى ئېلۋېلپلا قويلارنى بەرگلى ئۇنماپتۇ. ئۇ:

— دادام قويلارنى ئۈچ قېتم سات دېگەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. نەتجىدە ئككسى جاڭجاڭلشپ قازنڭ ئالدغا بېرپتۇ. قازى ئەھۋالدن خەۋەر تاپقاندن كېيىن باينڭ ئوغلغا:

— قانداق مۇتەھەم نېمسەن؟ قوينى ئۈچ قېتم ساتقان نەدە بار؟ — دەپ ۋارقراپتۇ ھەم قويلارنى قاسساپقا ئېلپ بېرپتۇ. باينڭ ئوغلى قويلردن ئايرلغاندن كېيىن نېمە قلارنى بلمەي قاتتق قايغۇرۇپتۇ. ئۇ غەمگە پېتپ بر تامنڭ تۈۋدە ئولتۇرسا چرايلق كېينگەن بر ساھبجامال قز يگتنڭ ئالدغا كېلپ توختاپتۇ ۋە:

— ھەي يگت، غەم قلماڭ، ئورنڭزدن تۇرۇپ كەينمدن مېڭڭ، — دەپتۇ. ئۇ ئەسلى قازنڭ قزى بولۇپ، يۈز بەرگەن ئشلاردن تولۇق خەۋەر تېپپ يگتكە ئچ ئاغرتپ بۇ يەرگە كەلگەنكەن. يگت ھاڭۋاقچە قزنڭ كەيندن مېڭپتۇ. كېتۋېتپ قز يگتكە:

— ئەتە قوي ساتقان پۇللارنڭ ھەممسنى ئېلپ قازخانغا بارغن، — دەپ جېكلەپ كېتپ قاپتۇ. قز ئۆيگە بېرپ دادسدن ئەتە بر كۈنلۈك قازلق ھوقۇقنى بېرپ تۇرۇشنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. قازى ئارزۇلۇق قزنڭ تەلپنى رەت قلالماي ئامالسز ماقۇل بوپتۇ. ئەتسى يگت پۇللارنى ئېلپ قازخانغا كەپتۇ. قارسا تۈنۈگۈنكى قز سەللە - پەرجە كىيپ قازنڭ كۈرسدا ئولتۇرغۇدەك. يگت ھەيران قاپتۇ. قز قاسساپنمۇ چاقرپ كەپتۇ ھەم بۇيرۇق بلەن يۈز تۈياق قوينى قاسساپتن يگتكە ئېلپ بېرپ، پۇللارنى قاسساپقا قايتۇرۇپتۇ. يگت يەنە قايغۇرۇپ:

— دادام قويلارنى ئۈچ قېتم سات دېگەنىدى، بر قېتممۇ ساتالمدم، قانداقمۇ قلارمەن، — دەپتۇ. قزيگتكە يول كۆرستپ:

www.uyghurkitap.com

— سىز بۇ قويلارنى پالانى يايلاقىقا ئاپىرىپ بېقىڭ. ئالدى بىلەن قويلارنىڭ يۇڭىنى سېتىڭ، ئاندىن دېھقاندىن بىرسىگە قويلارنىڭ قىغىنى سېتىڭ. قويلار سەمىرىپ يېتىلگەندە ئاندىن ئۆزىنى ساتىسىز، شۇنداق قىلغاندا قويلارنى ئۈچ قېتىم ساتقان بولىسىز، — دەپتۇ.

يىگىت قىزنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇنلىغان پۇللارنى ئېلىپ، كۆرەڭلىگەن هالدا دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ پۇلنى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. باي ئوغلىدىن:

— بۇ پۇللارنى قانداق تاپتىڭ، — دەپ سوراپتۇ. يىگىت خۇپسەنلىك بىلەن: ئالدىدا قوينىڭ يۇڭىنى ساتتىم، ئاندىن قىغىنى دېھقانغا ساتتىم. ئاخىرىدا قويلارنى ساتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. باي ئوغلىغا قىلچە ئىشەنمەپتۇ. باي ئوغلىنى قىستاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن، ئامالسىزلىقتىن بولغان ۋەقەنىڭ راستىنى دادىسىغا دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي ئۆزى ئويلىغاندەك قىز تېپىلغانلىقىغا دىلى يايراپ كېتىپتۇ.

باي قىزنى سوراپ قازىغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى يوللاپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قازى باينىڭ مەرتىۋىلىك، سېخىي ئادەم ئىكەنلىكىدىن خەۋىرى بولغاچقا قىزنى بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ باي قىرىق كېچە - كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ بۇ ئەقىللىق قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي كېلىنىنى سىنىماقچى بولۇپ ئوغلىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. يېرىم يولغا بارغاندا ئوغلىغا:

— سەن ئۆيىگە بېرىپ ئىككى بېشى بار ئاتتىن بىرنى ئېلىپ كەل، — دەپتۇ. يىگىت ئۆيىگە كېلىپ ئاتخانىغا كىرىپ قارىسا هېچقانداق ئاتنىڭ ئىككى بېشى يوق. ئوغۇل ئىككى ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى چېتىپ كۆرۈپ بېقىپتۇ. بۇمۇ قاملاشماپتۇ. ئاخىرى بېشى قېتىپ ئايالىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. ئايالى دەرهال:

— بوغاز بايتالدىن بىرنى ئېلىپ بېرىڭ، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنىڭ بىر بېشى بار. ئىككى بېشى بار ئات دېگەن شۇ، — دەپتۇ. يىگىت ئاتنى ئېلىپ دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. باي: «مەن كېلىنىمنى ئىككى قېتىم سىنىدىم، ئەمدى مەن يىراق سەپەرگە ئاتلانساممۇ ئەنسىرىمەيمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باي ناهايىتى چوڭ تەييارلىق قىلىپ يىراق بىر شەهەرگە سودىگەرچىلىككە ئاتلىنىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. چۆل - جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى كۆزلىگەن مەنزىلىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ هاردۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئەپكەلگەن ماللىرىنى سېتىپ، ئىش - كۈشلىرىنى تۈگىتىپ، يۇرتىغا قايتىپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ ئاخىرى ئادەمسىز دەشتى-باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ. باي ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا قاراپ كېتىۋاتسا تۇيۇقسىز نەدىندۇر قىرىق قاراقچى پەيدا بوپتۇ. ئۇلار چۇقان سېلىپ كېلىپ باينى قورشاپ ئاپتۇ ۋە ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ قىلچىنى بوغۇزىغا تەڭلەپتۇ. باي ئەلەملىك بىر يىغلاپتۇ. ئارقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. قاراقچىلار هەيران بولۇشۇپ بايدىن:

— نېمىگە يىغلايسەن؟ هەم كەينىدىنلا كۈلگىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا نامۇ - نىشانسىز ئۆلۈپ كېتىشىمگە يىغلايمەن. يەنە سىلەرنىڭ ئەخمەقلىقىڭلارغا كۈلىمەن،

چۇنكى، مېنىڭ ئۆيۈمدە نۇرغۇن مال-
دۇنيالىرىم، ھېسابسىز بايلىقلىرىم بار.
سىلەر مېنى ئۆلتۈرسەڭلار، يېنىمدىكى
ئازغىنە پۇلدىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرى-
شەلمەيسىلەر،— دەپتۇ.

— سېنىڭ ئۆيۈڭنى بىز بىلمەيمىز - دە،
دەپتۇ قاراقچىلار. باي:

— مەن كېلىنىمگە بىر پارچە خەت
يېزىپ بېرىمەن. شۇنى ئېلىپ بارساڭلار
تىلىگەنلىرىڭلارغا يېتىسىلەر،— دەپتۇ. باي
خەتتە: «قىزىم، ئۆيۈمدىكى قىرىق بۇغرام-
نى، قىرىق ئاتان تۆگەمنى، قىرىق ئۇچ-
قۇر ئېتىمنى، قىرىق سەركەمنى، چاق-
بىلەيمنى ئېلىپ كېلىڭ، ئۆتمەس گال
پالتامنى تاشلاپ كېلىڭ، ئىشىك ئالدىدىكى
بىر جۈپ قاپاق تېرەكنىڭ بىرىنى كېس-
ۋېتىڭ. بىر بېشىمغا مىڭ كۈلپەت ياغدى،—
دەپ خەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. ئىككى
قاراقچى خەتنى ئېلىپ باينىڭ يۇرتىغا
كەپتۇ. ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ خەتنى
كېلىنىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. قىز خەتنى
كۆرۈپ كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلاپ
كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال قاراقچىلارنى بىر
ئۆيگە باشلاپتۇ ۋە تۇيدۇرماي ئىشىكنى
قۇلۇپلاپ قويۇپ ئاندىن چاققانلىق بىلەن
ھەرىكەتكە كېلىپ، يۇرتتىكى قىرىق بۇغرا
تۆگە، قىرىق ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمنى،
قىرىق ئاتان تۆگە يەنە قىرىق ياشانغان
مۆتىۋەر ئاقساقالنى، قىرىق ئۇچقۇر ئات-
قىرىق چەۋەنداز يىگىتنى، قىرىق سەركە-
قىرىق پالۋان يىگىتنى ئۆتمەس گال
پالتا — باينىڭ گالۋاڭ ئوغلىنى يىغىپتۇ.
چاق - بىلەي دېگىنى چېچەن كېلىنىنىڭ
ئۆزى ئىكەن. ھەممەيلەن چاپسانلىق
بىلەن يېتىپ كەپتۇ. كېلىن ئۇلارغا:

— قېرىنداشلار، باي دادام قاراقچى-
لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. دادامنى
قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سىلەرنى چاقىرتقان.
دادام خەت ئەۋەتىپتۇ. خەتنى ئەپكەل-
گەن ئىككى قاراقچىنى قاماپ قويدۇم.
دادام خېتىدە:

— «ئىشىك ئالدىدا ئىككى تال
تېرەك بار، بىرىنى كېسىۋېتىپ كېلىڭلار»
دەپتۇ. بۇ دېگىنى «ئىككى قاراقچىنىڭ
بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ بىرسىنى يول باشلى-
تىپ كېلىڭلار» دېگىنى،— دەپتۇ. كېلىن
كۆزىگە ياش ئاپتۇ. جامائەت قىزنىڭ دا-
نالىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. ھەممە تەييار-
لىق پۈتكەندىن كېيىن ئۇلار ئەتىسى بىر
قاراقچىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىرىگە يول
باشلىتىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يول يۈ-
رۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر-
نەچچە كۈندىن كېيىن قاراقچىلارنىڭ
ماكانىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار شىددەت
بىلەن ھۇجۇم قىلىپ قاراقچىلارنىڭ ھەم-
مىسىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپتۇ. بۇ ئاق
كۆڭۈل باينى يۇرت ئەھلى قۇتۇلدۇرۇپ
قاپتۇ. باي بۇ ئەقىللىق ۋە چېچەن كې-
لىنىدىن رازى بولۇپ، ئۇنى مېھرى بىلەن
باغرىغا بېسىپتۇ. يۇرت خەلقى بىلەن
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. باي ئۆزىنىڭ
مال - دۇنياسىنى خەلققە سەدىقە قىلىپ
بۆلۈپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار
ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام، بەخ-
تىيار ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى قەشقەر كونىشەھەردىن: ئېزىز ئىسمايىل، رەتلىگۈچى: يۈسۈپجان ئەزىز

# ھېكايەتلەر

ئۇبەيد زاكانىي

بىر ئادەم خۇدالىق دەۋاسى قىلغانىكەن، ئۇنى خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ. خەلىپە ئۇنىڭغا:

— بۇلتۇر بىرسى كېلىپ، مەن پەيغەمبەر بولىمەن دېگەندە ئۆلتۈرۈشكەندى، — دەپتۇ.

— بەك ياخشى قىلىشقانىكەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — ئۇنى مەن ئەۋەتمىگەنىدىم.

* *

بىر ناتىق مۇنبەرگە چىقىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئالەمدىن مەست ھالەتتە كەتكەن بەندە قىيامەت كۈنىمۇ گۆرىدىن مەست ھالەتتە قوپىدۇ.

مەجلىس ئەھلىدىن بىر خۇراسانلىق ئادەم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ۋاي - ۋاي - ۋاي، كەيپى قىيامەتكىچە يېتىدىغان بۇنداق شارابنىڭ بىر بوتۇلكىسى يۈز دىنارغا ئەرزىيدۇ، — دەپتۇ.

* *

بىر مەزىن ئەزان ئېيتقان پېتى يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقۇدەك، بۇنى كۆرگەن ئادەملەر:

— نېمىشقا ئەزان توۋلاپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

— «ئاۋاز يىراقتىن يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ» دېيىشكەن. ئۆز ئاۋازىمنى ئاڭلاپ باقماقچىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەزىن.

* *

سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇن يۈدۈپ كېتىۋاتقان ئاجىز بىر مۇساپىرنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ.

— ھەي بوۋاي، — بۇ ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن ساڭا ئۈچ - تۆت دىنار ئالتۇن بېرەيمۇ ياكى بىر ئېشەك بەرسەم بولامدۇ؟ ئۈچ - تۆت قوي ئىنئام قىلايمۇ ياكى بىرەر باغ ئاجرىتىپ بېرەيمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي سۇلتانىم، ئالتۇن بەرسەڭ بەلبېغىمغا تۈگۈۋالاتتىم، بەرگەن ئېشەككىنى مىنىپ قويلارنى ئالدىمغا سېلىپ، باققا باراتتىم ۋە قالغان ئۆمرۈمنى ساڭا دۇئا قىلىپ، باغدا ئۆتكۈزەتتىم، — دەپتۇ بوۋاي.

سۇلتانغا بۇ گەپ ياراپ كېتىپ، خۇددى شۇنداق قىلىشقا پەرمان بېرىپتۇ.

* *

سۇلتان مەھمۇد بىر كۈنى بىر ئىشقا خاپا بولۇپ ئولتۇرغانىكەن، تەلھەك ئۇنى ئاچچىقىدىن ياندۇرۇش نىيىتىدە:

— سۇلتانىم، ئاتاڭنىڭ ئېتى نېمە-

دى؟— دەپتۇ، چاقچاق قىلىپ.
بۇ سوئالغا سۇلتاننىڭ كۈلكىسى كېلىپ
سەل - پەل كۈلۈمسىرەپتۇ. تەلھەك سۇل-
تاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، يەنە شۇ سوئالنى
تەكرارلاپتۇ.
سۇلتان مەھمۇد غەزەپلىنىپ:
— لالما ئىت، بۇنىڭ بىلەن سې-
نىڭ نېمە كارىڭ؟!— دەپ ۋارقىراپتۇ.
— بولدى، بولدى،— دەپتۇ تەل-
ھەك،— ئاتاڭنىڭ ئېتى يادىمغا كەلدى.
ئەمدى بوۋاڭنىڭ ئېتىنى ئېيتساڭ بولدى!
سۇلتان كۈلۈۋېتىپتۇ.

* *

بىر دەۋاگەر تۈركمەن كوزىنى
ھاك بىلەن تولدۇرۇپ، ئاغزىغا بىرئاز
قويرۇق ياغ قويۇپتۇدە، پارا ئورنىدا
قازىغا بېرىپتۇ. قازى كوزىنى ئېلىپ،
ئىشنى تۈركمەننىڭ پايدىسىغا ھەل قىپ-
تۇ. ئۇنىڭ قولىغا تامغا بېسىپ، ئىمزا
قويۇلغان خەت يېزىپ بېرىپتۇ. بىر ھەپ-
تىدىن كېيىن كوزىنىڭ سىرى ئېچىلىپتۇ.
قازى تۈركمەننى قازىخانىغا چاقىرتىپ:
— ھېلىقى قەغەزنى ئېلىپ كەل،
ئازراق خاتاسى بار ئىكەن، تۈزىتىپ
بېردي،— دەپتۇ.
— تەقسىر، كوزىدا خاتالىق بولسا
باردۇركى، قەغەزدە خاتالىق يوقتۇر،—
دەپتۇ تۈركمەن.

* *

بىر مەرگەن قۇشقا قارىتىپ ئوق
ئاتقانىكەن، ئوقى خاتا كېتىپتۇ.
يېنىدا تۇرغان ئاغىنىسى بۇنى
كۆرۈپ:



— باركاللا!— دەۋېتىپتۇ.
— نېمە، مېنى زاڭلىق قىلىۋاتام-
سەن؟— دەپتۇ مەرگەن.
— ياق، مەن «باركاللا» نى ساڭا
ئەمەس قۇشقا ئېيتتىم.

* *

مەۋلانا قۇتبىددىن بىر ئادەمنىڭ
كېسىلىنى كۆرگىلى بېرىپتۇ ۋە:
— قانداق كېسەلگە دۇچار بولدۇڭ؟—
دەپ سوراپتۇ.
—قىزىتمام ئۆرلەپ، بەدەنلىرىم قات-
تىق ئاغرىپ كەتتى. لېكىن، خۇداغا شۈك-
رى. بىر - ئىككى كۈندىن بېرى قىزىتما-
مۇ ئازراق ئۈزۈلدى. ئەمما بويىنۇم
ثوختىماي ئاغرىيدۇ،— دەپتۇ كېسەل.
— ھېچقىسى يوق،— دەپتۇ مەۋلانا
قۇتبىددىن،— سەۋر قىلساڭ مۇشۇ بىر-
ئىككى كۈن ئىچىدە بوينۇڭمۇ ئۈزۈلۈپ قالار.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ

uyghurkitap.com

# رىۋايەتلەر

## تۇلپار نەسلى

ھۆسەيىن مىرزىنىڭ بىر تۇلپىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا پادىشاھ يەرۇ كۆكتە ئىشەنگەندەك ئىشىنىدىكەن. پەقەت ئۇۋغا چىققان، ئۇزاق سەپەرلەرگە ئاتلانغان چاغلىرىدىلا مىنىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شىكاردىن قايتقان پادىشاھ ئارغىمىقىدىن رازى بولۇپ ئەلشىر نەۋائىغا ماختىنىپتۇ:

— ئالەمدە بىزنىڭ ئارغىماقتەك ئۇچقۇر ئات بولمىسا كېرەك! مۇشۇ تۇلپار قايسى نەسلىدىن ئىكەن-ھە؟

— سىيىر نەسلىدىن، تەقسىر،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەلشىر نەۋائى.

— نىمە بالا، كاللىڭىز جايىدىمۇ، شۇنداق تۇلپار سىيىرغا ئوخشامدىكەن؟ قايسى زاماندا سىيىر نەسلىدىن ئات تۇغۇلۇپتىكەن، ئەي ۋەزىرى نادان؟— دەپتۇ جەھلى چىققان پادىشاھ.

ئەلشىر نەۋائى بولسا قىلچە پەرۋا قىلماي:

— تەقسىر، ئاخىرىدىنى دېگۈچە سەۋر قىلىڭ، مەسىلە تېخى تېگىگىچە ئېچىلغىنى يوق. سىيىر نەسلىدىن تۇلپار تۇغۇلامدۇ يوقمۇ، بۇنى بىلىش ئۈچۈن مۇشۇ ئاتنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئات باقارىڭىزنى چاقىرتىڭىز،— دەپتۇ.

ھۆسەيىن مىرزا شۇ زاماتىلا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ھەش-پەش دېگۈچە ئات باقار يېتىپ كېلىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. مىرزا تۇلپارنىڭ ئەسلى نەسلىنى بىلمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، سوراپتۇ:

— بۇ تۇلپارنىڭ نەسلى ساپمۇ؟

— ئالەم پاناھ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز. مەن بىر كەمبەغەل ئادەمەن، غەزەپلىنىپ كېتىپ، بالا-چاقامنىڭ ئۇۋالىغا قالماڭ! خۇدا خەيرىڭىزنى بەرسۇن، ھىممىتىڭىزنى ئايىماڭ، سىزگە بىر گەپنى دەپ بېرەي،— دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئات باقار.

— خوپ، كەچتىم، ئېيتىۋەر،— دەپتۇ ھۆسەيىن مىرزا.

— تۇلپىرىڭىزنىڭ ئەسلى سىيىرنىڭ نەسلىدىن، تەقسىر، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئات باقار،— بايتاللىرىڭىزدىن بىرى مۇشۇ قۇلۇننى تۇغدى-دە، ئۆمرى قىسقا ئىكەن، ئۆلۈپ قالدى. قانداق قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. شۇ كۈنى ئېغىلدا بىر نەسىللىك سىيىرىڭىزمۇ تۇغقانىدى. بىچارە قۇلۇنغا رەھمىم كېلىپ، شۇ سىيىرنى ئەمدۈردۈم. بۇ تۇلپارنىڭ ئانىسى ئەسلى شۇ سىيىر، تەقسىر!

پادىشاھ ئەجەبلەنگەنلىكىدىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ، ياقىسىنى تۇتۇپ قاپتۇ. ئات

باقار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

— دوستۇم ئەلشىر! سىز بۇنى نە-
دىن بىلىۋىدىڭىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، سىز بىلەن تونۇشقۇن
ئوۋغا چىققاندا، پالانى يەردىكى سۇدىن
ئۆتۈۋاتقىنىمىزدا زەن سېلىپ تۇرسام،
ئېتىڭىز كېچىكتىن ئۆتۈپلا، خۇددى سىيىر-
لاردەك پۇتىنى كەينىگە قارىتىپ سىلكىتتى.
شۇنىڭ بىلەن ھۇسەيىن مىرزا ئەلشىر
نەۋائىنىڭ زېرەكلىكىگە يەنە بىر قېتىم
قايىل بولغانىكەن.

### ئەركىسىز شاھتىن ئەركىن گادای ياخشى

كۈنلەردىن بىر كۈنى سارايدا ئول-
تۇرۇۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ كەتكەن سۇل-
تان ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ئەلشىر نەۋا-
ئى ساياھەتكە چىقىپتۇ. ئۇلار بىر سەھ-
رادىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆرۈلۈپ كې-
تەيلا دەپ قالغان بىر ئۆينىڭ ئالدىدا
بىر ئايالغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئايال
كىيگەن كۆڭلەكنىڭ قىرىق يامىقى بار
ئىكەن. ئۆزىمۇ ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىدىن
تېرىسى سۆڭىكىگە چاپلىشىپ قالغانىكەن.
بۇ ئىككىسى تۈزۈكرەك زەن سېلىپ قارى-
سا، ئۇ ئايال بىرنەچچە يىل ئىلگىرى
سارايدىن چىقىپ كەتكەن ئايالنىڭ نەق
ئۆزى ئىكەن. سۇلتان ھۇسەيىن ئەينى
چاغدا كېنىزەكلىرىدىن بىرىگە ئاچچىقلىنىپ،
ئۇنى سارايدىن ھەيدىۋەتكەنىكەن.

ئۆز كېنىزىكىنى دەررۇ تونۇغان
پادىشاھ ئەلشىر نەۋائىغا:

— دوستۇم ئەلشىر، قېنى بۇ ئايال-
دىن سوراپ باققىنە، سارايدىكى كۈنى
ياخشىمىكەن ياكى مۇشۇ كۈنى ئەۋزەلرەكمى-
كەن؟— دەپتۇ.

ئەلشىر نەۋائى ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— ئۇنىڭ قايسى كۈنىنىڭ ياخشىلى-
قىنىغۇ مەن ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن.
مەيلى، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئۈچۈن سوراپ
بېرەي،— دەپتۇ ۋە ئايالنىڭ ئالدىغا
بېرىپ:

— ئەي سىڭلىم، سەن بىر چاغلار-
دا كۆشكتە ياشايتتىڭ، يېگىنىڭ ئالدىڭدا،
يېمىگىنىڭ كەينىڭدە ئىدى. ئەمدى بولسا،
ئۇستىبېشىڭ قىرىق ياماق، بەدىنىڭنى
ئارانلا يېپىپ تۇرۇپتۇ. تېنىڭدە گۆش
قالماپتۇ. سەن ماڭا راستىنى ئېيت،
ئەينى چاغدا، سارايدىكى كۈنۈڭ ياخشى-
مىدى ياكى ھازىرقى ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ؟—
دەپ سوراپتۇ. ئايال جاۋاب بېرىپتۇ:

— تەقسىر، توغرا دېدىڭىز، مەن
بىر چاغلاردا كۆشكتە قىرىق قىزنىڭ بىرى
ئىدىم. سۇلتاننىڭ قەدىمى مېنىڭ ھۇج-
رامغا قىرىق كۈندە بىر قېتىم يېتەتتى.
قىرىق قىزنىڭ ھەممىسىگە تۇرمۇش ھارام
ئىدى. يۈرىكىمىز قان، باغرىمىز خۇن
ئىدى. ئەمدى بولسا، كۆرۈپ تۇرغىنى-
ڭىزدەك، يېرىم ئاچ، يېرىم يالىڭاچ بولۇپ
يۈرسەممۇ، ئۆز ئېلىم، ئۆز ئۆيۈم
بار. ئېرىم مېنى ياخشى كۆرىدۇ،
مەنمۇ ئۇنىڭغا سادىقمەن، ئاچ قالغان
چاغلىرىمدا ئۇنىڭ بىر سۆيۈشى ئوزۇق،
بىر ئېغىز شېرىن سۆزى ماڭا شايى-ئەتلەس
كىيىمدۇر. ئەمدى، سورىغانلىقىڭىز ئۈچۈن
ئېيتمىسام بولماس، ئەركىسىز شاھ بولغان-
دىن، ئەركىن گادای بولغان ئەۋزەلرەكتۇر.

ئەلشىر نەۋائى خىيالچان شاھنىڭ
ئالدىغا قايتىپ كەلگەنىكەن، سۇلتان
ھۇسەيىن ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئېلېكترونلۇق كۈتۈپخانىسى www.uyghurkitap.com



بولغاچقا:

— نېمە، قىرىق ئايالنىڭ بىرىنى بىر ياققا قويۇپ، قالغانلىرىنىڭ جاۋابىنى بەر، دېمەكچىمۇسىز؟ — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋەزىر مەمنۇن بولۇپ:

— سۇلتانىنىڭ زېرەك ئەقلىگە قايىل بولدۇم، — دەپتۇ.

سۇلتان ھۇسەيىن بىر دەم ئويلاپ تۇرۇپ، دوستىنىڭ نېمىگە ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.

## دۇنيادا نېمە لەززەتلىك؟

ھۇسەيىن مىرزىنىڭ قىرىق ۋەزىرى بار ئىكەن. قىرىقىنچىسى ئەلشىر نەۋائى ئىكەن. بىرى كەم قىرىق ۋەزىر ئۇنى پادىشاھقا جىق يامانلاپتۇ. ئاخىرى ئەلشىر ۋەزىرلىكتىن بوشىتىلىپتۇ.

بىر كۈنى ھۇسەيىن مىرزا بىرى كەم قىرىق ۋەزىردىن:

— دۇنيادا نېمە لەززەتلىك؟ — دەپ سوراپتۇ.

ۋەزىرلەر ئۆزلىرى بىلگەن ۋە خىيالىغا كەلگەن ھەممە گەپلەرنى دەلىۋېرىپتۇ.

— ياق، تاپالمىدىڭلار! ئەتىگىچە تېپىپ بېرەلمىسەڭلار، جېنىڭلاردىن ئۈمىدىڭلارنى ئۈزۈڭلار! — دەپتۇ ھۇسەيىن مىرزا.

ۋەزىرلەر ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— بۇنى ئەلشىر بىلىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىرلەردىن بىرى.

ئۇنى ئەلشىر نەۋائىغا ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ:

— ھۇسەيىن مىرزا بىزگە: «دۇنيادا نېمە لەززەتلىك؟ شۇنى تېپىڭلار» دەپ بۇيرۇدى، بىز تاپالمىدۇق. ئېيتىپ بەرمەسىڭىز بولمايدۇ، — دەپتۇ.

— قايسى تاماقنى ئاچ قېلىپ يېسىڭىز، شۇ لەززەتلىك، دەڭ، — دەپتۇ نەۋائى.

ھۇسەيىن مىرزا ئەتىسى ئۆز سوئالىغا جاۋاب سورىغاندا، ئۇلار شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇنى سىلەر تاپمىدىڭلار، راستىنى ئېيتىڭلار، كىم تاپتى؟

— تەقسىر، ئۆزىمىز تاپتۇق!

ھۇسەيىن مىرزا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆيگە سولاپ:

— راستىنى ئېيتمىساڭلار، مۇشۇ ئۆيدىن بىر-بىرلەپ چاقىرىپ چىقىپ، كاللاڭلارنى ئېلىۋېرىمەن! — دەپتۇ.

— بىز ئەلشىردىن سوراپ بىلدۇق، — دەپتۇ ۋەزىرلەر ئاخىرى.

— ئۆزۈڭلار ئۇنى ماڭا يامانلاپ ھەيدىتىۋېتىپ، يەنە نېمىشقا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايسىلەر؟ دېمەك، ئۇنىڭسىز كۈنۈڭلار ئۆتمەيدىكەندە! — دەپتۇ پادىشاھ ۋە ئەلشىر نەۋائىنى چاقىرتىپ، يەنە ۋەزىرلىككە تەيىنلەپتۇ.

## شەرەپلىك بۇرچ

بىر كۈنى مەۋلانە ئەلشىر نەۋائى مۇلازىملىرى بىلەن يىراق تاغ سەيلىسىدىن ئاتلىق قايتىپ كېلىۋاتقانىكەن. يول قەبرىستانلىقنى كېسىپ ئۆتىدىكەن، قەبرىستانغا يۈز قەدەمچە قالغاندا، مەۋلانە ئاتتىن چۈشۈپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. مۇلازىملىرىمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

قەبرىستانلىقتىن خېلى يىراقلاشقان-

دىن كېيىن يەنە ئاتلىرىغا مىنىپ، يۈرۈپ كېتىپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، مۇلازىملار شائىرنىڭ قەبرىستانلىقتا يىغىنلاشقاندا ئاتتىن چۈشۈش سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئەلشىر نەۋائى خېلىغىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپتۇ-دە، ئاندىن مۇلازىملىرىدىن نارازى بولغان ئاھاڭدا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇ يەردە خەلقىمىزنىڭ جىگەر پارىلىرى، تەۋەررۈك پەدەرۇ بۇزرۇكۋارلىرى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن. بۇلارنىڭ يېنىدىن ئات چاپتۇرۇپ، چاڭ توزۇتۇپ ئۆتۈش ئىنسانلىق شەنىگە داغ چۈشۈرىدۇ. شۇنىمۇ بىلمەمسىلەر؟ بۇنى بىلمەسلىك تىرىكلىكتىكى ئۆلۈكلۈكتۇر. ئاتا-بوۋىلار تۇپرىقىنى، خاتىرىسىنى ئەزىزلەش ھەربىر كىشىنىڭ شەرەپلىك بۇرچىدۇر.

مۇلازىملار ئاتىسىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك ئىش قىلىپ قويغان باللاردەك تاكى ھىراتنىڭ قارىسى كۆرۈنگەنگە قەدەر تىللىرىنى چىشلىشىپ، ئەقلىنى ئۆستۈرۈشۈپ مېڭىپتۇ.

## ئۈچ ياماننىڭ تەرىپى

سۇلتان ھۇسەيىن بىر كۈنى ئۆز ۋەزىرلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى، دانىشمەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلارنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپتۇ:

— ماڭا ئۈچ يامان ئادەم تېپىپ بېرىڭلار، تاپالىغىنىڭلارغا يۈز تىللا مۇكاپات، تاپالمىغىنىڭلارغا يەتمىش دەررە، — دەپتۇ ۋە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىپتۇ.

ۋەزىرلەر پايىپېتەك بولۇشۇپ، تەرەپ-تەرەپنى كېزىپتۇ. ئۈچ كۈن ھەش-پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۈچ يامان ئادەمنى تاپالماپتۇ.

پەقەت ئەلشىر نەۋائىلا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈچ يامان ئادەمنى — جاللات، قاسساپ ۋە ئوۋچىنى باشلاپ پادىشاھ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. ھۇسەيىن مىرزا[1] بۇنى كۆرۈپ، دوستىنىڭ دانالىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە شائىرنى تەقدىرلەشنى بۇيرۇپتۇ. ئەلشىر نەۋائى خەزىنىدىن يۈز تىللانى ئېلىپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئەتىسى مەھەللىسىدىكى كەمبەغەل ۋە يېتىم-يېسىرلارغا يۈز تىللانى تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ئۈچ ياماننى تېپىپ كېلەلمىگەن ۋەزىرلەرنى بولسا، سۇلتان ھۇسەيىن يەتمىش دەررىدىن ئۇردۇرۇپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان ھۇسەيىن يەنە ۋەزىرلىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۈچ يامانغا تەرىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئۇلاردىن يەنە ھېچبىرى سادا چىقماپتۇ. ھەتتا يىغىلىشلاردا ئانچە-مۇنچە ئادەملەرگە گەپ بەرمەيدىغان مەمەدان ۋەزىر مەجىددىنمۇ ئىغىزدۇرۇقىنى چىشلىگەن ئاتتەك ساقىلىنى چىشلەپ، بېزىرىپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن، ئەلشىر نەۋائى ئۆزى تېپىپ كەلگەن ئۈچ يامانغا ئۆزى تەرىپ بېرىپ:

— جاللاتقا پەرمان بولسىلا بولدى، ھەقمۇ ناھەقمۇ، بەرىبىر ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن ئادەمنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈۋېرىدۇ. قاسساپ ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سويىدۇ. ئوۋچى جانىۋارلارنى ئوۋلايدۇ، چىرايلىق قۇشلارنى تۇتۇپ، قەپەسكە سولايدۇ، ئۇلارنى ھايات گۈزەللىكلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، — دەپتۇ.

سۇلتان ھۇسەيىن شائىر ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە دانىشمەنلىكىگە قايىل بولىدۇ

تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «ئەل دېسە نەۋائىنى» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: خەلىم سالىخ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مەسەلەر

## ئات ئاتاڭدىن ئېزىز بولسىمۇ، قاق قوزۇقنى مەھكەم باغلىۋەت!

ئىلگىرى مولليات ئىسىملىك بىر سىپاھ بەگ ئۆتكەنىكەن. بۇ سىپاھ بەگنىڭ ئېسىل نەسىللىك بىر ئېتى بولۇپ، سىپاھ بەگ بۇ ئاتنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈدىكەن. بىر كۈنى سىپاھ بەگ بۇ ئېتىغا مىنىپ خانلىقنىڭ خىزمىتىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۇزاق سەپەرگە چىقىپتۇ. يولنىڭ ئۇزۇنلىقى ۋە كۈننىڭ قىزىشى بىلەن ئات ھېرىپ، قەدىمى ئاستىلاپ تەرلەشكە باشلاپتۇ. سىپاھ بەگنىڭ ئاتقا ئىچى ئاغرىپ چۈشۈپ پىيادە مېڭىپتۇ. بىر چۆپلۈككە كەلگەندە ئاتنى باغلاشقا كۆزى قىيماي يۈگەن - باشباغلىرىنى بويىنىغا يۆگەپ ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، دەم ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئاتنىڭ قورسىقى تويغاندىن كېيىن سىپاھ بەگ يولنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشىغا، كۈتمىگەندە ئات يات كىشىنى كۆرگەندەك شىڭگىيىپ قاراپتۇ ۋە ھۈركىگەندەك يىراقلاپ قېچىپتۇ. سىپاھ بەگ نان تەڭلەپ، چاقىرىپ ئاتنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئەمما، ئات بارغانسېرى تېز يۈگۈرۈپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

سىپاھ بەگ ئاتنى باغلاپ قويمىغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ ۋە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قالدۇرۇش ئۈچۈن بىر قىيا تاشقا:

مېنىڭ ئىسمىم مولليات،
مەندىن ئەلگە پەندىيات.
ئېتىڭ بولسا ئاتاڭچە،
قاق قوزۇقنى باغلىۋەت.

دېگەن سۆزلەرنى ئويۇپتۇ. بۇ كېيىنكىلەرگە بىر ئىبرەتلىك تەمسىل بولۇپ قاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سىپاھ بەگ ئويۇپ قالدۇرغان بۇ ھېكمەت ھازىرمۇ قىيا تاشتا بارمىش.

## كەتكەننى كەلتۈرگەن موزاگەدەن①

ئىلگىرى بىر موزدوز تەڭ كېچىگىچە ھۈنەر قىلىپ ئەمدىلا يېتىپ تۇرۇشىغا، ئىشىك ئەنسىز ئېچىلىپ ئۆيي ئىچىگە بىر ئوغرى كىرىپ كەپتۇ. موزدوز قورقىنىدىن خوتۇنى بىلەن يوتقانغا بېشىنى چۆمكەپ يېتىۋاپتۇ. ئوغرى ئۆيىنى قۇرۇقداپ چىقىپ كەتكەن

---

① موزاگەدەن — موزدوزلارنىڭ چەم مۇشلايدىغان تۆرمۆر توقمىلى

کېيىن موزدۇزنىڭ خوتۇنى يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ:

— ۋاي مۇسۇلمان، ئۆيدە موزاگەدەندىن باشقا ھېچنېمە قالماپتۇ، — دەپتۇ. موزدۇز:

— غەم قىلماڭلار خوتون، موزاگەدەن بولسا يەنە ھەممە نەرسىنى تاپىمىز، بېرىپ موزاگەدەننى بېشىمغا ئەكىلىپ قويۇڭلار، — دەپتۇ.

سىرتتا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئوغرى: «موزاگەدەن دېگەن قانداق خىسلەتلىك نەرسىدۇر» — دەپ قىزىقىپ ئۆيگە يەنە كىرىپتۇ. يوتقان ئىچىدە مۆكۈپ ياتقان موزدۇز ئوغرى بېشىغا كېلىشىگە:

— پاھ، كەتكەننى كەلتۈرگەن موزاگەدىنىم، — دەپ چاچراپ قوپۇپتۇ-دە، ئوغرىنىڭ ھوشۇقلىرىغا كومشتىپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. تويۇقسىز تەگكەن توقماقتىن ئوغرى ۋايجانلاپ تىۋلغىنىچە مالنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. كېيىن، موزدۇز بۇ موزاگەدەننى ئېگىزگە ئېلىپ قويۇپتۇ ۋە سورىغۇچىلارغا: «كەتكەننى كەلتۈرگەن موزاگەدىنىم» دەپ بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەقە خەلق ئارىسىغا تەمسىل بولۇپ تارىلىپتۇ.

## گاچا بولسىمۇ باينىڭ ئوغلى سۆزلىسۇن

ئىلگىرى بىر يۇرتتا، ياخشى نىيەتلىك بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، پۇقرالار بۇ باينى يۇرتنىڭ چوڭى بىلىپ ئۇلۇغلاپ ھۆرمەتلىشىدىكەن. خانلىقتىن چىققان سىپاھ بەگلەرمۇ بۇ باينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ ئۇنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن سېلىق يىغىدىكەن.

بۇ باينىڭ گەپنى كەمتۈك قىلىدىغان تىلى سىمىز بىر گاچا ئوغلى بارىكەن. كۈنلەرنىڭ بىردە باي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. باينىڭ ئوغلى گاچا بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قاراپتۇ. ياز كېتىپ كۈز كەپتۇ. سىپاھ بەگلەر يېزىغا سېلىق يىغقىلى چىقىپتۇ. ئۇلارغا مول-ھوسۇل ئەھۋالنى ئۇقتۇرىدىغان كىشىسى بولمىغاچقا باج ئېغىر، سېلىق كۆپ قويۇلۇپتۇ. كىشىلەر توپلىنىپ، سىپاھ بەگلەرگە باج ئېغىر بولۇپ قالدى دەپ ھال ئېيتىشىپتۇ. ئەمما، سىپاھ بەگلەر بۇلارنىڭ دەلىلسىز سۆزلىرىنى ئېتىبارغا ئالماپتۇ. كىشىلەر نېمە قىلارىنى بىلىشمەي بېشى قېتىپ تۇرۇشقاندا باينىڭ تىلى كەمتۈك گاچا ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-دە:

— مەن ھۆرمەتلىك سىپاھ بەگلەرگە بۇ يىلقى ھوسۇللىرىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، — دەپتۇ ۋە ئۆز ۋاقتىدا دادىسىنىڭ سىپاھ بەگلەرگە ئەھۋال مەلۇم قىلغاندا ئاڭلاپ بىلىۋالغان سۆزلىرىگە ئاساسەن قۇرغاقچىلىق بولۇپ مەھسۇلات ئوخشىمىغانلىقى، ئوت-چۆپ كەمچىللىكىدىن تايقوزىلار قاتارغا قوشۇلالمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

سىپاھ بەگلەر بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، باج سېلىقنى تۆۋەنلىتىشىپتۇ.

كىشىلەر باينىڭ ئوغلىنىڭ گاچا بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەنلىكىدىن ھالقىلىق پەيتتە مەقسەت-مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرالىغانلىقىدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈشۈپتۇ ۋە بىزدەك تەربىيە كۆرمىگەنلەردىن تەربىيە كۆرگەن گاچا يۇقىرىكەن. بۇندىن كېيىن گاچا بولسىمۇ باينىڭ ئوغلى سۆزلىسۇن دېيىشىپتۇ. «گاچا بولسىمۇ باينىڭ ئوغلى سۆزلىسۇن» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## كېمىگە چىققاندا چاق ئىگىرەمسىز؟!

ئىلگىرى بىر ئادەم ئۆيلەنگەنىكەن. ئايالى ئۆزىنى ئىشقا باسمايدىغان، بۇيرۇغان ئىشنى ماقول دەپ قويۇپ قىلمايدىغان هورۇن چىقىپتۇ. ئېرى نەسىھەت قىلىپ:

— خوتۇن، ئولتۇرساڭلىمۇ كۈنۈڭلار بىكار ئۆتۈپ كېتىدۇ. هېچ بولمىغاندا كۆنلۈكى مۇشۇ ياڭاقچىلىك بولسىمۇ يىپ ئىگىرىپ قويۇڭلار، — دەپ بىر ياڭاقنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. ئايال:

— ماقۇل مۇسۇلمان، مەن چوقۇم ئەتە ئىگىرەي، — دەپ چاقنىڭ يېنىغا يولماپتۇ. ئېرى بولسا كۆنلۈكى بىر ياڭاقنى ئۆينىڭ بولۇڭىغا تاشلاپ قويۇۋېرىپتۇ. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ، بۇلۇڭغا تاشلانغان ياڭاق بىر دۆۋە بولۇپتۇ. ئەمما، ئايال بىر قېتىممۇ يىپ ئىگىرمەپتۇ. ئەر بۇ ئايالنى گەپكە كىرگۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئانىسىنىڭكىگە ئاپىرىۋەتمەكچى بوپتۇ ۋە ئايالنى كېمىگە ئېلىپ چىققاندىن كېيىن:

— خوتۇن، سىلە كەلگەندىن بېرى بىكار ئولتۇرغىچە مېنىڭ كېپەمگە كىرىپ كۆنلۈكى ياڭاقچىلىك يىپ ئىگىرگەن بولساڭلا هازىر بۇلۇڭدىكى ياڭاقتەك بىر دۆۋە بولاتتى. سىلە بەك هورۇنكەنسىلە، بۇ قېتىم ئاناڭلىنىڭكىگە ئاپىرىۋېتىپ ئەكەلمەيمەن — دەپتۇ. بۇ سۆزدىن ئايال ساراسىمگە چۈشۈپتۇ ۋە ۋاي مۇسۇلمان، بۇنداق ئاچچىقلار كېلىشىنى ئۇقماپتىمەن. خاپا بولماي چاقىمنى ئەچىقىپ بېرىڭلار، مۇشۇ كېمە تۆپىسىدە ئىگىرەي، — دەپتۇ.

— نەچچە ۋاقىتتىن دېسەم ئۇنىماي ئەمدى كېمىگە چىققاندا چاق ئىگىرەمسىلە؟ — دەپ ئۇنىماي ئايالنى ئانىسىنىڭكىگە ئاپىرىۋېتىپتۇ.

«كېمىگە چىققاندا چاق ئىگىرەمسىز» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## پوزىنى قوزا قىلغىچە

ئىلگىرىكى زاماندا قىرمىگەرچىلىك قىلىدىغان بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. بۇ كىشىنىڭ چىلىمدىن دۈت چىقىرىدىغان ئادىتى بولغاچقا، خۇشلۇقى تۇتۇپ قالسا تېگىگە سۇ كىرىپ كەتسىمۇ خوش دەپ ئولتۇرىدىغان، خۇيى تۇتۇپ قالسا كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ يۈگۈرۈپ قوپىدىغان خۇيى بارىكەن.

بىر كۈنى بۇ كىشى هويلىسىنىڭ ئالدىغا تۆت يىل بۇرۇن سېلىپ قويغان بىر تۈپ سۆگەتكە كۆزى چۈشۈپتۇ-دە:

— بۇ سۆگەتنى كەسسەم قىرىق دانە پوزا بولىدىكەن، قىرىق پوزىنى ساتسام كىچىكرەك بولسىمۇ بىر قوزا كېلىدىكەن. قوزىنى ئىككى-ئۈچ يىل باقسام غولداپ ئۈچ-تۆت بولسا، ئۇنى ساتسام بىر ئات كېلىدىكەن، هې، هې. خۇدايىم بەرسە ئات بىر يىلدىن كېيىن تايلاپ بەرسە.... دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئايالى:

— هەي مۇسۇلمان، تايلىسا ئانىسىغا سىلە مىنسەڭلا، تېيىغا مەن مىنەرمەن-هە، دەپتۇ. ئايالنىڭ مەسلىھىتىگە پوزىچىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپتۇ-دە:

— هەي، سەن ئەمدىلا تۇغۇلغان تايغا مىنسەڭ بېلى سۇنۇپ كەتمەمدۇ؟! دەپ يۈگۈرۈپ قوپۇپتۇ. ئايالنى ئۇرۇپ بېلىكىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

«پوزىنى قوزا قىلغىچە» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## گۆش بىلەن ياغنىڭ كېپى يوق، قاراقۇمنىڭ پىيىزىنىڭ كېپى بارمۇ؟

ئىلگىرى يەكەننىڭ قاراقۇم دېگەن يېرىدە بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. بۇ كىشى ھەمىشە پىياز تېرىپ ئاشخانىلارغا ساتىدىكەن ۋە بۇ ئاشخانىلاردىن مانتا يەپ قالغانلىرىدا، «ھەي، ھەي، بىزنىڭ قاراقۇمنىڭ پىيىزىدا مانتا ئەجەپ ئوخشايدۇ-جۇما!» دەپ، ئاغزىنى تامشىتىپ كېتىدىكەن. بۇ ماختىنىش چىشىغا تەگكەن بىر ئاشپەز: «گۆش بىلەن ياغنىڭ كېپى يوق، قاراقۇمنىڭ پىيىزىنىڭ كېپى بارمۇ» دەپتۇ ۋە ئۇ كىشى كىرىشكە گۆش، ياغ سالماي پىيازدىلا بىر تەخسە مانتا ئېتىپ ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ-دە: «ھەي، ھەي سىلىنىڭ قاراقۇمنىڭ پىيىزىدا مانتا ئەجەپ ئوخشايدۇ-جۇما، قېنى يەپ باقسىلا،» دەپتۇ. ئۇ كىشى بۇ پىياز مانتىسىنى ئاغزىغا سېلىپلا ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز ماختانچاقلىق قىلغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ ۋە ئىككىنچى قاراقۇمنىڭ پىيىزىنى ماختىمايدىغان بوپتۇ.

«گۆش بىلەن ياغنىڭ كېپى يوق، قاراقۇمنىڭ پىيىزىنىڭ كېپى بارمۇ» دېگەن ماقال ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن.

## خېجاكاك قىلمىغانتى ناشتا، بىكارتۇرماس قۇيرۇق تاشتا.

قەدىمكى زاماندا تولىمۇ ئېھتىياتچان بىر تۈلكە بارىكەن. بۇ تۈلكە بىر كۈنى ئوۋ ئىزدەپ چىقىپ كەچ كىرگىچە ھېچنەرسە تاپالماي قايتىپ كېلىۋاتسا، بىر قورام تاش ئۈستىدە بىر قوينىڭ ئاپئاق قۇيرۇقى تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ تۈلكىنىڭ نەپسى تاقىلداپ، ئېغىزلىرىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپتۇ. ئەمما، قۇيرۇقنىڭ يېنىغا بارماستىن ئېھتىيات بىلەن توختاپ: «بۇنىڭدا بىر گەپ بار» دەپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ-دە، ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. بۇ يەردە بىر ئېيىق يەر تىمىسقىلاپ يۈرگەنىكەن. تۈلكە ئېيىققا:

— ھەي ئېيىق پالۋان، ئورمانلىقنىڭ ياقىسىدىكى تاش ئۈستىدە بىر قوينىڭ قۇيرۇقى تۇرۇپتۇ. ئوۋلاپ يېمەيسىزمۇ؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئېيىق خۇشاللىنىپ كېتىپتۇ ۋە:

— نېمىشقا يېمىگۈدەكمىز، قېنى ئەمىسە مېنى باشلا، — دەپ تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلاپ مېڭىپتۇ. قۇيرۇق قويۇلغان تاشنىڭ يېنىغا كەلگەندە تۈلكە ئېيىققا:

— ئەنە كۆردۈڭمۇ، ئېھتىمال بىرەرسى كېيىنچە يېيىش ئۈچۈن يوشۇرۇپ قويغان گەپ! — دەپ تۇۋلاپتۇ. نەپسى تاقىلداپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ئېيىق قۇيرۇقنى يەۋېتىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېچىپ يۈگۈرەپتۇ. ئەمما، تومشۇقى قۇيرۇققا شۇنداق تېگىشى بىلەن «چاراس!» قىلىپ، ئوۋچى قويغان تۇزاق تومشۇقىنى بوغۇپتۇ. تۈلكە پەرىزىنىڭ توغرا چىققانلىقىغا سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ-دە، ھۆركىرەپ زارلاۋاتقان ئېيىققا قارىماي قۇيرۇقنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

«خوجىكاك قىلمىغانتى ناشتا، بىكار تۇرماس قۇيرۇق تاشتا» دەيدىغان ماقال ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

توپلاپ، رەتلىگۈچى دىلشات ئابلىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قوشاقلار

قارا يۇلغۇن كېسىپ قويدۇم،
قۇرۇسا قالارمەن دەپ.
ئونبەش ياشلىق يار تۇتتۇم،
چوڭ بولسا ئالارمەن دەپ.

قۇشقاچ قوندى قامغاققا،
قارلىغاچ قوندى يانتاققا.
چىرايلىقنى بىر سۆيسەم،
ئۆيۈپ قالدى تامغاققا.

سۇنى سەپتىم سۇپىغا،
ئېلىنۋالدىم قۇتىغا.
يارىم كەتتى يۇرتىغا،
مېنى قويدى ئوتىغا.

ئىشىك قوغۇنلۇق،
سويما چۈشتى پېلەككە.
سۆيۈپ قوياي دېمەيلا،
تاش سالغانمۇ يۈرەككە.

سىم-سىم يامغۇر تۆكۈلەر،
كۆز يېشىمدەك توختىماي.
مەن يارىمنى سېغىندىم،
كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي.

ئالا ئات مېنىڭ بولسا،
كەڭ يايلاقتا چاپتۇرسام.
قارا كۆزنى كۆرگىچە،
بۇ دۇنيادا ساق تۇرسام.

ئاق قۇشقاچ، سېرىق قۇشقاچ،
باغدا قالدى ئەمەسمۇ.
بىزگە كۆيگەن شۇ يارلار،
داغدا قالدى ئەمەسمۇ.

تۇمۇچۇقۇم بار بولسا،
ئالـقىنىمدا دان بەرسەم.
ۋاپادار يارىم بولسا،
قۇچىقىدا جان بەرسەم.

مەن يارىمغا سۇ بەرسەم،
ھەسەل دەپ يۇتار.
ياشلىقتا سۆيگەن يارىنى،
كىممۇ ئۇنۇتار.

ئۆستەڭ بويىدا تۇرۇپ،
سۇغا قانمىغان تېرەك.
يارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ،
يارغا قانمىغان يۈرەك.

قويلىرىڭ بارمۇ سېنىڭ،
تاغقا چىقىپ قوي باققىلى.
يارى يوققا يار بولۇپ،
بىر ئېرىقتا ئاققىلى.

چۈشۈمگە كىرىپ قاپلا،
كۆكۈللىرى تۇيدىمۇ؟
بىزنىڭ يۈرەك بەك كۆيدى،
سىلنىڭ يۈرەك كۆيدىمۇ؟

ئۇسمىنى قاشقا قويۇڭلا،
خىنىنى تىرناقىغا.
يامان خوتۇننى چىلىك تۇتۇڭلا،
چۇشۇرمىسۇن قىلتاقىغا.

هويلاڭدىكى ئۈجمەڭنىڭ،
بىر شېخى راۋاپ بولدى.
سەن يارىمنىڭ ئوتىدا،
يۈرىكىم كاۋاپ بولدى.

بېغىڭغا كىرەر بولدۇم،
ئالما بارمۇ، ئانارمۇ.
تېۋىپتىن سوراپ بېقىڭ،
كۆيۈككە دورا بارمۇ.

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
جاڭگالدا بىنەم يەردە.
ئۈيىنغىلى قويماسەن،
كۆڭلۈم خالىغان يەردە.

ئىلىخونىڭ يوللىرى،
ئەگرى - بۈگرى توقايلىق.
سۆيگەن يارىم ئانارگۈل،
ماڭا بەردى قول ياغلىق.

ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتسەم،
ئىتىڭنى قويۇۋدىتىڭ.

نېمە قىلدىم يار ساڭا،
گېپىڭنى ئۈزۈۋەتتىڭ.

باغ ئارا باغنىڭ ئوتى،
ياندى يۈرەكنىڭ ئوتى.
كۆيگەن يۈرەككە شىپادۇر،
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى.

يېنىپ تۇرغان چىراغقا،
پەرۋانە ئۇچۇپ كەلدى.
مېنى تاشلاپ كەتكەن يار،
قېشىمغا كۈلۈپ كەلدى.

ئۈرۈككۈڭدىن تاتلىقكەن،
ئىچىدىكى مېغىزى.
شېكەر تېتار، قەنت تېتار،
سەن يارىمنىڭ ئېغىزى.

باغقا بۇغداي تېرىسام،
تېگى بۇدۇشقاق بولغۇدەك.
يېنىدا پۇل بولمىسا،
يارى ئۇرۇشقاق بولغۇدەك.

بېغىڭدىكى ئالماڭنىڭ،
شېخى ئېگىلىپ قاپتۇ.
ماڭا نېمە دەرد كەلدى،
چىرايىڭ سارغىيىپ قاپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى ئاپتونوم رايونلۇق كىنو شىركىتىدىن: خۇرشىدە ئابلىمىت



# پېشقەدەم شائىر، تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائى

ئارسلان ئەھمەد زىيائى

ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى بولغان شائىر، تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائى 1913 - يىلى 4 - ئايدا يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قومۇشئېرىق يېزىسىدىكى قارادۆڭ كەنتىدە ئەينى زاماندىكى تەرەققىيپەرۋەر مۇدەررىس موللاخۇن ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. دادىسى موللاخۇن ھاجىم ئەھمەد زىيائىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئىلىم ساھەسىدە شۆھرەت قازىنىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن تۇنجى ئۇستازى ئىدى.

موللاخۇن ھاجىم 15 ياشقا كىرگەندە ھەج قىلغۇچىلارغا قوشۇلۇپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغان. ئۇ مەككە، مەدىنىلەردە 12 يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام ئەللىرىنى كېزىپ، نۇرغۇن يېڭىلىقلار بىلەن تونۇشقان.

موللاخۇن ھاجىم قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چارسۇ (چاسا) دىكى باھاۋۇددىن مەخدۇم مەدرىسىدە مۇددەررىسلىك قىلغان. موللاخۇن ھاجىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مەدرىستە بىر كۇتۇپخانا تەسىس قىلغان ۋە بۇ كۇتۇپخانىدا تۈرلۈك بىلىملەرگە ئائىت 3000 جىلدتىن ئارتۇق كىتاب ساقلىغان. ئوتتۇرا شەرق، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنىدىغان تۈرلۈك گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولغان. گۆدەك ئەھمەد زىيائى مانا شۇنداق مەرىپەت ئۇچقىدا دادىسىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىنى ئالغانىدى. مەرىپەتپەرۋەر زات موللاخۇن ھاجىم 1952 - يىلى ۋاپات بولغان.

ئەھمەد زىيائى دادىسى موللاخۇن ھاجىمنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلىشى، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئەرەب، پارس تىلىنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىۋالدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقتى. باشقا بىلىملەردىنمۇ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، شېئىرىيەتكە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىدى. ئۆزى كىچىك بولسىمۇ تىرىشچانلىقى، زېرەكلىكى، ئىشچانلىقى بىلەن باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن ئالاھىدە ئايرىلىپ تۇراتتى. بىر قېتىم موللاخۇن ھاجىم ئۇيۇشتۇرغان مۇشائىرە سورۇنىدا ئەھمەد زىيائى تۇنجى قار باسقان پامىر تاغلىرىنىڭ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ پارسچە تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇغان:

ئەجسامى كوھواست نىھان گەشتەزدىرى بەرف
چۇن پۇنبەدانەكى دەر پۇنبەھەست نىھان.

مەنىسى:

«تاغلارنىڭ گەۋدىسى قار ئاستىغا شۇنداق يوشۇرۇنۇپتىكى، گويا چىگىت پاختا ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك».

بۇ مىسرالارغا سورۇندىكى بارلىق شېئىر ھەۋەسكارلىرى ئاپىرىن ئوقۇغان. سۆيۈنگەن دادىسى موللاخۇن ھاجىم شۇ سورۇندىلا ئۇنىڭغا «زىيائى» (نۇر) تەخەللۇسىنى تەقدىم قىلغان.

ئەھمەد زىيائى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە خېلى بۇرۇنلا قەدەم تاشلىدى. ئۇ كىچىك تۇرۇپلا «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى پارس تىلىدا تاماملىدى. شائىر بۇ داستانىنى مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىككە بېغىشلىغان بولۇپ، گەرچە نەشىر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ تىلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، پاساھەت جەھەتتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى. (بۇ ئەسەرنىڭ قول يازمىسى تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقالغان.)

ئەسىرىمىزنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەر شائىرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھاياتىغا زور ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

ئەھمەد زىيائى 1935 - يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر يېڭى زامان مەتبۇئاتچىلىقىغا ئاساس سالغۇچى، مەرىپەتپەرۋەر قۇتلۇق شەۋقى تەسىس قىلغان «يېڭى ھايات» گېزىتى (كېيىنچە «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن) دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. قۇتلۇق شەۋقى 1938 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ قىرغىنچىلىقىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن زىيائى گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ چاغ ئەھمەد زىيائى ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ ئۈنجى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شائىر بۇ مەزگىلدە گېزىت مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ دېموكراتىيىنى، ئەركىنلىكنى تەشۋىق قىلىپ ئىلغار پىكىرلەر بىلەن خەلقنى تەربىيىلەشكە كىرىشتى. «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» گە خىزمەتكە كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرى ۋە باشقا ئىلغار زاتلار بىلەن قويۇق ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. شائىر قولىغا قەلەم ئېلىپ «خائىن ۋاڭ جىڭۋېي»، «قارا كۆڭلەر، نۇرلۇق ھايات»، «تاڭ (قەنت) پاجىئەسى». «تۇرمۇش سازىنىڭ بۇزۇق پەدىسى»، «پىداكارلىق مېدالى» قاتارلىق ساتىرىك ئەسەرلەرنى، پوئېما - داستانلارنى يېزىپ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا نەپرەت ياغدۇردى. ئەركىنلىككە، دېموكراتىيىگە مەدھىيە ئوقۇدى. ئىلغار پىكىرلىرىنى كۈچلۈك قەلىمى بىلەن ئىپادىلەپ، خەلقنى ئويغىتىشتا ۋە تەربىيىلەشتە ئىجابىي رول ئوينىدى.

1942 - يىللىرى مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى مەيدانغا ئۆتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەھمەد زىيائىنى كۆزدە يېقىن تۇتۇپ نەزەربەنت قىلىش ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۈن 1943 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىگە مۇھەررىر قىلىپ بېكىتتى ۋە ئارقىسىغا يوشۇرۇنچە ئادەم قويدى. زىيائى بۇ يەردە يالقۇنلۇق شائىر ل. مۇتەللىپ بىلەن يېقىندىن تونۇشتى ۋە ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى باسقۇچىنى باشلىۋەتتى.

شائىر شىنجاڭ گېزىتىدە ئىشلىگەن بىر يىل ئۈچۈرىسىدە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن «رابىئە - سەئىدىن» داستانىنى ئۆزگەرتىپ ئوپېرا سىنېرتىدە جىلۋىلەندۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا «مۇھەببەت ۋە ھايات» قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ئىلغار پىكىرلىرى ئارقىلىق جامائەتچىلىك ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات بېتىدىكى «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» سىتونىدا بىر قىسىم ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يازدى. شائىرنىڭ ئىلغار ۋە ئەركىن پىكىرلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ يېغىرىغا تېگىپ قويغانلىقتىن ئەھمەد زىيائى 1944 - يىلى 3 - ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇ قاتتىق قىيىن-قىستاقلار، خورلاشلارغا ئۇچرىدى. تۈرمە ھاياتى شائىرنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇ 1946 - يىلى 6 - ئايدا ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېتىپ سودا كارۋىنى تەشكىل قىلىپ ھىندىستانغا بېرىپ تىجارەت قىلدى. شائىرنىڭ بۇ جەرياندا يازغان «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق مەشھۇر ساياھەتنامىسى بار.

شائىر 1947 - يىلى ئەتىيازدا سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «بېتىم» گە ئاساسەن تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن «قەشقەر گېزىتى» نىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. «قەشقەر گېزىتى» دە ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە «رابىئە - سەئىدىن» ئوپېراسىنى تولۇقلاپ يېزىپ نەشر قىلدۇردى. ئوپېرا شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ زور تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «تۇزۇماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، «لاداخ يولىدا كارۋان» ساياھەتنامىسىنى، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق پوپلىستىك ماقالىلىرىنى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە ئېلان قىلىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «لاداخ يولىدا كارۋان» خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ۋە ئوردۇچە تەرجىمە قىلىنىپ مەملىكەت ئىچىگە ۋە چەت ئەل جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇلدى.

ئەھمەد زىيائى ئازادلىقتىن كېيىن «قەشقەر گېزىتى»، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىش جەريانىدا قايناق ھېسسىيات ۋە يېڭىچە روھ بىلەن ئۆزىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى.

ئەھمەد زىيائى 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۇنجى قېتىم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەپ چىقتى. ئەپسۇسكى، بۇ قىممەتلىك ئەمگەك ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بوران -

چاپقۇنلىرىدا نابۇت قىلىندى. شائىرنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «قاتتىق نان يەپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ قىلىنغان بۇ ئەجىرنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىشى» شائىرنى «بەكمۇ ئېچىندۇردى.»

ئەھمەد زىيائى 1957 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. شائىر بۇ مەزگىلدە پۈتۈن كۈچى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ ئەدەبىي مىراسلارنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىشتەك ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى قۇرۇلتىيىغا سۇنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى زور ئالقىشلارغا ئېرىشتى. ئەھمەد زىيائى بۇ مەزگىلدە يەنە تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق داستانىنى نەشرگە تەييارلىدى. بۇ ئەسەر شۇ مەزگىلدىكى «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇ چاغلار شائىرنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت پائالىيىتى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغان، ئۆزى ئىلمىي پائالىيەتلەردە بۈيۈك پىلانلار ۋە ئارزۇلارنىڭ ئاساسىنى قۇرۇۋاتقان مەزگىللەر ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ «سول» چىل خاتا ئىدىيىنىڭ كاساپىتىدىن 20 يىل ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى «سول» چىل خاتا ئىدىيىگە خاتىمە بېرىپ، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. سولغان، قۇرۇتۇلغان ئىلىم - مەرىپەت گۈللىرى قايتا ياشناشقا ۋە خۇش پۇراق چېچىشقا باشلىدى.

ئەھمەد زىيائى 1980 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئاقلىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىغا ئورۇنلىشىپ، ئۇ يەردە پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەپ، مول نەتىجىلەرنى ياراتتى.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى يەنە بىر پارلاق نامايەندە «قۇتادغۇبىلىگ» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەزمە شەكلىدە نەشرگە تەييارلايدىغان چاغدا ئەھمەد زىيائى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسىدىكى باشقا ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلەپ، بۇ زور ھەجىملىك ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىدى. بۇ ئەسەر مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئەھمەد زىيائى يەنە «قۇتادغۇبىلىگ» نى چۆرىدىگەن ھالدا چوڭقۇر ئىزدىنىپ بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشتى. «تارىخىي مىراس قۇتادغۇبىلىگ توغرىسىدا» «قۇتادغۇبىلىگ كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل؟» «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىل تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى» قاتارلىق ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بەزىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى.

ئەھمەد زىيائى يەنە جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان تىلشۇناس ۋە تەرجىمان ئىدى.

ئۇ ئەرەب، فارس، تۈرك تىللىرى مۇتەخەسسىسى بولۇپ «تارىخىي رەشىدى»، «ئىسلام پەلسەپىسى تارىخى»، «قۇتادغۇبىلىگ ئىنجۇمەلىرى» بۈيۈك ھون ئىمپېراتورلۇقى تارىخى»، «قۇتادغۇبىلىگ ئىندېكىسى» قاتارلىق تارىخىي ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، بۇ ساھەدىكى ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندى. شائىر بىلال نازىمنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» ناملىق ئەسىرىنى مەرھۇم جۈنەيد بەكرى بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىدى.

1983 - يىلىدىن باشلاپ ئەھمەد زىيائى يەنە شېئىر ئىجادىيىتىنى توختىتىپ قويماي «كۆرۈپ ئىلمىي چېچەكلەرنى...»، «بۇلبۇلغا خىتاب» قاتارلىق شېئىرلارنى ۋە بىر تۈركۈم قىتئە، رۇبائىيلارنى ئېلان قىلىپ، جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى.

ئەھمەد زىيائى بۇ چاغلاردا ياشىنىپ قالغان، تۈرلۈك كېسەللەر ئۇنى چىرمىۋالغان بولسىمۇ، غەيرەت شىجائىتى يەنىلا ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ۋەتەنگە، مىللەتكە تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىشنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ ئىجادىيەت يولىدا جاپا چېكىپ، چوڭ ھەجىملىك داستان «رابىئە - سەئدىن» نى يېزىپ پۈتتۈردى. داستان 1985 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يېرىم ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن زور ھەجىملىك تارىخىي بىئوگرافىك رومان يېزىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە دەسلەپكى قەدەمنى باسقان بولسىمۇ، رەھىمسىز كېسەل ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى ۋاقىتنچە توختۇتۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمما، شائىر يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاغرىقچان بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يىرىك ئەسەر «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىز ئىجادچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» ناملىق تارىخىي داستاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ تاماملىدى. داستان ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانماقتا. پات يېقىندا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

شائىر بىر ئۆمۈر مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يولىدا كۈرەش قىلدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە مول ئەجىر سىڭدۈردى. خەلق ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتىگە ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئەھمەد زىيائى 1980 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ غەربىي ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولدى. 1989 - يىلى 3 - ئايدا «تەتقىقاتچى» ئۇنۋانىغا ئىگە بولدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى، تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائى موللاخۇن ھاجىم ئوغلى ئۆپكە راكى كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (جۈمە) ئۈرۈمچى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 4 تە مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى.

(داۋامى 127 - بەتتە)

# تالانتلىق شائىر، مۇھەررىر قۇربان بارات

يالقۇن روزى

تارىخنىڭ قىسمەتلىرى تۆپەيلىدىن ئۆزىنىڭ تالاي قىممەتلىك نەرسىلىرىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئۇيغۇر خەلقى XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا كەلگەندىلا، يەنى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق سەلتەنەتلىك، ئازابلىق ۋە بەختسىز كەچمىشلەر بىلەن تولغان ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىنى پەخىرلىنىش، ئۆكۈنۈش، ئېچىنىش، ئەيىبلەش ۋە پۇشايمان قىلىش ھېسسىياتى بىلەن ئەسلەش ھەم ئۇنى سىستېمىلىق بىلىش بەختىگە مۇيەسسەر بولدى. ئەلۋەتتە شۇنىمۇ ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بەلكىم بىز دۇنيادا ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىنى، ئەجدادلىرىنىڭ تارىخ سەھنىسىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئەڭ كېچىكىپ بىلگەن مىللەت بولساق كېرەك. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، كلاسسىك ئەدەبىيات، سەنئەت تەتقىقاتچىلىرىمىز ناھايىتى كۈچلۈك تەخىرسىزلىك ھېسسىياتى بىلەن قېزىش، رەتلەش، نەشىر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

ئاردىن 10 نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بىز مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى بۇ زور قۇرۇلۇشنى كەڭ ۋە سىستېمىلىق يوسۇندا مۇكەممەل ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مىللىي ئېتىقادى كۈچلۈك، بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ، نەزەرى ئۆتكۈر، جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھى كۈچلۈك بىر يارامىلىق قوشۇننىڭ قانچىلىك قان ۋە تەر ئاققۇزغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتتۇق. بىزنى مەمنۇنىيەت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرگەن بۇ قوشۇن XXI ئەسىرگە قاراپ ئۈمىد بىلەن كېتىۋاتقان ياش ئەۋلادقا ئۆزىنىڭ «يىلتىز»ى ھەققىدە چوڭقۇر ساۋات بەردى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ۋە ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىسى.

«يىپەك يولى» نىڭ خارابلىشىشى بىلەن باشلانغان مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى چېكىنىش ھادىسىسى بەش ئەسىردىن بېرى خەلقىمىزنى مەنىۋى جەھەتتە كۈنسېرى نامراتلاشتۇرۇپ، ئۇنى ھالسىرىغان كارۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بۇ بەش ئەسىر جەريانىدا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پارلاق ھەم يۈكسەك مەدەنىيەت پېشىۋالىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، «يىپەك يولى» دىكى قەدىمىي مول مەدەنىيەت ھاۋاسىدىن ئوزۇق ئېلىپ زامانىداشلىرىغا ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا «چىراغ» ياندۇرغان نۇرغۇن قەلەم ساھىبلىرى مەيدانغا چىقتى. ئۇلار تارىخنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن ئەخمەق قىلىشلىرى ۋە تۈگىمەس توساقلىرىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ ئالغا سىلجىپ كېتىۋاتقان بۇ مىللەتنىڭ ھاياتىي ئىنتىلىشلىرىگە مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. لېكىن، تۈگىمىنى چۈچەكتە سۇغىرىپ قاندۇرۇش مۇمكىن بولمىغاندەك، زاماننىڭ چەكلىمىلىكلىرى تۈپەيلى، ئەتراپىدىكى مۇھىتقا كۈچلۈك

www.uyghurkitap.com



تەسىر كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بۇ بىتەلەي قەلەم ساھىبلىرى ئۆزىنىڭ مىللەت ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى چامىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلغان بولسىمۇ لېكىن مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان پۈتۈن ئەۋلادنى ئويغىتىپ، ئۇلارغا «يىلتىز»ىنى ھەقىقىي تونۇتۇپ ۋە تارىخ، مەدەنىيەت ھەققىدە سىستېمىلىق بىلىم بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنىدى.

مانا مۇشۇنداق مىللەتنىڭ ئۆز تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىن ساۋاتسىز قېلىشىدەك تارىخىي بوشلۇق ۋە ئېچىنىشلىق پاجىئەنى يېقىنقى 10 نەچچە يىل ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن تولدۇرۇپ ۋە تولۇقلاپ كەتكەن قوشۇننى تىللاردا داستان قىلىپ مەدھىيىلەشكە، ئۇلارنىڭ نامىغا كىتابلار پۈتۈشكە ھەقىقىي ئەرزىيدۇ.

تالانتلىق شائىر قۇربان بارات ئەنە شۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى جەھەتتە ئالاھىدە ئەمگىكى بار تۆھپىكارلارنىڭ بىرى.

قۇربان بارات 1946-يىلى 1-ئاينىڭ 14-كۈنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1952-يىلدىن 1955-يىلغىچە ئاغۇ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1955-يىلدىن 1958-يىلغىچە قىزىلسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە (تولۇقسىز) ئوقۇغان. 1958-يىلى 9-ئايدا سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. بۇ مەكتەپنى 1962-يىلى تاماملاپ، شۇ يىلى 10-ئايدىن 1970-يىلى 3-ئايغا قەدەر «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇخبىر ۋە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1970-يىلى 3-ئايدا كورلىدىكى شىنجاڭ شىنخۇا 2-باسما زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە 1980-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر كوررېكتور ۋە تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. 1980-يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا ئالمىشىپ كېلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1985-يىلى 9-ئايدا، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

قۇربان بارات قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا شېئىرىيەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەۋىسى بارغانسېرى كۈچەيگەن. سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا «بالا شائىر» بولۇپ كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلۇشقا باشلىغان. ئۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىش، بۇ ساھەدە يۈكسەك پەللە يارىتىش ئارزۇسى بىلەن ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. دەل مۇشۇ يول ئۇنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئىبارەت «ئانا دەريا»غا ئېلىپ بارغان. بىلىم زاپىسى، ئېھتىياجى ۋە تارىخى، مىللىي ئىزچىللىق بويىچە ئەنە شۇ «ئانا دەريا»دىن ئوزۇق ئالماي تۇرۇپ، شېئىر ئىجادىيىتىدە يۈكسەك پەللە يارىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قۇربان بارات بۇ نۇقتىنى دەل ۋاقتىدا تونۇپ يەتكەچكە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەقىدە باغلىغان.

1960-يىلدىن 1980-يىلغىچە بولغان 20 يىل جەريانىدا، ئۇ خەلق ئېغىز

ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات ساھەسىدە قىلىش مۇمكىن بولغان ئىشلارنى يەنى
مەنبەلەرنى قېزىش، توپلاش، ساقلاش ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىنى قىلغان. چۈنكى، ئۇ چاغ-
لاردا بۇ مىراسلارنى رەتلەش ۋە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشقا ھازىرقىدەك شارائىت يوق ئىدى.
قۇربان بارات 1962-يىلدىن 1970-يىلىغا قەدەر ئۇدا سەككىز يىل ئەتىيازدىن
تا كەچكۈزگىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلىرىدا مۇخبىرلىق
قىلىش جەريانىدا، خەلق قوشاقلىرىدىن 10 دەپتەر (قاتتىق تاشلىق قېلىن خاتىرە)
خاتىرىلىۋالغان. خەلق ئارىسىدىن «دىۋان مەشرەپ»، «دىۋان ھۇۋەيدا» نى تېپىپ
ئۆگەنگەن. باشقىلارنىڭ قولىدىن «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى»، «تارىخي مۇسقيۇن»،
«دىۋان سەككاكى»، «دىۋان لۇتفى»، «دىۋان ئاتايى»، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «غەزەلىيات»ى
قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلىپ كۆچۈرۈۋالغان. كورلىدا كورلا سەنەملىرىنىڭ ئاھاڭ ۋە ناخ-
شا تېكىستلىرىنى مۇكەممەل ساقلىغان، ئەڭ ئاخىرقى خەلق سازەندىسى ھېيتكام نەغمىچى-
نىڭ ئۆزىدىن تېكىستلەرنى بىۋاستە خاتىرىلىۋالغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە
غۇلجىدا نەشر قىلىنغان «ئىتتىپاق» ژۇرناللىرىغا بېسىلغان خەلق قوشاقلىرىنى كۆچۈ-
رۈۋالغان. موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپنىڭ «غەزەلىيات» ىنى تولۇق كۆچۈرۈۋال-
غان. ئۇندىن تاشقىرى، فۇرقەت، مۇقىمى قاتارلىق ئۆزبېك كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى
ساقلىغان ۋە قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن.
شائىر قۇربان بارات يازما ئەدەبىياتىنىڭ «سۈت ئانىسى» ھېسابلىنىدىغان خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن بېرىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇ بۇ ھەقتە توختى-
لىپ: «ئۆزۈم توپلىغان ۋە كۆچۈرۈۋالغان فولكلور ماتېرىياللىرىدىن—ئۇيغۇر خەلق
قوشاقلىرى، بېيىتلىرى، خەلق داستانلىرىنىڭ نەزمي قىسمىدىن ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قى-
لىش نەتىجىسىدە مۇنداق ئىككى خىل مەنپەئەت ئالدىم: 1) ئۇلاردىكى ھازىرقى زامان
شېئىرىيىمىزگە تېخى ئېلىپ كىرىلمىگەن ۋەزىن تۈرلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئاشۇ خىل
ۋەزىن تۈرلىرىدە شېئىر يازدىم. ئۇلارنى ھازىرقى يازما شېئىرىيىتىمىزدە نامايان قىلىشقا تىرىشتىم.
2) ئۇلاردىكى تىل ماھارىتى، پىكىر راۋانلىقى ۋە باشقا بەدىئىي ئەۋزەللىكلەرنى
ئۆگەندىم، ئىنچىكىلەپ ئۆزلەشتۈردۈم» دەيدۇ.
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت باي ھەم رەڭگارەڭ خەزىنىگە چوڭقۇر
مۇھەببەت ۋە ئاجايىپ تەشنالىق بىلەن ئىنتىلىپ كىرگەن شائىر قۇربان بارات بۇ ھەق-
تە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«ئۆزۈم توپلىغان يۇقىرىقى كلاسسىك شېئىرىيەت مەنبەلىرىدىن تەتقىق قىلىپ
ئۆگەندىم. ھەر بىر كلاسسىك شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلى-
رىنى ئېنىقلاپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ شېئىرىيىتىدىكى شېئىرىي ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ
ئۆزگىچىلىكلىرىنى تۈرگە ئايرىپ چىقتىم. بۇ تەتقىقاتىمنى نەزەرىيىلەشتۈرۈپ، خاتىرىلەر
قالدۇردۇم. بۇلارنى پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا قىلدىم.»
قۇربان بارات ئۆزى توپلىغان ۋە خاتىرىلىۋالغان يۇقىرىقى ماتېرىياللارنى «مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە كۆيدۈرۈۋېتىلىشتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، يەشىك-

www.uyghurkitap.com



يەششىك كىتابلىرىنى مىڭ كىلومېتىرلاپ يىراق يەرلەرگە يۆتكەپ كەتكەن. دەسلەپ ئۈرۈمچىدىن ئاتۇشقا يۆتكەپ يەرگە كۆمۈپ ساقلىغان. ئون يىلدىن كېيىن كورلىغا يۆتكىگەن. كورلىدا بۇ ماتېرىياللارنى شەھەردىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چەت بىر يېزىدا تىقىپ قويغان. 80-يىللىرىدىن كېيىن، ئۇلارنى ئاز-ئازدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلگەن.

شائىر قۇربان باراتنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللانغان ۋاقتى 1980-يىلدىن 1985-يىلى 9-ئايغا قەدەر بولدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنى كورلىدىن يۆتكەپ كېلىپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنى ئىشلەشكە قويدى. بۇ ۋاقىتتا «بۇلاق» نىڭ 1-ۋە 2-سانلىرى ئىشلىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇ 3-ساندىن باشلاپ ئىشلەشكە كىرىشتى. بۇ خىل خىزمەت مەجبۇرىيىتىنىڭ ئۆزى ئۇنى كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە فولكلور مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىش مۇھىتىغا ئېلىپ كىردى.

ئۇ بىر ياقتىن ئۆگىنىپ، بىر ياقتىن ئىشلىدى. بەش يىل جەريانىدا «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 3-ساندىن 17-سانىغا قەدەر بولغان سانلىرىنىڭ مۇھەررىرلىك ئىشىنى ئىشلىدى.

ئۇ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ نەشر قىلىنىشىنى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئېغىز ئەدەبىيات بايلىقىنى قېزىپ، رەتلەپ ۋە نەشر قىلىپ ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈشنىڭ تارىخىي پۈرسىتى دەپ بىلگەچكە، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئاڭلىقلىق، مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق شۇنداقلا تەخىرسىزلىك ھېسسىياتى بىلەن بۇ بىباھا مىللىي مىراسلارنى قۇتقۇزۇش جەھەتتە «بۇلاق» مەجمۇئەسىدىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكىدەك ئىشلارنى قىلدى:

1. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورى بويىچە مول بىلىمگە ئىگە مۇتەخەسسىسلەرنى مەجمۇئەنىڭ خىزمىتىگە تەشكىللىدى. نەشرىيات رەھبەرلىكى ۋە تەھرىر ھەيئىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇلارغا نەشرگە تەييارلاش ۋە تەھرىرلىك ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قولىدىكى مەنبەلەردىن باشقا، مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان مەنبەلەرنى ئېنىقلاپ، بۇ مەنبەلەرنى نەشرگە تەييارلاشقا مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇيۇشتۇردى. پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلاردىن تەشكىل تاپقان بىر توپ كەسىپ ئەھلىنى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ خىزمىتىگە جەلپ قىلدى.

2. 1981-يىلدىن 1985-يىلغىچە ھەر يىلى يازدا بىر قېتىم تۇرپاندىن يەكەنگىچە بولغان جايلارنى ناھىيەمۇ-ناھىيە ئارىلاپ، يەرلىك ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ توپلىغان مەنبەلىرىدىن ۋە بىۋاسىتە خەلق قولىدا ساقلانغان مەنبەلەردىن ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇپ، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنى نۇرغۇن ئەسەر زاپىسىغا ئىگە قىلدى.

3. ئۈرۈمچى رايونى ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى ئالىم، تەتقىقاتچىلارنى مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى.

قۇربان بارات ئۆزىمۇ بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلىدى. ئۇنىڭ تەييارلىشى بىلەن «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان ۋە ئايرىم كىتاب قىلىنىپ نەشر

قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ ساھەگە ھەقىقەتەن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە «دىۋانى سەككاكى»، «دىۋانى ئاتايى»، «دىۋانى نەۋبىتى» (مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن بىلەن بىرلىكتە تەييارلىغان). «دىۋان زۇھۇرى»، «سەددى ئىسكەندەرىي» قاتارلىق كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلدۇردى. ئۆزبېك خەلق داستانى «ئارزىگۇل» نى نەشرگە تەييارلاپ «ئۆزبېك خەلق داستانلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتاب ئىچىگە كىرگۈزدى. ئۇ تەييارلىغان «ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى» ناملىق كىتاب شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب 1993-يىلى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

قۇربان باراتنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىدە ئىشلىگەن يەنە بىر مۇھىم ئەمگىكى شۇكى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» ناملىق بەش پارچە كىتابىدىن «سەددى ئىسكەندەرىي» نى نەشرگە تەييارلىدى. «ھەيرەتۇل-ئەبرار»، «فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» قاتارلىق ئۈچ كىتابىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى.

قۇربان بارات شېئىر ئىجادىيىتى، شېئىر تەرجىمە ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدىمۇ ئالاھىدە تۆھپىسى بار شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ شېئىر ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، كىتابخانلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بىر تۈركۈم ئېسىل شېئىرلارنى ۋە داستانلارنى ئېلان قىلدى. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «يېشىل ھايات»، «ئاق رومالّلىق پەرىزات»، «قار گۈلى» ناملىق ئۈچ پارچە شېئىر-داستانلار توپلىمى نەشر قىلىندى. «يېشىل ھايات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1987-يىلى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. «ئاق رومالّلىق پەرىزات»، «قىزىل گۈل»، «ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ناملىق داستانلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «يېشىل ھايات»، «كەچكۈز لىرىكىسى»، «سەن بۈركۈت ئۇۋىسى، سەن ئالتۇن بۆشۈك» ناملىق ئۈچ پارچە شېئىرى ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇنىدىن تاشقىرى، قازاقىستان مەتبۇئاتلىرىدا شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى، رەسىم ۋە تەرجىمىھالى بىلەن قوشۇپ بىر قانچە نۆۋەت تونۇشتۇرۇلدى.

شائىر قۇربان باراتنىڭ ھەر خىل تېمىدا يېزىلغان ئونغا يېقىن ئەدەبىي ئوبزورى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى نوپۇزلۇق گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، خېلى تەسىر قوزغىدى.

ئۇنىڭ شېئىرىي تەرجىمە ئىجادىيىتىدە ئىشلىگەن ئەمگەكلىرىدىن شائىرنىڭ پىششىق تەرجىمان ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىش تەس ئەمەس. ئۇ، بۇ ساھەدە ھازىرغا قەدەر پارس شائىرى شەيخ سەئدىنىڭ «بوستان» ناملىق داستانىنى، «ئا. س. پۇشكىن-شېئىرىي چۆچەكلەر» ناملىق كىتابىنى، «م. يۇ. لېرمونتوۋ داستانلار» ناملىق كىتابىنى ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلدى. ئۇ ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغان «پۇشكىن شېئىرلىرىدىن تاللانما»،

ۋە لېرمونتوۋنىڭ «بوياردىن ئورشا» ناملىق داستانى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «سۇبھى ئالدىدا ئېچىلغان گۈللەر» ناملىق داستان ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ل. مۇتەللىپنىڭ ئۇيغۇرچىسى يوقالغان «كۈرەش قىزى» ناملىق ئوپېراسىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ «ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزدى. خەنزۇ شائىرى ئەي چىڭنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ۋە «نۇر قەسىدىسى»، «ئوكيانلارغا يۈزلىنىش» ناملىق ئىككى پارچە داستانىنى تەرجىمە قىلىپ «ئەي چىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابقا كىرگۈزدى. شائىر قۇربان باراتنىڭ ھازىرغا قەدەر خەنزۇچە، ئۆزبېكچە ۋە قازاقچىدىن تەرجىمە قىلىپ ھەر خىل گېزىت-ژۇرنال ۋە توپلاملاردا ئېلان قىلغان تەرجىمە شېئىرلىرى 150 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇ تەرجىمە قىلغان «نۇر قەسىدىسى» ناملىق داستان، 1984-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرىنى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شائىر قۇربان بارات يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تۆھپىلىرى بىلەن ھازىرغا قەدەر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي جەمئىيەتلەرگە ئەزا بولدى. «جۇڭگو ئەدەبىياتى لۇغىتى»، «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر ياشلىرى لۇغىتى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر ئىندېكسى»، «جۇڭگو نەشرىيات خادىملىرى چوڭ لۇغىتى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى چوڭ لۇغىتى» قاتارلىق لۇغەتلەرگە تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلدى.

تالانتلىق شائىر قۇربان بارات «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ھازىرقى خىزمىتىگە قارىتا پىكىر بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇلاق» ژۇرنىلى يىلدىن يىلغا سۈپەتلىك چىقىۋاتىدۇ. مەزمۇنىمۇ مول، سەھىپىلىرىمۇ رەڭدارلىشىپ كىتابخانلارنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنى ژۇرنالنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ چىقىرىۋاتقان بىلىملىك ۋە تالانتلىق ياش مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەمگىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مېنىڭچە «بۇلاق» ژۇرنىلى تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى ئويلىشىپ باقسا:

1. ئەرەب، پارس تىلىنىڭ تەسىرى بەك قويۇق بولغان بەزى كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەسرىي يەشمىسى بىلەن قوشۇپ بەرسە، ياشلارنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە تەتقىق قىلىشىغا بىر قەدەر پايدىلىق شارائىت تۇغدۇرغىلى بولاتتى.

2. كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە كۈچ چىقىرىلسا، ئەدەبىيات تارىخى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ئانالىزى، كلاسسىكلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى، ئەسەرلىرى، ھەر خىل دەۋردىكى يازما ئەدەبىياتنىڭ تىلى توغرىسىدىكى مەخسۇس تەتقىقاتلار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ژۇرنالدا سانمۇسان بېرىلىپ تۇرسا. چۈنكى، بۇنداق ئىمكانىيەت ھازىر بىزدە تولۇق بار. بىزنىڭ بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتىمىز قانچىكى كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ ماڭىدىكەن، بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز شۇنچە بېيىدۇ.

3. نەۋائىشۇناسلىققا ئائىت بىر قىسىم ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى تەتقىقات ماقالىلىرى مەخسۇس توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنسا. چۈنكى، بۇ ناھايىتى نازۇك ھەم ئىنتايىن مۇھىم ساھەلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ساھەدە بىزنىڭ بىر قىسىم ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۆزگىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھايىتى ياخشى تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىشتى.








www.uyghurkitap.com



源 泉 （布拉克）（维吾尔文） 总47期

MAGAZINE OF BULAK

بۇلاق （ ئومۇمي 47 ـ سان ） （ پەسىللىك ژۇرنال ）

(UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY)

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号: CN 65－1063／I
本刊代号: 58－108 定价: 2.80元
ISSN 1005－0876/国外代号: Q 1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108 ـــ 56
باھاسى: 2.80
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q1118